«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

(ئىككىنچى توم بىرىنچى كىتاب)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نۇرمۇھەممەد دۆلەتى**



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھ ـ بەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇ ـ مىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئال ـ دىغا پەسىللىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قى ـ لىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قال ـ ماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ـ زور ئىش ھەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ما ـ تېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئەينەن، كەڭ تۈردە ئېلان قىلىد ـ نىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساھەسىدىكى خادىملارغا ھەم كەڭ ئوقۇر ـ

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ـ جاي ناملىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ـ تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ـ ئىجابىي رول ئوينىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك» پىرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ـ يىلى نويابىر

NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# مۇندەرىجە

1930 ـ يىللاردىكى ئۆزبېك قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى
......... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 1
سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سابىق جۇڭگو كونسۇلخانى-
لىرى ........................................ ليۇ دېئېن 21
بەدەخشانلىق غالچىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇغدۇرغان پارا-
كەندىچىلىك ۋەقەلىرى ........................ ئابدۇرېھىم سابىت 36
شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيەسىگە مەخپىي ئەزا بولۇشى
....................................................... لى جياگۇ 43
شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قۇيمىچىلىقى ھەق-
قىدە قىسقىچە بايان ................................ لى يىنپىڭ 52
قىرغىزلارنىڭ ئۇچتۇرپانغا كېلىشى ............ تۇرسۇن بارات 68
ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە قان بىلەن پۈتۈلگەن نوم ..............
................................................ ئۆمەرجان ھەسەن 74
جياڭ جيېشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ....... خۇاڭ جيەنخۇا 79
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە شىنجاڭدا يۈز بەر-
گەن ۋەيران قىلغۇچ يەر تەۋرەشلەر ............... لو شاۋۋېن 107
مىلدرېد كابلىنىڭ قومۇلغا ساياھىتى .............. سۈي يەنخۇ 125
بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن تۇرپان قاراخوجىلىق ئوبۇل مەھدى
يازغان بىر «نەزم بېيىت» ............ مىرسۇلتان ئوسمانوف 142
چۆچۈلىغا ئايلانغان تەنلەر ....... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 152
كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ..............
...................................................... پولات ھىمىت 172
ئىلىدا گېزىتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن

مۇساپىسى .................................... تۇرسۇن زىرىدىن 187
مەخپىي ھەرىكەت: تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدىكى
شىنجاڭ ....................... لى يۈەن، جاڭ لىپى 205
گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «زەينۇل ئەخبار»دىن پارچىلار
........................................ ۋ. ۋ. بارتولد 224
«تەزكىرەئى ئىمام مۇھەممەد غەززالى» ....... ئابلىز ئۇرخۇن 249
70 يىل بۇرۇن شىنجاڭدا تارقالغان ۋابا كېسىلى ...............
...................................................... يىن جىيې 252
ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجى ..................
............................................ ئادىل ئابدۇقادىر 257
چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلچەش ـ
سىزىش پائالىيەتلىرى ............... نىياز كېرىمى تۆپە ئاتا 280
چەت ئەللىكلەرنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى ئىزلىرى ..........
............................................ يولۋاس مۇھەممەتئىمىن 286
ياڭ زېڭشىننىڭ رۇسىيە، موڭغۇلىيىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تا ـ
جاۋۇزىغا قەتئىي زەربە بېرىشى، ئىچكى قىسىمدىكى ئەجنەبىي ـ
لەرگە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلىشى
.................................................. لو شاۋۋېن 300
ما شاۋۋۇ بىلەن ما شىمىڭ تۈزۈشكەن بىر تەرەپلىمە سۈلھى
توختامى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى ........................
.................................. مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 328
«شەرقىي تۈركىستان» ۋە «پانتۈركىزم» ئەرۋاھى ..................
.................................................. شىي يىچيۇ 337
1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى سىبىت باتۇر، ئونابايلار قوزغىلىڭى
.................................. قۇددۇس ئابدۇسەمەت 351
چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى ......
.................................................. لى گۇاڭچىڭ 362

«ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى»نىڭ باش ـ ئاخىرى .........................
........................................ ئابدۇرېھىم ياقۇپ 386
ئىلى خەلقىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى ..... ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 395
ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى ..................... چوقان ۋەلىخانوف 410
غۇلجا خاتىرىلىرى ......................... چوقان ۋەلىخانوف 430
«ئالتە شەھەر تارىخى»دىن بىر پارچە ........ شاھ مەھمۇد جوراس 467
ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مۇھىم مەنبە «ھودۇدۇل ئالەم»
........................................ يالقۇن مەمەتيار 490
قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق
قىلىنىش ئەھۋالى ......................... مەخمۇت ئابدۇۋەلى 498

# 1930 ـ يىللاردىكى ئۆزبېك قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن ئەسلىمىلەر

**مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى**

## 1

1933 ـ يىل 1 ـ ماي قىرغىز ئوسمان ئالى باشچىلىقىدىكى قىرغىز، ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقىدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلار تۇڭگان ما شاۋۋۇغا قارشى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان كۈنى شەھەردە ئۆزبېك قوشۇنى تەشكىللەندى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنى قوغداش بىلەن بەند بولغاچقا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەھەر كۆڭۈللۈك (پىدائىي)لىرى، جۈملىدىن ئۆزبېكلەر يامۇل بىلەن سېپىل ئارىلىقىدىكى يوللاردا تۇرۇۋېلىپ ئالاقىچى چېرىكلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ قورالغا ئىگە بولدى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ما شاۋۋۇنىڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قىلغان چوڭ تەييارلىقى شۇنچە كۈچلۈك قورالغا ئىگە چېرىكلەرنىڭ تۆت سائەتكە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى بىلەن يوققا چىقىپ قەشقەر شەھىرى قولدىن كەتتى.

ئۆزبېكلەر سېپىلدىن قېچىپ چۈشكەنلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ خېلىلا قورالغا ئىگە بولۇشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئاساسىي بازىسى

بولغان يۇمىلاقشەھەر قورغانچىسىنى چېرىكلەر مۇداپىئە قىلىپ قالالمىغاچقا، قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇپ كىردى، گازارمىلاردىكى چېرىكلەر قارشىلىقسىز تەسلىم بولدى. نەچچە يۈزلىگەن قورال قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى، بۇنىڭدىن مەلۇم ساندىكى قورال ئۆزبېكلەر قولىغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى قىرغىز ئوسمان ئالى قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلـ غاندا ئۆزبېك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدا ئۆزبېك قوشۇنى تەشـ كىل ئېتىلگەنىدى.

سېتىۋالدىجان ئەسلى مەرغىلانلىق ئۆزبېك ئەنەس ھاجىم دېگەن باينىڭ بالىسى ئىدى، ئەنەس ھاجى بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى پەرغانىدىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقـ لىشىپ قالغانىدى.

سېتىۋالدىجان پەرغانىدە بىر مەزگىل ئوقۇپ تەربىيە كۆرـ گەن بولغاچقا مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە ئىدى. ئۇ قەشقەرگە كەلگەنـ دىن كېيىنمۇ ئوقۇپ مەلۇم بىلىم ئۆزلەشتۈرگەن ھۆر پىكىرـ لىكلەردىن بىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ قەشقەردە 20 ـ ئەسىردە ئۆسۈشكە باشلىغان «جەدىدچى»لەر ئېقىمى ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغانىدى.

ئۇ روسىيە، تۈركىيىلەردىن تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇدى، بولۇپمۇ قازاندىكى تاتار ئالىملىرى يازغان ئەسەرلەرنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇپ، يېڭىچە پىكىر، زامانىۋى مەلۇـ ماتلارغا ئىگە بولۇپ، قەشقەردىكى جەدىدچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

قەشقەردىكى چۈشكۈن ۋەزىيەت، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ كەلتۈرگەن تەڭسىزلىك، زۇلۇم، ھاقارەتلىرى ئەلدە يۈز بېرىۋاتـ قان كەمبەغەللىك، خۇراپاتلىق ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتـ تى. ئۇنىڭ جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقى ئۆستى، ئۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىدېئولوگىيە كۈرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. شىمالدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ قەشقەرـ گە يېتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بولغانىدى.

ئۇ قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى تۇتۇرگىگە كەلگەن ھامان ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ئۇلار تۇتۇرگىدە بىر يېرىم ئاي-غا يېقىن تۇرغان جەرياندا كېچىلىرى چىقىپ ئوسمان ئالى بىلەن سۆھبەتلەشتى، پىكىرلەشتى، شەھەر ئىچىدىكى ئۆزبېكلەرنى ئۇ-يۇشتۇردى، تەشكىللىدى ...

شۇنىڭ بىلەن مەلۇم قورال - ياراغقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزى باشلىق بولدى.

ئوسمان ئالى شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەترىتىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەررۇ باش قوماندان تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشىۋالدى. تۆمۈر سىجاڭ ئاز كۈندىن كېيىن بۇلارنى ئۆزبېك پولكى قىلىپ تەش-كىللىدى. سېيىتۋالدىجان ئەنە شۇ پولكنىڭ كوماندىرى بولۇپ دەرىجىسىمۇ ئۆستى.

بۇ پولك شۇ چاغدا كۆز ئالدىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ كۆچەيدى ۋە ئابرۇي قازاندى. شۇ يىلى 18 - مايدا يۈز بەرگەن قىرغىز - تۇڭگان توقۇنۇشىغا قاتنىشىپ قىرغىزلارغا ياردەم قىلىپ تۇڭگانلاردىن بىر قىسىم قورالنى تارتىۋالدى، ئاز ئۆتمەي ھىممىتىنىڭ سېپىدىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ يەكەن يېڭى شەھىرىگە بېكىنىۋالغان بىرنەچچە يۈز ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ نۇرغۇن قورالغا ئىگە بولدى، كۆچى خېلى ئۆسۈپ، نام - شۆھرەت قازاندى.

بۇ قوشۇن تەركىبىدە ئۆتمۈشتە پەرغانىدە ئۇرۇشقا قاتنى-شىپ پىشقان «باسمىچىلار»مۇ، ھەتتا قۇربېشى (مىڭ كىشىنىڭ باشلىقى) ئاتالغانلارمۇ بار ئىدى.

يۇسۇپجان قۇربېشى، ئابدۇراخمان قۇربېشى، ئارىپجان قۇر-بېشى ... لار ئەنە شۇلاردىن ئىدى، بۇ پولك تەركىبىدە قەشقەر-دىن قوشۇلغان ئۇيغۇرلارمۇ مەلۇم ساننى ئىگىلەيتتى.

## 2

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى ئاتالمىش باش قوماندان تۇڭگان ما جەنساڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1933 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست (چارشەنبە) كۈنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈ- رۈلدى. باشقىلارنىڭ بىخۇدلۇقىدىن پايدىلانغان تۇڭگانلار قەشقەر كونا شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى.

دەل بۇ چاغدا سېتىۋالدىجان بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئېلىپ خوتەنلىكلەرنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا كەتكەنىدى. يۇسۇپجان قۇر- بېشى ئۆز ئىشتابى بولغان يارباغدىكى سودا سارىيىدا ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئولتۇراتتى. تۇڭگانلار ئۈشتۈمتۇت شەھەرنىڭ دەۋازا ۋە سېپىللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، بۇ سارايغا تەھدىت سالدى.

بۇ ساراي سېپىلغا تۇتاش بولغاچقا، خەتەرلىك ئىدى. ئۆز- بېكلەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ شەھەردىكى باشقا قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ كەتمەي، بىقىنىدىكى سارايلاردىكى سودىگەرلەرنىڭ تاشلاپ قويغان يۈكلىرىنى توپلاپ دالدا قىلىپ تۇرۇپ سېپىلدىكىلەرگە قارشى تۇردى.

بۇلار بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق نەرسىلىرىنى يۆتكەپ قاراڭغۇ چۈشكەندە كېچىلەپ توشۇپ كەتتى ۋە قۇرۇق سارايىنى تۇڭگانلارغا قالدۇرۇپ قويىدى.

بۇلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قورغان تەرەپكە سۈرۈلۈپ چىد- قىپ ئاپاق خوجا مازىرى ئەتراپىدا تۇرۇپ، شەھەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. تۇڭگان قوشۇنلىرى بۇلارنى يوقىتىشقا جازا ئەترىتى چىقاردى.

بۇلار ھەزرەت يولىدىكى تاختا كۆۋرۈككە بارغان ھەتتا تۇرپان كوچىسى دېگەن جايغا كېلىپ ھەيۋە بىلەن زەمبىرەكلەرنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇلار ھەتتا مازار ئىچىگە قەدەر باستۇرۇپ كىرگەندىمۇ ھېچكىم قارشى چىق- مىغاچقا، دۈشمەنلەر بىزدىن قورقتى بولغاي، دەپ ئىچكىرىلەپ كىردى.

ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى تۆت تەرەپلەپ قورشاپ شۇنداق ئەپلىدىكى، ئۇرۇشقا چىققىنىغا تۇيغۇزۇۋەتتى. نەتىجىدە تۇڭگانلار نۇرغۇن جەسەتنى قالدۇرۇپ ئازغىنە ئادىمى بىلەن بۆسۈپ چىقىپ قۇتۇلدى.

قىرغىز ئوسمان ئالىنى باش قوماندان قىلىشقان ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك قوشۇنى قىرغىز قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە كونىشەھەرنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىن تەڭلا تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلدى. 15 ـ ئاۋغۇست (چارشەنبە) كۈنى تۇڭگانلارنى كونىشەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. تۇڭگانلارمۇ قاتتىق بىر كۈنلۈك سوقۇشتا نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ، ئاقىۋەت شەھەرنى تاشلاپ شەھەر دەۋازىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئەپلىك يەردە كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى ئۈجمە تۆككەندەك تۆكۈپ تاشلىدى. پەقەتلا ئەجىلى پۈتمىگەن ئاز ساندىكىلىرى قۇتۇلۇپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتتى. بۇ قوشۇن يەنە بۇلارنىڭ قالدۇرغان ياخشى قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ كۈچىگە يەنىمۇ كۈچ قوشتى.

ئۇرۇش جىنايەتچىسى ما جەنساڭنى يوقىتىش ئۈچۈن يېڭىشەھەرنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا شۇ كۈندىن باشلاپ يېڭىشەھەر ئۇرۇشى باشلاندى. ئۆزبېك قوشۇنى يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ناچۇق» تەرەپكە ئورۇنلاشتى. ئاز كۈن ئۆتۈپلا خوتەن ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەردىكى زىخۇيچىلارنى يوقىتىش جېڭىگە ئاكتىپ كىرىشىپ كەتتى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ھەپتىسى قوزغىلاڭچىلارغا ۋەزىيەت ئىنتايىن ياخشى بولدى. ما جەنساڭ گۇرۇھى ئاساسەن يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلانغانىدى، بولۇپمۇ سىتىۋالدىجاننىڭ قوشۇنى زىخۇيچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ كەلگەن بولغاچقا، شىمالدىكى لىنىيىسىنى تۇڭگانلار زور كۈچ بىلەن ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

شەرقىي لىنىيە بىلەن جەنۇبىي لىنىيە تەرەپتىكى ھەمدەم بەگ ھاجى، ھاپىز لۈجاڭ، توختى تۈەنجاڭلار قوماندانلىقىدىكى

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىمۇ زىخۇيچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانىدى.
يېڭىشەھەر ئۇرۇشى ئالتە ئايلاپ سوزۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىغا: ما جەنساڭ قولىدىكى يېڭىشەھەردە تۇڭگان، خەنزۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، قارشى تەرەپتە بىرلىك، ئىتتىپاقنىڭ يوق بولۇشى، باشباشتاق-لىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ھوقۇق تالىشىشنىڭ كۈچىيىشى، ئومۇ-مەن ئېيتقاندا، ئىرادىسىزلىك، نىيەت ئالىلىق، شۇنىڭدەك ئىچ-كى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئالدىنىشنىڭ ئېغىر بولغانلىقى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشىغا ئېلىپ بارغا-نىدى.
نەتىجىدە بىھۇدە قۇربان بېرىشلەر كۆپ بولدى، خەلق ئام-مىسى ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا كۆپ ئۇچرىدى.
ئۆزبېكلەرمۇ قىرغىز پانسادلىرىغا ئوخشاش بارا ـ بارا چېد-رىكلىشىپ، ئۇرۇشنى جان بېقىش يولى قىلىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش تۈگىسە خەلقتىن ئالۋان قىلىپ ئالىدىغان ئۇن ـ گۆ-رۈچ، قوي ـ كالا، تەڭگە، يامبۇ... توختاپ قالاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش باھانىسى بىلەن خەلقنى قىيىنىغانىدى.
ئۇلار كۈندۈزلىرى ئۇرۇشۇپ قويۇپ كېچىلىرى نۆۋەتلىشىپ بەزمە قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇشنى تاماشىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.
ئۆزبېك قوشۇنىدىكى چىرىكلىك چېكىگە يېتىپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن سىپتىۋالدىجان قوشۇن رەھبەرلىكىدىن ئېلىپ تاشلاندى. يۈسۈپجان قۇربېشى ھوقۇقنى تارتىۋالدى.
يۈسۈپجان دەسلەپتە ھەربىر ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن-لىكتىن، قەشقەر خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ قامەتلىك بوي ـ بەستى، ئۇستىخانلىق گەۋدىسى، يارىشىملىق شاپ بۇرۇتى، ھەيۋ-ۋەتلىك كۆرۈنۈشى، ئارغىماق ئات ئۈستىدە باتۇرانە ئولتۇرۇشى كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى، ئۇنىڭ قالپاقلىق، شاپ بۇ-

رۇتلۇق ئەسكەرلىرى ھەيۋەت، ھەشەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا ئاتلىق ماڭغاندا ھەممە قاراپ قالاتتى.

ئەپسۇسكى، يېڭىشەھەر ئۇرۇشىنىڭ يېرىمىدا ئۇ راستىنلا «ھېرىپ قالغان» ئىدى. ئۇ بۇرۇن شىمالىي فىرونتتىكى زىخۇيچىلارنىڭ «ئەزرائىلى» بولۇپ ھېسابلانغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە «ئۇلارنىڭ دوستى» بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇرۇن خەن دارىنغا ئەسكەر بولغاچقا، «بۇرۇنقى خوجايىنى»نىڭ «مەرھەمەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم ئېرىشكەن». يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە تۇڭگانلارنىڭ ئاشلىقى تۈگىگەن يامان چاغلىرىدا ئۇلارنى يۇسۇپجان «ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن» ئىدى. دېمەك، بۇرۇن داۋاملىق شىمالىي سەپنى قورقۇنچلۇق دەپ ھېسابلاپ كەلگەن زىخۇيچىلار كېيىنكى كۈندە ئۇ تەرەپكە ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايدىغان بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالغانلىقى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قىرغىز ئوسمان ئالى باش قوماندانلىقتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۇنى يۇسۇپجان قۇربېشى تاغدىن تۇتۇپ كەلدى.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا 1933 ـ يىل 12 ـ نويابىردا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، يۇسۇپجان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، دەرىجىسى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇردىن تەركىب تاپقان بىر پولك قوشۇنىنىڭ ئېتىبارىمۇ شۇ دەرىجىدە ئۆسكەندى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەر ئۇرۇشى يېڭىباشتىن ئەۋج ئالدى. باشباشتاق زىخۇيچىلار بارا ـ بارا تىزگىنلەندى، بەختكە قارشى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كەلگەچكە، خوجا نىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپ يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلالماي، ئاقىۋەت قەشقەر شەھىرىنىمۇ بوشىتىپ بەردى. يېڭىشەھەر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. خوجا نىياز ھاجى تۇڭگان ما فۇيۈەننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە باس-

تۇرۇپ كەلگەندە ئۆزبېك قوشۇنىنى يېڭى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتكەندى. يۇسۇپجان بۇرۇن تۇڭگان قوشۇنلىرىغا سەل قاراپ خوجا نىياز ھاجىنىڭ قېچىپ كېلىشىنى مەسخىرە قىلغان بولسىمۇ، پەيزاۋاتنىڭ شاپتۇل ئەتراپىدا تۇڭگانلار بىلەن تۇتۇشۇپ بەرداشلىق بېرەلمەي قايتىپ كىرگەندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ غۇرۇرى ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتتى - دە، تۇڭگانلار بىلەن ئۆز ئالدىغا يەنە بىر قېتىم ئېلىشماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېڭىسارغا بېرىش بۇيرۇقىنى تاشلاپ، 1934 - يىل 28 - يانۋار كۈنى كونىشەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ يېڭىشەھەر تازغۇندىن غەربكە قاراپ يول ئالدى.

يول ئارىلاپ مېڭىپ كونىشەھەر تاشمىلىقتا كەلگەندە بازا قۇرۇپ، ئادەملىرىنى بورختاي (بۇلاقسۇ)، توققۇزاق، ھەتتا سەمەن رايونلىرىغىچە تارقاتتى. بۇلار تۇڭگانلارنى بۇ ئەتراپتا تۇتۇۋالماقچى بولغانىدى. ئۆزبېك قوشۇنى تۇڭگانلارنى راستتىنلا بۇ ئەتراپتا بىرنەچچە قېتىم ئوبدان كۇتۇۋالدى ۋە قاتتىق ئەدەپلىدى. تۇڭگانلار تەمىنات ئېلىش ئۈچۈن دەسلەپ ئازراق كۈچىنى چىقارغان بولسىمۇ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ چىقىم تارتتى. «ئوغرىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جازا ئەترىتى» چىقارغانىدى. بۇلار يۇرت ئىچىگە كىرگەندە «ئوغرى»غا يولۇقمايتتى، ئىچكىرىلەپ بارغاندىن كېيىن ئاسماندىن چۈشكەندەك ياكى زېمىندىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۇزۇن چاپانلىقلار پەيدا بولاتتى - دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىرمۇنچە رەقىبىنى يەر چىشلىتەتتى.

بۇلار تۇڭگانلار ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچىنى ئىشقا سالغان ھامان كۆزدىن «غايىب» بولۇپ، قاياقتا كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۇڭگانلارنىڭ كۈچى گۇناھسىز كىشىلەرگە يېتەتتى، «ئوغرىنى ساقلىغانلىق» جىنايىتى بىلەن كىشىلەرنى ئېتىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاپ شەھەرگە قايتىپ كېتەتتى. ئۆزبېك قوشۇنى بارا - بارا شەھەر تۆۋىگە بېرىپ يالغۇز ئۇچرىغان زىخۇيچىلارنى ئاتتى ۋە قوراللىرىنى تارتىۋالاتتى. «باش قو-

ماندان» ما فوْيوْەننىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى تومەن دەرياسىغا سوْغىرىشقا ئىلىپ چىققاندا ئوْشتوْمتوْت پەيدا بولوْپ قالغانلار تەرىپىدىن كوّپ قىتىم تارتىپ كىتىلگەچكە ئاتلارنى سوْغىرىش ئوْچوْن نوْرغوْن قورالliq ئەسكەرنى بىرگە چىقىرىشقا مەجبوْر بولغاندى. ئاتوْش تەرەپتىمو «هەرىكەت پەيدا بولغانلىقتىن، ما فوْيوْەن بىئارام بولوْپ، 6 ـ فىۋرال سەهەردە بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئىلىپ ئاتوْشقا قاراپ ئاتلاندى.

يىڭىشەهەردىكى ما جەنساڭمو قوشوْنلىرىنى ئىلىپ كونىشەهەر ئىچى ئارقىلىق ئوْنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كىتىپ كونىشەهەرنى ئاساسەن بوشىتىپ قويدى.

شوْ كوْنى سەهەردىن باشلاپ ياغقان قارنىڭ ئىرىگەن قىسمى يوللارنى پاتقاق قىلىشقا باشلىغاندى. شەهەر ئەتراپىدىكى قوشوْندىن قوچقار باي دىگەن باشلىق توْڭگانلار چىقىپ كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئادەملىرىدىن 100 نەپەر پىدائىينى تاللىدى. بوْلار ئوّزبىك، ئوْيغوْرلاردىن تەركىب تاپقاندى. بوْلارچە ئىمكان بولسا شەهەرنى تارتىۋىلىش، بولمىسا شەهەردە قالدوْروْلغان توْڭگانلارنى يوقىتىپ، ئوْلارنىڭ قورال ۋە ئولجىلىرىغا ئىگە بولوْش هەمدە توْڭگانلارغا روهىي زەربە بىرىش ئوْلارنىڭ چىقىش نوْقتىئىنەزەرى ئىدى.

بوْلار تىز ۋە چاققانلىق بىلەن شەهەرنىڭ شىمالىي قوۋوْقى — يارباغ دەرۋازىسىغا قاراپ چاقماق تىزلىكىدە ئات سىلىپ ماڭدى، دەرۋازىنى قوغداۋاتقان سەككىز نەپەر قورالliq توْڭگان هاڭ ـ تاڭ بولوْپ قالغاندى.

قوچقار باي دەرۋازا ۋە سىپىل ئوْستىدىكى قاراۋوْللارنى ئەپچىللىك بىلەن يىغىشتوْروْپ، ئىككى يولغا بوّلوْنوْپ شەهەر ئىچىگە قاراپ كىرىپ كەتتى.

هىيتگاھ مەيدانىغا ماڭغان بىر بوّلىكى ئەنجان رەستىدىكى موْسابايوفنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشقان بىرىگادا ئىشتابىنى ئىشغال قىلدى.

بوْ يەردە قالدوْروْلغان ئاز ساندىكى قارانچوْقلار تەسلىم بول-

ـدى. قورال ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرى ئولجا ئېلىـنـدى. ئۇ يەردـىن ئۆتۈپ ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قوماندانلىق بـاش ئىشتابىنى باسقۇن قىلىپ، ئۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر يولدىن مېڭىپ كەتكەن بىر بۆلىكى ئايلىنىپ چىقىپ توققۇزاق دەرۋازىدىكى پولك ئىشتابىنى قولغا چۈشـۈرۈپ يېتىپ كەلگەندى.

بۇلار ھېيتگاھ مەيدانـىغا جايلاشقان تۆت ـ بەش جايدىكى تۆڭگانلارنىڭ روتا ئىشتابلىرىنى قولغا چۈشۈردى، قارانچۇقلارنى يىغمىشتۇردى، ئولجىلارنى ئالدى.

بۇلار شەرق ـ غەرب بويلاپ يۈرۈپ كەتتـى، ئۇلار شەتەي يـا ـ مۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنى نىشان قىلغانىدى.

بۇلار گەرچە بىرنەچچە جايدا ئۇتتۇقلارغا ئىگە بولغان بولسىـ ـمۇ، لېكىن ئاساسىي ئورۇن بولغان يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى بىلەن دوتەي يامۇلىنى ئالالمىدى. بولۇپمۇ دوتەي يامۇلى سەھنىسىنىـڭ ئۇدۇلىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئىستانكىۋوي پىلىموتنىـڭ ئوتىغـا بەرداشلىق بېرەلـمەي يېقىـن يولىيالمىدى ھـەم خېلـىلا چىقىـم تارتتى، خېلى تىرىشقان بولسىمۇ ئامال بـولمىدى. بـۇلار ئىشنـى ئويۇنچۇقتەك باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەر دەرۋازىـلىرىنـى ھەم سېپىل ئۈستىنى مۇستەھكەملىـمىگەچكە، تېزلـىك بىلـەن قايتىپ كىرگەن ما فۇيۈەننى شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويدى، ئۆز ـ لىرى شەھەر ئىچىگە سولىنىپ قالدى.

بۇلارنىڭ چىقىش يوللىـرى پۈتۈنلـەي ئۈزۈپ تاشلانـغانلىـقـ ـتىن، بىر قىسمى ئەنجان رەستىسىنـىڭ پۈتۈنلـەي ئىگىلـىنىـپ بولغانلىقىغا قارىماي، ئات سېلىپلا يارباغ تەرەپكە چېپىپ كەتـ ـتى، بىرقانچىسى ئوق ئاستىدا لايغا مىلەنـدى، ئاساسـىي قىسمـى يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

قامىلىپ قالغانلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شەھەر كوچىلىرىغـا تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاساسىي قىسمى ھەر تەرەپتىن سۈ ـ رۈلۈپ كېلىپ، ئارقا ئـەنجان رەستىـگە توپـلاشتى ۋە بۇرۇن «لـى جىڭ» (باجخانا) دەپ ئاتالغان، كېيىن ئاخۇنبايوفلاردىن ئابدۇرې ـ

ھەم، ئابدۇللا بايۋەچچە (ئاكا ــ ئۇكا)لەرنىڭ ئىمارىتىگە كىرىۋالدى. بۇ ئىمارەت گەرچە سېپىلغا يېقىن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئېگىز ياسالغان سەرەج تېمىنى دالدا قىلىپ كەچ كىرگۈچە تۇڭگانلار بىلەن ئېلىشتى. تۇرغان جايلىرى ئەپلىك بولغاچقا، تۇڭگانلاردىن كۆزىگە ئىلىنغانلىرىنى سوقۇپ تاشلىدى ۋە نۇرغۇنلىرىنى چىقىمغا ئۇچراتتى. ئاقىۋەت قورال كۈچى بىلەن بىر تەرەپ قىلالمىغان ما فۇيۇەن ھىيلە ئىشلىتىپ، ئەلچى ئەۋەتتى، نەتىجىدە ما فۇيۇەن پىدائىيلارنى يالغان قەسەمگە ئىشەندۈردى، ھاياتلىرىغا دەخلى قىلماسلىق شەرتى بىلەن تەسلىمگە قويدى.

نامەرد ما فۇيۇەن «قۇرئان» تۇتۇپ ئىچكەن قەسەمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇلارنى تۇتتى ھەمدە ئوفىتسېرلىرىنى يېڭىشەھەر يولىدا، ئەسكەرلىرىنى دوتەي يامۇلىدا 7 ـ فېۋرال كۈنى سائەت 12 لەردە پىلىموتقا تۇتۇپ ھالاك قىلىۋەتتى.

قوچقارباي تەشكىللىگەن ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكى يالغۇز ئۆزلىرىنىلا ھالاكەتكە تۇتۇپ بەردى ئەمەس، بەلكى قەشقەر تارىخىدىكى «6 ـ فېۋرال» پاجىئەسىنى مەيدانغا چىقاردى. ما فۇيۇەن قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزبېك قوشۇنلىرىغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ «ئۇچ كۈنلۈك قەتلىئام» بۇيرۇقىنى چىقاردى. شەھەردىكى قورالسىز، گۇناھسىز كىشىلەردىن 6000 دىن ئارتۇق كىشىنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. يىللاردىن بېرى ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇل ـ مال، ئۆي ـ سەرەمجانلىرىنى تالاپ كەتتى. ئايال ـ قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىگە تەگدى. نەچچە يۈزلىگەن ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ سوقۇشلارنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ھەيدەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.

يۇسۇپجان قۇربېشى قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقتا سەۋەبچى بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باش ۋەكىل سابىت داموللام ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان ئابدۇراخمان قۇربېشىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، يۇسۇپجاننى قوشۇندىن تازىلاش ھەققىدە سۆھ-

بەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قارار بويىچە يۈسۈپجاننى «مەجـ ـلىس»كە چاقىرتقان. يۈسۈپجان گەرچە مۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاخشىمى ھوشيارلىق بىلەن، داموللامنىڭ قەشقەر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى كايىشلىرىغا تەييار تۇرغان.

ئۇنى داموللام بىلەن زىرىپ قارى ھاجى يېڭىساردىكى بىر ئۆيدە كۈتۈۋالغان، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزـ گەن، بىرەر سائەتتىن كېيىن داموللام بىلەن قارى ھاجىم تاھاـ رەت قىلىش باھانىسى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن، ئارقىـ دىنلا خوتەنلىك سەركەردىلەردىن بولغان تاپانچىلىق بىر ئەمىر «قولۇڭنى كۆتۈر!» دەپ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلگەن. يۈسۈپجان ئىچىگە يوشۇرغان تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغاچـ قا، پاڭ قىلىپلا ئەمىرنى يەرگە يىقىتقان. يۈسۈپجان بىر دىسكا ئوقنى دەھلىزگە قارىتىپ ئاتقاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئوقىدىن كاتىپ XX دېگەن بالا ھالاك بولغان. ئۇ يېڭىسار يېڭىشەھىرىنىڭ سېپىلىغا چىقىپ ئادەملىرىنى توپلاپ داموللامنىڭ قېشىغا كەلگەن. داموللامۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەيىبنى ئۆلگۈچى ئەمىرگە يۈكلىـ گەن. يۈسۈپجان ئاز ئۆتمەي تاشمىلىققا قاراپ كەتكەن (قادىر ھاـ جىم تىلىدىن). ئۆزبېكلەر بۇ قېتىم پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە ھارۋىسىدىن چۈشمىدى ۋە تاشمىلىققا چېكىندى، خوجا نىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭىساردا تۇڭگانلار قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇـ شۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىغانىدى. ھەتتا خوتەن باشلىقلىرىدىن ئەمىر ساھىب نۇرئەھمەتخان 40 كۈنلەپ يېڭىسار قەلئەسىگە قامىلىپ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇشتى. ئاقىۋەت نۇرئەھمەتخان بىلەن ئابـ دۇللاخان (شامەنسۇر)نىڭ كاللىسى ھېيتگاھقا ئېسىلدى.

ئۆزبېكلەر بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن گەرچە ئاز مۇددەت ئوـ پال، تاشمىلىقلاردا يۇرۇپ تۇڭگانلار بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ، چېكىنگەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىپ كېلىشى

يۇسۇپجاننى تاشقورغانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. يۇسۇپجانمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن چەتكە قېچىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاشقورغان چېگراسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىمكان تاپالمىدى. چېگرانىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشىۋالغان تاجىك مۇھەممەت زەمىرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا يول بەرمىدى، ئۇنىڭ قارشىلىقى ئۇنۇم بەرمىدى.

## 4

1934 ـ يىل ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ما خۇسەن باشچىلىقىدا قەشقەردىن خوتەنگە چېكىندى. 20 ـ ئىيۇل سىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 6 ـ دىۋىزىيە قوشۇنلىرى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتى.

ئۈرۈمچى يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇرۇشنى بېسىقتۇرۇش، يۇرتنى تىنچىتىش» ئۇچۇن ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى قەشقەر بىلەن يەكەن يېڭىشەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ، ھەممە تىنچلىققا قاراپ قەدەم تاشلىدى. جەنۇبتىكى ھەممە قوزغىلاڭچىلار يېڭى ھۆكۈمەتكە باش ئېگىپ تەسلىم بولدى، لېكىن يۇسۇپجان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنى ھامان تاشقورغاندا ياتماقتا ئىدى. زامانىنىڭ تەرەققىياتى يۇسۇپجانلارنىمۇ تىنچلىققا چاقىرغاچقا، ئۇنى قوبۇل كۆرمەسلىككە ئامالىمۇ قالمىغانىدى.

يۇسۇپجان قالغان قوربېشىلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم كېڭەشكەن بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكى ئابدۇراخمان قورېشى، ئارىپجان قورېشى قاتارلىقلارنىڭ تەسلىم بولۇش تىلىكى يۇسۇپجاننى مەجبۇر قىلدى، ئاقىۋەت قەشقەر بىلەن سۆزلىشىشكە ماقۇل كەلدى.

سۆھبەت نەتىجىسىدە يۇسۇپجانلار قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېڭىسارغا قايتىپ كەلدى. بۇ جايدا سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ باشچى-

لىقىدىكى 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ 1 ـ پولكى (كېيىن 31 ـ پولكقا ئۆزگەرتىلگەن) بار بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن كۈتۈلدى. يۈسۈپجان قوشۇنىدىكى مەلۇم كىشىلەر (تولاراقى ئۇيغۇر) بۇ پولكتا قالدۇرۇلدى، قالغانلىرى مارالبېشىدا تۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

بۇ كۈنلەردە مارالبېشىدا بىر پولك ئاق رۇس ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئۇلارغا پولكوۋنىك چېرنىيوف رەھبەرلىك قىلاتتى. يۈسۈپجانلار ئەنە شۇ رەھبەرنىڭ قېشىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆردەكلىك دېگەن جايغا كەلگەندە يۈسۈپجان مارالبېشىغا بېرىشتىن يالتىيىپ، ئۇ يەرگە بېرىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. گەرچە باشقىلارنىمۇ بارماسلىققا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن قالغان قۇربېشىلار بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى ۋە ئەمدى بۇيرۇققا بويسۇنماي نېمە چارە بار؟ ئەمدى قەيەرگە بارىمىز؟ بىزگە ئۇرۇش قىلساق ھالاك بولۇشتىن باشقا تەقدىر يوققۇ؟ دېيىشتى. ئاقىۋەت يۈسۈپجان ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئېلىپ يولنى سېرىقبۇيىغا سالدى. قالغان قۇربېشىلار يۈسۈپجاندىن ئايرىلىپ مارالبېشىغا بېرىشقا تەۋەككۇل قىلدى. ئۇلارنى چېرنىيوف باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر قارشى ئېلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈشتى.

بۇلار گەرچە داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، يۈسۈپجان كەلمىگەچكە، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا توغرا كەلدى. قوشۇن تېزلىك بىلەن ماشىنىغا چۈشۈپ سېرىقبۇيىغا قاراپ ئاتلاندى.

يۈسۈپجان قۇربېشى يول ئارىلاپ چىغىر يوللار بىلەن ئۆتۈپ مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا رايونىغا كەلگەندە بىرئاز ئارام ئالماقچى بولۇپ بازار ئىچىگە چۈشتى. قويلار سويۇلۇپ، قازانلار ئېسىلىپ، شورپا قايناشقا باشلىدى، لېكىن ئەسكەرلەر غىزالانماي تۇرۇپلا، گۇرۇلدەپ يېتىپ كەلگەن ماشىنا بۇلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. قوراللىق رۇسلار چەبدەسلىك بىلەن تۆت تەرەپنى قورشىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن يۈسۈپجاننىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى. ئىلاجسىز باشقىلارنى تاشلاپ ئېتىغا مىندى، ئارقىسىغا 12 ياشلىق بالىسىنى مىندۈردى ـ دە، ئىككى نەپەر كانۋىينىڭ

ھەمراھلىقىدا قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپى رۇسلارنىڭ قورشاۋىدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى قويۇپ بەردى ـ دە، ئىككى قولىدىكى تاپانچىدىن ئوق ئۈزگىنىچە قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى. قارشى تەرەپمۇ ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن، قانچە قىلسىمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۇ چۆل تەرەپكە قاراپ ماڭغاچقا، رۇسلار قانچە قوغلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئېتىغا يېتىشەلمىدى. قۇيۇندەك ئۇچقان بۇ قاچقۇنلار بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. قوغلىغۇچىلار ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى.

ئابدۇراخمان قۇربېشى، ئارىپجان قۇربېشىلار مارالبېشىدا بىرقانچە كۈن ئارام ئالدى. بۇلارنى ساھىبخانىلار ئوبدان كۈتۈۋالدى، قىلىنغان ئېھتىراملار بۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتقانىدى، مانا بۇ ياخشى كۈتۈۋېلىش، قىلىنغان ئېھتىراملار بۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى قوشۇننى ئاز كۈن ئىچىدە ئىتتىپاقلاشتۇردى. بۇ ئىش رۇسلارنىڭ سۆزىنى بىلىدىغان ئۆزبېكلەرنىمۇ خاتىرجەم قىلدى. ئۇلار ئارام ئېلىپ ھاردۇق چىقارغاندىن كېيىن ھەربىي دەرسكە تەكلىپ قىلىندى ۋە پىيادە، ئاتلىق، قوراللىق ۋە قورالسىز ھالدا مەشىق قىلىشقا باشلىدى. رۇسلار ئايرىم جايدا، ئۆزبېك قوشۇنلىرى ئايرىم جايدا مەشىق قىلاتتى. قورالسىز مەشىق قىلغاندا مىلتىقلىرىنى بىر جايغا يۆلەپ قويۇشاتتى، مەلۇم مۇھاپىزەتچىلەر قورالنى قوغدايتتى. دەرس بىرقانچە كۈن داۋام ئېتىپ ئىشەنچسىزلىكلەر بارا ـ بارا ئىشەنچكە ئايلاندى ـ دە، ئۆزبېكلەردە خاتىرجەملىك بىرقەدەر كۈچەيدى.

مانا بۇ ئىشەنچ بىر مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، كۈنلەرنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى ئوينىلىشقا باشلىدى، بۇ كۈنى قورالLARنى ئادەتتىكىدەك ئورۇنلاشتۇرغان ئۆزبېك قوشۇنى قورالسىز مەشىققە كىرىشىپ كەتتى. رۇسلارمۇ بىر تەرەپتە مەشىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. كەڭ كەتكەن بۇ مەيداندا رۇسچە ۋە ئۆزبېكچە كوماندا ئاۋازلىرى قىزىغان، ئۆزبېكلەرمۇ بارلىق دىققەتلىرىنى ھەربىي مەشىققە بەرگەن ھالدا بىر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى. كوماندا ئۇلارنى قوراللىرىدىن خېلىلا

يىراقلاشتۇرۇپ تاشلىدى. قورالنى ساقلاۋاتقانلار گەرچە ھوشيار-لىقنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان رۇسلار بۇلارنى قورشىۋالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مە-شىق قىلىۋاتقانلارمۇ قورالسىزلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئالاقە ئۈزۈپ تاشلاندى. قوراللىرىدىن ئايرىلغانلار بىچارىلەرچە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۇلار مەشىققە تىزىلغان رەت بويىچە ئۆزلىرىنى قاماق لاگې-رىدا كۆردى ۋە ئاياغلىرىغا كىشەن، قوللىرىغا تۆمۈر بىلەزۈك سېلىنغان ھالدا ھەسرەت ۋە نادامەت بىلەن بىر ـ بىرىگە قارد-شاتتى، بولۇپمۇ قۇربېشىلىرى، كاتتىباشىلار شۇ كېچىسىلا ئۇ-جۇقتۇرۇلغانلىقتىن، ئۇلارنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، ھايات ـ ماماتلىقىمۇ نامەلۇم ئىدى. بۇلاردىن «مەسىلىسى بارلار» سوراققا تارتىلدى. ئۇلارغا گۇناھلىرىغا يارىشا جازا بېرىلدى، كەچۈرۈمگە لايىقلىرى بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى، «قۇدرەت-لىك» دەپ نام ئېلىشقان ئۆزبېك قوشۇنى ئەنە شۇنداق ئاقىۋەت بىلەن تۈگەشتى.

## خاتىمە

1. سېتىۋالدىجاننىڭ ئاقىۋىتى

سېتىۋالدىجان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خۇدادىن نۇرغۇن سەدىقى-لەر بەدىلىگە «سېتىۋالغان» سۆيۈملۈك بالىسى بولغاچقا بۇ ئى-سىمنى قويغان.

ئۇ ئائىلىسىدە ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇپ بىلىملىك كىشىلەر قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئىنقىلابقا قاتناشتى ھەمدە تازا نامى چىققان چاغدا ئىسمىنى «ساتىئىبەگ»كە ئۆزگەرتتى. بۇ ئەرەبچىدە «نۇرلۇق» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى بۇ نام بىلەن بېزىگەن-دى. ھەربىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەلدى ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان بانكىنىڭ مۇدىرى بولدى.

تۆڭگانلارنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكى سىيتىۋالدىجانغىمۇ تەھدىت بولۇپ، قەشقەردە تۇرۇشقا بولمىدى. ئۇنىڭ دادىسى پەرغانىدىكى يۇرتىنى تاشلاپ بۇ دىيارغا مۇساپىر بولغان بولسا، بۇ نۆۋەت ئىبخىمۇ چوڭ مۇساپىرچىلىققا قەدەم قويۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى قەشقەر شەھىرىدىكى ئازادە ھويلا ـ ئىمارەتلىرىنى، شەھەرنىڭ ئىقىنىغا جايلاشقان گۈزەل بېغىنى، مال ـ مۈلكىنى، ھەتتا بالىچاقا، ئىر تۇغقانلىرىنى تاشلاپ ھىندىستانغا كېتىشكە توغرا كەلگەندى.

ئۇ مۇشۇنداق مەجبۇرىيەتلەر ئاستىدا قالغان بولغاچقا، قەشقەردىن مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاڭخەي، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە، ئەخمەتئاخۇن (پاختا)، جاڭ قورغان غوپۇر ھاجى... قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قەشقەردىن چىقتى ـ دە، تاشقورغاندىن ئۆتۈپ گىلگىت شەھىرىگە يېتىپ باردى. گەرچە بۇ يەردىكى يۇرتداشلارنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يول خېتى (پاسپورت) بارلار ئۆتۈپ كېتىپ، يولخېتى يوقلار قايتۇرۇلغانىدى.

سىيتىۋالدىجان قايتۇرۇلغانلاردىن بولغاچقا، ئىلاجسىز قايتىپ چېگرادىن ئۆتۈشكە ھەربىيلەر ئۇنى تۇتۇپ تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەر باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىق ئىشتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغ 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى.

سىيتىۋالدىجان بىرنەچچە ئون كۈن قەشقەر يېڭىشەھەردە قاماقتا ياتقاندىن كېيىن، يوپۇرغىلىق ئەيسا ھاجىم دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سىيتىۋالدىجان قەشقەرگە كېلىشتە مەھمۇت سىجاڭغا ئۈمىد باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ھايات قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى، ھەتتا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن يۈزمۇ كۆرۈشەلمىدى، بۇلارغا ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى.

2. يۈسۈپجان قۇربېشى

يۈسۈپجان قۇربېشى سىبىرىقىبۇيىدا رۇس مۇھاسىرىسىدىن

قېچىپ غايىب بولغانلىقتىن، جەنۇبتىكى ھەربىر شەھەر، ھەتتا يېزىلارغىچە «يۇسۇپجان قاچتى، كىم تىرىك تۇتۇپ كەلسە 10 مىڭ سەر، كاللىسىنى كېسىپ كەلسە 5000 سەر، بار جايدىن خەۋەر ئەكەلسە 2000 ـــ 3000 سەر قەشقەر پۇلى (خاپيۇ) مۇكا-پات بېرىلىدۇ ···» دەپ ئېلانلار چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ھېچكىم ئالالمىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ قاچقان پېتىچە مەكىتكە كەلدى ۋە چوڭقۇر-چاق دېگەن يېزىدا تۇرۇپ ئۇ يەردىكى ئۆزبېك ئىشان بىلەن تېپىشتى.

بۇ ئىشان خەلق ئىچىدە سوپىلىق بىلەن خېلىلا ئېتىبار قازانغان كىشى بولۇپ، يۇسۇپجان بىلەن يېقىن تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئىشان يۇسۇپجاننى ھىمايىسىگە ئېلىپ بازاردىن خېلىلا يىراق بىر قۇملۇق ئىچىگە يوشۇردى.

يۇسۇپجان قۇم ئارىسىغا كولانغان بىر گەمىگە بېكىنىپ ياتـ-تى. ئىشان تەرەپتىن مەزۇن دېگەن بىر سوپى بۇلارغا قارايتتى ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك، لازىملىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇنچە يەتكۈزۈپ تۇراتتى، يۇسۇپجانمۇ ئېھتىياجلىق نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن تىللانى ئوچۇملاپ بېرىپ تۇراتتى. ئىشان جانابلىرى سوپى ئار-قىلىق ئۇلارنى تەمىنلەيتتى، يۇسۇپجان بۇ گەمىدە ئىككى ـ ئۈچ يىللاپ ياتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى نۆۋەت بىلەن گەمە ئاغزىدا قوراللىق كۆزەتتە تۇراتتى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ مەھبۇسلۇق بار ـ بارا ئادەملەرنى زېرىكتۈردى، بولۇپمۇ يۇسۇپجاننىڭ باش تەكيىسىدە جىرىڭلاپ ئېچىلىدىغان كىچىك پولات ساندۇقتىكى «ئانارنىڭ قىزىل دانچىلىرى»نى كۆرۈپ قالغان مەھرىمنىڭ ند-يىتى بۇزۇلدى. ئۇ سوپى بىلەن بىرلىشىپ چىڭقىچۈش ۋاقتىدا يۇسۇپجاننىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ گەمە ئىچىگە كىرىپ يۇسۇپجان بىلەن يەنە بىر شېرىكىنى چاناپ ئۆلتۈردى.

ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولى بىلەن پولات ساندۇقنى ئاچقاندا ئۇ-نىڭغا لىقمۇلىق قاچىلانغان تىللا بۇلارنىڭ كۆزىنى ئالاق ـ جالاق قىلىۋەتتى. ساندۇقنىڭ ئاغزىدىكى بىر دانە بىراۋنىڭ تاپانچىسىد-

نى بالا قول سېلىپلا ئېلىۋالدى ـ دە، بۇلارنى ئاتماقچى بولدى، لېكىن بۇلار چاققانلىق قىلىپ قولىرىدىكى پالتا بىلەن بالىنى ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە چاناپ ئۆلتۈردى.

بۇ ۋەقە ئىشاننىڭ ئىشارىتى ۋە تەشەببۇسى بىلەن بولغان بولغاچقا، سوپى ئارقىلىق مەھرەممۇ گەمە ئىچىدە يىغىشتۇرۇلدى. «دۇنيا بىرىنچى نەرسە، ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئىتلاردۇر» دېگەن پەتىۋا بويىچە، ئىشان تىللانىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىۋېلىپ، سوپىغا ئازراق بېرىپلا جىمىقتۇردى. سوپىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغاچقا، ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئازغىنە «سوۋغات» ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمىدى، بۇ سىرنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش بىلەن ئىشاننى ساقچىغا چاقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشان قولغا ئېلىندى، تىللالار مۇسادىرە قىلىندى، سوپىمۇ قاتىللىق جىنايىتى بىلەن قاماققا ئېلىنىپ، دۇنيادىن ھەسرەت بىلەن ئايرىلدى.

سۇپۇرسە ساھىبى ئۆيىنى بىيەكبار،
ئۆرۈمچۈك ھەم كېتەر، ھەم سەيد ھەم تىلى.

(ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئۆيىنى بىراقلا سۇپۇرسە، تور تارتقۇچى ئۆمۈچۈكمۇ كېتىدۇ، تۇتقان چىۋىن قاتارلىق ئوۋلىرىمۇ كېتىدۇ، ئۇنىڭ تارتقان تورلىرىمۇ يوقىلىدۇ).

ـــ «سۇبباتۇل ئاجىزىن»دىن

## خۇلاسە

شۇنداق قىلىپ 1931 ـ يىلى جىن شۇرېننىڭ قانلىق ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ قەشقەر رايونىدىكى نەتىجىلىرى مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەمنەپەس بولدى. شۇنچە تۆكۈلگەن قان، بېرىلگەن قۇربان، تارتقان جاپا ـ ئەلەم بىرلا سۇپۇرۇلۇش بىلەن تامام بولدى.

ئىزاھلار

① ئەيسا ھاجىم خانئېرىق يەكشەنبە بازارلىق ئادەم بولۇپ، باي ۋە

خوجا ئەۋلادى ئاتالغان، يۇرتنىڭ تونۇلغان كىشىسى ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب مارالبېشىدىن ئۆتكەندە، قوزغىلاڭچىلار باشلىقى تۆمۈر ئىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەن ۋە يۇرتتىن ئالغان بىر تۈمەن ئەسكەرگە باشلىق بولغان.

ئۇ يەكەندىكى ھاپىز لۈيجاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا يەكەندىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ۋە يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان، ھەتتا ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ سېپىلدىن چىقماق بولۇپ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغاندى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى تۇڭگانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ قېچىپ يۇرۇپ جان ساقلىغان بولسىمۇ، سىيىلىڭ لىيۇبىن كەلگەندىن كېيىن، تۇتۇپ كېلىنىپ قاماپ قويۇلغان.

② بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پەيزاۋات بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى «ئۆردەكلىك» دېگەن جايدا ئەنە شۇ ئىشان تەرىپىدىن يوشۇرۇلغانىكەن.

③ بەزىلەر بۇ ئەھۋال پەيزاۋاتنىڭ «ئۆردەكلىك» دېگەن جايىدا يۈز بەرگەن دەيدۇ. ۋەقەلىك ئوخشاش بولۇپ قايسى جايدا بولغان بولسۇن، ئەھۋال شۇنداق بولغانىدى.

# سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سابىق جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى

## ليۇ دېئېن

**مۇھەررىردىن:** مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى ليۇ دېئېن شىنجاڭ گۇ-چۇڭ ناھىيىسىدىن، مانجۇ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بول-غان. ئۇ جىن شۇرېن دەۋرىدە شەمەيدە ۋە تاشكەنتتە مۇئاۋىن كونسۇل، شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئەنجان ۋە شەمەيدە كونسۇل بولغان. بۇ، ئاپتورنىڭ ھايات چېغىدىكى ئەسلىمىسى بولۇپ، خەنزۇچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرى-ياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 3 ـ سانىغا بېسىلغان. كەڭ كىتابخانلارنى مۇشۇ ھەقتىكى ئىشلاردىن خەۋەردار قى-لىش ئۈچۈن، بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسىنى قىسقارتىپ ژۇرنىلىمىزغا بەردۇق.

بۇرۇن، جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا ئۈچ كونسۇلخانىسى، يەنى شەمەي كونسۇلخانىسى، ئالمۇتا كونسۇلخانىسى، زايسان كونسۇل-خانىسى، ئۆزبېكىستاندا ئىككى كونسۇلخانىسى، يەنى تاشكەنت كونسۇلخانىسى، ئەنجان كونسۇلخانىسى بارئىدى. بۇ بەش كونز-سۇلخانا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قوشنا چېگرا رايونلى-رىدا تەسىس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتى-دىغان تەسىرى چوڭ ئىدى.

مەن 1930 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە بۇ كونسۇلخا-نىلاردا جەمئىي سەككىز يىل ئىشلىدىم. ئىلگىرى ـ كېيىن بو-لۇپ شەمەيدە مۇئاۋىن كونسۇل، تاشكەنتتە مۇئاۋىن كونسۇل، ئەنجاندا كونسۇل، ئاخىرىدا شەمەيدە كونسۇل بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان بەزى ئىشلار ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشىم.

بەش كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ تەركىبى

1924 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جۇڭگو كونسۇلخانا خادىملىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان:

شەمەيدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل — ياپونىيىدە ئوقۇغان، ياڭ زېڭشىننىڭ قۇدىسى يۈەنلەنلىك لىيۇ چاڭبىڭ.

تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق كونسۇل — ئۇرۇمچى رۇس تىلى كۇرسىنى پۈتكۈزگەن، لياۋنىڭلىق جاڭ شاۋبو.

ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇل — بېيجىڭ رۇس تىلى كۇرسىنى پۈتكۈزگەن، جېجياڭلىق چېن دېلى.

ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق كونسۇل — يەتتە سۇ گىمنازىيىسىنى پۈتكۈزگەن، غۇلجىلىق ساراچۈن (شىبە).

ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق سودا باش ۋەكىلى — رۇسىيىدە ئوقۇغان غۇلجىلىق گۇەن چىڭلىيەن (شىبە).

زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇل — ياڭ زېڭشىننىڭ چوڭ ئوغلى ياڭ يىڭچيەن.

1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېن چىقتى. بۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ قۇدىسى لىيۇ چاڭبىڭ بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ياڭ يىڭچيەن دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئالدىراپ خىزمىتىدىن ئايرىلدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن كونسۇلخانا خىزمىتىنى تەڭشىدى.

بىرىنچىدىن، باش كونسۇلخانىنى شەمەيدىن تاشكەنتكە يۆتكىدى. بۇ تەدبىر شۇ مەزگىلدىكى ناھايىتى مۇۋاپىق تەدبىر ئىدى. چۈنكى، تاشكەنت ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەڭ چوڭ شەھەر، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ باش كونسۇلخانىلىرىمۇ تاشكەنتتە تەسىس قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىمۇ بۇ يەردە دىپلوماتىيە باش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى تاشكەنت

ئەتراپىدا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئىككىنچىدىن، كونسۇلخانا خادىملىرىنى تەكشىدى. باش كونسۇللۇققا شەندۇڭلۇق مۇ ۋېيتوڭنى، مۇئاۋىن باش كونسۇللۇققا گۇچۇڭلۇق ليۇ دېيىننى، كونسۇللۇققا جېجياڭلىق چېن دېلىنى تەيىنلىدى. ئەنجان كونسۇللۇقىغا يەتتىسۇ گىمنازىيىسىنى پۈتكۈزگەن غۇلجىلىق يىن دېشەننى (شىبە)، ئالمۇتا كونسۇللۇقىغا يەتتىسۇ گىمنازىيىسىنى پۈتكۈزگەن غۇلجىلىق باتۇشىن (شىبە)نى، شەمەي كونسۇللۇقىغا غۇلجىلىق يى شاڭۋېننى، زايسان كونسۇللۇقىغا بېيجىڭلىق ما جىننى، مۇئاۋىن كونسۇللۇققا شىنجاڭلىق فىڭ زۇۋېننى تەيىنلىدى.

ئۈچىنچىدىن، كونسۇلخانا خىزمىتىدە ئەسلىدە ئەلچىخانىلار ئىشلەشكە تېگىشلىك دېپلوماتىيە خىزمەتلىرى ئىشلەندى. مەسىلەن، شىنجاڭ ــ سوۋېت سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى.

**بەش كونسۇلخانىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە خىراجىتى**

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش جۇڭگو كونسۇلخانىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، كۆرۈنۈشتە دېپلوماتىيە بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى يەرلىك دوتەي، ھاكىم، يامۇللار بىلەن ئانچە پەرقى يوق ئىدى. باش كونسۇل، كونسۇللارنى شىنجاڭ دائىرىلىرى تەيىنلەيتتى. بۇنىڭغا نەنجىڭ دېپلوماتىيە مىنىستىرلىقى سۈكۈت قىلاتتى، باش كونسۇلخانا، كونسۇلخانىلارنىڭ باشقا خادىملىرىنى باش كونسۇل تەيىنلەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كاتىپ دەرىجىلىكلەرنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلايتتى. لاۋازىمەتچى، مەمۇرىي كاتىپ، ماشىنىست قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونسۇلخانىلار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغاچقا، كونسۇللارنىڭ خەنزۇچە، رۇسچە تىلنى بىلىشى كۇپايە قىلمايتتى. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلگەندىلا، ئاندىن خىزمەتلەرنى راۋان

ئىشلىيەلەيتتى. دەسلەپتە تەيىنلەنگەن باش كونسۇل لىۇ چاڭبىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلى ئۇياقتا تۇرسۇن، رۇسچىنىمۇ بىلمەيگەچكە، ھەممە ئىشتا تەرجىمانغا تايىناتتى، تەرجىمىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، بەزى كونسۇلخانا كاتىپلىرى كونا فېئوداللىق جەمئىيەتتىن قېپقالغان كىتابباز مولللار بولۇپ، قېلىپلىشىپ قالغان كونىچە خەت - ئالاقىلەرنى يېزىشنىلا بىلەتتى، كونسۇلخانىلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە كونسۇلخانا تۇرۇشلۇق دۆلەت - رايونلارنىڭ ئىچكى سىياسىتى، قانۇن - نىزاملىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ كونسۇلخانىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسىغا سېلىشتۇرغاندا، مەيلى تەشكىلىي قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، ياكى كەسپىي قابىلىيەت جەھەتتىن بولسۇن، بەكمۇ قالاق ئىدى.

بەش كونسۇلخانىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېرەتتى. باش كونسۇلخانىنىڭ ئايلىق خىراجىتى 1200 سەر تەڭگە، كونسۇلخانىلارنىڭ ئايلىق خىراجىتى 800 سەر تەڭگە ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى كۆنسېرى چۈشۈۋاتقان مۇنداق پەيتتە بۇنچىلىك ئاز خىراجەت ھەرگىز يەتمەيتتى، لېكىن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى كونسۇلخانىلارنى خىراجەتنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى ئامال تېپىپ تولۇقلاشقا قىستايتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا كونسۇلخانىلار خىلمۇخىل ئەپچىل چارىلەر ئارقىلىق پۇل تاپاتتى. شۇ مەزگىللەردە رۇبلىنىڭ چېكىرادىن كىرىپ - چىقىشى ناھايىتى قاتتىق تىزگىنلىنەتتى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تاموژنا تۈزۈمى جۇڭگو كونسۇلخانىلىرىغا بەكمۇ ئېسىل پۇل تېپىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەتتى.

كونسۇلخانىلار مۇنداق ئۈچ يول بىلەن پۇل تاپاتتى: بىرىنچىدىن، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋەتەنگە قايتماقچى بولسا، سوۋېت زېمىنىدا توپلىغان بارلىق رۇبلىسىنى كونسۇلخانىغا تاپشۇراتتى، كونسۇلخانا ئۇلارغا ئىسپات بېرەتتى. مۇھاجىرلار ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن كونسۇلخانىنىڭ ئىسپاتى بويىچە تېگىشلىك جۇڭگو پۇلىغا ئىگە بولاتتى. ئىككىنچىدىن، شۇ چاغلاردا ئالتاي،

چۆچەك، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق بازارلاردا چېگرادىن ئوغرىلىقـ
چە ئۆتكەن كىشىلەر رۇبلىنى ناھايىتى ئەرزان باھادا ساتاتتى.
كونسۇلخانىلار دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىدار كىشىلەر ئارقىلىق بۇ
رۇبلىلارنى ناھايىتى ئەرزان باھادا يىغىۋالاتتى. بۇ رۇبلىلار دىپـ
لوماتىيە خەت ـ ئالاقە مەخسۇس پوچتىسى ئارقىلىق يەنە كونـ
سۇلخانىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونلىرىدىكى كونسۇلخانىلاردا يەنە بىر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال
مەۋجۇت ئىدى، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە پاسپورت ياساپ
تارقىتاتتى. بۇنىڭدىن خېلىلا جىق كىرىم قىلغىلى بولاتتى. دىپـ
لوماتىيە مىنىستىرلىقى بۇ بەش كونسۇلخانىنىڭ خىراجىتىگە
ئىگە بولمىغاچقا بۇ ئىشقا ئارىلاشمايتتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ
قول تىقىشقا ئامالسىز ئىدى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت
كىشىلىرى ھەر يىلى ئەتىياز ياكى كۈز پەسىللىرىدە سوۋېت
ئىتتىپاقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ بىرنەچچە ئاي مەدىكارچىلىق قىلىپ
پۇل تېپىپ قايتىپ كېلەتتى. كونسۇلخانىلار شۇ يەردىكى پۇقرا-
لىق سالاھىيىتىگە ئىگە مۇھاجىرلارنىڭ كېپىللىك بېرىشى بىلە-
لەن بۇ ئىشلەمچىلەرگە ۋاقىتلىق پاسپورت تارقىتىپ بېرەتتى.
بۇ خىل پاسپورت ناھايىتى كۆپ تارقىتىلغانلىقتىن، ئاۋات مەز-
گىللەردە ئېيىغا 7000 ــــ 8000 رۇبلى تاپقىلى بولاتتى.

بەش كونسۇلخانىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

بەش كونسۇلخانىنىڭ دائىملىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتە
ئىككى تۈرلۈك ئىدى: بىرىنچى، مۇھاجىرلارنى قوغداش، پاسپورت
تارقىتىش، مۇھاجىرلارنىڭ خەلق دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قى-
لىشقا ياردەملىشىش، مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تە-
رۇز يەتكۈزگەن ئىشلار ئۈستىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن سۆز-
لىشىش، مۇھاجىرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل ـ ما-
جىرالارنى مۇرەسسە قىلىش، قېيىنچىلىقتا ئۇچرىغان مۇھا-
جىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىش قاتارلىقلار ئىدى. ئىككىنچى،
خىزمەتلەردىن دوكلات قىلىش، يەنى بەلگىلەنگەن مەلۇمات جەد-
ۋىلى، كىرىم ـ چىقىم خامچوت ـ نەقچوتىنى يوللاش، ئۆز ھۆ-

كۆمىتى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاشقا بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ جاۋابىنى بېرىش، بەزى بىرىش - كېلىشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، دەسلەپكى چاغلاردا خەلقئارا خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ يوللاپ بېرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش، ھەتتا شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگراممىلارنى ئۆلاپ يەت-كۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ بېجىرگەنىدى.

كونسۇللارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى سۇس، كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، مەيلى ئادەتتىكى خىزمەتلەر بولسۇن، ياكى ئالاھىدە خىزمەتلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەنمىگەنىدى. لېۇ چاڭبىڭدىن باشقا كونسۇللارنىڭ رۇسچە-دىن خەۋىرى بار بولسىمۇ چالا ئىدى، شۇڭا دائىم دېگۈدەك تەر-جىمانغا تاينىدى. كونسۇللارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىيا-سەت، قانۇن - تۈزۈملىرى جەھەتتىكى بىلىمى چولتا بولغاچقا بەزى دىپلوماتىيە ئالاقىلىرىدە سوۋېتلىك قانۇن مەسلىھەتچىسى-گە تايىنىشقا مەجبۇر ئىدى. بەزى غۇلجىلىق شىبە كونسۇللاردىن باشقا كونسۇللار ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك تىللىرىنى بىلمىگەچكە، مۇھاجىرلارنى قوغداش خىزمىتىدە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قې-لىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇپ بولدى قىلاتتى، كونسۇللارنىڭ ئىچىدە خىزمەتكە بىرقەدەر پىش-شىق بولغىنى غۇلجىلىق شىبە يىن دېشەن ئىدى. ئۇ رۇسچىغا پىششىق بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق قانۇن - نىزام-لىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئىش بېجىرىشتە خېلى مەسئۇلىيەتچان ئىدى. ئۇ مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى خېلى ياخشى قوغدايتتى.

**بەش كونسۇلخانا بىلەن دىپلوماتىيە مىنىسترلىقىنىڭ مۇناسى-ۋىتى**

ياڭ زېڭشىن سۈيىقەستكە ئۇچراپ، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن تەيىنلىگەن بەزى كونسۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاستىرتىن

موسكۋادىكى جۇڭگو باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق نەنجىڭ دىپلو-ماتىيە مىنىستىرلىقىغا يېقىنلىشىشقا تىرىشتى. ئۇ چاغدا باش ئەلچىخانىدا پەقەت ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىلا بولۇپ، باش ئەلچى تېخى يېتىپ كەلمىگەچكە، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى بۇ ئىشقا ئالدىراپ پوزىتسىيە بىلدۈرەلمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي گو-مىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ موسكۋا باش ئەلچىخانىسى مەھكىمە باش-لىقى كۈي ئېنرۇڭنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بەش جۇڭگو كونسۇلخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا باش كونسۇل لىيۇ چاڭبىڭنىڭ يېقىن ئادىمى تيەن شېڭجى ھەمراھ بو-لۇپ كەلدى. بۇ ئىش دەرھال جىن شۇرېننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. جىن شۇرېن ئالدىراپ ـ تېنەپ مۇ ۋېيتۇڭنى لىيۇ چاڭ-بىڭنىڭ ئورنىغا باش كونسۇل قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن مۇ ۋېيتۇڭمۇ چىن كۆڭلىدىن نەنجىڭغا يېقىنلىشىشنى ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاكالەتچىسى شياۋ يېسۇڭ بىلەن ئالاقىلەشتى. ۋاكالەتچى بۇ ئىشقا بىرنېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، مۇ ۋېيتۇڭ چېن دې-لى، جاۋ گولياڭ قاتارلىق بېيجىڭ رۇس تىلى كۇرسىدىكى ساۋاقداشى ۋە ئۇزۇن يىللىق خىزمەتداشلىرىنى ۋولگا دەرياسى مەنزىرىسىنى سەيلە قىلىش نامىدا ۋولگا بويىغا چاقىرىپ مەخ-پىي سۆزلەشتى، ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق تېخى شارا-ئىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋاقىتىنچە جىن شۇرېنغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ تۇرۇشنى لايىق تاپتى.

1933 ـ يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالغان، بەش كونسۇلخانا خىراجەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان پەيتتە، موسكۋادىكى جۇڭگو باش ئەلچىخانىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بى-لىپ، دىپلوماتىيە مەسلىھەتچىسى ۋۇ نەنرۇنى بىر قىسىم خىرا-جەت بىلەن بەش كونسۇلخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. قايسى كونسۇلخانا خىراجەتنى قوبۇل قىلسا، شۇ نەنجىڭ ھۆكۈ-مىتىگە قارايدىغان بولدى. ئالمۇتا كونسۇلى باتۇشىن، ئەنجان كونسۇلى يەن شۇئېن، شەمەي كونسۇلى جاۋ گوبىڭ، زايسان

كونسۇلى ما جىن قاتارلىقلار نەنجىڭگە بېقىنىشنى قوللاپ ئۈچ ئايلىق كەسپىي خىراجەت ئۈچۈن بېرىلگەن ئامېرىكا دوللىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى غۇلاپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقتى. شېڭ شىسەي ئامېرىكا دوللىرىنى قوبۇل قىلغان كونسۇللارنىڭ ھەممىسىنى خىزمىتىدىن بوشىدىتىپ، بەش كونسۇلخانىنى قايتىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلدى.

**بەش جۇڭگو كونسۇلخانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى**

تاشكەنتتىكى سوۋېت دىپلوماتىيە باش مەھكىمىسى بىلەن تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق جۇڭگو باش كونسۇلخانىسى ئالاقىدار ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئىككى تەرەپ مەسئۇللىرى بىۋاسىتە سۆزلىشەتتى. ئۇ چاغلاردىكى تاشكەنت دىپلوماتىيە باش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىزوف ئىسىملىك ئۆزبېك بولۇپ، شەرق ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىس، كەسپىي سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، دىپلوماتلارغا خاس سالاپەتكە ئىگە بىر ئادەم ئىدى. بەش كونسۇلخانىنىڭ بۇ كىشى بىلەن بولغان ئالاقىسى خېلى قويۇق بولۇپ، ئىشلارنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەيتتى. ئالمۇتىدىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسى ئىش بولسا ئالمۇتىدىكى شۆبە دىپلوماتىيە مەھكىمىسى بىلەن سۆزلىشەتتى. قالغان ئۈچ كونسۇلخانا تۇرۇشلۇق جايدا سوۋېت تەرەپنىڭ دىپلوماتىيە ئورگىنى بولمىغاچقا، ئۇلار ئىش بولسا دىپلوماتىيە خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئوبلاست باشلىقى بىلەن سۆزلىشەتتى.

سوۋېت تەرەپ بۇ بەش جۇڭگو كونسۇلخانىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلاتتى. شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن قىس ئىدى، سوۋېت تەرەپ ئاساسلىق يېمەكلىكلەر ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە جۇڭگو كونسۇلخانىلىرىغا ئېتىبار قىلاتتى. ئۇلار كونسۇلخانا قورۇشقا جاي تاللاشتىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جۇڭگو تەرەپنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلاتتى. مەسىد-

لەن، جۇڭگونىڭ تاشكەنتتىكى باش كونسۇلخانىسى ئەسلىدە ئاۋات بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، باش كونسۇل مۇ ۋېيتۇڭ ماشىنا ـ تىرامۋاينىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنى بەك قاتتىق بولغاچقا، خىزمەتكە ۋە ئارام ئېلىشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقى ھەققىدە سوۋېت تەرەپكە ئىنكاس قىلىۋىدى، ئۇلار دەرھال ئازادە، تىنچ رايونغا يۆتكەپ قويدى: ھېيت ـ بايرام، خاتىرىلەش كۈنلىرىدىكى ۋە باشقا چاغلاردىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى رېتىدىن جۇڭگو كونسۇللىرىغا ھەقسىز بېلەت تارقىتىپ بېرىلەتتى. بىر قېتىم بىر جۇڭگو كونسۇلى ئىككى مېھمىنى بىلەن كىنو كۆرۈشكە بارىدۇ. ئۇلار كىنوخانىغا بارغاندا كىنو ئالللىقاچان تۈگىگەن بولىسىمۇ، لېكىن، كىنوخانا مەسئۇلى مۇشۇ ئۈچ ئادەم ئۈچۈن ھېلىقى كىنونى قايتىدىن قويغۇزۇپ بېرىدۇ. كونسۇلخانىلارنىڭ ئالدىدىكى سوۋېتلىق مۇھاپىزەتچى ـ ساقچى خادىملار مۇ كونسۇلخانىلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى بەكمۇ ئەپلىك ئۆتەيتتى.

لېكىن، سوۋېت تەرەپ جۇڭگو كونسۇلخانىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاستىرتىن ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. سوۋېت تەرەپ جۇڭگو كونسۇللىرىنى ۋە كونسۇلخانا خادىملىرىنى كۆزىگە ئىلمايتتى. جۇڭگو كونسۇللىرى ۋە كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، دائىم سۆز ـ ھەرىكىتىدە چاندۇرۇپ قويۇپ كۇلكىگە قالاتتى. كۆزگە ئىلماسلىق خاھىشىنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى كونسۇللارنى مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش، كونسۇلخانا خادىملىرىنى قاماپ قويۇش، قولغا ئېلىش، ھەتتا ئۇلارغا مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىشتەك خەلقئارا قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپ قىلمىشلار سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئىش تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئىران ۋە ئافغانىستان كونسۇلخانىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، جۇڭگو كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلارغا يول قويۇپ بەرمەسلىكىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ توغرۇلۇق دەرھال سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىشىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. لېكىن باش كونسۇل مۇ

ۋېيتوڭ بۇ ئىشلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەچكە، ئىران، ئافغانىستان كونسۇلخانىلىرى رەنجىپ، جۇڭگو كونسۇلخانىسى بىلەن بولغان باردى - كەلدىنى توختاتقانىدى.

**بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سادىر بولغان بەزى سەتچىلىكلەر**

ئۇ چاغلاردا جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا «ئەمەل تۇتۇشتىن مەقسەت پۇل تېپىش» دېگەن ئەقىدە ھۆكۈم سۈرگەچكە ئۇلار بايلىق توپلاش ئۈچۈن، ھەرقانداق پەسكەش ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايتتى. كونسۇلخانىلار تاشقى پېرېۋوتنى ئۆز ئالدىغا نەقلەشتۈرۈش، دىپلوماتىيە پوچتىسىدىن پايدىلىنىپ ئەتكەسچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇلار يەنە يېگىدىن پۇل تېپىشنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل يولىنى تاپتى.

بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوۋلاش، ئېلىپ - سېتىش، چېگرادىن چىقىرىشنى قەتئىي مەنئى قىلغان بۆكەن مۈڭگۈزى سودىسى قىلىش. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۆكەن مۈڭگۈزى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، ھۆكۈمەت تەرەپ ئوۋلاشنى قاتتىق چەكلىگەچكە، ھېچكىم ئېلىپ - سېتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. كونسۇلخانىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاستىرتىن بۆكەن مۈڭگۈزى يىغىشنى باشلىدى، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بۆكەن مۈڭگۈزنى مەخپىي ھالدا كونسۇلخانىلارغا ئىنتايىن ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەتتى. كونسۇلخانىلار دىپلوماتىيە پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرمەسلىك يوچۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە جۇڭگوغا ئۆتكۈزەتتى. بۆكەن مۈڭگۈزى جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكەن ھامان بىرگە 100 ھەسسە پايدا قىلاتتى. دىپلوماتىيە پوچتا يوللانمىلىرى سوۋېت تەۋەسىگە ئۆتكەندە ئوغرىلىقچە رۇبلى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن پايدا قالاتتى. مۇشۇنداق بىر - ئىككى نۆۋەت ئۇيان - بۇيان ئۆتكەن سودىدىن بىر كونسۇلخانىنىڭ بىر - ئىككى يىل يېتىپ يېگۈدەك خىراجىتى ھەل بولاتتى. كونسۇلخانا

خادىملىرى ئىچىدە ئەڭ نەپسى يامانلىرى چېن دېلى، مۇ ۋېيتۇڭ قاتارلىقلار ئىدى. چېن دېلى جىن شۇرېنغا بىر قېتىم 5.72 جىڭ بۆكەن مۇڭگۇزى سوۋغا قىلغانىدى. مۇ ۋېيتۇڭنىڭ بۆكەن مۇڭگۇزى سودىسى خارىبىنغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، خارىبىندىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان بىر ساندۇق بۆكەن مۇڭگۇزى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون ژاندارمە-لىرى تەرىپىدىن سېزىپ قېلىنىپ مۇسادىرە قىلىنغان. بۇ ئىش-تىن خەۋەر تاپقان تاشكەنت ساقچى دائىرىلىرى مۇ ۋېيتۇڭغا بۆ-كەن مۇڭگۇزى يىغىپ بەرگەن بىر تاتار كىشىنى قولغا چۈشۈ-رۇپ، مۇ ۋېيتۇڭنىڭ بارلىق قانۇنسىز قىلمىشىنى پاش قىلد-غۇزغان. مۇ ۋېيتۇڭ ئەتكەسچىلىك قىلمىشى پاش بولغاندىن كېيىنمۇ قىلچە ئىزا تارتماي، يەنىلا پەسكەش ئىشلاردىن قولىنى ئۈزمىگەن. بىر قېتىم چۆچەككە يېقىن باقتۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى سوۋېت تاموژنا خادىملىرى مۇ ۋېيتۇڭنىڭ قول سومكىسىنى تەكشۈرمەكچى بولغاندا، مۇ ۋېيتۇڭ يول قويمىغان. تاموژنا خادىملىرى شەمەي سوۋېت دائىرىلىرى ۋە جۇڭگو كونـ-سۇلخانا خادىملىرى ئالدىدا سومكىنى مەجبۇرىي ئاچقۇزغان. بۇ-نىڭ بىلەن مۇ ۋېيتۇڭ لەت بولۇپ جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈزىنى چۈ-شۈرگەن.

ئىككىنچى خىل پۇل تېپىش يولى مۇھاجىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىش. جۇڭگو مۇھاجىر-لىرى سوۋېت تەۋەسىدە مەدىكارچىلىق ياكى سودىگەرچىلىك بىد-لەن ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى بولسا، سو-ۋېت ئىتتىپاقى قانۇنى بويىچە چېگرادىن نەق رۇبلى ياكى قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئۆتكۈزمەيتتى. كونسۇللار نەق مۇشۇ پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ، يۇرتىغا قايتماقچى بولغان مۇھاجىرلارنىڭ بار-لىق رۇبلى ۋە مال ـ مۈلكىنى يىغىۋېلىپ، بۇ پۇلغا ئوغرىلىقچە بۆكەن مۇڭگۇزى، ئالماس ياكى ئۆزى كىچىك، باھاسى قىممەت بولغان باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، دىپلوماتىيە پوچتىسى

ئارقىلىق جۇڭگوغا ئەۋەتەتتى ھەمدە شىنجاڭدىكى شىرىكلىرى ئارقىلىق ساتقۇزۇپ، رۇبلىنىڭ بازاردىكى ئايرىباشلاش نىسبىتى بويىچە مۇھاجىرلارغا 70% ئۆلكە پۇلى بېرەتتى. كۆرۈنۈشتە كونسۇلخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى 30% تەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. بەزىدە ھەتتا ئۇ-چۇقتىن - ئوچۇق «سوۋېت تاموژنىسى سېزىپ قېلىپ، مۇسادىرە قىلىنۋالدى» دەپلا قاپقىسنى تۇرۇپ، مۇھاجىرلارنىڭ نەچچە يىللاپ تاپقان - تەرگىنىنى يەۋالاتتى. شۇ چاغلاردا مۇشۇنداق قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۇچرىغان بىچارە مۇھاجىرلار نەچچە يۈزگە، كونسۇلخانىلارنىڭ يەپ كەتكەن پۇلى 1 مىليون تەڭگىدىن كۆپرەككە يەتكەن.

ئۈچىنچى خىل پۇل تېپىش يولى كەلسە - كەلمەس پاسپورت تارقىتىش، كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش. جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى پاسپورت بېرىشكە بولمايدىغان كىشىلەرگە پاسپورت بەرگەندىن باشقا، ھېچقاچان جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولۇپ باقمىغان سوۋېتلىق ياكى ئىرانلىق، ئافغانىستانلىق كىشىلەرگىمۇ پاسپورت بەرگەن ھەم پاسپورت ھەققىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ كەلسە -كەلمەس ھەق ئالغان. كېيىن سوۋېت دائىرىلىرى بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ، سوۋېت گىرازدانلىرىغا قانۇنسىز تارقىتىپ بېرىلگەن بارلىق جۇڭگو پاسپورتلىرىنى ئىنىقلاپ چىقىپ، جۇڭگو كونسۇلخانىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەن ھەمدە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن، چىن دېلى ئىلاجسىز 30 نەچچە مىڭ رۇبلىنى سوۋېت تەرەپكە قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. كېيىن چىن دېلى ۋەزىپىدىن ئايرىلىپ جۇڭگوغا قايتىش ھارپىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە باش مەھكىمىسىگە خوشلىشىش ئۈچۈن بارغاندا، مەھكىمە باشلىقى چىن دېلىنى «كونسۇل جانابلىرى، ئۆزلىرى قايسى دىپلوماتىيە مەكتىپىنى پۈتكۈزگەنتىلە، سىلى ئۆگەنگەن خەلقئارا قانۇننىڭ قايسى ماددىسىدا كونسۇلخانىلار ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىغا چەت ئەل پاسپورتى تارقىتىپ

بەرسۇن دېيىلگەن» دەپ قاتتىق مازاق قىلغانىدى.
بەش كونسۇلخانا خادىملىرى دىپلوماتىيە كەسپى جەھەتتە شۇنداق بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلدىكى، ھەتتا بۇ شۇ چاغدىكى خەلقئارالىق سىياسىي مەسخىرىگە ئايلانغانىدى. مەن تۆۋەندە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە ئىشنىلا مىسال كەلتۈرەي:
1929 ـ يىلى مەلۇم كونسۇلخانا جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مەخپىي تېلېگراما نۇسخىسىنى كونسۇلخانا ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان بىر سوۋېتلىك خىزمەتچىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەلقئارالىق شاخشو بولغاچقا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى كۆەي ئېنرۇڭنى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. كۆەي ئېنرۇڭ ھېلىقى سوۋېتلىك خىزمەتچىنى خىزمىتىدىن بوشىتىپلا ئىشنى تۈگەتكەن. شەمەيدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو باش كونسۇلخانىسى سوۋېتلىك بىر رۇس تىلى مۇئەللىمى (ئايال)نى ياللاپ ئىشلەتكەن. بۇ ئايالنىڭ بىر ئىنىسى بار بولۇپ، ئۇ كونسۇلخانىغا خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. بۇ بالا كونسۇلخانىنىڭ چاسا مۆھۆر بېسىلغان ئاق ئىش قەغىزىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، باش كونسۇل مۇ ۋېيتۇڭنىڭ ئىمزاسىنى مەشىق قىلىپ ئۆزىمۇ ئوخشاش يازالايدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن يالغان ئىسپات ياساپ، سوۋېت چېگراسىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، سوۋېت چېگرا مۇداپىئە خادىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. تاشكەنت دىپلوماتىيە باش مەھكىمىسى قولغا چۈشكەن يالغان ئىسپاتلارنى جۇڭگو باش كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ۋاقتىدا «بۇنىڭدىن كېيىن تامغا ۋە ئىش قەغەزلىرىڭلارغا ئوبدانراق كۆز ـ قۇلاق بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ مەسخىرە قىلغان.
سوۋېت تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدا، چېن دېلى سوۋېت كومپارتىيىسىدىن بەكمۇ ئەندىشە قى-

لىپ يۈرۈۋاتقان ياڭ زېڭشىنغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيە-تىنى قۇرۇشى ھەرگىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەل-گىلەش سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلىش ئەمەس، ئاساسىي مۇددى-ئاسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قۇتىرىتىپ، خەن-زۇلارنى چەتكە قېقىشتۇر...» دەپ دوكلات يوللىغان. ياڭ زېڭشىن بۇنى ئاڭلاپ دەرھال جاۋاب تېلېگراممىا يوللاپ، ۋەزىيەتنى ئاس-تىرتىن قاتتىق كۆزىتىش ھەمدە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

سوۋېت كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتاي ئۆت-كۈزگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت جۇڭگو ياشلىرى قۇرۇلتايغا تەكلىپ بىلەن سىرتتىن قاتنىشىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جاي ـ جايلاردى-كى جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇشۇپ، ياڭ زېڭشىنغا ئۇلار توغرىسىدا قارا ماتېرىيال يوللاي-دۇ. ياڭ زېڭشىن تېلېگراممىا يوللاپ، كونسۇللارنىڭ بۇ خىل سى-ياسىي سەزگۈرلۈكىنى ماختاپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتى-پاقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋەتەنگە قايتماقچى بولغاندا، كونسۇللار قەستەن جىددىي سىياسىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە «پالانى قىزىللىشىپ كەتتى، پۇستانى گۇمانلىق، ئۇلارغا قاتتىق كۆز ـ قۇلاق بولۇش كېرەك» دەپ تېلېگراممىا يوللايتتى. بىر قېتىم مۇھاجىرلار ۋەكىللىرى موسكۋاغا بېرىپ جۇڭگو باش ئەلچىخانىسىغا «تاشكەنت كونسۇلى چېن دېلى، ئالمۇتا كونسۇلى جاۋ گولياڭلار مۇھاجىرلارنىڭ مەن-پەئەتىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، باش ئەلچىخانىنىڭ بىزگە ئى-گە بولۇشىنى ئۆتۈنىمىز» دەپ ئەرز سۇنىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئەل-چىخانىنى زىيارەت قىلىۋاتقان جۇڭگو «ئادالەت گېزىتى» («داگۇڭباۋ»)نىڭ مۇخبىرى ئەھۋالنى ئىگىلەپ گېزىتتە ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ. جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئەھۋالنى

ئۇقلاندىن كېيىن دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كونسۇلخانىنىڭ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرۇپ شەمەيگە تېلېگراممى ئە- ۋەتتى. باش كونسۇل قانات ئاستىغا ئېلىش مۇمكىنچىلىكى قال- مىغانلىقىنى سېزىپ، ئىشنىڭ ئەينىنى مەلۇم قىلدى. نەتىجىدە چېن دېلى، جاۋ گولياڭلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. لې- كىن بۇ ئىككىيلەن ئاتاقلىق بۆكەن مۇڭگۇزى ئەتكەسچىسى بول- غاچقا، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىنمۇ بايۋەچچىلەردەك كىيدىپ يۈردى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىمىت مۇھەممەت**

# بەدەخشانلىق غالچىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇغدۇرغان پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى

ئابدۇرېھىم سابىت

بەدەخشانلىق غالچىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇغدۇرغان پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى مەسىلىسى 19 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چوڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما، شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ھېچبىرىدە بۇ مەسىلە زادىلا تىلغا ئېلىنمىغان. بىز بۇ مەسىلىنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن شائىرلىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇزئاخۇن زىيائى، تۇردۇشئاخۇن غېرىبىلەر بىرلىشىپ يازغان «غېرىبلار ھېكاياتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانلار توپلىمىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن بىلىمىز.

مۇقەددىمىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

كوھىستان ئېلى[1] بەلكى قىرغىز، قازاق،
يەبا[2] خەلقلەر ئەيلەدى ئىتتىپاق.

يەنە غالچە سەيرەت[3] بەدەخشان ئېلى[4]،
كى سەھرادا يۈرگەن بايابان ئېلى.

① كوھىستان ئېلى ـــ تاغلىقلار يۇرتى.
② يەبا ـــ ياۋايى.
③ سەيرەت ـــ خىسلەتلىك، خۇلق ـ ئەتىۋارلىق.
④ بەدەخشان ئېلى — بەدەخشان ھازىر ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئۆلكىسى.

يامان ئادەملەر چۇ غەۋغا قىلىپ،
جاھان ئىچرە تۇرفە ئەلالا[1] قىلىپ.

كى ئەل جانىغە ئانچە قاتىل بولۇپ،
چۇ تاراج قىلماققە مايىل بولۇپ.

بۇلار ئىلكىدىن بىز بولۇپ خەستەجان،
فەلەك بىزنى ئەيلەپ ئەجەب ناتەۋان.

شاھادەت مەيىنى بىگىم نۇش ئېتىپ،
ئۆزىن شاد ئېتىپ، بىزنى خامۇش ئېتىپ.

بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان «غالچە سەيرەت بەدەخشان» ۋەقەسى ھىجرىيە 1249 ـ يىلى (1833 ـ، 1834 ـ يىللىرى) يۈز بەرگەن.

شۇ يىلى ھەمەلدە (4 ـ ئايدا) ئافغانىستان ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بەدەخشانلىق قازاق، قىرغىز، تاجىكلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇھ «سەبدەرشاھ ئەزەم» دېگەن غالچىنىڭ باشچىلىقىدا، يۈزلىرىگە نىقاب تارتىپ، كانجۇت[2] تىن ئۆتۈپ، تاشقورغان يولى ئارقىلىق يەكەنگە كېلىدۇ ھەمدە يەكەننىڭ تاشقورغانغا يېقىن يېزىسى قوشراپنى ئىگىلەيدۇ. دەل بۇ چاغ داستانلار توپلىمىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك، ئالۋان ـ ياساق كۆپىيىپ، زولۇم ئېغىرلاشقان، يامان ئادەملەر باش كۆتۈرۈپ، ياخشى ئادەملەر ئۈۋالىقتا ئۆچرىغان، جەمئىيەت ئامانلىقى بۇزۇلۇپ، ھەممە يەرنى دىشۋارلىق قاپلىغان بولغاچقا قوشراپنىڭ ساددا، گول دېھقانلىرى ئىسيانچىلار باشلىقى غالچا سەبدەرشاھنىڭ: «مەن ئىمام مەھدىنىڭ نائىبى بولىمەن، مېنى ھەزرىتى سەيدىل ئاپاق غوجامنىڭ مەرھۇم ئوغلى خوجا ھەسەن ساھىب-

① تۇرفە ئەلالا — ئاجايىپ قىيا ـ چىيا، شاۋقۇن ـ سۈرەن.
② كانجۇت — ئافغانىستاندىكى بىر داڭلىق جاي.

قىران غازى پادىشاھىمىنىڭ روھى چىللاپ كەلدى. مەن خوجا ھەسەن ساھىبقىران غازى پادىشاھىم كانجۇتتىكى ۋاقتىدا قول بېرىپ، مۇرىت بولغان، ھەتتا ۋاپات بولغاندا مۇبارەك جەسىتىنى كانجۇتقا دەپنە قىلىپ مازىرىنىمۇ تىكلىگەنىدىم. ئەمما، كاشغەر-لىك ئوغرى سوپىلار پىر ئۇستازىمنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى ئوغ-رىلاپ كەتتى، پىر ئۇستازىمنىڭ ماڭا بەرگەن بېشارىتىگە ئاسا-سەن، مۇبارەك جەسىتىنى كانجۇتقا يۆتكەپ قايتا دەپنە قىلىمەن. پىر ئۇستازىمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تىكلەپ، ئىناۋەت - ئابرۇيىنى ئۆستۈرىمەن. كىمكى ماڭا ئىتائەت بىلدۈرسە، ئەۋلادى رەسۇ-لىللانى ھۆرمەتلىگەن بولۇپ، داخىلى جەننەت بولىدۇ. مەگەر كىمكى مەندىن يۈز ئۆرۈسە، پىر ئۇستازىمنىڭ روھى ئۇرۇپ، دوزاخ ئازابىغا گىرىپتار قىلىدۇ، بېھىشت يۈزى كۆرمەيدۇ» دې-گەنگە ئوخشاش خۇراپىي، يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئىمام مەھدىنىڭ ئەۋلادى ئورنىدا كۆرۈپ، ساۋابلىق ئىش-دەپ، نۇرغۇن نەرسە - كېرەكلىرىنى ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتكەن-دىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قوللىرىغا كالتەك - چوماق، پىچاق - قىڭراق، پالتا - كەكە، ئارا - گۈرجەكلەرنى ئېلىپ قوراللىنىدۇ. دېھقانلارنى ئالداپ ھەم ماددىي ياردەمگە، ھەم قوراللىق قوشۇنغا ئىگە بولغان سەبدەرشاھ بىرنەچچە كۈنگە قال-ماي يەكەننى ئېلىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ يەرلىكتىن يەكەنگە قويغان ئەمەلدارى تۆرپانلىق مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ («ئەفرىدۇن ۋاڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى ئۆلتۈرىدۇ. يەكەننى بىرنەچچە كۈن قات-تىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىچىدىن بىرنى بۇ جايغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، يېڭىسارنى ئېلىشقا ئاتلى-نىدۇ. بىرنەچچە سائەت ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپ يېڭىسارنى ئال-غاندىن كېيىن، ئاقتۇنىڭ فاراچ بىلەن قىرغىز يۇرتىنى ئارىلاپ، قىرغىز، قىپچاقلارنى گوللاپ، ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ، شۇ يۇرگىنىچە توققۇزاقنىڭ بۇلاقسۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ توختاي-دۇ. بۇ يەردە ئۇلار قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرغاچ تەرتىپكە سېلىپ،

قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ تەييارلىقىنى كۆرىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، سايباغ، توققۇزاق، زەمىن، ئوغۇساق قاتارلىق يېزا - قىشلاقلارنى بۇلاپ، چۇ[1] دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىدۇ. بۇ چاغ سەرەتان[2] پەسلى بولۇپ، چۇ دەرياسىغا سەل كەلگەنىدى. دەريادىن ئادەم تۇگۇل ئۇچار قۇشنىڭمۇ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تەبىئىي توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، غالچا سەبدەرشاھنىڭ ئادەملىرى چۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ھىلاكۇ كەنتى[3]نى ئىستىھكام قىلىپ، توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

غالچا سەبدەرشاھنىڭ ھىلاكۇ كەنتىگە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى چىڭ خانىدانلىقىنىڭ مەركەزدىن قويغان ئەمەلدارى زالۇڭئا بىلەن يەرلىكتىن قويغان ئەمەلدارى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگكە ئاڭلىنىدۇ. زالۇڭئا ۋە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ پانساد مۇھەممەت ئىمىننى بىر قىسىم لەشكەر بىلەن غالچا سەبدەرشاھنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ھىلاكۇغا چىقىرىدۇ. بىرنەچچە سائەتكە قالماي ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ھىلاكۇغا يېتىپ بارغان پانساد مۇھەممەت ئىمىن شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ئالدىدا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ، چۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى پاختەكلە يېزىسىدا ئىستىھكام قۇرۇپ، مۇداپىئەدە تۇرماقتىن باشقا ئامال قىلالمايدۇ. چۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان ھەر ئىككى

---

① قىزىل دەرياسىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى لەنگەر، زەمىندىن باشلىنىپ، ئوغۇساق، پاختەكلە، قاقۇللا، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قويخانا، پارچە يەر، قىچىچى قاتارلىق يېزا - قىشلاقلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تارماق ئېقىنى «چۇ» دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەريادا غالچا سەبدەرشاھ لەشكەرلىرىنىڭ سەلەپ سۇغا تەلۋىلەرچە چۆكۈپ ئۆتكەنلىكىگە نىسبەت قىلىپ، كېيىنكى مەزگىللەردە كىشىلەر ئۇنى «تەلۋىچۆك» دەپ ئاتىغان.

② سەرەتان ـــ ئەرەبچە 6 - ئاينى بىلدۈرىدۇ.

③ ھىلاكۇ كەنتى ـــ (خەلق ئاغزىدا «ئاللاكۇ» دېيىلىدۇ) ئوغۇساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا جەنۇبتىن 500 مېتىر يىراق بولغان بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، ئىلگىرى «ئۆستەڭبويى» دەپ ئاتالغان، ئەمما خەلق ئارىسىدا غالچا سەبدەرشاھ تۇرغان مەزگىلدە قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ ۋەيران بولغانلىقتىن «ھالاك بولۇش» مەنىسىدە «ھىلاكۇ» دەپ ئاتىغان دېگەن رىۋايەت بار.

تەرەپ بىر ـ بىرىگە سالغا تېشى، ئوقيا ئېتىشىپ، ئانچە ـ مۇن- چە تالاپەتلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما، قاتتىق ھۇجۇمدىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە دەريا سۈيىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتىدۇ. بىراق، دەريا سۈيى خېلى ئۇزاق- قىچە پەسلىمىگەنلىكتىن غالچا سەبدەرشاھىنىڭ يېڭىسار، ئاقتۇ، بۇلاقسۇ، سايباغ، توققۇزاق، زەمىن، ئوغۇساقلارنى بۇلاپ ـ تالاپ يىغقان ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ، تەمىنات مەنبەسى ئۈزۈلۈشكە باشلايدۇ. تەمىنات مەسىلىسىدىن ئالدىراپ قالغان غالچا سەبدەر- شاھ توسالغۇغا قارىماي، دەريادىن ئۇزۇپ ئۆتۈپ، تۇيۇقسىز كې- چىلىك شەبخۇن ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىخە- ۋەر پانساد مۇھەممەت ئىمىن: «دەريا سۈيى پەسەيمىگىچە غالچا سەبدەرشاھ بۇيانغا ئۆتەلمەيدۇ» دەپ، سۇنىڭ ئۇلۇغ، شىددەتلى- كىگە ئىشىنىپ، بىخۇد ھالەتتە بەخىرامان يېتىۋېرىدۇ. قارارغا بىنائەن 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىسى غالچا سەبدەرشاھنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە دوغاپتەك قويۇق سىغىز ئارىلاش ئېقىۋاتقان دەرياغا سەكرەپ، تەلۋىلەرچە شەرقىي قىرغاق- قا قاراپ ئۈزۈشكە باشلايدۇ. شىددەتلىك دولقۇن بىرقانچە يۈز غالچىنى چۆكتۈرۈپ، ئېقىتىپ كەتكەن بولسىمۇ، سالامەت چىقـ- قان بىرقانچە يۈزى پانساد مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىستىھكامىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ چىقىپ، پانساد مۇھەممەت ئىمىننى ۋە ئۇ- نىڭ نۇرغۇن لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. بىر قىسىم لەشكەرلەر جېنىنى ئېلىپ شەھەرگە قاچىدۇ. غالچا سەب- دەرشاھنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مەسلىھەتچى ئامبال زالۇڭئا، ھاكىمبەگ زوھۇرىدىنلار بىر قىـ- سىم ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە ئاقسۇغا چېكىنىدۇ. شەھەرگە كىرگەن غالچا سەبدەرشاھنىڭ ئەسكەرلىرى بىرنەچچە ئايغىچە قەشقەر شەھىرىنى قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، خەلقتىن خو- جىلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ. غالچا سەبدەرشاھنىڭ قەشقەر، يەكەن، يېڭىسارنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرى زالۇڭئا ۋە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگلەر ئارقىلىق ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئاڭلانغان-

دىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى 3000 كىشىلىك قو -
شۇننى ئاقسۇغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئىلىدىن كەلگەن قوشۇنغا
ئاقسۇدىن بىرقانچە يۈز قوشۇن قوشۇلۇپ، زالۇڭئا، زوھۇرىدىن -
نىڭ يول باشلىشى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، پەيزاۋاتنىڭ
ئۆردەكلىك دېگەن يېرىگە يېتىپ كېلىدۇ. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ
پەيزاۋاتقا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى غالچا سەبدەرشاھقا ئاڭلان -
غاندىن كېيىن، غالچا سەبدەرشاھ ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، يې -
ڭىئاۋاتقا بارىدۇ. ئىككى تەرەپ بىرنەچچە كۈن خېلى قاتتىق ئۇ -
رۇشقان بولسىمۇ، ئەمما ئادەتتىكى قورال بىلەن قوراللانغان
غالچا سەبدەرشاھنىڭ لەشكەرلىرى زامانىۋى قورال بىلەن
قوراللانغان چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەل -
مەي، يېڭىلىپ، پامىر ئارقىلىق كانجۇت تەرەپكە قېچىپ يوقىلى -
دۇ. بۇ دەل ھىجرىيە 1250 - يىلى (1834 -، 1835 - يىللىرى)
ئىدى. زالۇڭئا ۋە زوھۇرىدىن ھاكىمبەگلەر قەشقەر، يېڭىسار،
يەكەن، ئاقتۇ، توققۇزاقلارنى غالچا سەبدەرشاھنىڭ تەسىرىدىن
تازىلاپ، ئۇ جايلاردىكى ھاكىمىيەتنى تەرتىپكە سالغاندىن كې -
يىن، ئەھۋالنى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە ۋە چىڭ خانىدانلى -
قىنىڭ خانى داۋگۇاڭخانغا مەلۇم قىلىدۇ. داۋگۇاڭخان ئەھۋالدىن
ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، مۇنداق بىرنەچچە تۆرلۈك يولىيورۇق بې -
رىدۇ:

بىرىنچى، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، مۇھىم
ئۆتكەللەرگە چازا (قورۇل)لارنى قۇرۇپ، قاراۋۇللۇقنى كۈچەي -
تىپ، چەتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىچكى ئىسيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئىككىنچى، تېرىشقا بولىدىغانلىكى بوز يەرلەرنى خەلققە
ئاچتۇرۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، خەلقنى يەر -
سۇغا ئىگە قىلىپ، كىرىمنى كۆپەيتىش.

ئۈچىنچى، قەشقەر، يەكەن شەھەرلىرىنىڭ شەھەر سېپىلىنى
چىن قائىدىسى بويىچە يېڭىلاپ، كېڭەيتىپ سېلىش.

تۆتىنچى، چەت ئەللىكلەرنىڭ، بولۇپمۇ قوقانلىقلارنىڭ
شىنجاڭغا كېلىپ، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەن -

ئى قىلىش. ئەگەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا يەر بېجى، سۇ بېجى تاپشۇرۇش. ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇش.

زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ بۇ يولىورۇقلارنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەركەشتام، سۇغۇن، بەيساق، يۇدۇغباش، ئوپال، تاشمىلىق، تاغارما، ئېگىز يەر قاتارلىق 18 ئورۇنغا قاراۋۇلخانا سالدۇرىدۇ، ھەرقايسى قاراۋۇلخانىلاردا قوراللىق ئەسكەر توختىتىدۇ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ھەرەمباغ، ئاققاش، ئوغۇساق يېزىلىرىدا يەرگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى تەشكىللەپ بىنەم ئاچقۇزىدۇ، قوقان ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن چەت ئەللىكلەرنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلىچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بىرقەدەر مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ شەھەر سېپىلىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① «ئىزارى داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.

② «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ ئىمىر ھۇسەيىن قازىھاجىم: «تارىخى ئەسەر ۋاقىئاتى كاشغەر»، قول يازما.

⑤ «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، ۋىلايەتلىك يەر ـ جاي ناملىرى كومىتېتى نەشر قىلغان، 1986 ـ يىل 10 ـ ئاي.

# شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولۇشى

## لى جياگۇ

شېڭ شىسەي 1894 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسى سەنخېباۋنىڭ شىڭجياتۈن دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، 1970 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تەيبېي شەھىرىدە ھاۋا ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىدا ئۆلگەن. شېڭ شىسەي بىرقانچە قېتىم ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ 1927 - يىلى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملاپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدىكى باش ئىشتابىدا خىزمەت قىلغان. 1930 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىدە جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. 1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا شېڭ شىسەينىڭ قولىدا ھەربىي ھوقۇق بولغاچقا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە سايلانغان. كېيىن يەنە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ئۇ بۇ ۋەزىپىدە تاكى 1944 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ چۇڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولغانغا قەدەر ئولتۇرغان بولۇپ، شىنجاڭغا جەمئىي 11 يىل بەش ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەيۋەن «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى»نىڭ شاڭجياڭ دەرىجىلىك كېڭەش ئەزاسى، «چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلاش كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى بولغان. جياڭ جيېشى، يەن جيافۇلار ئۇنى تەقدىرلىگەن.

قارىماققا شېڭ شىسەينىڭ پۈتكۈل ئۆمرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىلەن ئۆتكەندەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلىدە كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان. ئەھۋال مۇرەككەپ بولغاچقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلمىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇ 1938 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەخپىي زىيارەت قىلغاندا ستالىنغا بىۋاسىتە كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ شۇ قېتىم سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مەخپىي كىرگەن ھەمدە پارتىيە ئەزاسىلىق كىنىشكىسىنى ئالغانىكەن.

بۇ بىر مەزگىللىك تارىخ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان قاراڭغۇ تارىختۇر.

### سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەينى قوللىشى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە جىن شۇرېن ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن. بىراق ئۇ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ جىن شۇرېننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان. 1933 ـ يىلى شىنجاڭدا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىش ھارپىسىدا شېڭ شىسەي دۈشمەنگە قارشى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى مەنسىپىگە ئولتۇرغان بولۇپ، قولىدا نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي قىسىملىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تاغدا تۇرۇۋاتاتتى. «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭغا كىرگەن شەرقىي شىماللىقلار ياپونغا قارشى ئاۋاز قوشقانلىقتىن، جىن شۇرېن ئۈرۈمچى شەھىرىدە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، شېڭ شىسەينى قىسىملىرىنى باشلاپ كېلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان قىسىملارنى يوقىتىشقا بۇيرۇغان. ئەمما بۇ چاغدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان قىسىملارنىڭ رەھبەرلىرى شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ

بولغاچقا، شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلـ-
مىغانلىقى ئۈستىگە جىن شۇرېننىڭ مەھكىمىسىنى توپقا تۇتقان.
نەتىجىدە جىن شۇرېن قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ غەربكە قېـ-
چىشقا مەجبۇر بولغان. شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشكە
ئاۋاز قوشۇشى بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇۋەپپەقىـ-
يەت قازىنىشىدىكى ئاچقۇچ ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن
شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىـ-
گە سايلانغان. بىراق نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنـ-
جاڭدا سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەتـ-
نىڭ ئەزالىرىنى ئۇزاققىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىمىگەن. ئەينى چاغدا
شىنجاڭدا ئىككى ئاساسلىق ھەربىي كۈچ بار ئىدى، ئۇنىڭ بىـ-
رى، مىللىي بۆلگۈنچى ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى، يەنە بىرى، جىن
شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى جاڭ پېييۈەننىڭ قوـ-
شۇنى ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ شېڭ شىسەيگە بىرلىكتە تاقابىل
تۇرۇش پىلانى بار بولۇپ، كەلگۈسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن
شىمالىي شىنجاڭنى ئايرىپ ئىدارە قىلىشقا، جاڭ پېيىۈەن شىـ-
مالىي شىنجاڭنى، ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى باشقۇرۇشقا
تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا شېڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتـ-
تىپاقىدىن ھەربىي ياردەم سوراشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىـ-
غانىدى.

1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مەھـ-
كىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى موسكۋاغا ھەربىي ياردەم
توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۆزى شۇ يىلى 11 ـ ئايـ-
نىڭ 2 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش
كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ئەـ-
ۋەتىپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى.
شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپرېسىيېڭ شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم
ھاسىل قىلىپ، ئوق ـ دورا ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە
قوشۇلدى ھەمدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ
توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرـ-

دى. شۇڭا شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىـ
نىڭ بىۋاستە ھەربىي ياردىمى بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەينىڭ
دۇبەنلىك تەختىدە ئولتۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**شېڭ شىسەي سوۋېتپەرەس، كوممۇنىستپەرەس ئىدى**

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوـ
ۋېتپەرەس، كوممۇنىستپەرەس سىياسەتنى يولغا قويدى. شېڭ
شىسەيگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچى
ۋە تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتىپلا قالماي، يەنە 1935 ـ
يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ئوـ
قۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم سوۋېت كومپارتىيىسى
ئەزالىرىنى شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يۇ
شيۇسۇڭ (يالغان ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ)، جاڭ يىخەن (يالغان
ئىسمى ۋەن شيەنتىڭ) قاتارلىق 25 كىشى ئىدى. شېڭ شىسەي
بۇ كىشىلەرگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇـ
نىستىك پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە
ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاـ
لىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىشىغا، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەـ
رەققىي قىلدۇرۇشىغا، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىشىغا يول قوـ
يۇلمىغان (بۇ قىسقارتىلىپ «ئۈچنى قىلماسلىق» دېيىلىدۇ)،
ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونـ
سۇلخانىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بىراق شېڭ شىسەي ئۇلارـ
غا ھېچقانداق چەكلىمە قويمىغاچقا، بۇ كىشىلەر شىنجاڭ شۆيۈەـ
نىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىدىن
دەرس ئۆتكەن. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتپەرەس، كوممۇنىستپەرەس
بولۇپ قېلىشىنىڭ مەلۇم ئىدىيىۋى ئاساسى بار ئىدى. ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى شاڭخەي ۋۇسۇڭ جۇڭگو مەكـ
تىپىگە ئوقۇشقا كېتىۋېتىپ پاراخوتتا بۇجارىن باشقىلار بىلەن
بىرلىشىپ يازغان «كوممۇنىزم CBA» دېگەن كىتابنى سېتىۋېـ
لىپ ئوقۇغىنىدا كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلغاـ

نكەن. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان-لىقتىن، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان لياۋنىڭلىق ئوقۇغۇچىلار تەرىپى-دىن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان، شاڭ-خەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك باش ئوقۇغۇ-چىلار ئۇيۇشمىسى قوزغىغان دۆلەت زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. شېڭ شىسەي يەنە گوسۇڭلىنىڭ جاڭ زو-لىننىڭ ياپونىيىگە تەسلىم بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسى-دىن قوزغىغان لۇەنجۇ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشقان. ئۇ ياپو-نىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش ئىش-تابىدا شاڭشياۋ دەرىجىلىك ئىشتاب ئوفىتسېرى بولغان. بىراق گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىرمىگەن. ئۇ شەرقىي شىماللىق بول-غاچقا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارىتا بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولۇشى تە-بىئىي ئىدى. شۇڭا ئۇ ماقالە يېزىپ جياڭ جيېشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى ۋە چەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىچكى قىسمىنى جىمىقتۇرۇش كېرەك دېگەن سەپسەتىسىگە رەد-دىيە بەرگەن. ئۇ ئەمەلىيەتتە جاڭ شۆلياڭ جياڭ جيېشىنى نە-زەربەند قىلغان «شىئەن ۋەقەسى»نى قوللىغان بولسىمۇ، كېيىن سوۋېت تەرەپنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن پوزىتسىيىسىنى ئۆز-گەرتىشكە مەجبۇر بولغان.

**شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىشى**

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سوۋېت تەرەپنىڭ ئالاقىلىشىشى ئارقىلىق ئوتتۇرا ھالدا جۇڭگوغا كىرگەن جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ 400 نەچ-چە قالدۇق ئەسكىرى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان.

شېڭ شىسەي 1936 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋاڭ

مىڭغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بېرىشتىن، شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولۇشتىن ئىلگىرىلا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىشنى ئويلىغانلىقى، هازىر بۇ ئويىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكى، ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى ياپونغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە كۈرەش قىلىشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەيلى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، بەزىبىر پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن قورقماسلىق توغرىسىدا قارار چىقارغانىدى. مۇشۇ روھ بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جاڭ شۆلياڭنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، كومىنتېرن (3 ـ ئىنتېرناتسىيونال)نىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشى بىلەن ئىشقا ئاشمىغان. شۇنداقلا يەنە شېڭ شىسەينى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ئىشىمۇ كومىنتېرنىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغان. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئامالسىز رېن بىشىنى ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلغان.

**شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى)گە مەخپىي ئەزا بولۇشى**

50 ـ يىللاردا شېڭ شىسەي ئۆز ئەسلىمىسىدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مېنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماسلىقى مېنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشتىكى ئىرادەمدىن گۇمانلانغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ يولى پەقەت بىرلا، يەنى ئۆزۈم موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت ئىدى»، 1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىللە مۇهىم بىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىپ، موسكۋاغا قاراپ يولغا چىقتىم...»

«موسكۋاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى 24 سائەت ئىچىدە مەن سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئە-

مەلدارلىرىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئاڭلىشىمچە مو-لوتوف بىلەن ۋوروشىلوف مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلى-قىنى ئېيتىپتۇ. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، سىد-تالىنىمۇ شۇ يەردە ئىكەن...» دەپ يازغان.

شېڭ شىسەي يەنە «ستالىنىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى-دەك كۆرۈنەتتى، شۇڭا مەن بۇندىن كېيىن يەنئەن بىلەن بولغان نازۇك مۇناسىۋىتىمگە دائىر شەخسىي مەسىلەمنى دەپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. مەن ستالىنغا (مەن ماركسىزم - لېنىنىزم ئىشلىرىنىڭ سادىق مۇرىتى. 1937 - يىلى مەن چېن شياۋيۇ، كاڭ شېڭ ۋە دېڭ فالار ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-يىسىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسىمنى سۇنغانىدىم. ج ك پ سىيا-سىي بىيۇروسىدىكى ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې، جۇ ئېنلەي، چېن شياۋيۇ، كاڭ شېڭ، دېڭ فا، چېن يۈەن ۋە رېن بىشى قاتارلىق كىشىلەر بۇنىڭغا بىردەك قوشۇلغان، بىراق كومىنتېرن بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاخىرى قارارنى چىقىرىمىز دېگەنى-دى) دېدىم ۋە يەنە (مەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە پارتىيىنىڭ سىنىقى ۋە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن ۋە ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭا مەن سىلەرنىڭ مېنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىم ھەققىدىكى قارارىڭلارنى بىلىپ بې-قىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن) دېدىم. ستالىن (سىز ھازىرلا پارتىيىگە كىرەلەيسىز، سىز شىنجاڭغا قايتىشتىن ئىلگىرى مەن يەنە بىر قېتىم مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە سىز بىلەن سۆزلىشىمەن) دەپ ئېنىق جاۋاب بەردى. بىز شىنجاڭغا قايتىشقا تەييارلىنىۋات-قىنىمىزدا سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى ستالى-نىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ مېھمانخانىغا مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. بۇ يوليورۇققا ئاساسەن مەن دەرھال سوۋېت كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندىم. بۇ پەۋقۇلئاددە ئەلچى يەنە مېنى موسكۋادىكى سىيا-سىي بىيۇروغا بويسۇنۇش توغرىسىدىكى قەسەمنامىگە قول قوي-غۇزدى ھەمدە ئۇزۇنغا قالماي جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرىش

ئىشىمىنىڭ تەستىقلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بىر ئەمەلدار ماڭا 1859118 ـ نومۇرلۇق پارتىيە كىنىشكىسى ۋە بىر نۇسخا پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەكېلىپ بەردى» دېگەن.

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولغانلىقىغا دائىر پاكىتلارنى ئۇنىڭ باشقىلارغا يازغان خەت ـ چەكلىرى، ئەسلىمىسىدىن باشقا روسىيەنىڭ ئارخىپلىرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ ستالىن، مولوتوف، ۋوروشىلوفلار بىلەن 1938 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كۆرۈشكەن چاغدىكى سۆھبەت خاتىرىسىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «يولداش مولوتوف ‹دۇبەننىڭ يەنە قانداق ئىشلىرى باركىن› دەپ سورىدى، دۇبەن ‹ھەرقايسىلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى بولسا مېنىڭ يولداش ستالىنغا دەيدىغان شەخسىي ئىشىم بار ئىدى› دېۋىدى، مولوتوف دەرھاللا ئىنقىلابىي ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا دۇبەن ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى...»

«يولداش ستالىن ئەگەر دۇبەن چىڭ تۇرۇۋالسا ئۆزىنىڭ قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ۋوروشىلوف قارشى چىقىپ بۇ ئىشنىڭ دۇبەننىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى، چۈنكى جياڭ جيېشى ياكى ياڭ جيې (جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى) بىلىپ قالسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۇبەن مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغانلىقى، مەيلى جياڭ جيېشى ياكى ياڭ جيې بولسۇن ھېچقايسىسىغا تۇيدۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ستالىن يولداش مولوتوف ۋە يولداش ۋوروشىلوف بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى تۇرمايدىغانلىقى، ئەگەر دۇبەن چىڭ تۇرۇۋالسا ئۆزلىرىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى...».

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى يىغىنچاقلىغاندا،

شىڭ شىسەينىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولغان-
لىقىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولى-
دۇ. كېيىن گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى
قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، شىڭ شى-
سەي جياڭ جيېشىنىڭ ھەدەپ ئۈزىگە تارتىشى بىلەن سوۋېت
ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەن.

خەنزۇچە «يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدىن تەرمىلەر»دىن تەرجىمە قىلىندى.
تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېھىم ياقۇپ**

# شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قۇيمىچىلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان

لى يىنپىڭ

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلـ-
گىرى، شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىقى جۇڭغار ھاكىمىيىتى يەكەن-
دە قۇيغان بىر خىل مىس پۇل (يارماق) خەجلىنەتتى. بۇ پۇل
قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال كې-
لەتتى، پۇلنىڭ يۈزىگە تود موڭغۇل يېزىقىدا جۇڭغار تەيجىسىنىڭ
ئىسمى بېسىلغان، كەينىگە پارس يېزىقىدا يەكەننىڭ نامى ۋە
ھىجرىيە يىلنامىسى بېسىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن
چۈەن يۈەن بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك خاتىرە قالدۇرغان: بۇ مىس
پۇلنىڭ «دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.0 سانتى-
مېتىر بولۇپ، تۆشۈكىمۇ، خېتىمۇ يوق. شەكلى شاپتۇلغا ئوخ-
شايدۇ». مانا بۇ ھازىر كىشىلەر دەپ كېلىۋاتقان «شاپتۇل مېغىزى
پۇلى»دىن ئىبارەت. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە
مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا
بولغاندا، بۇ يەردە قىزىل مىستىن ياسالغان پۇل ئىشلىتىلگەن.
بۇ پۇل كىچىك، ئەمما قېلىن، شەكلى سوزۇنچاق بولۇپ، باش
تەرىپى ئۇچلۇقراق كەلگەن، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى يوق
ئىدى. ئاراپتان شاھنىڭ زامانىسىدا، بۇ پۇلنىڭ يۈزى تەرىپىگە
ئۇنىڭ ئىسمى بېسىلغان، كەينى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەتلەر بې-
سىلغان. غالدان سېرىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، پۇلغا ئۆز
ئىسمىنى يېزىپ قۇيدۇرغان. بۇنداق پۇلنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى
بولىدۇ، كەينى تەرىپىگە بېسىلغان پارسچە يەر نامىنى ئاپتورمۇ
تونۇيالمىغان، يۈزى تەرىپىگە بېسىلغان تود موڭغۇل يېزىقىنى

موڭغۇل ئالىملىرى، ئاقساقاللىرىمۇ تونۇيالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنى «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللار تەزكىرىسى»نىڭ 7 ـ جىلد، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارلارنىڭ ئىسمىلىكى (تود موڭغۇل يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى قىسمى) بىلەن سېلىشتۇ- رۇپ كۆرگەندە ئوخشاش چىقمىغان، يېزىقنى پۇلغا باسقان چاغدا شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈەن يۈەن مىل- لىيچە يېزىقنى تونۇمىغاچقا، ئۇ «پۇلغا خەت بېسىلمىغان» دې- گەن، ئەمەلىيەتتە بۇنداق دېيىش خاتا.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈر- گەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە سو- دىدىن باج ئېلىش، تەمىنات تارقىتىش، شۇنىڭدەك مالىيە قاتار- لىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) دىن باشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىكى يەكەن، ئاقسۇ، ئىلى، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەر ـ بازارلاردا پۇل ئىدارىسى قۇرۇپ، قۇيغان پۇللارغا «بۇيۇك سۇلالە»نىڭ يىلنامىسىنى باسقان، كەينىگە پۇل قۇيۇلغان شەھەر- نىڭ نامىنى باسقان. بۇنداق قىلىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ياقۇپبەگ قۇرغان يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى ۋە بەزى يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەت- لەرمۇ ئاز مىقداردا تەڭگە قۇيغان. تۆۋەندە پۇلنىڭ تۈرلىرى ۋە پۇل ئىدارىسى ئاساسىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇل قۇيۇشقا ئائىت تارىخىي پاكىتلارنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىمەن.

1. مىس پۇل قۇيۇش

1) يەكەن پۇل ئىدارىسى

چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى)، چېگرانى تىنچلاندۇرۇش بېگى جاۋ خۈي پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۇ- تۇش قىلىپ، بىر تەرىپىگە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» (乾隆通宝) دې-

گەن خەنزۇچە خەت بېسىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە «ياركەند» دېگەن يەر نامى بېسىلغان (سول تەرىپىدە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىدە ئۇيغۇرچە) داچەن پۇلنىڭ ئەۋرىشكىسىنى چيەنلۇڭ خانغا سۇنغان، چيەنلۇڭ خان ئۇنى پۇل ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ، بۇنىڭدىن 200 نى قۇيغۇزۇش توغرىسىدا «مۇشۇ بويىچە قۇيۇشقا بولىدۇ، شۇ جايدىكى ئۇستىلار قۇيسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) يەكەندە پۇل ئىدارىسى رەسمىي تەسىس قىلىنغان. مانا بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇل ئىدارىسى قۇرۇپ پۇل قۇيۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاۋ خۇي ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن پۇل قۇيۇش ئۇستىلىرىغا ئىلگىرى قۇيۇشقا تەييارلاپ قويۇلغان 7000 جىڭدىن ئارتۇق مىستىن 5000 دىن ئارتۇق يېڭى مىس پۇل قۇيۇپ، يېڭى پۇلنى كونا مىس پۇلغا ئالماشتۇرۇپ، كونا پۇلنى قايتىدىن قۇيۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن. بىر يېڭى مىس پۇلغا ئىككى كونا مىس پۇل ئالماشتۇرۇلغان. دەسلەپتە 100 مىڭ يېڭى تەڭگە قۇيۇلغاندىن كېيىن توختىتىپ قويماقچى بولغان، بىراق ئىككىنچى يىلى كونا پۇل يىغىلىپ بولمىغاچقا، داۋاملىق قۇيۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 32 ـ يىلى (1767 ـ يىلى) خانغا پۇل قۇيۇشنى توختىتىش مەلۇم قىلىنغان، ئىككىنچى يىلى يەنە زور بىر تۈركۈم كونا پۇل يىغىۋېلىنىپ، يەنە بىر قېتىم پۇل قۇيۇلغان. يەكەن پۇل ئىدارىسى قۇيغان يېڭى پۇل ئاساسلىقى قەشقەر، يەكەن، خوتەن شەھەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن. يەكەندە قۇيۇلغان مىس پۇلنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيالى ئىچكى ئۆلكىلەردە قۇيۇلغان پۇللاردىن پەرقلىنەتتى.

2) ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان پۇل ئىدارىلىرى

چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خاۋدې يەكەن پۇل ئىدارىسى قۇيغان مىس پۇلنىڭ ئىشلىتىشكە يەتمەيدىغانلىقىنى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا قىزىل مىس چىقىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاقسۇدا پۇل ئىدارىسى قۇرۇش، پۇلنىڭ شەكلىنى يەكەندە قۇيۇلغان مىس پۇل بىلەن ئوخشاش

قىلىش، پەقەت كەينى تەرىپىگە مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتلەرنى بېسىش توغرىسىدا خاندىن يولىيورۇق سورىغان. ئىككىنچى يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئۇستىلار ئىشنى باشلىۋەتكەن.

چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766 ـ يىلى) دىن كېيىن، دۇۋانبېگى يۈڭ گۈينىڭ تەكلىپى بىلەن ئاقسۇ پۇل ئىدارىسى ئۇچتۇرپانغا يۆتكەلگەن، بىراق پۇل تۈزۈمى ئۆزگەرتىلمىگەن بولغاچقا، پۇلغا يەنىلا «ئاقسۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، چيەنلۇڭنىڭ 35 ـ يىلى (1770 ـ يىلى)غا كەلگەندە، مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خاۋدې ئىلگىرىكى ئىككى مىسقاللىق پۇلنى ئۆزگەرتىپ، بىر مىسقال بەش پۇڭ قىلىپ قۇيۇش ھەمدە «ئۇچتۇرپان» دېگەن خەتلەرنى بېسىش توغرىسىدا خاندىن يولىيورۇق سورىغان. چيەنلۇڭنىڭ 46 ـ يىلى (1781 ـ يىلى) ئۇچتۇرپاندا قۇيۇلغان پۇللار بەك كۆپ بېسىلىپ قالغان بولغاچقا، بۇ يەردە پۇل قۇيۇشنى توختىتىپ، ئېشىپ قالغان مىس ۋە قوغۇشۇنلارنى ئىلىغا يۆتكەپ كېلىپ پۇل قۇيۇش قارار قىلىنغان. جيا چىڭنىڭ 3 ـ يىلى (1789 ـ يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال جاڭ لىن ئۇچتۇرپان پۇل ئىدارىسىنى ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا يولىيورۇق سورىغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىككى ئۇلۇش «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن پۇل، سەككىز ئۇلۇش «جياچىڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن پۇلنى قۇيۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى قۇيۇلغان «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن پۇلدىن بىرنى ئەۋەتكەن، بۇ پۇلنىڭ كەينىگە مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقتا «ئاقسۇ» دېگەن خەت بېسىلغان. بۇ پۇل داۋگۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى (1838 ـ يىلى) يەنە «داڭشى» (当十) دېگەن خەت بېسىلغان پۇل قۇيۇشقا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ خىل پۇلنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال، بەزىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ كېلەتتى. كېيىن ئاقسۇ پۇل ئىدارىسىدە پۇل قۇيۇش يەنە توختىتىلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى (1865 ـــ 1877) دىن

قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گۇاڭشۈينىڭ 4 ـ يىلى (1878 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن گۇاڭدۇڭدىن كەلگەن تىدۇ جاڭ خۇي «گەرچە ئاقسۇدا كان ئېچىش ۋە پۇل قۇيۇش ئىشى ئۇزۇن يىللار توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زاۋۇت باشقۇرۇش ئاساسى بارلىقى، پۇل ئىدارىسىنىڭ ھۈنەرۋەنلىرىنى يىغىش ئاسانغا توختايدىغانلىقى»نى خانغا مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خادىملارنى يىغىپ، ھەيئەت تەيىنلەپ، كۆپ يىل ئىشتىن توختاپ قالغان ئاقسۇ پۇل ئىدارىسىنىڭ پۇل قۇيۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1878 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن پۇل قۇيۇش رەسمىي باشلانغان، بۇ چاغدا قۇيۇلغان ھەربىر قىزىل مىس پۇلنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن بىر مىسقال ئىككى پۇڭ بەش لى ئىدى، يۈزى تەرىپىگە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دەپ، كەينى تەرىپىگە مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قىلىپ «ئاقسۇ» دېگەن يەر نامى بېسىلغان. گۇاڭشۈينىڭ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) دوتەي يامۇل مەخسۇس باشقۇرىدىغان بولغان. بۇ پۇلنىڭ تۆت ئۇلۇشى «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن پۇل ئىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۇل قۇيۇش يەنە توختىتىلغان، گۇاڭشۈينىڭ 12 ـ يىلى (1886) 4 ـ ئايدا ئەمىر بەردار ۋېي گۇاڭتاۋ ئاقسۇ پۇل ئىدارىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى ۋە بايدىن چىقىدىغان مىسنى ماتېرىيال قىلماقچى ھەمدە كۇچادىكى پۇل ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەكچى بولغاندا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ۋالىيسى ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان مىس پۇل قۇيۇشقا يەتمەيدۇ، كونا تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىنچە تەسكە توختايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغان. بىراق كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندەك قىلىدۇ. چۈنكى «شىجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە گۇاڭشۈينىڭ 18 ـ يىلى (1892) «ئىشتىن توختىتىلغان پېچ كۇچا مەھكىمىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ پۇل قۇيۇلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئاقسۇ پۇل ئىدارىسى ئىشلىتىدىغان مىس ماتېرىيالى تۆۋەندىكى ئۈچ مەنبەدىن كەلگەن: (1) ئۇيغۇر ئاۋام خەلقى تاپشۇرد-

دىغان «نورمىلىق مىس»؛ (2) ئاقسۇ بەگلىرى تاپشۇرىدىغان «تۆھپە مىس»؛ (3) ھۆكۈمەت قازغان مىس. «غەربىي چېگرانى باشقۇرۇش مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»نىڭ 10 ـ جىلد «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ خاتىرىلىرى»دە: «ئاقسۇ پۇل ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى ئىككى ئادەم باشقۇرغان، ئاشلىق باشقۇرغۇچىنى نازارەت قىلىشقا ۋە مىس زاۋۇتىنى باشقۇرۇشقا بىر ئادەم تەيىنلەنگەن، ئومۇمىي ئىشلارنى بىر ئادەم تۇتقان، خەزىنىدارلىققا ۋە قوشۇمچە ئوفىتسېرلىققا ئىككى ئادەم قويۇلغان، مىس زاۋۇتىدا 298 ئەسكەر، پۇل ئىدارىسىدە 60 ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»دە يەنە ئاقسۇ پۇل ئىدارىسىدە ھەر يىلى نورما بويىچە 2600 تىزىقتىن ئارتۇق مىس پۇل قۇيۇلغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەرمۇ بار. يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن پۇل ئىدارىسىنىڭ ۋە مىس زاۋۇتىنىڭ كۆلىمىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھۆكۈمەتكە لازىملىق مىس ماتېرىيالى ئاقسۇ، سايرام، باي قاتارلىق جايلاردىن كېلەتتى. داۋگۇاڭنىڭ 9 ـ يىلى (1829 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇ مىس كانىدا رۇدا زاپىسىنىڭ ئازلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مىس قېزىشنى توختىتىۋەتكەن. يەنە سايرام ۋە بايدىكى ئاممىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، بۇ ئىككى جايدىكى ئاۋام خەلق داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى (1830 ـ يىلى) دىن باشلاپ مەخسۇس مىس قېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان، غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر يىلى 16 مىڭ 200 جىڭ مىس تاپشۇرىدىغان بولغان ھەمدە 5 ـ، 6 ـ جەركىلىك ئىككى بەگ مىس زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن.

3) كۇچا پۇل ئىدارىسى

شيەنفېڭنىڭ 2 ـ يىلى (1852 ـ يىلى)، كۇچادا پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ ئۆز ئالدىغا پۇل قۇيغان، تىجارەت ئەھۋالى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىراق پۇل قۇيۇش ئۇزۇن داۋام قىلمىغان. تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) كۇچادا دېھقانلار

قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، خان خوجا راشىدىن خان قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ دەرھال تەپرىقچىلەر ھاكىمىيىتى قۇرغان. راشىدىن خان 1864 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1867 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۇچا ـ دىكى پۇل قۇيۇش ئۇسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەكلى چىڭ سۇلالىسى قۇيدۇرغان مىس پۇلغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىس پۇل قۇيغان. بۇ پۇل راشىدىن خان مىس پۇلى دەپ ئاتالغان، پۇل ـ نىڭ يۈزى تەرىپىگە «سەييىد غازى راشىدىن خان» دېگەن خەتلەر بېسىلغان. سەييىد دېگەن پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن مەنىنى، غازى دېگەن باتۇر ياكى غازاتچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كەينى تەرد ـ پىگە «كۇچادا قۇيۇلدى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان. 1877 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ شىنـ ـ جاڭنى قايتا ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، كۇچا قاتارلىق جايلارغا كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا لۈك كۈي ۋە پەن شىد ـ سىلارنى ئەۋەتىپ، گۇاڭشۈينىڭ 4 ـ يىلى (1878 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كۇچادا باۋ شىنجۈ (宝新局) پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» قېلىپى بىلەن مىس پۇل قۇيغان، گۇاڭشۈينىڭ 18 ـ يىلى (1882) ئاقسۇ پۇل ئىدارىسىمۇ كۇچاغا يۆتكىلىپ، باۋشىنجۈ پۇل ئىدارىسىگە قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

4) قەشقەر پۇل ئىدارىسى

«خان سارىيى. چىڭ سۇلالىسى پۇل شەجەرىسى» ۋە «قەدىمكى ۋە ھازىرقى پۇللار ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ئىككى كىتاب ـ تا خوتەن ۋە قەشقەردە قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ئۆرنەكلىرى خاتىرد ـ لەنگەن، بىراق چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت ھۆججەتلەردە خوتەن شەھىرىدە پۇل قۇيۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خاۋدې قا ـ تارلىقلار: «خوتەندىن مىس ۋە قوغۇشۇن ئېلىش تەس ئىكەن، شۇڭا بۇ جايدا يەكەن قاتارلىق جايلاردا قۇيۇلغان پۇللارنى ئىشد ـ لەتسە بولغۇدەك» دەپ مەلۇم قىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك

تەزكىرىسى»، «كلاسسىك ئەسەرلەر ئۆرنەكلىرى»دە يەكەندە قۇ-يۇلغان پۇلنىڭ قەشقەر ۋە خوتەندە ئورتاق ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بايانلار بار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بو-لىدۇكى، خوتەندە پۇل ئىدارىسى قۇرۇلمىغان، پەقەت پۇل ئەۋ-رىشكىسى تارقىتىلغان، ئەمەلىيەتتە پۇل قۇيۇلمىغان. بەزىلەر قەشقەردىمۇ پۇل ئىدارىسى قۇرۇلمىغان دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە قەشقەردە پۇل ئىدارىسى قۇرۇلغان. گۇاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى (1888 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ دوتيى يۈەن ياۋرۇڭ ھەيئەت تەكلىپ قىلىپ پۇل قۇيۇش توغرىسىدا يۇقىرىدىن يوليورۇق سورىغان، خەزىنە زاپىسى ھېسابى ئىچىدىن پۇل ئىدارىسىنىڭ دەسمايە قى-لىپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن 1000 سەر كۈمۈش ئارىيەت بېرىپ تۇرغان ھەمدە سۈلى ئايمىقىنىڭ بېگى خۇاڭ بىڭكۇنگە مىس كانى ئېچىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. پۇل قېلىپىنىڭ بىر تە-رىپىگە «گۇاڭشۈ تۇڭباۋ» (光绪通宝)، يەنە بىر تەرىپىگە «قەش-قەر» (喀什) دېگەن خەنزۇچە خەت ۋە «كاشغەر» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر ئويۇلغان. ھەربىر پۇلنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ كېلەتتى. ئىككىنچى يىلى قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردىن مىس يىغىلىپ، يىلىغا 2290 تىزىق پۇل قۇيۇلغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ خۇاڭ بىڭكۇن مەھكىمە ئەتراپىغا پېچ ئور-نىتىپ چوڭ ـ كىچىك كۈمۈش نوكچىلارنى سىناق تەرىقىسىدە قۇيۇپ كۆرگەن، كېيىنچە مىس پۇلمۇ قۇيۇپ باققان. گۇاڭشۈي-نىڭ 19 ـ يىلى (1893 ـ يىلى) كونىشەھەردە كان ئېچىپ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى قۇرغان. گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) قەشقەر دوتيى جۇ مىيەنرۇڭ مىس كانى ۋە پۇل ئىدارىسى-نى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتكەن.

5) ئىلى پۇل ئىدارىسى

چيەنلۇڭنىڭ 40 ـ يىلى (1775 ـ يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىدىمۇ پۇل ئىدارىسى قۇرغان. پۇل ئىدارىسىنىڭ نامى باۋيىجۈ (宝伊局) دەپ ئاتالغان، ئىدارىنىڭ ئورنى جياڭجۈن

مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق كۇرە شەھىرى (ھازىرقى كۇرەنىڭ جەنۇ-
بىدا، خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن)دە ئىدى. يۇنىەن، گۇيجۇ قا-
تارلىق جايلاردىن كاسىپ ئۇستىلار تەكلىپ قىلىنىپ پۇل قۇ-
يۇلغان. ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، قاراشەھەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق
جايلاردىكى ئۇيغۇر خەلقى مىس يەتكۈزۈپ بەرگەن. «غەربىي يۇرت-
نىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: ئۇچتۇرپاندىن 3000 جىڭ مىس
كەلتۈرۈلگەن، ئاقسۇ، قەشقەر، قاراشەھەرلەردىن ئېشىندى ئاش-
لىقا 2340 نەچچە جىڭ مىس سۇندۇرۇلۇپ ئېلىنغان، جەمئىي
5400 نەچچە جىڭ مىس يىغىلغان، دېگەن خاتىرىلەر بار. يەنە
چۈن يۇەنىنىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن
خاتىرىسىدە، يەكەن ۋە خوتەن شەھەرلىرىنىڭ ئىلى پۇل ئىدارى-
سىغا ھەر يىلى 3000 جىڭ مىس تاپشۇرغانلىقى قەيت قىلىنى-
غان. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»دىكى ماتېرىياللارغا
ئاساسلانغاندا، چيەنلۇڭ ۋە جياچىڭ خانلارنىڭ دەۋرىدىن بۇيان،
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلىنىڭ خارخات ۋە قاش دېگەن يې-
رىدە مىس زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، مىس ئېلىپ پۇل قۇيۇلغان،
داۋگۇاڭ يىللىرىدا مىس زاۋۇتى باياندايىنىڭ خۇباقاي دېگەن يېرى-
گە يۆتكىلىپ مىس ئالغان، مىس كانىنىڭ رودا زاپىسى كۆپ بول-
مىغاچقا، يەنە خارخات ۋە قاشقا كۆچۈرۈلگەن. بۇ جايلاردىكى باي
سودىگەرلەر چاقىرىلىپ، يېڭىدىن مىس كان ئېچىلىپ پۇل قۇ-
يۇلغان. ئىلىدا قۇيۇلغان بۇ خىل پۇلنىڭ يۈزى تەرىپىگە خەنزۇ-
چە 乾隆通宝 (چيەنلۇڭ تۇڭباۋ) دېگەن تۆت خەت بېسىلغان،
كەينى تەرىپىگە مانجۇچە ئىككى خەت بېسىلغان، تۆت چاسا تۆ-
شۈكنىڭ سول تەرىپىگە «宝» (باۋ) ، ئوڭ تەرىپىگە «伊» (يى)
دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، شەكلى ئىچكى ئۆلكىلەردە
قۇيۇلغان پۇللارنىڭكىگە تامامەن ئوخشايدۇ، شۇڭا قۇيما پۇل
(制钱) دەپ ئاتالغان. 1826 - يىلى جاھانگىر خوجا جەنۇبىي
شىنجاڭدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلغاندا، ھەرقايسى تەرەپتىن كەل-
گەن قورشاپ يوقىتىش قوشۇنلىرى ئاقسۇغا توپلانغان، شۇنىڭ
بىلەن ئاقسۇ مالىمانچىلىقنى تىنچىتىشنىڭ چوڭ لاگىرى بولۇپ

قالغان، ھەربىي ھازىرلىق ئىشلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلغان، ئورۇش ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغان. ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچ- لىرى كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان، ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئۇزۇلۇپ قالغان ئەھۋالدا، داۋگۇاڭ خان «ئىلى پۇل ئىدارىسىنىڭ پۇل قۇ- يىدىغان ئىككى پېچىدىن، بىرىدە يەنىلا ئىلى داچەن پۇلى قۇيۇل- سۇن، يەنە بىرىدە ئاقسۇدا قۇيۇلغان پۇلنىڭ قېلىپىدا مىس پۇل قۇيۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاپىرىپ ئىشلىتىلسۇن ··· بۇ يەردى- كى ھەربىي ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن، ئىشلار بۇرۇنقى قائىدە بويىچە بېجىرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جاھانگىر خوجىنىڭ مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىش مەزگىلىدە، ئىلى پۇل ئىدارىسى قۇيغان پۇلنىڭ يې- رىمىغا ئەمەلىيەتتە ئاقسۇدا قۇيۇلغان پۇلنىڭ قېلىپى ئىشلى- تىلگەن.

6) ئۈرۈمچى پۇل ئىدارىسى

شيەنفېڭنىڭ 5 ـ يىلى (1855 ـ يىلى) جىندى دوتيى گېڭ فۇ شيەنفېڭ خانغا لوپنور قاتارلىق جايلاردا مىس كانى بايقالغان- لىقىنى مەلۇم قىلىپ، پۇل ئىدارىسى قۇرۇپ پۇل قۇيۇش تەلە- پىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنىڭغا پۇل ئۆرنىكىنىمۇ سۇن- غان. شيەنفېڭ خان ئۆز جايىدىن مەبلەغ توپلاپ پۇل ئىدارىسى قۇرۇپ پۇل قۇيۇش، پۇل ئىدارىسىنىڭ نامىنى «宝迪» (باۋدى) دەپ ئاتاش، بۇ پۇلغا مانجۇچە «宝迪» (باۋدى) دېگەن خەتنى بې- سىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، بۇنىڭدىن 1855 ـ يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يېڭى پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شيەنفېڭنىڭ 11 ـ يىلى (1861 ـ يىلى) گۇڭگۇرتلۇك قۇم ئۇلگۇرمىگەنلىكى ئۈچۈن «宝迪» (باۋدى) پۇل ئىدارىسى پۇل قۇيۇشنى توختىتىپ قويغان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇاڭشۈينىڭ 12 ـ يىلى (1886) 7 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى ئايماق ئەمەلدارى جۇ زىخۇڭ پۇل ئىدارىسى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئۆلكىلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتلىرىنىڭ قۇيمىچىلىق ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ، ئىسمى-

نىلار بويىچە پىچتا مىس ئېرىتكەن. گۇاڭشۇينىڭ 16 ـ يىلىغا (1890 ـ يىلى) كەلگەندە، مىس ئېرىتىش پېچلىرى كۆپىيىپ بەشكە يەتكەن. مىس ماتېرىيالى نەنسەن ۋە كۇچادىن ئېلىنغان، ھەرقايسى پېچلارغا پېچ باشلىقى ۋە ياردەمچىلەر تەيىنلەنگەن ھەمدە تۆمۈرچى ۋە ياغاچچىلار قويۇلغان، ئۇلار كۇچا ۋە تۇرپاندىن قوبۇل قىلىنغان، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە پۇل قويۇلۇپ، قالغان ۋاقىتتا توختىتىپ قويۇلغان. گۇاڭشۇينىڭ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) مىس ماتېرىيالى تۈگەپ قالغانلىقى ئۈچۈن پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. ئەمىر بەردار ۋاڭ شۈنەن شۇ يىلى 12 ـ ئايدا تەڭگە قۇيۇشنى مىس پۇل قۇيۇشقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن، بۇ خىل مىس پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ» (宣统元宝)، شىنجاڭدا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ (新疆通用) دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. كەينى تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە سىزىقچىلار چىقىرىلغان ھەمدە «نەرخى 10 ـ قىزىل مىس پۇلغا تەڭ» (当红钱十文) دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بېسىلغان. بۇ پۇلغا ئىشلىتىلىدىغان مىسنى باي ناھىيىسى يەتكۈزۈپ بەرگەن. كۈندىگە 6000 دىن ئارتۇق مىس پۇل قۇيۇلغان.

2. مىس پۇلدىكى يىلنامىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا پۇل قۇيۇشى چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلىدىن (1760 ـ يىلى) باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئادەت بويىچە پۇلنىڭ يۈزى تەرىپىگە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» (乾隆通宝) دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلەتتى. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، پۇلغا بېسىلىدىغان يىلنامىلەر سۇلالىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن. بىراق چيەنلۇڭ خان ئەۋلادلارغا ئۆزىنىڭ چېگرا رايوندىكى مەرىپەت ۋە ھەربىي ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، چيەنلۇڭنىڭ 39 ـ يىلى (1774 ـ يىلى) شىنجاڭدا پۇل قۇيغاندا مەڭگۈ چيەنلۇڭ يىلنامىسى قوللىنىلسۇن، «پەرمانىمغا مەڭگۈ ئەمەل قىلىڭلار، ئەۋلادتىن ـ

ئەۋلادقىچە مەڭگۈ ئەمەل قىلىنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يىلنامىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرتىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلمىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ يارلىقنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار بىلەن نوپۇس پىرقىسى، قورۇلۇش ۋازارىتىنىڭ ئارخىپ قىلىپ ساقلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. بىراق ئاران 26 يىل ئۆتۈپلا، جياچىڭ خان جياچىڭنىڭ 5 ـ يىلى (1800 ـ يىلى) ئەجدادىنىڭ بۇ تەلىمىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ، شىنجاڭدا جيا چىڭ پۇلى قۇيۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، «چيەنلۇڭ پۇلىنىمۇ مەڭگۈ ئىشلىتىش» كېرەك، مەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدا چيەنلۇڭ پۇلى ئىككى ئۈلۈش، جياچىڭ پۇلى سەككىز ئۈلۈش قۇيۇلسۇن، ئىككى خىل پۇل بىرلىكتە ئىشلىتىلسۇن، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە مۇشۇنداق قىلىش كېرەك بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش كېرەككى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك»، دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. دېمەك، جياچىڭ خان بىرىنچى بولۇپ ئەجدادىنىڭ تەلىمىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويغان، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنى دوراپ، ئەجدادىنىڭ تەلىمىگە ئىتائەت قىلىپمۇ ئولتۇرمىغان. جياچىڭ (1796 ــ 1820) دىن كېيىن، ھەربىر سۇلالە ئالماشقاندا 8:2 ئۈلۈش بويىچە چيەنلۇڭ يىلنامىسى ۋە ئۆز يىلنامىسى بېسىلغان مىس پۇل قۇيغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى داۋگۇاڭ، شيەنفېڭ، تۇڭجى، گۇاڭشۈي قاتارلىقلارنىڭ يىلنامىلىرى بېسىلغان مىس پۇللار «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت بېسىلغان پۇل بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ رايونىدا تەڭ ئىشلىتىلگەن.

3. تەڭگە قۇيۇش

چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) كۇچادا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. شۇ يىلى قېزنات ئاقسۇدىن خوتەنگە يوشۇرۇن بېرىپ قوزغىلاڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ھەبىبۇللا قازىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، تەپرىقىچىلەر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. ھەبىبۇللا

تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان دۆلىتىنىڭ تەڭگىسىگە تەقلىد قىلىپ، خوتەندە دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.5 گرام كېلىدىغان تۆشۈكسىز تەڭگە قۇيغان. بۇ خىل تەڭگە غەربنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى قۇيمىچىلىق ئۇسۇلى بويىچە قۇيۇلغان، يۈزى تەرىپىگە ئۈچ قۇر ئەرەبچە خەت بېسىلغان، ئالدىنقى ئىككى قۇرى: «خۇدا بەرھەق بىردۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەڭ ئاستىدىكى بىر قۇرغا ھىجرىيە يىلنامىسى «1283» بېسىلغان (يەنى مىلادىيە 1866 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 1867 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە)، كەينى تەرىپىگىمۇ ئۈچ قۇر ئەرەبچە خەت بېسىلغان بولۇپ، مەنىسى «مۇقەددەس خوتەندە قۇيۇلدى» دېگەنلىكتۇر. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىمچە، بۇ پۇل 1866 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇيۇلغان. 1865 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان دۆلىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ لەشكەر تارتىپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يەتتە شەھەر دۆلىتى قۇردى. ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان مەزگىلدە، شەكلى ھەبىبۇللاخاننىڭ دەۋرىدە قۇيۇلغان تەڭگىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەڭگە قۇيدۇرغان، بۇ تەڭگىنىڭ يۈزى تەرىپىگە «ئابدۇل ئەزىزخان» (تۈركىيە سۇلتانىنىڭ ئىسمى)، كەينى تەرىپىگە «قەشقەردە قۇيۇلدى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان بولۇپ، ھەممىسى ئەرەب يېزىقىدا بېسىلغان.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى)، ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدار ليۇ جىنتاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى، شۇ چاغدا جاڭ جەي كۇچادا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ سوقۇشتىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغان. پادىشاھنىڭ ئەلچىسى زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان مەزگىلدە قۇيغان

تەڭگىنى «شەكلى پۇلغىمۇ ئوخشىمايدىكەن، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە سالمىقىنى مەككارلىق بىلەن خالىغانچە ياسىۋالغان»، «بازار نەرخىغە باب كەلمەيدۇ، خەلققە ئۇۋال بولىدۇ» دەپ قاراپ، «تەڭگىنى ئۆزگەرتىپ باھانى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش لازىم… لەنجۇدا يېڭىدىن مىس قېلىپ ياساش كېرەك، بۇ ئىشنى جاڭ جەي پۇل ئىدارىسىگە نازارەتچىلىك قىلىپ بېجىرسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ تەڭگە قۇيدۇرغان. بۇ پۇلنى قۇيۇش گۇاڭشۈيىنىڭ 6 ــ يىلى (1880 ــ يىلى) 4 ــ ئايدا باشلانغان بولۇپ، دەسلەپىدە ئېرىتىپ قۇيماستىن، مىس قېلىپقا كۈمۈشنى سېلىپ سوقۇپ چىقىرىپ، كېيىنكە ئۇيغۇرچە «بەش پۇڭ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، بۇ پۇلنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال كېلىدۇ، گىرۋىكى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۆت چاسا، كېيىن يەنە بىر خىل پۇل چىقىرىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىگە «ياخشى كۈمۈش»، يەنە بىر تەرىپىگە «بىر مىسقال» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بېسىلغان. بىراق ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ تېخى پۈتۈنلەي تىنچىمىغانلىقتىن، ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئانچە كەڭ بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش سەرپىياتى كۆپ بولغاچقا، بۇ پۇلنى قۇيۇش ئۇزۇن ئۆتمەي توختاپ قالغان. مانا بۇ كۈچا تەڭگىسىدۇر.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي ــ مەمۇرىي ئەمەلدار ۋېي گۇاڭتاۋ گۇاڭشۈيىنىڭ 15 ــ يىلى (1889 ــ يىلى) خەزىنىدار لىيۇ چېڭزىنى ئۈرۈمچىدە تەڭگە قۇيۇشقا نازارەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەن، بۇ چاغدا بىر مىسقال، ئىككى مىسقال، ئۈچ مىسقال ۋە بەش مىسقال كېلىدىغان تۆت خىل پۇل قۇيۇلغان. بۇ پۇللارنىڭ بىر تەرىپىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۈي تەڭگىسى» (光绪银圆) دېگەن خەت ۋە ئۇنىڭ مىسقال سانى، ئۈرۈمچى دېگەن خەتلەر بېسىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە ئوخشاش مەزمۇندىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر بېسىلغان. مانا بۇ ئۈرۈمچى تەڭگىسىدۇر.

گۇاڭشۈيىنىڭ 19 ــ يىلى (1893 ــ يىلى) قەشقەردىمۇ، بىر مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، تۆت مىسقاللىق

ۋە بەش مىسقاللىق تەڭگە قۇيۇلۇپ، بىر تەرىپىگە خەنزۇچە «قەش-
قەر»، «گۇاڭشۈي تەڭگىسى» (光绪银圆 ، 喀什) دېگەن خەنزۇ-
چە خەتلەر، يەنە بىر تەرىپىگە ئوخشاش مەزمۇندىكى ئۇيغۇرچە
خەتلەر بېسىلغان. مانا بۇ قەشقەر تەڭگىسىدۇر.

4. تىللا قۇيۇش

گۇاڭشۈينىڭ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ئەمىر بەردار ۋاڭ
شۇنەن شىنجاڭدا كېيەك ئالتۇن سېتىۋېلىپ تىللا قۇيۇشنى
سىناق قىلىپ، ئەمىناتىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولدۇرماقچى بول-
غان. بۇ چاغدا قۇيۇلغان تىللا بىر مىسقاللىق ۋە ئىككى مىسقال-
لىق بولغان. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئۇنىڭ مىسقال سانىنى بىلدۈرى-
دىغان خەنزۇچە خەت، كەينى تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە سىزىقچە
چىقىرىلىپ، نەچچە مىسقاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئۇيغۇرچە خەت
بېسىلغان. پۇل قۇيۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھەر ئايدا
5001 سەر تىللا قۇيۇلغان. ئىشلىتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ
تىللانى قۇيۇشمۇ توختاپ قالغان.

5. پۇل ئىدارىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى

ھەرقايسى پۇل ئىدارىلىرىدىكى ئىشچىلار كاسىپ ۋە قارا
ئىشچى دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى، كاسىپلار قۇيمىچىلىقتا يالىلاپ
ئىشلىتىلگەن تېخنىك ئىشچىلار بولۇپ، قۇيمىچى دەپمۇ ئاتىلات-
تى. ئېيىغا بىر سەر كۈمۈشتىن ئارتۇقراق مائاش بېرىلەتتى
ھەمدە ھەر يىلى ئۆيىگە ئىككى قېتىم بېرىپ كەلگۈدەك خىراجەت
بېرىلەتتى. ئىشلەش مەزگىلىدە ھەر ئايدا بىرقانچە كۈن دەم ئې-
لىش ۋاقتى بولاتتى. قارا ئىشچىلار خەلق ئىچىدىن ئېلىنغان
ھاشارچى دېھقانلار بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاۋام خەلق ئىچىدىن نۆ-
ۋەت بىلەن تاللاپ ئىشلىتىلەتتى. ئۇلار ئىش قىلغان چاغدا پەقەت
تاماقلا بېرىلىپ، مائاش بېرىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى
تامچىلىق، ياغاچچىلىق ۋە تۆمۈرچىلىك قىلاتتى، قالغانلىرى سۇ
توشۇش، كۆمۈر توشۇش، ماتېرىيال دۆۋىلەش، لاي ئېتىش ۋە
شامالدۇرغۇچ تارتىشقا ئوخشاش قارا ئىشلارنى قىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا قۇ-

يولغان پۇللار شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مىنگو ھۆكۈمىتى تارقاتقان مىس پۇل، تەڭگە، قەغەز پۇل، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار قالايمىقان ياسىغان چەكانىلار بىلەن ئارىلاشتۇ- رۇپ ئىشلىتىلگەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىر- لىرىدا بۇ پۇللار ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلغان.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1988 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان يەنى بىرلەشمە سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **كېرەم يۇسۇپ**

# قىرغىزلارنىڭ ئۇچتۇرپانغا كېلىشى

## تۇرسۇن بارات

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى. ئۇيغۇر خانلىقى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى موڭغۇل دالاسىغا، بىر قىسمى شىمالىي سىبىرىيەگە، يەنە بىر قىسمى ئىرىپىرەن بولۇپ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ غەربكە سۈرۈلۈپ، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئىزمىلىرىغا كەلدى. كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ ياشىشىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق مۇھىت ئىزدەش مەقسىتىدە ئالتاي تاغلىرىدىن تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى ئىسسىقكۆل، نارىن، تالاس، چۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئاخىرى پامىر ئېگىزلىكىگىچە كېلىپ ماكانلاشتى.

قىرغىزلار تەڭرىتاغ ۋە پامىر تاغلىرى ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، دەسلەپتە قاراخانىيلار خانلىقىغا، كېيىنچە چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇل خانلىقىغا، كېيىن سەئىدىيە، بۇخارا، قوقان خانلىقىغا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 1917 ـ يىلىغىچە چارروسىيە ئىمپېرىيىسىگە قارىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراشلىق قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى بولدى. 1991 ـ يىلى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلدى.

قىرغىز خەلقى ئۆز تارىخىدا ناھايىتى نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئومۇميۈزلۈك ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، چارروسىيەنىڭ بۇ رايوندا يۈرگۈزگەن سىياسىتى بۇ يەردىكى خەلقلەرگە زۇلۇم ئېلىپ كەل-

دى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا چارروسىيە قارشى ئىقىم ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەلدى. 1916 ـ يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاندا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ ئەنە شۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

1916 ـ يىلى قىرغىز خەلقىنىڭ چارروسىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرىنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلغاندا، قىرغىزلاردىن ئەسكەر ئېلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىشلا بولماستىن، بەلكى قىرغىزلاردا ئۇزاقتىن بۇيان چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قارشى شەكىللەنگەن ئىدىيەلەرمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قوزغىلاڭلارنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا شۇ ۋاقىتلارنىڭ شاھىتى، قىرغىز خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، جامائەت ئەربابى، تارىخچى بىلەك سۇلتانوف مۇنداق توختالغان:

«قىرغىزلارنىڭ چارروسىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم قىرغىز ئاھالىلىرى ئۈچتۇرپانغا قاچقان. قىرغىزلارنىڭ ئۈچتۇرپانغا قېچىپ كەلگەنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىسسىقكۆل، نارىن، چۇ ۋادىسىدىكى قىرغىزلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىسسىقكۆلدە تۇرغان بۇغۇ، ساياق قەبىلىلىرىنىڭ باتۇرى باللباي دېگەن كىشى بولۇپ، چارروسىيە ھۆكۈمىتى باللباينىڭ رۇسقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچلۈك قىلىدۇ. چارروسىيە ھۆكۈمىتى باللباي باتۇر، ماھىر، مايىمېل، ئادىل قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن خەلق چارروسىيە ھۆكۈمىتىدىن ئىنتايىن نارازى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق چارروسىيە ھۆكۈمىتىنى ‹ئالدامچى ھۆكۈمەت ئىكەن› دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا كۇچۇك زاسىپبېك ئوغلى 100 تۈتۈن ئاھالە بىلەن ئۈچتۇرپانغا قاچىدۇ».

باللباي باتۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدا سۇلتانباي مۇنداق ئېيتقان: «رۇس بىلەن ئوينىساڭ ئۆلمەيمەن دەپ ئويلىما». يەنە

قىرغىز ئاقىنلىرى «رۇس بىلەن دوست بولساڭ، پالتا ـ پىچاقىڭ يانىڭدا بولسۇن» دەپ ئېيتقان[①].

1916 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئايلىرىدا نارىن تەرەپتىكى قىرغىزلار مىلتىق يوق بولغاچقا، رۇسلارغا تەڭ كېلەلمەي، چۇ ۋادىسىدىن قاچقان خەلق بىلەن بىرلىشىپ، قاقشال ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا قاچقان. ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى بۇغۇ، ساياق قەبىلىلىرى ئەسكەرلىككە بارمايمىز، ئەسكەرلىككە ئەۋەتمىمىز دېگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرىمىز، ئۇرۇشقا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز، دېيىشكەن. ئۇلار ئاتبېشى، نارىن، قوچقار، جۇمغال، چۇ رايونىدىكى قىرغىزلار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرماقچى بولغان. تەسكەي تەرەپتىكى قىرغىزلاردىن ئىساغالى ئاتبېشى، نارىن، قوچقار، جۇمغالدىكى خەلق بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرىدىغان، كۈنگەي تەرەپتىكى ساياق قىرغىزلىرىدىن تالقانباي چۇ ئەتراپىدىكى قىرغىزلار بىلەن شابدانىڭ بالىلىرى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولغان. تالقانباينىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى مۇنداق بولغان: ئەگەر چۇ ئەتراپىدىكى قىرغىزلاردا قوزغىلاڭ بولسا، كۈنگەي تەرەپتىكى رۇس قىشلاقلىرىغا ئوت قويىدىغان، بۇ ئوتنى كۆرۈپ تەسكەي تەرەپتىكى قىرغىزلار رۇسلارغا قارشى كۆتۈرۈلىدىغان، ئەگەر قوزغىلاڭ تاغ ئارىسىدىكى قىرغىزلاردىن چىققان بولسا، ئىساغالى باشچى بولغان قىرغىزلار تەسكەي تەرەپتىكى رۇس قىشلاقلىرىغا ئوت قويىدىغان، بۇ ئوتنى كۆرگەن كۈنگەي تەرەپتىكىلەر بىلەن كۆل بېشىدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان بولغان. بۇ ۋاقىتتا قاراقولدىكى رۇس، كازاك ئەسكەرلىرى ھەممىسى بولۇپ يىگىرمىدەك ئادەم ئىدى. چارروسىيىگە قارشى ئىسسىقكۆلدىكى قوزغىلاڭمۇ نەتىجىسىز ئاياغلاشتى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئورىنبورگ، تاشكەنت، بىشكەكتىن يەنە پەرغانە ئارقىلىق پىلىموت، زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان مىڭلىغان ئەسكەرنى ئەۋەتتى. بۇلارغا ئازغىنە قورالللا ربىلەن قوراللانغان قىرغىز خەلقى

①② بىلەك سۇلتانوف: «قىزىل قىرغىز تارىخى»، بىشكەك، 1993 ـ يىلى قىرغىزچە نەشرى، 93 ـ، 119 ـ، 122 ـ، 125 ـ، 126 ـ، 134 ـ بەتلەر.

تەڭ كېلەلمەي شىنجاڭ رايونىغا قېچىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى[2].

مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇچتۇرپاندىكى بەدەل قىرغىزلارنىڭ شىنجاڭغا قېچىشىدىكى مۇھىم جايىنىڭ بىرى بولۇپ قالدۇ. قىرغىزلارنىڭ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كېلىش مەسىلىسىدە بىلەك سۇلتانوف مۇنداق يازىدۇ: «1916 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 80 دەك ئادەم بەدەلدىن ئۆتتۇق. بەدەلدىن ئۆتكەندە چېگرادا جۇڭگونىڭ بىرلا قاراۋۇلى بار ئىكەن. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈندە ئۇنىڭغا ئاز - تولا پۇل بېرىپ ئۆتۈپ يامانسۇغا كەلدۇق. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يامانسۇدا تۇرساق، ئۇچتۇرپاندىكى ئامبالنىڭ يېنىدىن ئادەم كېلىپ ‹سىلەرنى ئامبال چاقىرىدۇ› دەپ، مېنى، بېلىقچى، بۇرۇنباي، توختى سوپى، ساربۇرۇۋنى ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى ئامبال بىزنى يامۇلغا ئېلىپ باردى. ئامبال بىر ئۇيغۇر تەرجىمان ئارقىلىق ‹سىلەر كىم بولىسىلەر، بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭلار› دەپ سورىدى. مەن ‹بىز قىرغىز دېگەن خەلق، چاررۇسىيە هۆكۈمىتى يەرلىرىمىزنى تارتىۋالدى. بىز ئەسكەرلىككە بارمايمىز دېدۇق. رۇسلار چوڭ كىشىلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئورۇسلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق. قوراللىرىمىز ناچار بولغانلىقتىن، ئورۇس ئەسكەرلەرگە تەڭ كېلەلمەي بۇ يەرگە قېچىپ كەلدۇق› دېدىم. كۆپ سۆزلىشىشلەردىن كېيىن بىزنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشىمىزغا رۇخسەت قىلدى»[1].

«ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە «1916 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نارىن ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق 1000 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان 200 نەچچە ئۆيلۈك قىرغىز چارروسىيە دائىرىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چىدىماي، ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ قاقشال رايونىغا كېلىپ ماكانلاشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن[2] (شۇ چاغدا هازىرقى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىمۇ ئۇچتۇرپانغا

---

① بىلەك سۇلتانوف: «قىزىل قىرغىز تارىخى»، بىشكەك، 1993 - يىلى قىرغىزچە نەشرى، 93 - 119 -، 122 -، 125 -، 126 -، 134 - بەتلەر.

② «ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىل 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 38 - بەت.

قارايتتى).

بۇ دەۋر شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئاچ-زارلىق، ئالۋان - ياساق دەر-دىدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا نەچچە مىڭلىغان قىرغىز ئاھالىسى شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ خەلقلەرنى قېرىندىشىمىز دەپ قاراپ، ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ، ئاش - تاماق بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئال-دى، بىر ناننى تەڭ يېدى، بۇ ھەقتە قىرغىز خەلقىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ئىساق شاي-بېكوف «ئەزىز خەلقىم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«قېرىلىرى ماڭالماي،
يۆتەلدى ئەزىز خەلقىم.
بالىلارنى بوينىغا ئېلىپ،
كۆتۈردى ئەزىز خەلقىم.
قاراڭغۇ ئۇيغۇر ئۆيىدە،
ماكانلاشقان ئەزىز خەلقىم»[①].

يۇقىرىدىكى شېئىردىن 1916 - يىللاردا قىرغىز خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشكەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېچنېمى-نى ئايىماي ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئاھالىنىڭ ھايا-تىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ ئۇچتۇرپان ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا قېچىپ كېلىش ۋەقەسى تارىختا «قىرغىز قاچقۇنى» دېيىلگەن. ئۇ چاغدا قىرغىزلار ئۇچتۇرپانغىلا ئەمەس، يەنە جەنۇبتا پامىردىن شىمالدا ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ يايلاقلارغا كې-لىپ ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ سانى توغرىسىدا ھەر خىل مەلۇمات ۋە ھەر خىل پەرەزلەر بار. لېكىن قىرغىزلار 1917 - يىلى 3 -

① «ئىساق شايبېكوف: «ئەزىز خەلقىم»، كوللېكتىپ توپلام، بىشكەك، 1990 - يىلى قىرغىزچە نەشرى، 426 - بەت.

ئايلاردىن باشلاپ يەنە ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا باشلىغان. 1917 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئالمۇتىدا سوۋېت دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. 1918 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئالمۇتىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى، كېڭەشتە شىنجاڭغا كۆچكەن بارلىق قىرغىز ۋە باشقا خەلقلەرنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىش قارار قىلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچكەن قىرغىز ۋە باشقا خەلقلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ قايتىپ كېلىش تاكى 1921 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى①.

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان قىرغىز خەلقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىر تۇغقاندەك ئۆتۈپ، ھەرقايسى ساھەنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىغا ھەسسىسىنى قوشماقتا.

---

① بىلەك سۇلتانوف: «قىزىل قىرغىز تارىخى»، بىشكەك، 1993 ـ يىلى قىرغىزچە نەشرى، 93 ـ 119 ـ، 122 ـ، 125 ـ، 126 ـ، 134 ـ بەتلەر.

# ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە قان بىلەن پۈتۈلگەن نوم

ئۆمەرجان ھەسەن

لۇشەن مۇزېيىدا 81 جىلدلىق، 2 مىليون خەتلىك قان بىلەن پۈتۈلگەن بىر بۇددا نومى ساقلانماقتا. ئۇ مەشھۇر كالام «بۇددا ۋاتام ساماخاۋا ئىپپۇليا سۇترىسى»دۇر. بۇ سۇترىنىڭ مەزكۇر مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقىنىغا 80 يىلچە بولۇپ قالغان. سۇترىدىكى قان بىلەن يېزىلغان خەتلەرنىڭ رەڭگى سەل ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى يەنىلا ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

بۇددا مەدەنىيەت تارىخىدا كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان قان بىلەن يېزىلغان بۇ نومنى خەنزۇ راھىب پۇچاۋ لۇشەندىكى خەيخۇي ئىبادەتخانىسىدا 15 يىل (1897 ـ يىلدىن 1912 ـ يىلغىچە) ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن يېزىپ چىققان. قىزىق يېرى، بۇ مەشھۇر سۇترىنى خوتەندىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى، تەرجىمان سىكساناندا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سانسكرىتچىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

سىكساناندا 652 ـ يىلى دۇنياغا مەشھۇر بۇددا ئېلى ئۇدۇندا بىر بۇددا پېشۋاسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىككىدىن باشلاپلا بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ماھايانا، ھىنايانا مەزھەپلىرىنىڭ تەلىماتلىرىدا كامالەتكە يەتكەندىن باشقا يەنە تىلشۇناسلىق، رەسساملىق، تەرجىمە ـ تەپسىرلىك ئىلىملىرىنى، سانسكرىت (ئەنەتكەك)، توخرى ۋە تابغاچ تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. شۇڭا سىكساناندانىڭ نامى ئۇدۇن مەملىكىتىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا كەڭ تارقالغان، ئۇنى تاۋاپ قىلغۇ-

چىلارنىڭ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغۇچىلارنىڭ، ھەتتا ئۇنى ئۆز مەم-لىكەتلىرىدە ئىلمىي پائالىيەتلەردە بولۇشقا تەكلىپ قىلغان پا-دىشاھلار ئەلچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا سىكساناندانىڭ تاڭ دۆلى-تىنىڭ ئايال پادىشاھى ۋۇ زېتيەننىڭ تەكلىپى بىلەن تاڭ دۆلى-تىگە بېرىپ ئىلمىي پائالىيەتلەردە بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەر بار.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇددا دىنى گۈل-لەپ ياشنىغان، بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجى-مە قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش جانلىنىۋاتقان دەۋر ئىدى. مۇشۇنداق پەيتتە، پادىشاھ ۋۇ زېتيەن ئۇدۇن ئېلىدە سۇترىلارنىڭ سانسك-رىتچە نۇسخىسى ۋە ئۇستا تەرجىمان سىكساناندانىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تاڭ دۆلىتىگە تەكلىپ قىلغان. سىكساناندا تەكلىپكە بىنائەن سۇترىنى ئېلىپ چاڭئەنگە كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئۇ لوياڭدىكى ئوردا ئىبادەتخانىسىدا جېڭشېن 1 ـ يىلى (695 ـ يىلى) مەزكۇر سۇترىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. پادىشاھ ۋۇ زېتيەن سۇت-رىنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ، نامىنى پۈتۈپ بەرگەن. تاڭ دۆ-لىتىدىكى مەشھۇر راھىبلاردىن بۇددۇ لىۇجى، يى جىڭ، فۇلى، فازاڭلار سىكساناندانىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە ياردەملەشكەن. 699 ـ يىلى سىكساناندا 60 جىلدلىق سانسكرىتچە سۇترىنى شەرھلىرى بىلەن قوشۇپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ 81 جىلدلىق قىلىپ پۈتكۈزگەن. ئۇ يەنە «لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كى-رىش سۇترىسى»، «مانجۇشىرى خاتىرىلىرى» قاتارلىق 109 قى-سىم، 107 جىلدلىق 19 نوم ـ سۇترىنى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كېيىن، سىكساناندا ياشنىپ قالغان ئانىسىنى سېغىنىپ، تاڭ دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تۇتۇشىغا قارىماي، ئوردىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، خوتەنگە قاي-

ـتىپ كەلگەن.

سىكساناندا 708 ـ يىلى تاڭ پادىشاھىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن قايتا چاڭئەنگە كەلگەن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاۋۋالقىدىنمۇ داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنى كۈتۈۋالغان ۋە چاڭئەندىكى داسۇنفۇ ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئەمما سىكساناندا تەرجىمە خىزمىتىنى قايتا قولغا ئېلىش ئالدىدا، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، 710 ـ يىلى 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سىكساناندا يەنە رەسىم سىزىشقىمۇ ماھىر بولۇپ، خوتەن، كۈچا، تۇرپان، چاڭئەن ۋە لوياڭلاردىكى مەشھۇر ئىبادەتخانا ۋە كېمىرلەرگە ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەرنى سىزىپ، بۇددا دىنىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ئومۇملىشىشىغا زور تۆھپە قوشقان.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىغىنى شۇكى، ھازىرغا قەدەر قان بىلەن پۈتۈلگەن بۇ سۇترا ھەققىدە ئۇدۇنلۇق تەرجىمان سىكساناندانىڭ ئەمگىكى نەزەرگە ئېلىنماي كەلدى. مەسىلەن، «ئون كۈنلۈك تەرمىلەر»نىڭ 1992 ـ يىللىق توپلىمىدىكى «قان بىلەن پۈتۈلگەن نوم» دېگەن ماقالىدە پۇچاۋ ئۆز قېنى بىلەن يېزىپ چىققان نومنىڭ شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر بۇددا تەرجىمانى بۇددۇ خابخادرانىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. «يىپەك يولى مەدەنىيەت قامۇسى»دا بۇ نومنىڭ ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى بارلىقى، ئۇنىڭ بىرى دەل سىكساناندانىڭ 80 جىلدلىق تەرجىمىسى ئىكەنلىكى يېزىلغان. قالغان ئىككى خىل تەرجىمىنىڭ بىرى 60 جىلدلىق، بىرى 50 جىلدلىق ئىدى.

خەنزۇچە «دىن لۇغىتى»دىكى سىكساناندىغا ئالاقىدار بايانلاردا ئۇنىڭ تاڭ دۆلىتىگە ئالغاچ بارغان 60 جىلدلىق سانسكرىتچە سۇترىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا 81 جىلد چىققانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرىلەر بار. ئالاقىدار ماتېرىياللاردا «بۇددا

ۋاتام ساماخاۋائىپۇليا سۇترىسى»نىڭ ئۇچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى ئىچىدە 80 جىلدلىق سۇترا ئەڭ مۇكەممەل بولۇپ، توغرا، راۋان تەرجىمە قىلىنغاچقا كەڭ تارقالغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. دېمەك، يۇچاۋ ئۆز قېنى بىلەن يېزىپ چىققان سۇترىدا بۇددو خابخادرا ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى غەيرىي دىندىكىلەر بولۇپ، بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇتخانىلىرى ناھايىتىمۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەن. بۇتخانا ئىچىدە بۇتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر قىسمى يېڭى ياسالغان، بەزىلىرى كونا بۇت ئىكەن. ئىبتىكاپىنىڭ ئالدىدا بىردىن ئۇلار ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدىغان بۇدساتۋا ـ ساكىيامۇنىنىڭ ھەيكىلى بار ئىكەن». «بىز قومۇل دېگەن شەھەرگە كەلدۇق، بۇ شەھەردە ئەمىر پەخرىدىن ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن. مەسچىتنىڭ قارشىسىدا غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ سالغان ناھايىتىمۇ چوڭ بىر بۇتخانىسى بار ئىكەن. بۇتخانىنىڭ ئىچىدە ناھايىتىمۇ چوڭ بىر بۇت بار ئىكەن. بۇ چوڭ بۇتنىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىدە نۇرغۇن ئۇششاق بۇتلار بار ئىكەن. چوڭ بۇتنىڭ ئالدىغا ناھايىتىمۇ نەپىس قۇيۇلغان ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. بۇتخانىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرى ناھايىتىمۇ نەپىس سىزىلغان بولۇپ، بۇ رەسىملەرنىڭ كۆركەم ـ رەڭدارلىقى بۇ رەسىملەرنىڭ ناھايىتىمۇ پىشقان ماھىر رەسساملارنىڭ قولىدا سىزىلغانلىقىنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇتخانىنىڭ ئىككى قاناتلىق دەرۋازىسىغا ئىككى ئالۋاستىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان كۆرۈنۈشتىكى رەسىملىرى سىزىلغانىكەن. ماڭلى تېمۇر بايىر دېگەن چېچەن ياش يىگىت قومۇلنىڭ ھاكىمى ئىكەن». يۇقىرىقى بايانلار تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشتىن ئاۋۋال بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دىنىنىڭ ۋاقىتىنچە بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

غوجا غىياسىدىنىنىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسى بىزنى يەنە 14 ـ 15 ـ ئەسىردىن ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئىپ- لىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن تارىخىي يىپ ئۇ- چى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، سۇلتان ئۇۋەيس خاننىڭ پائا- لىيەتلىرى ۋە ئاقساق تۆمۈرنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا باس- تۇرۇپ كىرىش ۋەقەلىرى ھەمدە مۇشۇ دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي پائالىيەت رايونلىرى قاتارلىقلار.

# جياڭ جيېشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

خۇاڭ جيەنخۇا

ئاساسىي مەزمۇنى: 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئىلىدا پارتلىدى، كېيىنكى يىلى 9 ـ ئايغىچە تارباغاتاي، ئالتايلارغىچە كېڭەيدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تۈرلۈك نەيرەڭلەر بىلەن تاقابىل تۇردى. بۇ ماقالىدە جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زەربە بېرىش، سۆھبەتلىشىش، نەسىھەت قىلىش نەيرەڭلىرى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەتقىق قىلىنىدۇ.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئىلىدا پارتلىدى، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە تارباغاتاي، ئالتايلارغىچە كېڭەيدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ھەر خىل نەيرەڭلەر بىلەن تاقابىل تۇردى. ھازىرغا قەدەر ھېچكىم جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئاساسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىدى، شۇڭلاشقا بۇ جەھەتكە ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن رەتلەنگەن، قېزىلغانلىرى كۆپ ئەمەس. ئاپتور بۇ جەھەتتە بىلىدىغانلىرىنىڭ چاغلىق ئىكەنلىكىگە قارىماي، تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى.

# 1

## 1. ھەرەمباغ ئۇرۇشى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغاشقا رەھبەرلىك قىلغان «ئازادلىق» تەشكىلاتى باش قاتۇرۇپ پىلانلىدى ۋە تەشكىللىدى، ئالدى بىلەن غۇلجىغا 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان نىلقا ناھەيىسىدە چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلجىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ 1600 دىن ئارتۇق ئادىمى قوزغىلاڭنى باستۇرغىلى ئاتلاندى، شۇ سەۋەبتىن غۇلجىنىڭ شەھەر مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىشىپ يەككە - يېگانە تايانچ پۇنكىتلارغا چېچىلىپ كەتكەن 1500 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنلا قېپقالدى. «ئازادلىق» تەشكىلاتى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاممىنى گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىشقا تەشكىللىدى، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ئىشغال قىلىنىۋېلىندى، گومىنداڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ھەرەمباغ ئەتراپىغا چېكىنىپ مۇداپىئە كۆردى. جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بىلدۈرگەن تۇنجى ئىنكاسى قوراللىق باستۇرۇش بولدى، ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭغا «پۇتۇن كۈچى بىلەن» غۇلجىغا «ئەسكىرىي كۈچ توپلاپ»، قوزغىلاڭنى «بالدۇرراق تىنچىتىش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى[①].

جۇ شاۋلياڭ غۇلجىغا ياردەم بېرىشكە بەش يولدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. جياڭ جيېشى بۇ تەدبىرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ،

---

① زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)گە قاراڭ. ۋۇ جۇڭشىننىڭ خاتىرىسىگە نۇرغۇن تېلېگرامما، خەت - ئالاقە، دوكلاتلارنىڭ كۆچۈرۈلمىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن نامى بارلىرىغا ئەسلىدىكى نامى بويىچە ئىزاھات بېرىلدى، نامى يوقلىرىغا ئاپتور تەرىپىدىن خەت - ئالاقە ۋە تېلېگراممىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنىش - تارقىتىلىش مۇناسىۋىتىگە ياكى مەزمۇنىغا ئاساسەن نام قويۇلدى.

جۇ شاۋلياڭغا غۇلجا ئەتراپىغا توپلانغان ئەسكىري كۈچنى پائال ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللەپ، «غۇلجا، سۈيدۈڭلەرنى قايتۇرۇۋې-لىش»، بۇنىڭ ئىلاجى بولمىسا، «ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر سۈپىد-تىدە غۇلجىدا تىركىشىپ تۇرۇش»؛ يۆتكەلمىگەن قىسىملار ئۇ-رۇمچىدىن يۇمىنگچە بولغان تاشيول مۇداپىئەسىنى مۇستەھ-كەملەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جايلارغا كاپالەتلىك قىلىپ، «ۋەقە»نىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئايرودروملاردا تېزلىكتە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرد-نى ياساپ، «بىخەستەلىك قىلىپ قولدىن بېرىپ قويماسلىق زۆ-رۈر»لۈكى ھەققىدە يوليورۇق بەردى[①].

ھەرەمباغقا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن بەش يول قوشۇننىڭ ئۈچى تەگرىتاغ داۋىنىنى قار - مۇز قاپلاپ كەتكەچكە، يولغا چىقالمى-دى، باشقا ئىككى يولدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارمۇ پار-تىزانلارنىڭ شىددەتلىك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. جياڭ جيېشى ئىلىنى «تىنچىتىش»تىن ئۈمىدىنى ئۈ-زۈپ، غۇلجىدا «تىركىشىپ تۇرۇش»تىن ئىبارەت «ئۇزاق مۇددەت-لىك تەدبىر»گە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇ شاۋلياڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن غۇلجىغا بېرىپ غۇلجا ئاسمىنىدا تۇرۇپ، مۇداپىئەدە تۇ-رۇۋاتقان قوشۇنلاردىن جياڭ جيېشى نامىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى[②]. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جياڭ جيېشى شەخسەن ئۆزى ھەرەمباغدىكى قوشۇنلارغا «ستا-لىنگراد روھىنى بېسىپ چۈشكۈدەك روھ بىلەن ئاداققىچە چىڭ

---

① «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا ئەۋەتكەن خېتى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرد-لىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)گە قاراڭ.

② ۋاڭ يۈنۋۇ تۈزگەن «مىنگو دەۋرىدىكى گېنېرال جۇ شاۋلياڭنىڭ تەرجىمىھا-لى» (تەيۋەن سودا باسمىخانىسى 1981 - يىل نەشرى) 36 - بەت.

تۇرۇش» ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى[1]. پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئامما سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشىغا ئېرىشتى[2]، ئۇلار زېنىت پىلىموت ئارقىلىق غۇلجا ھاۋا بوشلۇقىنى قامال قىلدى، گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن تەمىنات تاشلاپ بېرىش ئۇچۇن يېقىنلىشىشقا ئىلاجسىز قالدى، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلار ئوق - دورا ۋە ئوزۇق - تۈلۈكتىن ئايرىلىپ قالدى. ھەرەمباغ تايانچ پونكىتى شىددەتلىك توپقا تۇتۇلدى،

---

① «قۇرۇقلۇق ئارمىيە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 2 - جۇنى قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» (ش ئۇ 514 - نومۇرلۇق)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى)گە قاراڭ.

② سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغانلىقىغا ئائىت پاكىتنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇن ماتېرىياللار بار. ئەينى ۋاقىتتا ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان 29 - جىتۇەنجۇننىڭ باش قوماندانى لى تيېجۇن مۇنداق دەيدۇ: «ئېنىقلىنىشىچە، باندىتلار ئىچىدىكى بەنجاڭدىن يۇقىرى كوماندىرلار ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بولغان ئاساسىي قوشۇنلارنىڭ ھەل قىلغۇچ جېڭى يۈز بەرگەن جايلاردا سوۋېت قوشۇنلىرى ۋە ئىنتايىن رەتلىك، خىل ئاتلىق ئەسكەرلەر تالاي قېتىم كۆرۈلگەن» («لى تيېجۇننىڭ 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خېتى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى)گە قاراڭ). 1949 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىغا بېرىپ ئۇرۇنلاشقان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈننىڭ يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «1944 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە گومىنداڭنىڭ بىر ئاساسىي كۈچى ئىلى ئەتراپىدا يوقىتىلغان، ئەمەلىيەتتە، بۇ جەڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدىتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن قوزغىلاڭچى ئامما قىلغان، غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلارمۇ تامامەن مىللىي ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن» (دېڭ لىچۈن: «شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە — جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بىر سەھىپە»، «يېقىنقى زامان تارىخى» تەتقىقاتى»نىڭ 1989 - يىللىق 5 - سانىغا قاراڭ). 1947 - يىلدىن 1949 - يىلىغىچە غۇلجىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان ج ك پ شىفىر تەرجىمانى پېڭ گوئەنمۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىدىكى ۋەزىيەت ھەققەتەن سوۋېت قوشۇنلىرىغا تايىنىش ئارقىلىق يارىتىلغان» («يولداش پېڭ گوئەننىڭ 1979 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى»دىن، شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى يېقىنقى زامان تارىخى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭدىكى ئىنقىلابلار تارىخىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن زىيارەت ماتېرىياللىرى توپلىمى» (2) نىڭ 1981 - يىلىدىكى شاپىگراف نۇسخىسىغا قاراڭ). ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رادىئو ئارقىلىق مۇنداق خەۋەر تارقاتقان: 10 - ئايدا سوۋېت ھەربىيلىرىدىن 5000 ى ئاسىيلىق قىلدى، ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار شىنجاڭغا قېچىپ كېتىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش سودا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كاتىپىمۇ سىرتتىكىلەرگە سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلغان ھەربىيلەرنىڭ دېرىكىنى بەرگۈچىلەرگە 200 مىڭ رۇبلى ئىنئام قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان («زۇڭسەيگە مىنگونىڭ 33 - (چوشقا) يىلىنىڭ بېشىدا ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىسى»دىن، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)گە قاراڭ.

«ئادەتتە كۈنگە ئىچىلىدىغان توپ ئوقى بىرنەچچە مىڭ پايىغا يېتىدۇ»[1]. «ئوزۇق مۇددەتلىك تەدبىر»نى ئوزۇق مۇددەت داۋاملاشتۇرغىلى بولماي قالدى، 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جياڭ جيېشى مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىشنى تەستىقلىدى[2]. قالدۇق قوشۇنلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش جەريانىدا يوقىتىلدى.

ھەرەمباغ قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى دەردىنى ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلاردىن ئېلىپ، ئۇلارنى «قورقۇنچاق، يارىماسلار» دېدى. ئۇ جۇ شاۋلياڭدىن «ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قىسىملاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل كوماندىرلارنى جۇڭجاڭدىن تارتىپ تۇەنجاڭ، يىڭجاڭغىچە قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالاش، بولۇپمۇ، شىجاڭ ۋە تۇەنجاڭلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، دەرھال ھەربىي سوتنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئىجتىھاتسىز ۋە جاسارەتسىزلەرگە ئىبرەت قىلىش»نى تەلەپ قىلدى[3].

2. ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش

جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى خەلق ئىنقىلابىلىرىغا بېرىدىغان مەدىتىنىڭ ئىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇ ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى تەستىقلىغان كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازدى: ناۋادا رۇسىيە شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئارد-

---

① «قۇرۇقلۇق ئارمىيە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 2 ـ قوماندانلىق شىتابىنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» (ش ئۇ 514 ـ نومۇرلۇق).

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)؛ خۇشىڭ: «غۇلجىدىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش جەريانى» (1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

③ «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن خېتى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

لىشىش سىياسىتىدىن ۋازكەچمەيدىكەن، «ئۇ هالدا، مېنىڭ ياپو-
نىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئومۇمىي جەھەتتىن
ھەل قىلىنىشىنى ساقلاپ تۇرۇشۇمغىلا توغرا كېلىدۇ، خالاس.
بىراق، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، قومۇللارنى چىڭ ساقلاش
كېرەككى، بۇلاردىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا،
كەلگۈسىدە پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سېلىنىدۇ»[①].
2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇ جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن خېتىدە بۇ
ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى كونكرېت ئىزچىللاشتۇردى: شۇ
تاپتا شىنجاڭ توغرىسىدىكى پىلاندا مۇھىم تايانچ پونكىتلارنى
قولدىن بەرمەي چىڭ ساقلاپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە قايتۇرۇۋېلىش
بازىسى قىلىشقىلا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا ئومۇمىي ۋەزىيەت زورمۇ
زور ساقلاپ قېلىنماقچى بولىدىكەن، ئۇ هالدا، جەزمەن پۈتۈن
شىنجاڭ قولدىن كېتىپ ئوڭشىۋالغۇسىز ئەھۋال كېلىپ چىقى-
دۇ. جەنۇبىي شىنجاڭغا مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ بېسىپ كىرىپ
پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئانچە ئەندىشە قىلىشنىڭ هاجى-
تى يوق، چۈنكى بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كى-
رىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن ئانچە ئەنسىرىمەيدۇ. ھېچ
ئىلاجى بولمىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا ئاز ساندىكى تايانچ پون-
كىتلارنىلا ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارغا شەھەرنى قوغداش ئىرادىسى
بار خىل قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالاھىدە تەمىنات-
تىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك، ئادەم سانىنى هاۋا ئارقىلىق يەت-
كۈزۈپ بېرىلىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئوق ـ دورا مىقدارى بو-
يىچە بەلگىلەش لازىم، باشقا كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى ئارقا
سەپكە يۆتكەپ، تۈپ ئاساسنى مۇستەھكەملەش كېرەك. جىڭنىڭ
غەربىدىكى قىسىملارنىمۇ مۇۋاپىق سۈرئەتتە جىڭ، شىخو ئەترا-

① جياڭ جيېشىنىڭ 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتى-
رىسى، خۇاڭ رېنيۇ (ئامېرىكا)نىڭ «جياڭ جيېشىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى جۇڭ
تارىخىي تۇرغۇدىن ئوقۇغاندا» دېگەن ئەسىرى (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-
يىسى نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى) 400 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

يىغا چېكىندۈرۈپ، مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. شۇ تاپتا يېقىن ئەتىياز پەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ تامامەن پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا، شۇڭا بۇنىڭغا پائال تەييارلىق كۆرمەي بولمايدۇ، ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەنسىرەپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بىزدە پەقەت مۇئەييەن تەدبىر ۋە مۇئەييەن كۈچ بولسا، چاما يەتمەيدىغان پىلان تۈزۈلمىسىلا كۇپايە. چۈنكى بەلگىلىك نەرسىدىن ۋاز كەچكەندىلا، تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆپ نەرسىگە ئىگە بولىمىز دەپ كۈچ بۆلۈنۈپ كەتسە، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماي قالىدۇ، خالاس[①].

جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي پىلانىغا ئاساسەن، تېزلىكتە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا مۇداپىئە خاراكتېرلىك يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى: جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى جىڭغا چېكىندۈرۈپ مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ[②]، ئۇنى ئۈرۈمچىنى قوغداپ مۇھاپىزەت قىلىشتىكى بىر توسۇق قىلدى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى كۆكتوقاي، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى چېكىندۈرۈپ، سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى)، بۇرۇلتوقايلارنى قوغداشقا ئاز ساندىكى ئەسكىرىي كۈچنى قالدۇردى، چېكىندۈرۈپ چىققان ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى گۇچۇڭ، قۇتۇبى، ماناس، شىخولارنىڭ كۈچىنى زورايتتى[③]. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن ئۆزگەرتىلمىدى، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قىسىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئىلگىرى

① «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭغا يازغان خېتى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى).

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى).

شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا بولغان قىسىملار بولۇپ، قورال ـ ياراغلىرى كونا، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ جيېشى شىنجاڭدا ئۇرۇش تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ 10 شىسى بار ئىدى[1]، قىسىم شتاتى يېتەرلىك بولمىغاچقا[2] ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچ 40 مىڭغا يەتمەيتتى[3]. جياڭ جيېشى چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭنىڭ ئىككى شى ئاتلىق ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى قارار قىلدى[4]، ئۇ بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇرۇش قىلغۇچى زاپاس كۈچنى كۈچەيتمەكچى ئىدى. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى بىپايان چۆللۈك ئايرىپ تۇراتتى، ھەربىي تەمىنات ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدىغان يېتەكچى ئامىل بولۇپ قالغانىدى، جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ قاتناش، ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قاتناش مىنىستىرى يۈ فېيپېڭنى ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم ئەۋەتتى. يۈ فېيپېڭ شىنجاڭغا 255 ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ بەردى، جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنىڭ ھەر خىل سىستېمىلىرىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان

① يۈ فېيپېڭ قاتارلىقلار: «ھەربىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ترانسپورت باش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس» (1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدار قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى).

④ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى). جياڭ جيېشى 1945 ـ يىل 1 ـ ئايدا ما بۇفاڭنىڭ ئىككى شى ئاتلىق ئەسكىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى قارار قىلغانىدى، بىراق ما بۇفاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىدىن قورال ـ ياراغ، خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ما بۇفاڭنىڭ قىسىملىرى 9 ـ ئايدىن كېيىنلا شىنجاڭغا كەينى ـ كەينىدىن كىردى.

شىنجاڭ تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئىلتى-
ماس سۇندى[1]. ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كېلىدىغان بىر-لا
تاشيول — لەنجۇ - ئۈرۈمچى تاشيولى بار ئىدى، ناۋادا بۇ تاش-
يول قولدىن كېتىپ قالسا، شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يۆلى-
شىدىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. جياڭ جيېشى جەنۇبىي
شىنجاڭدا بىرى ئەنشىدىن چاقىلىق ئارقىلىق قاراشەھەرگە بار-
غىلى بولىدىغان، يەنە بىرى ئەنشىدىن يۇمېن قوۋۇقى ئارقىلىق
تۇرپانغا بارغىلى بولىدىغان تاشيول ياساش، ئۇنى 1945 - يىلى 8 -
ئايغىچە پۈتكۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى[2]. شىمالىي
شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋەزىيەت خېلىلا جىددىي ئىدى، كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدىكى شەھەرگە ئايلىنىپ قالسا، شىن-
جاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى جەزمەن ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي
شىنجاڭغا يۆتكىلەتتى، جياڭ جيېشى يۆتكىلىش جەريانىدا كۆرۈ-
لىدىغان سىياسىي قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭ
مەمۇرىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈ-

---

① بۇ فېيپېڭ قاتارلىقلار: «ھەربىي ئېھتىياجقا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن ئۈ-
رۈمچىدە ترانسپورت باش باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس»
(1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى). بۇ فېيپېڭ، جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلار
1945 - يىل 1 - ئايدا بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا شىنجاڭدا تەمىنات باشقارمىسى تە-
سىس قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى، جياڭ جيېشى بۇ ئىلتىماسنى تەستىق-
لىدى. ئەمما ئالاقىدار تارماقلار تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئۇرۇش ترانسپورت ئىدا-
رىسىگە ياكى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە تەۋە بولىدىغانلىقى ئۈستىدە بىر - بىرى-
گە دۆڭگىدى، كېيىن جياڭ جيېشى ئۇنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇ-
شىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېيىم چىقاردى. شىنجاڭ تەمىنات باشقارمىسى
1945 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلدى.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 5 -
ئاينىڭ 2 - كۈنى) جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ ئەنشىدىن چاقىلىق ئارقىلىق
قاراشەھەرگە بارغىلى بولىدىغان بۆلىكىلا ياسالدى، قول ئۇچىدا ياسالغان بۇ تاشيولدا
1946 - يىلى 1 - ئايدا زورمۇزور قاتناش باشلاندى.

شۇردى①. جياڭ جيېشى بىر مەزگىلدە يەنە ئۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن شىنجاڭدا ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن ھەربىي - مەمۇرىي ۋەزىپىنى قوشۇپ ئۈستىگە ئېلىش ئۈستىدە ئويلاشقانىدى②.

جياڭ جيېشى مۆلچەرلىگەن ئەتىياز پەسلىدىكى «مالىمانچىلىق» يۈز بەرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ستالىن جۇڭگونىڭ قولدىن كەتكەن ئېلىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى «قانۇنىي ئارزۇ» دېدى③.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ئىلگىرىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇ شاۋلياڭغا «ئالتاينى چوقۇم مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش» لازىملىقى ھەمدە

---

① «جياڭ جيېشى نامىدىن ۋۇ جۇڭشىنغا ئەۋەتىلگەن تېلېگرامما» (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)گە قاراڭ. 1945 - يىل 4 - ئايدا جياڭ جيېشى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، مەمۇرىي مەھكىمە ئورنى ۋە مۇدىرىنىڭ نامزاتىنىمۇ تاللاپ بېكىتتى. ئەمما كونكرېت يولغا قويۇش ۋاقتىدا، ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش تەكلىپىنى بەردى. ئۆلكىنى بۆلۈش تەكلىپى گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا رەت قىلىندى، بىراق جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش ئىشى قويۇپ تۇرۇلدى. كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبىتى نەتىجىسىدە شىنجاڭدىكى تىنچ ۋەزىيەتكە ئاساس سېلىنغانلىقتىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ ئۈستىگە مەمۇرىي مەھكىمە تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش ئىشى قېلىپ قالدى.

② جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋەزىپىسىنى ۋۇ جۇڭشىننىڭ قوشۇپ ئۈستىگە ئېلىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى، بۇ ئىش ۋۇ جۇڭشىننىڭ قوماندان بولغۇسى يوقلۇقى تۈپەيلىدىن قېلىپ قالدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)گە قاراڭ.

③ چىن شياۋيى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ 1 - قىسمى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى» 3 - قىسىم «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) (تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردە «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» دەپ ئېلىندى) 618 - بەت.

ئالتاي بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى ئەرتەينى قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى[1]. ئەرتەي گۇچۇڭدىن ئالتايغا بېرىشتىكى مۇھىم قاتناش يولى ئىدى، ئەرتەينى قايتۇرۇۋېلىش جياڭ جيېشىنىڭ ئالتاينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتىن ھەربىي تەمىنات لىنىيىسى ئاچماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جياڭ جيېشى يەنە جۇ شاۋلياڭغا چىڭخەيدىكى ئىككى شى ئاتلىق ئەسكەر شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا تەييارلىق كۆرۈش لازىملىقىنى تاپىلىدى[2]. جياڭ جيېشى تازا كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئويلاپ باقمىغان ئىش يۈز بەردى.

### 3. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ئومۇمىي سەپ بويىچە ھۇجۇم قوزغىدى، جياڭ جيېشى شىمالىي شىنجاڭدا قۇرغان چۆچەك مۇداپىئە سېپى بۇزۇپ تاشلاندى — تارباغاتاي ۋالىيسى پىڭ رۇڭ ئەمەلدار ـ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇرۇش قىلماي قېچىپ كەتتى. چۆچەكنىڭ قولدىن كېتىشى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى، بەزىلەر جەڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، شىخونىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنى تەشەببۇس قىلىشتى، بەزىلەر ئالدى بىلەن ئالتايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىشتى، «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چېكىنىش»نى تەشەببۇس قىلغانلارمۇ بولدى. قىسقىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ئالاقزادە بولۇپ، چىڭ ساقلاش ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالدى. جياڭ جيېشى «مەيلى جىڭ بولسۇن، ئالتاي بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنى چىڭ ساقلاش شەرت، چېكىنىشكە بولمايدۇ» دەپ

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى).

② يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

بۇيرۇق چۈشۈردى[1]. جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىنغا ئۆز قولى بىلەن مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردى: «جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقلارنىڭ زېمىننى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ناۋادا بۇ باشلىقلاردىن خىزمىتىنى ئادا قىلماي، ئۆز ئالدىغا چېكىنىدىگەنلەر بولسا، تامامەن ئۆز جايىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى لازىم. شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارغا شەھەر بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدىغان قەتئىي نىيەتكە كېلىش، ئۆز بۇرچىنى ئەلا بىلىش، دۆلەت زېمىنىنى قوغداشنى مۇھىم بىلىش ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈش كېرەك»[2].

جياڭ جيېشى ئورۇنلاشتۇرغان چەت ـ ياقا ھەربىي تايانچ پونكىتلىرى چۆچەك، سارسۇمبە قاتارلىق جايلار كەينى ـ كەينىدىن قولدىن كېتىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش جىڭ، شىخو ئەتراپىغا مەركەزلەشتى. جياڭ جيېشى جىڭ، شىخولارنى ئۇرۇمچىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان توسۇق قىلىپ، بۇ جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا 12 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق يىرىك ھەربىي كۈچ ئورۇنلاشتۇردى. ئىلى مىللىي ئارمىيىسى بۇ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئاساسىي كۈچىنى جەڭگە قاتناشتۇردى، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ھەربىي قوشۇن، ئايروپىلانلىرىنى چىقىرىپ ياردەم بەردى[3]. ئۇلار 8 ـ ئايدا ئالدى بىلەن جىڭنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى شىخوغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن كېيىن جىڭغا ھۇجۇم باشلىدى، 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىخونى

---

① ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى).

② «زۇڭسەينىڭ 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۆز قولى بىلەن چۈشۈرگەن بۇيرۇقى» (1945 ـ يىل)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

③ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇن ئەۋەتىپ جىڭ، شىخو ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرغانلىق پاكىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، «رادىئودا ئىككى تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر، 20 ئايروپىلاننىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغانىدى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

ئالدى، شىخونىڭ غەربىدىكى جىلغ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. جياڭ جيېشى ئەمدى جىڭنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا جىڭدىكى قوشۇنلارغا «جىلغ ساقلاشقىلا بولىدۇ»، «چېكىنىشكە بولمايدۇ»، «بارلىق قىدىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرقى بەش مىنۇتنى قولىغا كەلتۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى[1]. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جىڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوشۇنلار چېكىنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئۇنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: «جىڭدىكى قىسىملار مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئۆز ئالدىغا چېكىنىپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلار چېكىنگەندىن كېيىن، پۈتۈن قوشۇن يول ئۈستىدە يوقىتىلىپ، زادىلا قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈمىدى بولماي قالىدۇ». جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى تولىمۇ روشەن ئىدى، چېكىنىپ يول ئۈستىدە قىرىلىپ كەتكەندىن كۆرە سەپتە چىڭ تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى كېچىكتۈرگەن ياخشى.

4. ئۈرۈمچىنى چىڭ ساقلاش تەييارلىقى

جياڭ جيېشى مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان جىلغ ـ شىخو مۇداپىئە لىنىيىسى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنى چىڭ ساقلاش يولىدىكى ھەربىي پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ شىنجاڭغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىككى شى چىڭخەي ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئالدىراتتى؛ 5 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گو جىچياۋنى «8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى» دېگەن نام بىلەن يۆتكەپ، ھەربىي ئىشلارغا «ياردەملىشىش»كە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، ئەمەلىيەتتە، گو جىچياۋغا ئۈرۈمچىنى قوغداش جېڭىنى تەشكىللەتكۈزمەكچى ۋە قوماندانلىق قىلغۇزماقچى؛ ھەربىي كومىتېت سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭغا

[1] گوچى: «قانغا بويالغان قۇملۇق» (تەيۋەن شېڭۋېن كىتابخانىسى 1986 ـ يىل نەشرى) 96 ـ بەت.

«ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش»، «كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خا-
تىرجەم قىلىش»قا ئەۋەتتى①؛ كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولۇپ
كەتكەن «شىنجاڭدىكى ھەربىيلەر ۋە پۇقرالارنىڭ باش ئەمەلدار-
لىرى» جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا «سوغۇققانلىق بىلەن چىڭ
تۇرۇڭلار» دەپ تەسەللى بەردى، ئۈرۈمچىنى ساقلاپ قالالايدىغان
بولسىلا، «ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ»غانلىقىنى ئېيتتى②؛ ۋۇ
جۇڭشىنغا كىشىلەر كۆڭلىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ قويماسلىق
ئۈچۈن ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى «چۇڭچىڭغا كېلىشنى ۋاقتىنچە
كەينىگە سۈرۈش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى③؛ شىنجاڭدىكى
قىسىملارغا ئۆز جايىنى چىڭ ساقلاش، «ئۆز ئالدىغا يۆتكىلىشكە
بولمايدۇ»غانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى④؛ جۇ شاۋلياڭ،
ۋۇ جۇڭشىنلارغا ھەرقانداق ئادەم بۇيرۇق ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئال-
دىغا چېكىنسە، ھەل قىلغۇچ پەيتتە جەڭ مەيداندىن قاچقانلىق
جىنايىتى بىلەن جەزمەن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەر دەرى-
جىلىك ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلارغا بۇيرۇق يەتكۈزۈشنى قايتا -
قايتا ئۇقتۇردى⑤؛ جاڭ جىجۇڭدىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتا ئىجتى-
ھاتسىزلىق قىلغان 29 - جىتۈەنجۈنىنىڭ باش قوماندانى لى
تيېجۈندىن كۈتىدىغان «ئۈمىد»نى يەتكۈزۈپ قويۇشنى، «ئۇنىڭ-
غا غەلىبە قازىنىش يولىدا قۇربان بولۇش روھى بويىچە جەڭ
مەيداندا ھايات - ماماتتا بىللە بولىدىغان قەتئىي نىيەتكە كې-
لىپ، ئۈرۈمچىنى قوغداش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش»نى تەلەپ

---

① جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» (2 - قىسىم) (تارىخىي ماتېرى-
ياللار نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى) 418 - بەت.

② «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى».

③ «ۋېييۈەنجاڭنىڭ چۇڭچىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى)گە قاراڭ.

④ «ۋېييۈەنجاڭنىڭ چۇڭچىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)گە قاراڭ.

⑤ «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى».

قىلدى[1].

ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئەسكىرىي كۈچ ئاران ئالتە يىڭ ئىدى، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قىسىملار تېخى 10 كۈنلۈك يىراقلىقتا بولۇپ، دەماللىققا جانغا ئەسقاتمايتتى، ناۋادا ئىلى مىللىي ئارمىيىسى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ قالسا، گومىنداڭنىڭ بىچارە قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان ماناس دەرياسى مۇداپىئە لىنىيىسى بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايتتى. ئەمما ئىلى مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمدىن ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەگە ئۆتكەنىدى، جياڭ جيېشى شىمالىي شىنجاڭدا ساقلاپ قالماقچى بولغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئۈرۈمچى شۇنداقلا خەۋپ - خەتەردىن ئامان قالدى.

## 2

### 1. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش

#### 1) شىنجاڭ - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سۆھبىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

سۆھبەتلىشىش جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوراللىق باستۇرۇشنىڭ دەسلىپىلا تەييارلاپ قويغان نەيرىڭى ئىدى. جياڭ جيېشى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇ شاۋلياڭغا مۇنداق يوليورۇق بەردى: ئىلىدا ئۇرۇش قىلىش ۋاقتىدا، «پىلانىمغا دەخلى يېتىپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسىيە كونسۇلى بىلەن تېز ئارىدا ئالاقە باغلاش ھېلىھەم زۆرۈر». ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇ شاۋلياڭغا مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بۇ داۋمىڭنى شىنجاڭ - سوۋېت دىپلوما-

① «جاڭ جىجۇڭنىڭ جياڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)گە قاراڭ.



تېيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشتۈرگىلى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى[①].

جياڭ جيېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بەرگەنلىكىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇداۋمىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قىلغان سەپەرىنىڭ مەقسىتىمۇ يېڭىلىنىپ تۇردى. ئۇ بۇ داۋمىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئۈستىدە كېڭىشىشنى ھەمدە چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىش، سۆھبەتنىڭ «غۇلجا توپىلىڭى»غا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ـ كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆزىتىشنى، ئاندىن كېيىن شىنجاڭنى تۇزەشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى فاڭجېنى سۇپىتىدە پۇتكۇل شىنجاڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى[②]. جياڭ جيېشى يەنە جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭ-

① «زۇڭسەينىڭ تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

② «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا يازغان خېتى» (1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

شىنلارغا مۇنداق دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى: «رۇسىيىگە قارىتىلغان دىپلوماتىيىنى شۇ جايدا ئېلىپ بېرىش كېرەك، ناۋادا بۇنىڭدىن سەللا ئۈمىد بولىدىكەن، زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە يول قويۇشقا بولىدۇ»①.

بۇ داۋمىڭ 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېف بىلەن چېكىپ بېقىش غەرىزىدە ئۇچراشتى. يېۋسېيېف ئىلىدىكى «ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىنى ئالغان قوزغىلاڭ»نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى②. يېۋسېيېف بۇ داۋمىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ ـ سوۋېت سودىسى لايىھىسى توغرىسىدا توختالغىنىدا، بۇ سودا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا خەلق كومىسسارىياتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگىنى ئوتتۇرىسىدىلا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، «ھەمكارلىشىش دائىرىسى تولىمۇ تاردەك قىلىدۇ» دەپ قارىدى، ئۇنىڭ شەخسەن قارىشىچە، جۇڭگو تەرەپ «شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۈستىدە»، «كونكرېت پىكىرنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم» ئىكەن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «سۆھبەتلىشىدىغان نۇقتا مەسىلىسى» توغرىسىدا ھوقۇق بەرمىگەن③.

مەمۇرىي كېڭەش باشلىقى سۇڭ زىۋېن بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسېيېف بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالا-

---

① «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋلياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا يازغان خېتى» (1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى).

② «بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسېيېف بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

③ «بۇ داۋمىڭنىڭ يېۋسېيېف بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

قىدار تارماقلاردىكى خادىملارنىڭ يىغىنىنى چاقىردى، بۇ يىغىندا
«شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت سودىسى ۋە ئىق ـ
تىسادىي ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپ» كېڭىشىش ئارقى ـ
لىق تۈزۈپ چىقىلىپ، جياڭ جېيشىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلى ـ
شىغا سۇنۇلدى. بۇ تەكلىپ ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى:
(1) سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان سودىدا شىنجاڭ ئۆلكىسى باش ـ
قۇرۇشنى پرىنسىپ قىلىش، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلماسلىق
كېرەك. (2) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسى توغرىسىدا: (A)
شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى مەر ـ
كىزىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا بەلگىلەنگەن
تاشقى مەبلەغنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە جۇڭگو ـــ
سوۋېت ئىككى دۆلەت بىرلىكتە تەشكىللىشى كېرەك؛ قېزىلما
بايلىقلارنى قېزىشتا ئىككى تەرەپنىڭ مەبلىغى تەڭ يېرىمدىن بو ـ
لۇشى، مەمۇرىي خادىملاردا جۇڭگو تەرەپ بىرىنچى ئورۇندا، سو ـ
ۋېت تەرەپ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشى، تېخنىكا خادىملىرىدا
سوۋېت تەرەپ بىرىنچى ئورۇندا، جۇڭگو تەرەپ ئىككىنچى ئو ـ
رۇندا تۇرۇشى، بوغالتىرلىقنى ئىككى تەرەپ ئەۋەتكەن خادىملار
بىرلىكتە ئىشلىشى لازىم. (B) مايتاغ نېفىت كانىنى سوۋېت تە ـ
رەپنىڭ جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كې ـ
لىشىم ئىمزالاندى، بۇنىڭغا دائىر ئىشلارنى يېڭى كېلىشىم بو ـ
يىچە ئىشلەش كېرەك. ئەمما جۇڭگو تەرەپ تېخنىكا جەھەتتىكى
ھەمكارلىقنى قارشى ئالىدۇ ھەمدە بىر قىسىم خام نېفىتنى سو ـ
ۋېت تەرەپكە سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. (C) يېنىك سانائەت
جەھەتتىكى ھەمكارلىقتا ئىككى تەرەپ زاۋۇت قۇرۇش ئۈستىدە
ھەر ۋاقىت كېڭەششە بولىدۇ[1]. سۇڭ زىۋېن 1945 ـ يىل 1 ـ
ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ تەكلىپنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۇڭچىڭدا
تۇرۇشلۇق سودا ۋاكالەتچىسى سكوسسوفقا يۈز تۇرانە تاپشۇردى،

① «زۇڭسەينىڭ مەخپىي تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

«سوۋېت تەرەپ جاۋاب بەرمەي تاشلاپ قويدى»①.

2) «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» توغرىسىدىكى سۆھبەت

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ـ سوۋېت سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالىمىغانلىقى جياڭ جيېشىغا جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يۆنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بەلگىلەپ بەرگەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئامالسىز ماسلىشىشقىلا توغرا كېلىدىغانلىقىنى تونۇتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسى جەھەتتىكى تىنچلىق دىپلوماتىيىسى تىرىشچانلىقلىرىدىن ۋاقىتىنچە ۋاز كەچتى. جياڭ جيېشى 1945 ـ يىل 6 ـ ئايدا ستالىنىنىڭ ئامېرىكا رۇزۋېلتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى خوپكىنىسقا ئۆزىنىڭ مانجۇرىيە، شىنجاڭغا نىسبەتەن زېمىن تەلىپى يوقلۇقىنى، جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولدى؛ شۇنىڭ بىللە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ مەخپىي ئىمزالىغان «يالتا كېلىشىمى»نىڭ جۇڭگوغا ئالاقىدار قىسىم ـ ماددىلىرىدىنمۇ ۋاقىپ بولدى.

جياڭ جيېشى ستالىن بىلەن «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ئۈستىدە سۆھبەت باشلاش ئۈچۈن سۇڭ زىۋېن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى موسكۋاغا ئەۋەتتى. ئۇ، ئەمەلىيەتتە، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يالتا كېلىشىمىنىڭ جۇڭگوغا ئالاقىدار قىسمىدىكى ماددىلىرىنى جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە شەكلى ئارقىـ

① «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى» (تەيۋەندىكى «جۇڭخۇا مىنگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى» تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان، 1950 ـ يىل نەشرى) 140 ـ بەت.

لىق قوبۇل قىلماقچى ئىدى. جياڭ جيېشى مۇنداق دەپ قارايت-
تى: جۇڭگونىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ
قىلغانلىقى «ئەڭ زور قۇربان بەرگەنلىك» ھېسابلىنىدۇ. «ناۋادا
دۆلىتىمىز ئىچىدە (شەرقىي شىمال بىلەن شىنجاڭ شۇنىڭ ئى-
چىدە) ھەقىقىي بىرلىككە كېلىش ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشقان،
بارلىق زېمىن، ئىگىلىك ھوقۇق ۋە مەمۇرىي ئىشلار ھەقىقەتەن
كەم - كۇتىسىز تولۇق بولغان چاغدا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ
مۇستەقىللىقىنى، ئېھتىمال، ئويلىشىپ كۆرگىلى بولار»،[①] ستا-
لىن جياڭ جيېشىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى
ئېتىراپ قىلىش شەرتىگە يازما كاپالەت بېرىشكە ۋەدە قىلدى. 8 -
ئاينىڭ 14 - كۈنى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق
شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىدە شىنجاڭ مەسىلىسى
توغرىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «شىنجاڭدىكى يېقىنقى ۋەقە-
لەر توغرىسىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق
شەرتنامىسىنىڭ بەشىنچى ماددىسىدا ئېيتىلغىنىدەك، جۇڭگونىڭ
ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى قەيت قى-
لىدۇ»[②].

2. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت

سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئىنقىلاب قىلىشىغا يەنىلا ئەمەلىي مەدەت بېرىۋاتقان بولسىمۇ،
ئەمما «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامى-
سى»دە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي رامكىسى
بەلگىلەنگەن بولغاچقا، جياڭ جيېشىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈش-
تى. جاڭ جىجوڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جياڭ جيېشىنىڭ تاپ-
شۇرۇقى بويىچە ئۇرۇمچىدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بى-
لەن ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش
يۈزىسىدىن يېۋسىيېف بىلەن كۆرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروف 9 - ئاينىڭ 15 -

① «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) 593 - بەت.
② «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە» (2) 655 - بەت.

كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلا-يەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى قورallıq توقۇنۇشنى كېلىشتۈ-رۈپ قويۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىشنى خالايدىغانلىقىنى بىل-دۈردى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىدىن يولىيورۇق سورىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: سوۋېت ھۆكۈمە-تىنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا ياردەم بەرمەكچى بولغانلىقىغا رەھمەت، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، «تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسى» ئۈستىدە جاڭ جىجۇڭ بىلەن كېڭىشىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى ۋە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى سورايمىز. جياڭ جيېشى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى رادىيو نۇتقى سۆزلەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. جياڭ جيېشى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتىنى باشلاش توغ-رىسىدا بۇيرۇق بەردى.

جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشى تەرىپىدىن بېرىلگەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولغان بول-سىمۇ، بىراق ئەمەلىي سۆھبەت داۋامىدا دۈچ كەلگەن ھەرقانداق مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ھەر ۋاقىت جياڭ جيېشىدىن يولىيورۇق سوراپ ۋە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ قارار قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئىككى تەرەپ سەككىز ئايدىن ئارتۇق جاپالىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق «مەركىزىي ھۆكۈ-مەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋە-كىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» ۋە قوشۇمچە ھۆججەت (1)، قوشۇمچە ھۆججەت (2)نى ئىمزالىدى. بۇ «تىنچلىق بىتى-مى»دە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسى بەلگىلەندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش

چارىسىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەزاسى ئىچىدە ئالتە نەپىرىنى ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ تۈەنى ۋە شىنجاڭ ئامانلىقىنى ساقلاش قىسمىنىڭ ئۈچ تۈەنى قىلىپ تۈزۈلىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى، بۇلار شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى ۋە شىنجاڭ ئامانلىقىنى ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدىغانلىقى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت چېگراسىنى ساقلاش ئىشىغا مەركەزنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئاتاقتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى.

### 3

جياڭ جيېشىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى تۈپ سەۋەب شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئېڭىنىڭ ئويغانغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، مەسىلىنى نوقۇل قورال كۈچىگە تايانغان بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن «بارلىق سىياسىي ۋاستىلەر ۋە قولدىن كېلىدىغان ھۈنەرلەرنى ئىشقا سېلىش» ئارقىلىق شىنجاڭنى «بىر ئىلاج قىلىپ ساقلاپ قېلىش» كېرەكلىكى[1]، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئايان بولدى.

① «جياڭ جيېشىنىڭ جۇ شاۋليياڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارغا يازغان خېتى» (1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى).



### 1. ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى قاتلام هاكىمىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن تەلئەت، لىيۇ بىڭيى، گۇاڭلۇلار هۆكۈمەتكە شىنجاڭدا سىياسىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى «مۇنەۋۋەر زاتلار»غا «مۇناسىپ ئورۇن بېرىش»، ھەرقايسى مىللەتلەرگە «باراۋەر مۇئامىلە قىلىش» ئارقىلىق ئىلى تەرەپنى تەشۋىقات جەھەتتىكى باهانە ـ سەۋەبلەردىن مەهرۇم قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى[①]. 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چۇڭچىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلاردىن مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسالارمۇ جياڭ جيېشى شىنجاڭ مەسلىسى ئۈستىدە ئۆزلىرىنى چاقىرتقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىغا «شىنجاڭدىكى بارلىق پارتىيە ـ هۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك خا-

---

① تەلئەت قاتارلىقلار: «غۇلجا ۋەقەسى توغرىسىدا دوكلات» (1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

دىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى نوپۇس نىسبىتى بويىچە يەرلىك خەلق-تىن تەيىنلىنىشى» ھەققىدە تەكلىپ بەردى ھەمدە جياڭ جيېشى-دىن ئۆزلىرىنى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ياساش ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئىشلارنى تىنچىتىش»قا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى[1].

جياڭ جيېشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇۋاپىق ئورۇنغا قويماقچى بولدى، مۇنداق قىلغاندا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتىنى كۆز - كۆز قىلغىلى، شۇنداقلا بۇ ئار-قىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدىكى دىققەت - نەزەرنى مۇجمەللەشتۈرگىلى بولاتتى. بىراق جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋۇ جۇڭشىنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىشى لازىم ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە «ھەممە جەھەتتىن ۋەكىل-لىك قىلىش»قا ئوغلى جياڭ جىڭگونى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى[2]. جياڭ جىڭگو ۋۇ جۇڭشىنغا شىنجاڭدا ھەر مىللەت زاتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىپ ھۆكۈمەت خىزمە-تىگە قاتناشتۇرۇش، يەنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى مەسئۇل خادىملاردا باشقا مىللەتلەر بىرىنچى ئو-رۇندا، خەنزۇلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشى، «مۇشۇنداق قىلماي-مۇ بولمايدۇ»غانلىقى ھەمدە «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن رە-ئىسلىك ئورنىنى تەسىس قىلىش»، بۇ ئورۇنغا باشقا مىللەتلەر-نىڭ «ئابرۇيلۇق زات»لىرىنى «تاللاپ» قويۇش كېرەكلىكى توغ-رىسىدا پىكىر قىلدى[3]. ۋۇ جۇڭشىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى

---

① جۇڭگو 2 - تارىخ ئارخىپ يۇرتى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگونىڭ تارىخ ئارخىپ ماتېرىياللار توپلىمى» 5 - توپلام 2 - قىسىم «سىياسەت (4)» (تۆۋەندە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردە «سىياسەت (4)» دەپ ئېلىنىدى) (جياڭسۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى) 835 - ، 837 - بەتلەر.

② «جياڭ جيېشىنىڭ ۋۇ جۇڭشىنغا يازغان خېتى»، ۋۇ جۇڭشىنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)گە قاراڭ.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى).

ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشنى كېيىنگە سۈرەپ، ناۋادا شىنجاڭدا خادىملارنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، «ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن قىلىشقا توغرا كېلىدۇ»غانلىقىنى ئېيتتى[1]. شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى يەنە چۇڭچىڭدا ۋۇجۇڭشىندىن مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ ۋەزىپە ئۆتىشىگە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى يۈز تۇرانە سورىدى. ۋۇ جۇڭشىن مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش قارا نىيىتىدىن نارازى بولغاچقا، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پانتۈركىزملىق «ناتوغرا ئىدىيە»دىن ۋاز كېچىشىنى ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت قىلدى[2]. جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭدىن يۆتكەش قارارىغا تېخى كەلمىگەن بولغاچقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تارباغاتاي، ئالتايلاردا ئۇرۇش قىلىشى بۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. جياڭ جيېشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش پىلانىنى يەنە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جاڭ جىجۇڭغا «خېلىلا قەتئىي پوزىتسىيە» بىلەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش زۆرۈر، چېگرا رايونلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدۇ، رەئىس ۋە نازىرلارنىڭ مۇئاۋىنى بار بولۇشى كېرەك، رەئىس (نازىر)، مۇئاۋىن رەئىس (مۇئاۋىن نازىر)لىكنى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم زىممىسىگە ئېلىشى لازىم[3]. جياڭ جيېشى 1946 ـ يىل 2 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ قارشى تۇرۇشىـ

① يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى).

③ «چۇڭچىڭدىن بۆلۈم باشلىقى جاڭ ۋېنبەيگە ئەۋەتىلگەن تېلېگرامما»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)گە قاراڭ.

غا قارىماي، مەسئۇدنى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 3 ـ ئايدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىپىلىرىدىن سورىغان ئىستېپاسى تەستىقلاندى، جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە قوشۇمچە تەيىنلەندى. 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن كۆرسىتىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان 15 كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن سورىغان ئىستېپاسى تەستىقلاندى، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

### 2. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقلىرىگە سىياسىي جەھەتتىن يول قويۇلدى

مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى جياڭ جيېشىغا «گومىنداڭ دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى ۋە 1 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدە رۇخسەت قىلىنغان چېگرا رايونلار مۇختارىيىتى (ئاپتونومىيىسى)نى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىشى» ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى[①]. جياڭ جيېشى شىنجاڭدا «مۇختارىيات»نى يولغا قويۇشقا قوشۇلمىدى[②]، ئەمما ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بەلگىلىك مىللىي ھوقۇق بەرمەكچى بولدى[③]. ئۇ جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا،

---

① «سىياسەت (4)» 835 ـ بەت.

② ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى).

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى).

سۆڭ زېۋېنغا ستالىن ئالدىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت-لەرگە «بىرقانچە جەھەتتە يول قويۇش»قا ۋەدە بېرىش توغرىسىدا يول كۆرسەتتى[1]؛ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھ-بىتى ئۆتكۈزۈش ۋاقتىدا، ئۇ جاڭ جىجۇڭ ئىمزالىغان «تىنچلىق بىتىمى»نى يولغا قويۇشنى تەستىقلاپ، «يول قويۇش» ۋەدىسىنى كونكرېتلاشتۇردى.

«تىنچلىق بىتىمى»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇ-رىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ». سايلاش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: «ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى خەلق ناھى-يىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرى-دۇ، ناھىيىلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ»؛ «ۋىلايەتلىك مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ»؛ «ناھىيىلەردە ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكى-لىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قى-لىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇ-نىڭغا ھەمكارلىشىدۇ».

«تىنچلىق بىتىمى»دە يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ھۆكۈمەت خەلققە «تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» بېرىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقى-لىرىدە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان خەت - ئالاقىلىرىدە ئۆز مىللىتى-نىڭ يېزىقىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ باشلانغۇچ مەك-تەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە خەنزۇچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ قوللىنىلى-

[1] «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە (2)» 618 - بەت.

دۇ؛ «ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنىڭ ئەركىن تە-رەققىي ئېتىشىنى تەمىن ئېتىدۇ»؛ «ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەج-لىسلەردە، نۇتۇق سۆزلەردە ھۆرلۇكنى تەمىن ئېتىدۇ»؛ ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. مۇنداق سېلىقنىڭ مىقدارىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ «ھۆكۈمەت سودىگەر-لەرگە ئىچكى - تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ».

بۇنىڭدىن باشقا، جياڭ جيېشى يەنە باشقا بەزى بەزلەش ئۇسۇللىرىنى، ئالايلۇق، شىنجاڭلىق ياشلارنى ھەربىي مەجبۇرد-يەت ئۆتەشتىن ئازاد قىلىش[①]، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار-نى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋە-تىش[②]، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ بارلىق ھەربىي خىرا-جىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت مۇناسىپ ئۈستىگە ئېلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ يۈكىنى مۇناسىپ ھالدا يەڭگىللىتىش[③]، شىنجاڭ پۇ-لى، فابى پۇلى، قەغەز، ئالتۇن، دوللارنى ئايرىۋاشلاش نىسبىتى-نى بەلگىلەشتە شىنجاڭنىڭ ئۆز پۇلىنى تارقىتىشىنى ساقلاپ قې-لىش[④] قاتارلىقلارنى قوللاندى.

«جۇڭگو چېگرا رايونلىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقاتى» ژۇرنى-لىنىڭ 1999 - يىللىق 4 - سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: **غوجائەخمەت يۇنۇس**

① «ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى).

② «ۋۇ جۇڭشىننىڭ زۇڭسەيگە يوللىغان تېلېگراممىسى»، «زۇڭسەينىڭ مەخپىي تېلېگراممىسى»، ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)گە قاراڭ.

③ ۋۇ جۇڭشىن: «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش خاتىرىلىرى» (1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى).

④ جاڭ جىجۇڭ: «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 2 - قىسىم 573 - بەت.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەيران قىلغۇچ يەر تەۋرەشلەر

## لو شاۋۋېن

شىنجاڭنىڭ ھەرىكەتچان يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىن قارىغاندا، تەڭرىتاغ بەلۋېغى ئۆزىگە خاس بىر سىستېما بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆپ بولىدۇ، ئۇلار ئاساسى جەھەتتىن قۇرۇلمىلىق يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ. ئادەتتە، تەۋرەش مەنبەسى تېيىز، دەرىجىسى كۈچلۈك، يەر يۈزىگە بولغان تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. لېكىن شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولغاچقا، بۇرۇنقى ھەر قېتىملىق ئېغىر ۋە كۈچلۈك يەر تەۋرەشلەردە، ئاز ساندىكى بىرقانچە قېتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەت ئادەم زىچ ئورۇنلاشقان رايونلارنىڭكىدىن بىرقەدەر يېنىك بولغان.

مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە، شىنجاڭدا ئالتە بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش 90 قېتىم يۈز بەرگەن. لېكىن ئاپتور توپلىغان تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بولغان 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئادەم ۋە چارۋىچىلارنىڭ زەخىملىنىشى، ئۆلۈشى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى بىرقەدەر ئېغىر، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان يەر تەۋرەش پەقەت 54 قېتىملا يۈز بەرگەن. بۇنىڭ 29 قېتىمى چىڭ سۇلالىسى دەۋر سۈرگەن 295 يىل ئىچىدە، 25 قېتىمى مىنگو دەۋرىدىكى 38 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن. يەر يۈزىنىڭ دولقۇنسىمان تەۋرەش دەرىجىسى (SM) ئادەتتە 6.5 بالدىن يۇقىرى بولغان ياكى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °8 تىن ئېشىپ كەتكەن يەر تەۋ-

رەشلەر كۆچلۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ۋەيران قىلغۇچ يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە مۇشۇ خىلدىكى يەر تەۋرەشلەر-نى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1616 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەڭ بۇرۇنقى كۈچلۈك يەر تەۋرەش كاڭشى 55 ـ يىلى (1716 ـ يىلى) جۇڭغا-رىيە رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا يۈز بەرگەن، تەۋرەش دە-رىجىسى يەتتە بالغا يەتكەن، شۇ يىلى ئاقسۇ شەھىرىدىمۇ يەتتە بال يەر تەۋرەپ، شەھەر ۋەيران بولغان، لېكىن بۇ، مەملىكىتى-مىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر تەپسى-لىي خاتىرىلەنگەن «مۇقەددەس خانىمىز دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرى-لىرى»دىمۇ، «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دىمۇ خاتىرىلەنمىگەن. مەن بۇنى «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمى-يىسى يەر تەۋرەش تەتقىقات ئورنى ژۇرنىلى»نىڭ 34 ـ سانىدىكى ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ يازدىم.

چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنى-شىچە، شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇنقى يەر تەۋرەش چيەنلۇڭ 30 ـ يىلى (1765 ـ يىل) 20 ـ يانۋاردا شەرقىي مېرىدىيان °81 تىن °83 قىچە، شىمالىي پاراللېل °44 تىن °45 قىچە بولغان ئارىلىق-تىكى جىڭخې (بۆگۈنكى جىڭ ناھىيىسى)دە يۈز بەرگەن، ئەينى ۋاقىتتا جىڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا جىن سۇلالىسى-نىڭ ئاخىرىدىكى قەدىمكى شەھەر ئورنىغا چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى سېلىنغان ئەنفۇ شەھىرىنىڭ سېپىلى، قورال ـ ياراغ ئۆيى، ئام-بار ۋە سودىگەرلەرنىڭ نۇرغۇن ئۆيلىرى بار ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ۋەيران بولغان. چيەنلۇڭ خان ۋۇ-مېيتەي (شىئەن سانغۇنى، شەرقىي قەسىرنىڭ چوڭ ئۆلىماسى بولغان)گە يەر تەۋرەشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، نەپىقە پۇلى بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. ئۆي بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن لەشكەرلەردىن ۋاڭ جېجاۋ قاتارلىقلارغا نەپىقە پۇلى بېرىش، سو-دىگەرلەردىن يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە باج ئالماسلىق توغرى-

ىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كېيىن يەنە ئەنفۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا يېڭى شەھەر سالدۇرغان. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن دېگەندىمۇ 6.5 بالدىن يۇقىرى بولغان. جىڭخېدا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ 51 ـ يىل 5 ـ ئاي ـ نىڭ 23 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە (1786 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە) ئىلىدا يەر تەۋرىگەن. شۇ چاغدا چىڭ خانىدانلىقى خەلقنى قۇتقۇزۇپ نەپىقە پۇلى بېرىش توغرىـ ىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن، لېكىن يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئىلىدا تۇرۇشلۇق جياڭـ جۈن كۆيلىن ئوردىغا مەلۇمات سۇنمىغاچقا، بۇنىڭدىن چيەنلۇڭ خان خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ كايىغان: «كۆيلىن قاتارـ لىقلار ئىلىدىكى يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلگەن نەپىقە پۇلى توغرىسىدا يېزىلغان يارلىقنى تاپـ شۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماڭا قايتا بىر مەكتۇپ سۇنۇپتۇ. ئۇـ نىڭدا پەقەت شۇ جايدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرنىڭ ئىنتايىن مىنـ نەتدار بولغانلىقىنى يېزىپ، ئۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى يازماپتۇ. مەن پۈتۈن خەلقىمنى ياد ئېتىپ تۇرغان يەردە، ئىلىدىكىلەر ئەھۋالنى ئۇقماي قالامدۇ؟، بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق! كۆيلىنغا بۇ تەنقىدىي مەكتۇپنى يەتكۈـ زۈڭلار ...» مانا بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەينى چاغدا چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرى يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرگە قىلچىمۇ كۆڭۈل بۆلمەي، پەقەتلا ئىلىدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرگە نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بەرگەن. شۇ يىلى 24 ـ مايدىن 27 ـ مايغىچە شەرقىي مېرىدىـ يان °78 تىن °80 قىچە، شىمالىي پاراللېل °40 تىن °41 قىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۈچتۇرپان بىلەن شەرقىي مېرىدىيان °73 تىن °79 قىچە، شىمالىي پاراللېل °35 تىن °40 قىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەشقەردە يەر تەۋرەپ، يەرلىك خەلق ئالاقزاـ دە بولۇپ كەتكەن. لېكىن يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەت ئەھۋالىنى قەشقەردىكى مەسلىھەتچى ئامبال مىڭ لياڭ يوشۇرۇپ

مەلۇم قىلمىغاچقا، چىيەنلۇڭ خانىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچ-رىغان.

جياچىڭ 17 - يىلى (1812 - يىلى) 25 - يانۋاردا تۈن يې-رىمىدا، شەرقىي مېرىدىيان ´5 °83، شىمالىي پاراللېل ´7 °43 ئارىلىقىدىكى ئىلقا رايونىدا سەككىز بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 25 كىلومېتىر، تەۋرەشنىڭ كۈچلۈك-لۈك دەرىجىسى 11 بالغا يەتكەن. بۇ بىر قېتىملىق ئېغىر دەرى-جىدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. جيا چىڭ دەۋرىدە ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرگۈچى شۆ سۇڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»دىمۇ مۇنداق دەپ بايان قىلغان: «جيا چىڭ 17 - يىلى 25 - يانۋاردا ئىلىدا يەر تەۋرىگەن، گۇڭزۇ تاغاخوجىرتاي تېغى تۆت يەردىن يېرىلىپ كەتكەن، يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 چاقىرىمدىن 40 چاقىرىمغا، كەڭلىكى بەش - ئالتە لىغا يەتكەن (كەڭلىكى بەش - ئالتە لى دېگىنىمىز، يېرىم پۇڭ يەر كۆلىمى بىلەن تەڭ كەڭلىكتە دېگەن-لىك) چوڭقۇرلۇقى ئون نەچچە گەزدىن 20 گەزگىچە بولۇپ، تۈز-لەڭلىكتە دۆڭ ھاسىل بولۇپ ئادەم دەسسىسە پېتىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان. نەچچە ئون كۈن شامال چىقىپ ئاندىن توختىغان. ئويراتلاردىن 47 ئادەم ئۆلگەن، 11 ئادەم ئىز - دېرەكسىز يوقى-لىپ كەتكەن، ھۆكۈمەتنىڭ 2593 تۇياق چارۋىسى، ئويراتلارنىڭ 1700 تۇياق چارۋىسى ئۆلگەن …». 1983 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسى شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئۈستىدە ئۈچ قې-تىم نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان كۆلەمنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكى-نى، يەر يۈزى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىش ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومې-تىرچە بولۇپ، ئۇ ئۇزۇنلۇقتا قاتلام سىيرىلما ۋە ئۆلتۈرۈشۈپ كې-تىشتىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دالادا تەكشۈرۈش ئې-لىپ بېرىش ۋە ئۆيئىچىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىگە قارىغاندا، شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ

كۆچلۆكلۈك دەرىجىسى 11° قا يەتكەن. 11° لۇق رايوننىڭ 12 كىلومېتىر بولغان، قاش دەرياسىنى بويلاپ يېرىلغان بەلۋاغ ۋە شۇ ئەتراپتا كۆرۈلگەن ئۆزۈلمە قاتلام، غەربتىن شىمالغا سوزۇلـ ـغان بەلۋاغ شەكلىدە تارقالغان. بىر يول ئۆزۈلمە قاتلامنىڭ ئۇ ـ زۇنلۇقى 0.2 ــ 4 كىلومېتىرغا يەتكەن. ئۆزۈلمە قاتلامنىڭ ئەڭ چوڭ تىك ئورنى 15 مېتىرچە سۈرۈلۈپ كەتكەن. ئەڭ چوڭ گو ـ رىزونتال تەكشىلىك ئورۇندىن تۆت مېتىرچە سۈرۈلۈپ كەتكەن. يانتۇلۇق سىرىلىپ چۇشۇش كۆلىمى چوڭ بولغان ھەم تۇركۇمـ ـلەپ كۆرۈلگەن. شەكلى ئۆزگەرگەن بەلۋاغنىڭ بەزى يەرلىرى زور مىقداردا ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن. 10° لۇق رايوننىڭ ئۇزۇنلۇق ئوقى 104 كىلومېتىر، كەڭلىكى 40 نەچچە كىلومېتىر بولغان. ئۆزۈلمە قاتلام بىلەن يېرىقلار ئاساسىي جەھەتتىن قاش دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆزۈلمە يېرىقنى بويلاپ بەلۋاغ شەكلىدە داۋاملىق تارقالغان. ئادەتتە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىردىن بىر كىـ ـلومېتىرغىچە بولغان. ئۆزۈلمە تىك قاتلام ئورنى 0.3 ــ 3 مېـ ـتىرچە سۈرۈلۈپ كەتكەن. 9° لۇق رايوننىڭ ئۇزۇنلۇق ئوقى 225 كىلومېتىر، قىسقا ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 109 كىلومېتىر بولۇپ، يانتۇلۇق سىيرىلىپ چۇشۇش ۋە ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىش كۆلىمى ئادەتتە بىرقەدەر كىچىك بولغان. ئۆزۈلمە قاتلام يەر يۈ ـ زىنىڭ ئەھۋالى شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىـ ـغاندا، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ پارامېتىرى تۆۋەندىكىچە بولغان دەپ قارالغان: «تەۋرەش ۋاقتى: 1812 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە. تەۋرەش مەركىزى: شىمالىي پاراللېل 47′ 43°، شەرقىي مېرىدىيان 28′ 83°. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكـ ـلۈك دەرىجىسى 11° تىن چوڭ، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇـ ـقى 26 كىلومېتىر، تەۋرەش دەرىجىسى سەككىز بال بولغان».

داۋگۇاڭ 22 ـ يىلى (1842 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈـ ـنى سەھەردە شەرقىي مېرىدىيان 93°، شىمالىي پاراللېل 6′ 43° ئەتراپىغا جايلاشقان باركۆلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا 7.5 بال

يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 25 كىلومېتىرغا يەتمىگەن. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 11° قا يەتكەن. شۇ چاغدا باركۆلنىڭ مانجۇ ـ خەنزۇ شەھەرلىرىدىكى مۇلكىي، ھەربىي مەھكىمىلەر، لەشكەرگاھ، ئامبار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان، 105 ئادەم ئۆلگەن ۋە زەخىملەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 36 ئادەم ئۆلگەن، ئاھالىلەرنىڭ 5463 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان. يەر تەۋرەشنىڭ قالدۇقلىرى ئۇزۇلمىگەن، بەختكە يارىشا ھايات قالغان كىشىلەر بوش يەرگە چېدىر تىكىپ ياتقان. شۇ كۈنى كېچىدە شارقىراپ يامغۇر ياغقان، شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش باركۆلنىڭ 90 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى قومۇلغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. خەلقنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى كۆپ ۋەيران بولغان، نۇرغۇن كىشىلەر زەخىملەنگەن. داۋگۇاڭ خان دەرھال شۇ جايدىكى ئامبالغا تېزدىن پۇل تەييارلاپ، ناھىيە يامۇلى ۋە ھەيئەتلەرنىڭ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش، يارىلانغانلارغا دورا پۇلى بېرىش، ماكانسىز قالغانلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش خىراجىتى بېرىش، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا پۇل تارقىتىپ بېرىش، ئاپەتنى تېزدىن تۈگىتىپ، كىشىلەرنى ماكانسىز قالدۇرماسلىقتا ھەيدەكچىلىك قىلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن.

تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «مۇزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»دە ئۈرۈمچىنىڭ تۇتۇقبېگى پىڭ رۇينىڭ شەرقىي مېرىدىيان 87°، شىمالىي پاراللېل 48′ 43° ئارىلىقىدىكى ئۈرۈمچىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتى خاتىرىلەنگەن (تەۋرىگەن ۋاقىت يىل بېشى بولۇپ، «ئۈرۈمچى تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ 6 ـ سانىدىكى «ئۈرۈمچىنىڭ 200 يىللىق چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»دە 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دەپ يېزىلغان، بۇ خاتا ـــ مۇھەررىردىن). ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن كىشى يارىلانغان، تۇڭجى خان ئۈرۈمچىنىڭ تۇتۇقبېگى پىڭ رۇيگە ئېنىق تەكشۈرۈپ نەپىقە پۇلى بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. لېكىن، زىيان چوڭ، زە-

خىملەنگەنلەر كۆپ بولغاچقا، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قۇتقۇزۇشى ھېچنېمىگە دال بولالمىغان.

گۇاڭشۇ 8 - يىلى (1882 - يىلى) 16 - مارتتا ئۈرۈمچى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا، ئۈرۈمچى تۇتۇقبېگى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇنۇپ مەلۇم قىلغان. شۇ يىلى شەرقىي مېرىدىيان ° 79، شىمالىي پاراللېل ° 37 كېسىشكەن جايدىكى خوتەن بىلەن قاراقاش پاسىلىدا يەتتە بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 25 كىلومېتىر، تەۋرەش مەركىزىدىكى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 8 — ° 9 بولۇپ، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ. تاملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆرۈلۈپ، ۋەيران بولغان، ئائىلە جابدۇقلىرى سۇنۇپ، يەر يېرىلىپ كەتكەن. گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) 12 - ئىيۇل سەھەردە شەرقىي مېرىدىيان ° 81، شىمالىي پاراللېل ° 44 ئارىلىقىغا جايلاشقان ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇدا ئۈچ قېتىم كۈچلۈك يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرىگەندە ئىلى توققۇز سۇمۇلدىكى ئادەملەر غەربىي شىمالدىن گۈلدۈرلەپ كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان. يەر قايتا - قايتا سىلكىنىپ، ئادەملەر ئۆز ئورنىدا تىك تۇرالمىغان. كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 8 تىن ئېشىپ كەتكەن. جەندى (بۇگۇندىكى چىگىسخوزا) شەھەرلىرىدە يەر بەك قاتتىق تەۋرىگەن، چېگراغا يېقىن قاراۋۇلخانىدىمۇ يەر تەۋرەپ 30 نەچچە ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 400 مېتىردىن ئارتۇق تام ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان. شۇ كۈنى رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئالمۇتا، سەمەرقەنتلەردىمۇ يەر تەۋرىگەن. شۇ قېتىمقىدەك قاتتىق يەر تەۋرەش ئىلگىرىكى 100 يىلدىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن. شۇ يىلى 27 - ئاۋغۇستتا، ئىلى جياڭجۇنى سەي لىڭگې يەنە سۇيدۇڭ (بۇگۇنكى قورغاس) قاتارلىق يەرلەردە يەر تەۋرەپ، سېپىللارغا چاك كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلغان. شۇ ئايدا، شەرقىي مېرىدىيان ° 75، شىمالىي پاراللېل ° 38 ئەتراپىغا جايلاشقان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاشقورغان رايونىدىمۇ قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان، يەرلەر يېرىلىپ كەتكەن. كۈچ-

لۇكلۇك دەرىجىسى 8 ° تىن يۇقىرى بولغان. شۇ يىلى شەرقىي مېرىدىيان 55 ′ 77 °، شىمالىي پاراللېل 38 ° ئارىلىقىغا جايلاشقان قاغىلىق بازىرىنىڭ شىمالىدا يەتتە بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 25 كىلومېتىرچە بولغان. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 8 ° — 9 ° بولۇپ، يەر يېرىلىپ كەتكەن. گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) 7 - مايدا شەرقىي مېرىدىيان 39 ′ 79 ° — 1 ′ 82 °، شىمالىي پاراللېل 30 ′ 39 ° — 27 ′ 41 ° ئارىلىقىغا جايلاشقان ئاقسۇ ۋىلايىتىدە غەربتىن شەرققە قاراپ يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرەشتىن كېيىن يېرىم كۈن چاڭ - توزانلىق بوران چىققان. گۇاڭشۇ 19 - يىلى 10 - نويابىر (1893 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) تاڭ سەھەر سائەت 3تىن 5كىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي مېرىدىيان 35 ′ 82 ° — 17 ′ 84 °، شىمالىي پاراللېل 46 ′ 40 ° — 35 ′ 42 ° ئارىلىقىغا جايلاشقان كۇچا رايونىدا يەر تەۋرىگەن. كۇچا بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ئامبىلى ليۇ رېنشۆن يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى ئوردىغا مەلۇم قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يەر تەۋرىگەندە ئادەملەر ئۇياق - بۇياققا سىلكىنىپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، يەر ئارقا - ئارقىدىن ئون نەچچە قېتىم تەۋرەپ ئاندىن توختىدى، كېيىن سارقىندى يەر تەۋرەش 20 كۈنگىچە داۋاملاشتى. سېپىل چاك كېتىپ، كۆپ يەرلىرى يېرىلىپ تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى. سېپىلنىڭ بۇرجەكلىرى، ياردەمچى ئامبال، قاراۋۇل مەھكىمىلىرى، لەشكەرگاھ، ھەرقايسى بۇتخانا، ۋەخپە مەكتەپ، تۈرمە، ئۆتەڭ ئۆيى، ئەمەلدارلار دۇكىنى، ئاشلىق ئامبىرى، ھەربىي كىيىم - كېچەك ئىدارىسى، تېلېگراف ئۆيى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولدى ياكى يېرىلىپ، قىيسايدى. ئۇيغۇرلار ئىنادچىخانى ئولتۇرىدىغان ئۆيلەر، ئىبادەتخانىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولدى. شەھەر - يېزىلاردا پۇقرالارنىڭ جەمئىي 55 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتتى، 42 ئەر - ئايال ئۆلدى ۋە يارىلاندى». شۇ يىلى 17 - دېكابىردىن 27 - دېكابىرغىچە ئاقسۇ

ۋىلايىتىمدە كۆپ قېتىم يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرىگەن چاغدا ئادەم-
لەر يەر يۈزىدە «خۇددى غەلۋىردە تاسقىغاندەك بولۇپ كەتكەن».
25 - كۈنى تېخىمۇ شىددەتلىك بولغان، يەر بىردىنلا قاراسلاپ كەت-
كەن، تام - تورۇسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ
ۋەيران بولغان. نۇرغۇن ئادەم، چارۋا مال ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.
تاغدىكى تاشلار دومىلاپ چۈشۈپ، كۆپلىگەن تۈز يەرلەر ياردالدى-
لىنىقا ئايلىنىپ، ئېرىقچىلار پەيدا بولغان. ئايەتكە ئۆچرىغان يەر-
لەر تەخمىنەن 300 چاقىرىمدىن 400 چاقىرىمغا يەتكەن. بۇ چاغدا
گەنسۇ - شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى تاۋمۇ ئوردىغا مەكتۇپ سۇ-
نۇپ، ئايەتكە ئۇچرىغان پۇقرالارغا ئاشلىق، نەپىقە پۇلى تارقىتىپ
بەرگەن. گۇاڭشۇ 21 - يىلى (1895 - يىلى) 5 - ئىيۇل ئەتىگەن
چاي ۋاقتىغا چارەك قالغاندە، تاشقورغان بازىرىنىڭ غەربىي تە-
رىپىدە يەتتە بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق
دەرىجىسى 20 كىلومېتىر، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك
دەرىجىسى ° 9 بولغان. ئاخىرقى چارەكتە يەنە بىر قېتىم يەر
تەۋرىگەن، 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە يەر تەۋرەشنىڭ قالدۇق-
لىرى ئۈزۈلمىگەن. 7 - ئىيۇلدىن 20 - ئىيۇلغىچە داۋاملىق
قاتتىق يەر تەۋرىگەن. 27 - ئىيۇل سائەت 8دىن 10 مىنۇت ئۆت-
كەندە قايتا يەنە بىر قېتىم يەر تەۋرەپ ئاندىن توختىغان. ئىلگى-
رى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 80 قېتىمدىن كۆپرەك يەر تەۋرى-
گەن. بىرىنچى قېتىم ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرىگەندە تەۋرەش دول-
قۇنى شەرقتىن غەربكە قاراپ يۆتكەلگەن، تۇنجى قېتىم يەر تەۋ-
رىگەندە پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، خۇددى يىراقتىن گۈلدۈرماما
كەلگەندەك تۇيۇلغان. بۇنىڭدىن يەر يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن دولقۇن-
نىڭ شۇنچە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ قېتى-
مقى يەر تەۋرەشتە كونا قورغان ئورنى، ئىستىھكام ئېغىزى پۇ-
تۇنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۈچ پوتەيمۇ ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان.
نۇرغۇن ئۆي، ئاشلىق ئامبىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ھەربىي كىيىم -
كېچەك، ئاشلىق، ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى تامنىڭ ئاستىدا
قېلىپ زىيانغا ئۇچرىغان، شەھەر تامامەن ۋەيران بولغان. گۇاڭ-

شۇ 22 ـ يىلى (1896 ـ يىلى) 4 ـ مارت چۈشتىن بۇرۇن سائەت
9 ئەتراپىدا سېرىققول (يەنى تاشقورغان) رايونىدىكى بەلدىر (شە ـ
ھەرنىڭ 90 چاقىرىم شەرقىدە)، تارباش (شەھەرنىڭ 160 چاقى ـ
رىم شەرقىدە)، مارىيان (شەھەرنىڭ 220 چاقىرىم شەرقىدە) قا ـ
تارلىق يەرلەردە يەر تەۋرىگەن. قىرغىزلاردىن ۋە چېگرا ساقلى ـ
غۇچى ئاتلىق ئەسكەرلەردىن بولۇپ جەمئىي 11 ئادەم ئۆلگەن ۋە
زەخىملەنگەن، خەلقنىڭ 42 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بول ـ
غان. ھەتتا 20 كىگىز ئۆيمۇ ۋەيران بولغان. يەر تەۋرەپ كۆتۈ ـ
رۈلگەن تاش ۋە قۇملار 160 بۆلەك يەرنى كۆمۈۋەتكەن. چىڭ خا ـ
نىدانلىقى ئۇلارغا نەپىقە پۇلى بەرگەن. كىگىز ئۆيلەرنىڭ ۋەيران
بولغانلىقىدىن ۋە تاش، قۇملارنىڭ يەرلەرنى كۆمۈۋەتكەنلىكىدىن
شۇ قېتىم يەتتە بالدىن ئارتۇق يەر تەۋرىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلى ـ
غىلى بولىدۇ. شۇ يىلى 1 ـ نويابىر ئەتىگەن سائەت 9 لاردا شەر ـ
قىي مېرىدىيان ´ 18 ° 75 ــ ´ 56 ° 76، شىمالىي پاراللېل ´
55 ° 38 ــ ´ 40 ° 39 ئارىلىقىغا جايلاشقان قەشقەر كونىشەھەر
ناھىيىسىدە يەر تەۋرەپ، شەھەر ـ يېزىلاردا جەمئىي 73 ئېغىز
ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئەر ـ ئايال بولۇپ جەمئىي 12 ئادەم
ئۆلگەن ۋە زەخىملەنگەن، بۇيرۇتلارنىڭ بەش قەبىلىسى (قوشچى،
چوڭ باغىش، يۇۋاش، قىپچاق، نايمان)نىڭ تاغ ئىچىدىكى 182
ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ
مەركىزى تاغ ئىچىدە بولۇپ، تۆگە، كالا، ئاتلارنىڭ يەر تەۋرەش
تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەۋرەش دەرى ـ
جىسى يەتتە بالدىن، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 8 تىن ئېشىپ
كەتكەن. شۇ چاغدا گەنسۇ ـ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى راۋ يىڭچى
ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ نەپىقە پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان.
گۇاڭشۇ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى) 19 ـ نويابىر كېچىدە سې ـ
رىققول، مىڭتېكە ئەتراپىدا ئىككى قېتىم يەر تەۋرىگەن، ئەتىسى
سەھەردە يەنە يەر تەۋرىگەن. لېكىن، ئاپەت ئەھۋالى ئېنىق ئە ـ
مەس. گۇاڭشۇ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) 21 ـ ئىيۇل كەچتە
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدە 10 مىنۇتتىن ئارتۇق قاتتىق يەر

تەۋرىگەن. ناھىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاستىن ئاتۇشقا قاراشلىق كاتتايلاق يېزىسىغا يېقىن مىس كانىدىكى 117 ئۆيلۈك ئاھالىنىڭ 425 ئېغىز ئۆيىنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان، 132 ئادەم ئۆلگەن، يارىلانغان. سوغۇن چارىغا يېقىن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان، بۇ چاغدا گەنسۇ ـ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى راۋ يىڭچى يەنە ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ نەپىقە پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. گۇاڭشۇ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) 22 ـ ئاۋغۇستتا قەشقەردە تارىختىن بۇيان زىيان ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن. يەر تەۋرەش بىر يېرىم مىنۇت داۋاملاشقان، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 10 تىن ئېشىپ كەتكەن. ئاز كەم 10 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان. تاغ قاپتاللىرى كەڭ كۆلەمدە سىيرىلىپ، گۇمۇرۇلۇپ، يەر يېرىلىپ 1000 غا يېقىن ئادەم، نۇرغۇن چارۋا ئۆلگەن. سىيرىم بولغان دائىرىنىڭ ئوتتۇرىچە رادىيۇسى 540 كىلومېتىرغا، كۆلىمى نەچچە 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. قالدۇق يەر تەۋرەش ئۈزۈلمىگەن، تاكى 3 ـ سېنتەبىرگىچە داۋاملاشقان. گۇاڭشۇ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) 22 ـ ئاۋغۇست سائەت 11 دە شەرقىي مېرىدىيان ′ 06 ° 76 ، شىمالىي پاراللېل ′ 54 ° 39 ئارىلىقىغا جايلاشقان ئاتۇشتا 8.52 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 56 كىلومېتىر بولۇپ، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 10 قا يەتكەن. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئاپەت خاراكتېرلىك، ئېغىر ئاپەت خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ئۆيلەر ئۆرۈلگەن، يەر يۈزى كەڭ ھەم كۆپلەپ يېرىلغان. تاغ قاپتاللىرى سىيرىلىپ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن (شۇ يىلى ئاتۇشنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 340 كىلومېتىر كېلىدىغان، 9 ـ ئەسىردىلا دۇنياغا داڭقى كەتكەن قۇرۇقلۇق قاتناش تۈگۈنى، يەنى رۇسىيە ئەنجان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى، قەدىمكى شەھەر ئەنجاندا يەر تەۋرەپ شەھەر تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن، كېيىن قايتا قۇرۇلغان). 31 ـ كۈنى گۇما ناھىيىسىدە يەنە 6.8 بال يەر

تەۋرىگەن. گۇاڭشۇ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى) 2 ـ مارتتا شەرقىي مېرىدىيان 76° 57′ — 77° 46′، شىمالىي پاراللېل 37° 15′ — 39° 30′ ئارىلىقىغا جايلاشقان يەكەن رايونىدىمۇ يەر تەۋرىگەن، شۇ يىلى 23 ـ دېكابىردا شەرقىي مېرىدىيان 85° شىمالىي پاراللېل 43° 53′ ئەتراپىغا جايلاشقان ماناستا (بۈگۈنكى ساۋەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) سەككىز بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 32 كىلومېتىر بولۇپ، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 10° قا يەتكەن. بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى بۆرتۇڭكى جاڭزىسى، شىچاڭ جاڭزىسى، كالا قوتان جاڭزىسى قاتارلىق يەرلەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى ئېغىرراق بولغان. غەربىي شىمالدا شىخو، چۆچەككىچە، شەرقىي جەنۇبتا تۇرپان، قاراشەھەرلەرگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۈرۈمچىمۇ قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان. دېمەك، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش 200 ـ 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى رايونلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. گەنسۇ ـ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كوي ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ نەپىقە پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. گۇاڭشۇ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) 2 ـ ئىيۇلدا تەڭرىتاغقا يېقىن بولغان ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردا يەر تەۋرەپ ئۈرۈمچىدىكى نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولۇپ، ئېغىر زىيان بولغان.

شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) شىمالىي تەڭرىتاغ ئەتراپىدا قاتتىق يەر تەۋرەپ 450 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. نۇرغۇن يەرلەر يېرىلىپ كەتكەن، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 10° تىن ئېشىپ كەتكەن.

**مىنگو دەۋرى (1912 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە)**

مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت ئالتىدىن 41 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان 93° 15′، شىمالىي پاراللېل 43° 35′ ئارىلىقىغا جايلاشقان باركۆل، يەدتە قۇدۇق رايونلىرىدا 7.5 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 32 كىلومېتىر بولۇپ، كۈچلۈكلۈك

دەرىجىسى °8 تىن ئېشىپ كەتكەن، تەۋرەش مەركىزى ئېگىز تاغدا بولغان. ئاپەت قومۇلغىچە يېتىپ بارغان، قومۇلدىكى شارلار تېغى، تارانچى قاتارلىق جايلاردىكى تاغ تاشلىرى غۇلاپ چۈشكەن. تارانچى (قومۇل شەھىرىنىڭ 120 كىلومېتىر غەربىدە) شونا بۇلاق، لياۋدۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئۆيلەر سىلكىنىپ ئادەم ۋە چارۋىلار ئۆلگەن ۋە زەخىملەنگەن. شەھەرنىڭ غەربىگە 75 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاستانە، قارادۆۋە ۋە قوشتىكەن، ئۆردەكبۇلاق قاتارلىق جايلاردا كونا ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان، يېڭى ئۆيلەرگە چاك كەتكەن. شۇ يىلى 9 ـ ئۆكتەبىر سائەت 10دىن 39 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان °78، شىمالىي پاراللېل °35 قا توغرا كېلىدىغان خوتەننىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدا 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 17 ـ دېكابىر سائەت 15 تىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان °79، شىمالىي پاراللېل °42 ئارىلىقىغا جايلاشقان ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن رۇسىيىدىكى لېفشىنكى ۋە ئىسسىقكۆلمۇ يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) شەرقىي مېرىدىيان ′30 °89 — ′54 °91 مالىي پاراللېل ′12 °41 — ′33 °43 ئارىلىقىغا جايلاشقان پىچاننىڭ تۇيۇق يېزىسى ۋە شەرقىي مېرىدىيان ′35 °82 — ′17 °84، شىمالىي پاراللېل ′35 °42 — ′46 °44 ئارىلىقىغا جايلاشقان كۇچادىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى) 1 ـ دېكابىر سائەت 10 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان °73، شىمالىي پاراللېل °39 ئارىلىقىغا جايلاشقان ئاقتۇ رايونىدا 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسى بەك تېيىز، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى چوڭ بولغان. ئوقتاغ رايونىدىكى تاغلار ئېرىقتەك كەڭ يېرىلىپ كەتكەن، تۇزلەڭلىك 30 سانتىمېتىرچە يېرىلغان، ئون ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئىككى ئادەم، 20 قوي ئۆلگەن. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى) 24 ـ ئىيۇل سائەت 10دىن 3

مىنۇت ئۆتكەندە، شەرقىي مېرىدىيان °76، شىمالىي پاراللېل ° 40 ئارىلىقىغا جايلاشقان ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىدە 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى) 12 ـ ئۆكتەبىردە شەرقىي مېرىدىيان °81، شىمالىي پاراللېل ° 36 ئارىلىقىغا جايلاشقان كېرىيە، لوپ، چىرا، خوتەن، نىيە قاتارلىق جايلاردا يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) شەرقىي مېرىدىيان °81، شىمالىي پاراللېل ° 43 ئارىلىقىغا جايلاشقان ئىلى ۋىلايىتىدە 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر سائەت 0دىن 1 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان °91، شىمالىي پاراللېل ° 39 ئارىلىقىغا جايلاشقان لوپنور كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (1924 ـ يىلى) 3 ـ ئىيۇل سائەت 12 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان ′24 °84، شىمالىي پاراللېل ′57 °36 ئارىلىقىغا جايلاشقان نىيە بازىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا 7.25 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئون كىلومېتىردىن ئاشقان، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 10 قا يەتكەن. توققۇز كۈندىن كېيىن 12 ـ چىسلا سائەت 3تىن 44 مىنۇت ئۆتكەندە ئوخشاش بىر رايوندا، ئوخشاش دەرىجىدە، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قېتىم يەر تەۋرىگەن. مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى) 30 ـ ئاپرېلدا شەرقىي مېرىدىيان ° 76 تىن ° 79 قىچە، شىمالىي پاراللېل ° 35 تىن ° 39 قىچە بولغان ئارىلىقتا جايلاشقان قاغىلىق، گۇما رايونلىرىدا يەر تەۋرىگەن. شۇ يىلى 23 ـ سېنتەبىردە شەرقىي مېرىدىيان ′36 °85، شىمالىي پاراللېل ′18 °42 ئارىلىقىغا جايلاشقان خېجىڭ، قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، كۇنەس رايونلىرىدا 6.7 بال يەر تەۋرىگەن، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 9 قا يەتكەن، كۆپىنچە ئۆيلەر ئۆرۈلگەن ۋە يەرلەر چاك كەتكەن. مىنگونىڭ 16 ـ يىلى (1927 ـ يىلى) 23 ـ سېنتەبىر سائەت 21 دىن 54 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان ′36 °85،

شىمالىي پاراللېل ′ 18 ° 42 ئارىلىقىغا جايلاشقان خىجىڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا 6.75 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى 32 كىلومېتىر بولۇپ، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 8 بالدىن ئېشىپ كەتكەن. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) 11 ـ ئاۋغۇست سەھەر سائەت 5تىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان ° 90، شىمالىي پاراللېل ° 47 ئارىلىقىغا جايلاشقان كۆكتوقايدا ئېغىر ئاپەت خاراكتېرلىك سەككىز بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇ، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 11 تىن ئاشقان، تەۋرەش تەخمىنەن بەش مىنۇتچە داۋاملاشقان. يەر شەرقتىن جەنۇبقا قاراپ تەۋرىگەن. تەۋرىگەندە يەر چاك كېتىپ بۇلدۇقلاپ قارا سۇ چىقىپ، تاشلار قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرگەن. كۆكتوقاينىڭ غەربىگە تەخمىنەن 200 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇرۇلتوقايدا قارا بوران چىقىپ يەر ـ جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. ئۆيلەرنىڭ يان تاملىرى يېرىلىپ كەتكەن. بۇ جاينىڭ تەخمىنەن 160 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى چىڭخۋاسىدىكى (بۈگۈنكى ئالتاي شەھىرى) ئۆيلەرنىڭ كېسەك ـ كاھىشلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. تاغلار يېرىلىپ كەتكەن، تەخمىنەن 350 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى گۇچۇڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سېپىللارمۇ يېرىلىپ كەتكەن. 400 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئۈرۈمچىدىمۇ يەر تەۋرەپ كىشىلەر ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆيلىرىدىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كەتكەن، پۈتۈن ئىشىك ـ دېرىزىلەر سىلكىنگەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كونا ئۆيلەر ۋەيران بولغان، بۇنچىۋالا ئېغىر ئاپەت خاراكتېرلىك يەر تەۋرەشتە ئادەم زەخىملەنمىگەن. يەتتە كۈندىن كېيىنكى 18 ـ ئاۋغۇست سائەت 12 دىن 21 مىنۇت ئۆتكەندە ئوخشاش رايوندا يەنە بىر قېتىم 52.7 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولۇپ، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى سەل ئاجىز بولغان. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 13 ـ فېۋرال سائەت 10 دىن 49 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان ° 90، شىمالىي پاراللېل ° 46 ئا-

رىلىقىغا جايلاشقان چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 6.5
بال يەر تەۋرىگەن. شۇ يىلى 26 ـ سېنتەبىر سائەت 2دىن 57
مىنۇت ئۆتكەندە ۋە 27 ـ كۈنى شەرقىي مېرىدىيان ′51 °
86، شىمالىي پاراللېل ′16 ° 38 ئارىلىقىغا جايلاشقان چاقىد-
لىق ناھىيىسىنىڭ غەربى، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىس-
مىدىكى تاغلىق رايون ۋە ۋاششەرى رايونىدىمۇ 6.75 بال يەر تەۋ-
رىگەن. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 23 ـ ئىيۇلدا
شەرقىي مېرىدىيان ′51 ° 89 ـــ ′19 ° 92، شىمالىي مېرىد-
يان ′14 ° 43 ـــ ′15 ° 45 ئارىلىقىغا جايلاشقان مورى رايو-
نىدا يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەركىزى سەيزىگۇ، دابەنگۇ ئەتراپىدا
بولغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 14 ـ نويابىر سا-
ئەت 5تىن 37 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان ° 78، شىما-
لىي پاراللېل ° 35 ئارىلىقىغا جايلاشقان خوتەننىڭ غەربىي جەنۇ-
بىدا 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى
100 كىلومېتىر، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئاجىز بولغان. ئاپەتكە
ئۇچراش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ
يىلى) 10 ـ مارت سائەت 6دىن 6 مىنۇت ئۆتكەندە، شەرقىي مې-
رىدىيان ° 84، شىمالىي پاراللېل ° 44 ئارىلىقىغا جايلاشقان
شىخو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 6.5 بال ۋە 7.25بال يەر تەۋرد-
گەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 27 كىلومېتىر بولۇپ،
كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 8 تىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ ۋەيران قىد-
لىش خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش بولۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر كۆپلەپ
ۋەيران بولغان. تۇرخۇنلار پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكەن، يەر يېرىل-
غان. شۇ يىلى 28 ـ سېنتەبىر سائەت 0دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە
شەرقىي مېرىدىيان ° 75، شىمالىي پاراللېل ′19 ° 39 ئارىلى-
قىغا جايلاشقان ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونىدا
يەتتە بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20
كىلومېتىر بولۇپ، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى
° 9 قا يەتكەن. بۇ ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش بو-
لۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆرۈلۈپ، يەر يۈزى يې-

رىلىپ كەتكەن. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 24 ـ فېۋرال سائەت 0دىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىيان ′ 12 ° 83، شىمالىي پاراللېل ′ 54 ° 41 ئارىلىقىغا جايلاشقان بۇ-گۇر ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا 7.25 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 25 كىلومېتىر ئەتراپىدا بول-غان. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ° 9 قا يەت-كەن. بۇ ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ. مىنگو دەۋرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرقەدەر ئېغىر يەر تەۋرەشكە كەلسەك، 1949 ـ يىل 26 ـ ماي سائەت 16 دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە، شەرقىي مېرىدىيان ° 83، شىمالىي پاراللېل ° 42 ئارىلىقىغا جايلاشقان كۇچا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا 6.75 بال يەر تەۋرىگەن.

شىنجاڭنىڭ يۇقىرىقى يەر تەۋرەش ماتېرىياللىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

(1) چىڭ سۇلالىسى دەۋرى بىلەن مىنگو مەزگىلىدە، شىن-جاڭدىكى ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك يەر تەۋرەشلەردىن شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىدا يۈز بەرگەنلىرى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، خۇددى بىر بىخەتەر رايونغا ئوخشاپ قالغان.

(2) شىنجاڭدا يەر تەۋرەش بارغانسېرى كۆپەيگەن. ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىكتىن يۇقىرى يەر تەۋرەشلەرنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى قىسقارغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10.5 يىلدا بىر قېتىم يەر تەۋرىگەن. مىنگو دەۋرىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1.5 يىلدا بىر قېتىم يەر تەۋرىگەن.

(3) تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن قارىغاندا، 1937 ـ يىلى خوتەندىكى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشنى ھېسابقا ئالمى-غاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەش بولغان، يەنى ھەممىسىنىڭ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 60 كىلومېتىر ئىچىدە بولغان، بۇ خىل يەر تەۋرەشنىڭ بۇزغۇن-چىلىقى چوڭ بولغان، بۇنىڭ كۆپىنچىسى يەر پوستىنىڭ قۇرۇل-

ما ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن، بۇنى بىز قۇرۇلمىلىق يەر تەۋرەش دەپ ئاتايمىز. بۇ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي شەكلى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي شەكلى.

قوشۇمچە: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى يەر تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى كېيىنكى چاغلاردا بېكىتىلگەن. چۈنكى ئەينى چاغدا دۆلىتىمىزدە يەر تەۋرەشنى ئۆلچەپ خاتىرىلەيدىغان ئەسۋاب يوق ئىدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **لەتىپە ئوسمان**

# مىلدرېد كابلىنىڭ قومۇلغا ساياھىتى

## سۈي يەنخۇ



ئەنگلىيىلىك ئايال مىسسىيونېر مىلدرېد كابلى 15 يىل ئىچىدە قومۇلغا كۆپ قېتىم كەلگەن. ئۇ بىرىنچى قې-تىم ئىككى ھەمراھى بىلەن دۇنخۇاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئەن-شىگە كېلىپ، كىچىك مېھمانخانىدا بىرنەچچە كۈن دەم ئالدۇ، ئاندىن بىر ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ، چۆللۈك-نى كېزىپ شىنجاڭغا كېلىشكە تەييار-لىق قىلدۇ. ھارۋىكەش سۇلېخېدىن كەلگەن يىگىت بولۇپ، ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى كابلىغا سەپەرگە لازىملىق ئۇن، گۇرۇچ، تېرىق، قۇرۇق لازا ۋە ھەر خىل تۇزلۇق سەيلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. يەنە ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارد-چە ئۆزىنىڭ ئېتى ئۈچۈن بىر چوڭ تاغارغا ئوت - چۆپ ۋە دو-رىلارنىمۇ تەييارلايدۇ، كابلى ئۇنىڭغا نېمىشقا بۇ ئوت - چۆپ، دورىلارنى ئېلىۋالىسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ ئارقىغا بۇرىلىپ كابلىغا قاراپ قويۇپ: «سەن بىلمەيسەن، چۆللۈكتە كۈنلىرىمىز جاپالىق ئۆتۈشى مۇمكىن، سۇيىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئاچ-چىق، بەزىلىرى بەك سوغۇق بولۇپ، سۇ ئالماشقاندا ھايۋانغا بىر-ئاز ئوت بىلەن دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك، بىز چوڭ باياۋان چۆللۈككە كىرگەندىن كېيىن، 20 نەچچە كۈن ماڭىمىز، مۇشۇنداق يەرلىك ئۇسۇللىرىمىزغا تايانمىساق، چۆللۈكتىن مې-ڭىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز» دەيدۇ.

## چۆل ـ باياۋانغا سەپەر

ئەنشەدىن چىقىپ، كابلى ئۇنىڭغا چەكسىز تەسەۋۋۇر ئاتا قىلغان كەڭ زېمىندىن پەقەت كۆز ئۇزەلمەيدۇ. يىراقتا چەكسىز چۆل ـ باياۋان، ئاياغ ئاستىدا تاش ـ شېغىل ساھىلى، بىشىدا ئوتتەك قۇياش ··· بۇلار ئۇنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. ھايات بۇ جايدا باشقىچە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئاجىز ۋە جانسىز چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئاندا ـ مۇندا چېلىقاتتى، ئۇلار خۇددى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، كەچتە ئەمدىلا سالقىن چۈشكەن چۆللۈكتە ئولتۇرۇپ، كۆكتىكى يۇل-تۇزلارنىڭ ئاجايىپ يورۇقلۇقىنى، سانىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكىنى، يەنە كېلىپ بۇ «ئىنجىل»دىكى ئاللاھنىڭ چوڭ زې-مىن، يۇلتۇزلارنى يارىتىش جەريانى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى يا-دىغا ئېلىپ، يۇلتۇزلار كۆچۈپ قۇتۇپنىڭ ئايلىنىشى، ئادەم دې-گەننىڭ كىچىككىنە ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكى ۋە ئۆز بۇرچى-نىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

كابلى يول بويى تەبىئەتتىن تەسىرات ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى كەڭ چۆل ـ باياۋاندا سەپەر قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. ئۇ چۆل ـ بايۋانلاردا ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا تاسادىپىي ئۇچرىشىشى ئادەتتىن تاشقىرى قەدىرلىك بولىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىدۇ. ھەر تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلار ئۇچراشقان چاغدا، ئۆزئارا گەپ سوراشلىرى ئالاھىدە مەنىلىك بولۇپ، ئومۇمەن: «سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟»، «قەيەرگە بارىسىلەر؟» دەپ سورى-شىدۇ. «قەيەر» دېگەن سۆز ھەرگىز يۇقىرىقى ئۆتەڭنى ياكى يې-تىپ بارماقچى بولغان تۆۋەنكى چۈشكۈننى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئەڭ باشتا يولغا چىققان يۇرتنى ۋە بارماقچى بولغان ئەڭ ئاخىر-قى شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. ئارا يۇلتۇزدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆت-مەي كابلى سەپەرداشلىرى بىلەن بىر ئۇزۇن كارۋانغا ئۇچرايدۇ. تۆگە كارۋىنىدا يۈك باسقان ئات ھارۋا ۋە كابىلىلارنىڭكىگە ئوخ-شاش ئات ھارۋىلارمۇ بار ئىدى. تۆگىلەرگە ھەر خىل يۈكلەر ئار-تىلغان، ھارۋىلارغا لىقمۇلىق يۈك بېسىلغان يىراقتىن كەلگەن

كارۋانلار ئىدى. كارۋانلاردىن ئاۋۋال كابىلنىڭ ھارۋىكېشى ۋارقىراپ: «سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «قەشقەردىن كېلىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى چۆل شامىلى ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ، كابىلنىڭ ھارۋىكېشى ئارقىغا بۇرۇلۇپ كابىلغا ئۇنىڭ جاۋابىنى پەس ئاۋازدا يەتكۈزىدۇ ۋە قەشقەردىن ئۇلار بۇ يەرگە ئۈچ ئايدا كېلەلەيدۇ، دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە كېكىردىكىنى قىرىپ: «ھەي! نەگە بارىسىلەر؟!» دەپ ۋارقىراپ سورايدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋان ئىچىدىن بىرى ۋارقىراپ: «بىز لوياڭغا بارىمىز!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ھارۋىكەش يەنە كابىلغا چۈشەندۈرىدۇ، كابىلى دەرھال ئۇلار بارماقچى بولغان مۇساپىنى ھېسابلاپ چىقىپ، لوياڭ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھىم شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ھارۋا بىلەن ئىككى ئايدا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن، قەشقەردىن لوياڭغىچە ئاز دېگەندە بەش ئاي ۋاقىت كېتىدىكەن، بۇ ئادەملەر مانا مۇشۇنداق بىر قەدەم ـ بىر قەدەم مېڭىپ، 10 مىڭ چاقىرىم يولغا يېقىن مۇساپىنى تاماملايدىكەن ... دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان كارۋانلارغا قارايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى بىر خىل ھۆرمەت ھېسسىياتىغا تولغان ھالدا، يوھان باميان «سامان يولى مۇساپىسى» ناملىق رومانىدا تەسۋىرلىگەن بىر ئابزاسنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ: ـــ خىرىستىيانلار مەيلى قەيەرگە بارسۇن، ئۇچراشقان كىشىلەردىن ئورتاق بىرلا سوئالنى سورايدۇ: «سەن نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن؟» خىرىستىيانىنىڭ جاۋابىمۇ ئەزەلدىن بىر خىل: «مەن دوزاخ شەھىرىدىن كەلدىم، بېھىش شەھىرىگە بارىمەن»، دېگەندىن ئىبارەت، كابىلى: خىرىستىيان دىنىنىڭ بارلىق ھەقىقىتى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزدە بولۇپ، خىرىستىيان مۇرىتلىرى بىر باشلىنىش نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا يېتىپ بارىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇچرىغان ئۆتەڭلەر پەقەت بىر تاسادىپىيلىقتىن ئىبارەت. ئەنە شۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بوگونكى كۈنلىرىدە، بۇ چەكسىز باياۋاندا، كارۋان يىگىتلەرنىڭ سوئال ـ جاۋابلىرىدىن ئوخشاشلا

بىر مەنىلىك چۈشەنچە هاسىل قىلىدۇ: — نىشانىنى بەلگىلەپ، نىشانغا چوقۇم يېتىش كېرەك، يول بويى بېسىپ ئۆتكەن مەيلى تۈزلەڭلىك، بوستانلىق، تاغ تىزمىلىرى بولسۇن، يەنە ھەر خىل كىچىك بازارلار ھەتتا چوڭ شەھەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ بارلىقى پەقەت بۇ مۇساپىدىكى تاسادىپىيلىق بولۇپ، بۇلار باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا يېتىپ بارغۇچە تاسادىپىي ئۇچرايدىغان نەرسىلەر، خالاس ··· كابىلى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ چۆل ـ باياۋانغا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى بىر مەنزىل — «سامان يولى مۇساپىسى» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئۇ خىرىستىيان مۇخلىسىغا خاس روھىي تىد ـ لەك بىلەن، چۆلدىكى مۇشكۈل سەپەردىن يۈكسەكلىككە ئېرىشكە ـ نىدى.

### قومۇل بوستانلىقىغا يېتىپ كېلىش

20 كۈندىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن كېيىن، بىپايان چۆللۈك ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ، ناھايىتى يىراقتا بىرنەچچە تۈپ دەرەخ ۋە ئارىلىقى بەك يىراق يالغۇز كېسەك تام ئۆيلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ، ئاندىن تۇتاش كەتكەن بوستانلىق، ئاق تېرەك، قارىياغاچلارنىڭ سايىسىدىكى قاتار ـ قاتار توپا رەڭ دېھقان ئۆيلىرى كۆرۈنىدۇ. ھەممە يەرنى قاپلىغان ئېتىزلار، يېـ ـ شىللىق چۆللۈكنىڭ كۆل رەڭ ئورنىنى ئالغانىدى. كابىلىلار قو ـ مۇلغا كەلگەن چاغ باش كەچ كۈز مەزگىلى بولۇپ، ئېتىزلاردا مول ھوسۇلنىڭ ئالتۇن رەڭلىك مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھارۋىكەش بېشىنى كەينىگە بۇراپ خۇشال ھالدا: «قومۇلغا يېتىپ كەلدۇق!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ھارۋىنى سۆرەپ كېلىۋاتقان ئاتلارمۇ تەسىرلەنگەندەك، بۇرۇنقى كۈنلەردىكى ھارغىن بىچارە قىياپەتلىد ـ رىنى يوقىتىپ، قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

كابىلى قومۇلنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىدەك شەھەر تۈزۈلۈشى ـ نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەر، بازارلىرىنىڭ تىپىك شەكلىگە ئوخشايدىغانلىقىنى؛ كىشىلەر ئۆزىنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە تۇر ـ مۇش ئادەتلىرىگە ئاساسەن بىر يەرگە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى،

ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي تەۋەلىكى بويىچە ئوخ-شاشمىغان رايونلارغا ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئۆزئارا دەخلى قىلىش-مايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان كىچىك شەھەر ئىچىدە بولۇپ، ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بازارلارنى باشقۇرىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر نېرىسىدا ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسى بار بولۇپ، بۇ كۆپ قەۋەتلىك، قىياپىتى ئۆزگىچە ئىمارەتلەر توپلىرىدىن ئىبارەت ئىكەن. كابلى ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تەرتىپى بىردەك بولمىغان دېرىزە شە-كىللىرىگە دىققەت قىلىدۇ. بۇلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېڭىلىق تۇ-يۇلىدۇ، ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسىدىكى كەڭ ـ كۇشادە، يورۇق قوبۇل-خانىسى ۋە پاسونى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خانىلار بىلەن ئەتراپىدىكى پاكار كېسەك تاملىق ئۆيلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولغانىدى. كابلى كېسەك تاملىق ئۆيلەرگە كىرىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىدۇ، ئۇلار كابلىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ ئېنىق ئىش تەقسىماتى بولۇپ، ئۆز كەسىپلىرى بويىچە ۋاڭ ئوردىسىغا خىزمەت قىلىدىغانلىقلىرىنى دەپ بېرىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدا بىرئاز بوش يەر بولۇپ، ئۇششاق بالىلار بۇ جايغا يىغىلىپ توپ ـ توپ بولۇپ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قۇلاقنى يەيدىكەن. ۋاڭ ئوردىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر بازار بولۇپ، بازار-دىكى ئېلىپساتارلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ ئۈزۈلمەيدىكەن. ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇڭگان سودىگەرلەر، ھەرقايسى-سى بىر پارچە جاينى ئىگىلەپ، ھەر خىل ماللىرىنى دۆۋە قىلىپ قاتمۇقات رەتلەپ قويىدىكەن. كابلى ئوتتۇرا ئاسىيا پۇرىقىنى ئالغان بۇ مال بازىرىنى سەيلە قىلىپ مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا قايتىدۇ. بىر ھادىسە كابلىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، ئۇ بولسىمۇ بۇ يەر گەرچە ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەركىزى بولسىمۇ، لې-كىن ھەقىقىي بازار تىجارىتى قىلىدىغانلار تۇڭگان سودىگەرلىرى

بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە خېلى زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىدى. بازارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭ ئاشخانىلار ناھايىتى كۆر- كەم بولۇپ كۆپىنچىسىنى تۇڭگانلار ئاچقانىكەن.

بازاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ ۋە بايلىقىنىڭ پەرقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇلدار بايلار- نىڭ كۆپچىلىكى يىپەك يولنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، ئاتۇش ۋە ئاقسۇدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودا ماللىرىمۇ شۇ جايلاردىن كېلىدىكەن. كەمبەغەلرەك ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بولسا يەرلىك تۇرپان، قومۇللۇقلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى يەرلىك چوڭ سو- دىگەرلەرنىڭ يۈكىنى توشۇپ، ماللىرىنى تەقسىم قىلىپ ساقلاپ بېرىدىكەن. باي سودىگەرلەر رەڭگارەڭ چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇ- رۇپ، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ماللىرىنى سۇپىلىرىغا يېيىپ قويۇپ، گىلەم ئۇستىدە پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ ناس چېكى- دىكەن. «ناس» چىرايلىق كىچىك قاپاقتا قاچىلىنىپ، بەلۋاغقا ئېسىۋېلىنىدىكەن. بازاردىكى خەنزۇ سودىگەرلەر ئاساسەن سەرراپخانا خوجايىنلىرى، گۆرۈخانا خوجايىنلىرى، دورىخانا خو- جايىنلىرى، يەنە بەزى ئاشپەزلەر، كۆكتات ساتقۇچىلاردىن ئىبا- رەت ئىكەن. ئايرىم نەچچە ئائىلىلىك باي، چىرايلىق زىبۇزىننەت دۇكانلىرىنى ئاچقانىكەن. كابلى بۇ يەردە سېتىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئىچكىرىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

### ۋاڭ ئوردىسىدا مېھمان بولۇش

ئۇلار بىرىنچى قېتىم قومۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر كىچىك مېھمانخانىغا چۈشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىنىڭ ئا- يال غوجىدارى (ئاغىچا ئاپپاق — ت) بۇ مېھمانخانىغا كېلىپ ئۇلارنى ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇ ئايال غوجىدارنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ياشىنىپ قال- غان بولسىمۇ، لېكىن كېلىشكەن، سالاپەتلىك، قاۋۇل ئىكەن. ئىككى تال ئۇزۇن بوز چېچى تىزىدىن تۆۋەن چۈشۈپ تۇرىدىكەن، كوچىدىكى كىشىلەر ۋە ئوردىدىكى خىزمەتچىلەر ئۇنى كۆرسە بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئايال غوجىدار كابلىنى ھەمراھلىرى

بىلەن بىللە ئاۋۋال ۋاڭنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى، ئۇنىڭ بىلەن قىسقىچە سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋاڭنىڭ باشقا بىر خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى، شۇنداق قىلىپ يەنە قانچە ئايال ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى كابلى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى، لېكىن ئۇ ۋاڭنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا قويۇلغان بىسات ـ سەرەمجانلارنىڭ ئومۇمەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى، ھەممىسى خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك گىلەم، ياقۇت كۆزلۈك، ئالتۇن گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن ساندۇقلار، گۈل كەشتىلىك گىلەملەر ··· پاكار سۇپىغا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش شىرەلەر قويۇلغان بولۇپ، ئايال ساھىبخانا شىرەنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ كەينىدە دېدەكلەر تىك تۇرىدىكەن. مېھمانلار ئۈچۈن شىرەگە ئۆرۈك، قۇرۇق مېۋە، قەنت ـ گېزەك، ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تولدۇرۇپ تىزىۋېتىپتۇ، كابلى ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ (باداشقان قۇرۇپ ـــ ت) گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى، كۈتكۈچىلەر ھۆرمەت بىلەن تۇتقان چاي چىنىلىرىنى قولىغا ئېلىپ چاي ئىچكەچ، ئايال ساھىبخانا ئۆز قولى بىلەن سۇندۇرۇپ بەرگەن توقاچنى يەيدۇ. كابلى دەرھال شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئايال ساھىبخانىنىڭ بۇ چېيى بىلەن ئۇلار قومۇلغا كېلىپ باشقا يەرلەردە ئىچكەن چايلار ئوخشىمايتتى. چاي يۈزىدە بىر قەۋەت ئاقچاي گۈللىرى لەيلەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىكەن. بىردەمدىن كېيىن زىياپەت تائاملىرى ـــ ھەر خىل توقاچ ـ نانلار، ياغدا پىشۇرۇلغان ھەر خىل شېكەر توقاچلار، پولو، يەنە كابلىلار باشقا جايدا كۆرۈپ باقمىغان يېمەكلىكلەر كەلتۈرۈلدى.

ئۇلار شاھ مەخسۇت ۋاڭنى كۆرەلمىگەن، چۈنكى ئۇ چاغدا ۋاڭ كېسەل بولۇپ ئاجىزلاپ قالغان. لېكىن ۋاڭنىڭ كابلىنى كۈتۈۋېلىشقا سەمىمىي كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

كېيىن كابلى يەنە قومۇلغا كەلگەن. قومۇل ۋاڭنىڭ كېسى-

لى يەنىلا ياخشى بولۇپ كەتمىگەنىدى. لېكىن ئوردا ئەمەلدارلىرى كابىلنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلىغان. شۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا: ۋاڭنىڭ لۈكچۈندە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ پالەچ بولۇپ قاپتۇ، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئۆيلەردە كۈتۈنۈۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقالغان. لۈكچۈننىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىمۇ بەزىدە بۇ «بەگزادە»نىڭ ئوردىنىڭ پېشايۋىنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھامان قول ئاستىدىكى بىر توپ ئادىمى تىك تۇرىدىكەن. ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى قول ئاستىدىكى ياردەمچىلىرى بىر تەرەپ قىلىدىكەن. كابىلى شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىكى، بۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرى ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ھۆرمەتلەيدىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، ۋاڭنىڭ ئوغلى دەلدۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ لۈكچۈندە مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋاڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ساقلىنىپ تۇرۇۋېرىدىكەن.

يەرلىك خەلق كابىلغا بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەرگەن: قومۇل ۋاڭى ياش ۋاقىتلىرىدا ئالتە يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، مانجۇ خانىدانلىقىنىڭ خانىنى تاۋاپ قىلاتتى، شۇنداقلا بېيجىڭدا 40 كۈن تۇرۇپ، پادىشاھقا ساداقىتىنى بىلدۈرەتتى. قومۇل ۋاڭى ھەر يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلاتتى، ئەڭ ئېسىل سوۋغا قومۇل قوغۇنى ئىدى. قومۇل قوغۇنى پۇراقلىق، تاتلىق بولۇپ، ساقلىغىلى، بېيجىڭغا ئېلىپ بارغىلىمۇ بولىدۇ ··· ئەينى يىللاردىكى قومۇللۇقلار بىر قانچە يىللار بۇرۇن بېيجىڭدا تارقالغان بىر جۈملە قوشاقنى يادىدا ساقلاپ كەلگەن:

«شەرقىي دېڭىزنىڭ قىسقۇچپاقىسى، غەربىي دېڭىزدىكى شيا،
تەڭ بولالماس تۇرپان ئۈزۈمى بىلەن قومۇل قوغۇنىغا».

كابلى ھەمراھلىرى بىلەن قومۇل ۋاڭىنىڭ ئوغلىنىڭ قەسىرىدىمۇ[1] مېھمان بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكىگە ئوخشاش ئىززەت - ھۆرمەتلەرگە سازاۋەر بولغان. ۋاڭنىڭ نەۋرىسىنىڭ[2] ئەڭ ئامراق خوتۇنى ۋە باشقا خوتۇنلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئېرى ھۇجرىغا كىرىپ قالىدۇ، بۇ ياش يىگىت كابلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىغا قىزىقىدۇ، سورىغان مەسىلىلىرى كۆپ بولۇپ، كابلىنىڭ دىنى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارغىچە سورايدۇ، ۋاڭ نەۋرىسى ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئامراق خوتۇنىدىن باشقا، ھۇجرىدىكى بارلىق ئاياللار ھەمدە ئۇنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ھۇجرىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ، كابلى ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ چىرايىدىكى خاپىغانلىق ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىدۇ ھەم ۋاڭ نەۋرىسىنىڭ قىممەتلىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش شان - شەرەپىنى ئامراق خوتۇنىغا مەنسۇپ قىلماقچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. ۋاڭنىڭ نەۋرىسى ھۇجرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى خۇشال - خۇرام بولالمىغان ئاياللار دەرھال ھۇجرىغا قايتىپ كىرىپ، كابلىنى چۆرىدەپ پۈتۈن بىر كۈننى بىللە ئۆتكۈزىدۇ.

ۋاڭنىڭ كەڭ - كۇشادە مېھمانخانىسىدا كابلى ئۆتمۈشتە كۆرۈپ باقمىغان، كەم ئۇچرايدىغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. بۇ نەرسىلەر نەچچە ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سادىق خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى بولۇپ، ۋاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئېتىبارىغا ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە كابلى ئالاھىدە قىزىققىنى چىڭ خانىدانلىقى پادىشاھلىرىنىڭ بېغىشلىمىلىرىنىڭ بىر پارچىسى سىشى تەيخۇنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان، ئۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بېغىشلىمىنىڭ خەتلىرى تەرتىپلىك، پاساھەتلىك بولۇپ، بۇ «قېرى بۇد-

① قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر بولۇشى مۇمكىن.
② قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىر بولۇشى مۇمكىن (ت).

دىست»نىڭ ھەقىقەتەن خەتتاتلىق تالانتى بارلىقىنى كۆرسىتەتتى. مېھمانخانا زالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كابلى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئوردا باغچىسىغا باشلىنىدۇ. كابلى بۇ باغدا ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ باغلىرىدا دائىم كۆرگىلى بولىدىغان مېۋىلىك باغلاردىن باشقا، بۇ يەردە بېيجىڭ خان جەمەتى باغچىسىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەنزىرە بار ئىكەن: بىر نىلۇپەر كۆلى بولۇپ، كۆلدە نىلۇپەر گۇللىرى ئېچىلىپتۇ، يوپۇرماقلىرىنى توپا ـ توزان باسقان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىلا يېرىدە بېيجىڭ باغلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ بىرنەچچە يەردىكى كىچىك كۆۋرۈكلەرنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغانلىقى، ئەگرى ـ توقاي چىغىر يوللارنىڭ ئۆزگىچىلىكى ··· قىزىقارلىق ئىدى. توز ئايلىنىپ مېڭىپ، گۇزەل قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى پات ـ پات كەڭ يېيىپ، بىر خىل ھەيۋە بىلەن چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىنى كۆرسىتەتتى. بۇ باغ بېيجىڭدىكى خان جەمەتى باغچىسىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغانىكەن. ئۇنىڭ چۆللۇكتىكى بۇ بوستانلىقتا مۇنداق قويۇق خەنزۇچە تۇسكە ئىگە باغنى كۆرگەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئاشۇ ئەگرى ـ توقاي تار كارىدورنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېچىلغان گۇللەرنىڭ نۇرغۇن سورتلىرى بېيجىڭدىن كەلتۈرۈلگەن، جەنۇبىي جۇڭگو باغلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ھېلىقى تار يول ۋە ئەگمە كۆۋرۈكلەر بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ، كابلىنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق نامايان بولۇپ تۇراتتى.

### قومۇل ۋاڭىنىڭ يازلىق داچىسىغا بېرىش

قومۇلغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كابلى ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن بىللە كەمبەغەللەرنى خالىس داۋالاشنى باشلايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ، دىياگنوز قويۇپ، داۋالاپ، دورا بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ نامى شەھەرنىڭ ئىچى ـ تېشىغا تارقىلىپ، ئۇلارنى ئىزدەيدىغان كېسەللەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇرىدۇ، ئۇلار ئەنە شۇنداق كېچە ـ كۈندۈزلەپ

خىزمەت قىلىدۇ.

كابىلى يەنە بىر قېتىم قومۇلغا كەلگەندە ۋاڭنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ قالغانىدى. ئۆتمۈشتە ھەيۋىسى سۈرلۈك بولغان «چۆل ۋاڭى» ئەمدى كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئوردا ھەر كۈنى يېڭى تېۋىپ تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپ تۇرغان. لېكىن كابىلىغا چۈشىنىكسىز بولغىنى شۇكى، ھېچكىم ئۇنى ۋاڭنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلمىغان. تېۋىپلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئوردا جاكارچىلىرى ھامان: ۋاڭنىڭ كېسىلى ئېغىر ئەمەس، چوڭ چاتاق يوق، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ، دېيىشەتتى.

كابىلى يەنە بىر قېتىم قومۇلغا كەلگەندە، شۇ چاغدىكى قومۇلنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخس يولبارس بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالىدۇ. يولبارسنىڭ كابىلى چۈشكەن سارايىنىڭ خوجايىنى بىلەن بىنورمال سودا مۇناسىۋىتى بولۇپ، دائىم سارايغا كېلىپ خوجايىن بىلەن مەخپىي سۆھبەتلىشىدىكەن. دەل ئاشۇ قومۇل ۋاڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئەنسىز زاماندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي سۆھبەت تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن. مەخپىي خانا ئىچىدە ياكى ھويلىنىڭ خالىي جايلىرىدا ئۇلار ئۇزۇن سۆزلىشىدۇ. بەزىدە يولبارس كابىلى تۇرغان ئۆيگە كېلىپ سالام قىلىشىپ قويىدۇ، بىر كۈنى كەچقۇرۇن كابىلىلار ئەمدىلا تاماق يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا يولبارس يەنە ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئۆيگە ئازراقمۇ شامال كىرمەيدىغانلىقىنى بايقاپ: «ھازىر قومۇلنىڭ ئەڭ ئىسسىق پەسلى، سىلەر چىدىيالمايۋاتساڭلار كېرەك» دەيدۇ. كابىلى راست ئىسسىقكەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يولبارس: «سىلەر تاغدىكى داچىغا چىقىپ ھاردۇق ئالساڭلار بولىدۇ، مۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە بۇ ئۆيلەردە كېسەل كۆرسەڭلار جاپا تارتىپ قالىسىلەر»، دەيدۇ. كابىلى يولبارستىن: «ئۇنداق تاغقا قانداق چىققىلى بولىدۇ، قەيەردە تۇرىمىز؟» دەپ سورايدۇ. يولبارس «ئەگەر سىلەر تاغقا چىقىشنى خالىساڭلار مەن

ئامالىنى قىلاي» دەيدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سارايىنىڭ خوجايىنى ۋاڭنىڭ بۇ يىل قومۇل شەھىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ئەگەر كابلى خالىسا، ئۆزىنىڭ ئاراتام باغدىكى داچىسىنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. كابلى ھەمراھلىرى بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يولبارس بىر مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئەگرى ـ توقاي يېزا يوللىرىنى بويلاپ، شەرق تەرەپتىكى چوڭ تاغقا قاراپ ماڭىدۇ. كەچ بولغاندا ئۇلار بىر كەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارنى ئالدىن ساقلاپ تۇرغانلار ئۇلارغا تاماق، ئىسسىق چاي، ياتاق تەييارلاپ قويغانىكەن. ئەتىسى تاڭ يورۇمايلا، بۇ خەقلەر كابلىلارغا ئەتىگەنلىك غىزا ۋە يولدا يەيدىغان ئوزۇق تەييارلاپ بېرىدۇ. بۇ كەنت قومۇل بوستانلىقىنىڭ بىر چېتى بولۇپ، بۇ كەنتتىن چىقسىلا تاش ـ شېغىللىق جاڭگالغا كىرىپ كېتىدىكەن. سەھەرنىڭ سالقىنىنى بىردەمدىلا ئىسسىغان چۆل يۇتۇپ كېتىدۇ، چۆل خۇددى قۇياش چاچقان ھارارەتنى پۇتۇنلەي يىغىۋالغاندەك، كەڭ زېمىن قىزىپ ئادەمنى چىدىغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. ئەمما مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك، قېلىن ھەربىي كىيىملىرىگە ئورالغان ھالدا مېڭىۋېرىدۇ، چۈشتىن كېيىن يىراقتىكى تاغ باغرىدا بىر پارچە يېشىللىق ئوچۇق كۆرۈنىدۇ، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر مەغرۇرلانغان ھالدا قامچىسىنى قېقىپ، ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «قاراڭلار، ئەنە ئاراتام دەرەخلىرى!» دەيدۇ. كابلىلارمۇ روھلىنىپ نىشانغا يېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، ئۇ يېشىللىققا بىرنەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئەتىگەندىن بۇيان مېھمانلارنى ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ھارۋا يېتىپ كەلگەندە، بىرنەچچە ئەر كىشىنى ھارۋىنى ئەكىرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلار ئاتنى توسۇپ ئاۋايلاپ ھارۋىنى يېتىلەپ تار كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ،

ئېرىق ياقىسىغا توختىتىدۇ. بەزىلەر «ۋاڭ غوجامنىڭ مېھمانلىرى كەلدى! ۋاڭ غوجامنىڭ مېھمانلىرى كەلدى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلاي-دۇ. بەزىلەر بۇ خەۋەرنى بىۋاسىتە ئۆيمۇئۆيلەرگە تارقىتىدۇ. بىر-دەمدىلا بېشىغا لېچەك سالغان ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ هارۋىنىڭ يې-نىغا كېلىدۇ. هارۋا توختىغاندىن كېيىن بىرنەچچە كىشى مۇها-پىزەتچى ئەسكەردىن ۋاڭنىڭ كېسىلىنى سورايدۇ. مۇهاپىزەتچى-لەر: ۋاڭ هازىر بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كابلى توپلانغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ سۆزلەشكەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۇزۇندىن بېرى ساقلاۋاتقان خوش خەۋەرگە ئې-رىشكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

قورۇقنىڭ ئادەملىرى مېھمانلارنى غوجىدارنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ. كابلىلار ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە ئا-ياغلىرىنى سېلىپ، پايپاق بىلەن كەڭ - كۇشادە گىلەم ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ، بۇرۇنلا تەييارلاپ قويۇلغان ياستۇقلارغا يۆلە-نىدۇ. بىرى شىرەنى ئېلىپ كىرىپ ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، هەر خىل هۆل - قۇرۇق مېۋە، نان قويىدۇ، يەنە تۇزلانغان مۇز-دەك ئۇسسۇزلۇق قويىدۇ. كابلى ئەتراپىدىكى ئالدىراپ - تېنەپ يۈرگەن كۈتكۈچىلەرگە قاراپ قويىدۇ هەم مۇهاپىزەتچى ئەسكەر-نىڭ قويىنىدىن ئېھتىيات بىلەن، قارىماققا ناهايىتى مۇهىم بىر يارلىقنى ئېلىپ تامغا چاپلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئەسلىدە ۋاڭ ئۆزى قول قويغان يارلىق بولۇپ: يول ياقىسىدىكى كەنتلەر كابلى ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنى ياخشى كۈتۈۋالسۇن! بو-لۇپمۇ هەربىر جايغا يېتىپ بارغاندا، يېڭى قوي گۆشى بىلەن تە-مىنلىسۇن! دېگەن مەزمۇندا ئىدى. كابلى كېيىن بۇ قومۇل ۋاڭى-نىڭ ئاراتامدىكى خەلققە چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى يارلىقى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن، كابلى ئۆيدىن چىقىپ، تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ قورۇقنى كۆل رەڭ چۆللۈكنىڭ قورشاپ تۇرغانلىقىنى، نەچچە ئىنگلىز مىلى نېرىدا يەنە بىر چوڭ باغنىڭ بارلىقىنى، باغنىڭ كەينىدە ئېگىز

تاغ، تاغنىڭ تېگى قېنىق قىزىل گىرانىت تاشلاردىن تەركىب تاپ-قانلىقىنى بايقايدۇ. ئەتراپىتىكى نۆكەرلەر كابلىغا:

«ۋاڭ غوجام ھەرقايسى يۇرتلارغا ساياھەتكە بارغاندا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەر خىل دەل ـ دەرەخ كۆچەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، شۇڭا بۇ باغدا نۇرغۇن كەم ئۇچرايدىغان دەرەخلەر بار» دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاراتام بوستانلىقىنىڭ مەركىزىدىن سۈيى سۈزۈك بىر ئۇلۇغ ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ سۇ باغداش تېغىدىن شىددەت بىلەن گىرانىت تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ئېقىپ كېلىدىكەن. شىددەتلىك بۇژغۇندىن چىققان شاۋقۇن ئاۋازلىرى بۇ جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە ھاياتلىق مېلودىيە-سىنى بەخش ئەتكەن ھەم ئۆتمۈشتىكى ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ يەردىكى داچىسىغا مىسلىسىز گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. كابلى قومۇلدىكى چاغدىلا باشقىلارنىڭ ئاراتام باغنىڭ ھەر خىل گۈزەل مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ھازىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ھەققەتەن ئۆز تە-سەۋۋۇرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. قورۇق-نىڭ تاملىرى توققۇز خىل بولۇپ، ھەربىر قورشاۋ تام ئارىلىقى-دىكى مەنزىرىلەرمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ياسىلىش شەكلى ئۆزگىچە تاملار ۋە سۇڭگۇچلەر؛ ئەگرى ـ توقاي تار كى-چىك يوللارنىڭ ئىككى ياقىسىدا شاخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بۈك ـ باراقسان سايىۋەن دەرەخلەر بار بولۇپ، بۇ دەرەخلەرنىڭ سورتلىرىمۇ ئوخشىمايتتى. لېكىن ھەربىر تۈپ دەرەخ كىشىلەر تەرىپىدىن كۆڭۈل قويۇپ مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى، بەزى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى چاڭگال ـ چاڭگال ئوخ-شىغان، بەزى دەرەخلەرنىڭ گۈللىرى كىمخابتەك ئېچىلغان بو-لۇپ، بۇ باغقا ئانچە يىراق بولمىغان چېتى يوق قاقاسلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. كابلى بۇ شېرىن مېۋىلەرنى يەنە ـ يەنە ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ كۆرۈپ، بۇ باغدىكى ھەممە نەرسىلەر ئادەمگە بىر خىل ئاراملىق، شۇنداقلا مەستخۇشلۇق بەخش ئېتىدىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. كابلى قانداقتۇر

ئاللىقاچانقى ئىشلارنى ئويلىغاندەك ھەيرانلىق ھېسسىياتى بىلەن، بۇگۇن ئۆزىنى خۇددى «ئەيلىس ساياھەت خاتىرىسى»دە تەسۋىرلەنگەن تىلسىماتقا كىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. كابلى بۇ قېتىمقى ساياھىتى توغرىسىدا يازغان كىتابىدا، 1891 ـ يىلى ستەيىننىڭ ئاراتام باغقا كەلگەنلىكىنى، كېيىن ستەيىن يازغان كىتابىدا مەخسۇس ئاراتام باغنى تەسۋىرلىگەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ: «بىز بىر ئىنگلىز مىلىدىن كۆپرەك مېڭىپ، بىر قويۇق ئاملىق، نەشپۈتلۈك ۋە ياڭاقزارلىققا يېتىپ كەلدۇق. ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىرئاز سارغىيىپ قالغاندى ... يىراقتىكى ئېرلاندىيىدە باغ مۇتەخەسسىسلىرى مۇشۇنداق چىرايلىق گۈزەل مەنزىرىنى لايىھەلەشكە قادىر بولالمىغان، بىرەرمۇ باغۋەنچىلىك ئالىمى كۆچەت سورتلىرىنى مۇشۇنداق رەتلىك، كۆركەم ھالەتتە ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرالىغان ئەمەس. مەن كېزىپ ئۆتكەن نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئورماندىن باشلاپ بۇگۇنگە قەدەر، ئۇ يەرلەردىكى مەنزىرىلەر مېنىڭ كۆزۈمنى بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدەك جەلپ قىلالىغان ئەمەس».

ئاراتام باغنىڭ ئارقىسىدا بىر كىچىك يول بار بولۇپ، ئۇن نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر تاغقا تۇتىشىدىكەن. بۇ قۇمتاش يارداڭلىقتا بىر ئۆڭكۈر، ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئىزى، يەنە بىرنەچچە ۋەيران بولغان بۇت بار ئىكەن. ئەمما بۇتنىڭ كۆرۈنۈشى سۇرلۇك بولۇپ، ئۇسلۇبى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

ئاراتام قورۇقىدا تۇرغان نەچچە ھەپتە ئىچىدە، ھەر ئاخشىمى بۇ يەرنىڭ ساھىبخانىلىرى چىرايلىق جابدۇنغان كىگىز ئۆيلىرىدە كابلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇچۇن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بىر توپ چوكانلار ھەر خىل يىمەكلىكلەرنى پەتنۇسلارغا سېلىپ، ئارىلىقلاردىن ئىلدام مېڭىپ ئۆتۈپ، كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان داستىخانغا تىزىد-

دۇ، ئاندىن كېيىن سىلىق ـ سىپايە يېنىك قەدەملىرى بىلەن كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ يېرىم يۇملاق شەكىلدە تىزىلىپ جىم ئولتۇرىدۇ. يەنە بىر توپ قىز كىگىز ئۆيگە كىرىپ نەغمىچىلەرنىڭ مۇزىكا ـ سازلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ پەرۋاز قىلىدۇ. مۇزىكىچىلارنىڭ داپ ۋە غىيجەكلىرى كابىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. ئۇ نېمىشقا بۇ ئىككى سازنىڭ تەڭكەش قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قىزغىن قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن ئەۋجىگە چىققان ناخشا ـ مۇزىكىلار، قىزلارنىڭ ئۇسسۇل قەدەملىرى، داپنىڭ ماس رىتىملىق چېلىنىشى، ئىنتايىن تەبىئىي مۇكەممەللىكى، كىشى كۆرۈپ ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقى مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كابىلى ھەقىقەتەن ئاجايىپ ماھارەت دەپ ھېس قىلىدۇ.

كابىللار ئاراتام باغنى سەيلە قىلىپ قايتقاندا، قومۇل ۋاڭىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كابىللار يەنە بىر قېتىم قومۇلغا كېلىدۇ. ئۇلار يەرلىك خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلايدۇ: قومۇل ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاراتام باغقا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، پەرۋىش قىلمايدىغان بولۇپتۇ، شۇنچە كاتتا گۈزەل باغ ئامالسىز خارابىلىشىپ كەتكەن، شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، داڭلىق قومۇل قوغۇنىنىڭ سۈپىتىمۇ كۇنسايىن چېكىنىپ كەتكەن. چۈنكى ئەمدى جۇڭگودا پادىشاھ يوق، قومۇلدا ۋاڭ يوق بولغاچقا، سوۋغات مەھسۇلاتى بولغان قومۇل قوغۇنى نەزەردىن چۈشۈپ، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەممۇ قالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قوغۇنچى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى يوقىلىپ، ئۆز قوغۇنىنى سوۋغاتلىققا يارىتىش ئۈچۈن ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ جاپا تارتىشنىڭ ئورنىمۇ قالمىغان.

قومۇلنى كۆپ قېتىم ساياھەت قىلىش كابىلدا نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدۇ. ئۇ ئەنگلىيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسىرىدە «قومۇل» دېگەن سۆزنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن. كابىلى ئەڭ ئاخىرى تاماملىغان كىتابى

«مەقسەتلىك سەپەر»دە مۇنداق يازغان: «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا-سىدىكى قۇمۇل بوستانلىقى چوڭ چۆل - باياۋان ساياھەتچىلىرد-نىڭ ياخشى پاناھ جايى بولۇپ، مۇشكۇل چۆل باياۋان سەپىرىدە ھايات قالغان كىشىلەرگە بۇ جاي مەردانە، سېخىيلارچە مېھماندوستلۇق ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ».

«يىپەك يولى ساياھىتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 3 - سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلىز ئىسمائىل**

# بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن تۇرپان قاراخوجىلىق ئوبۇل مەھدى يازغان بىر «نەزم بېيىت»

مىرسۇلتان ئوسمانوف

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قاتارىدا گېرمانىيىلىك ئالبېرت فون لېكوك كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئا. لېكوك 1904 ـ يىل 18 ـ نويابىردىن 1905 ـ يىل 1 ـ ئاۋغۇستقىچە بولغان 10 ئايلىق ئېكسپېدىتسىيىسىنى ئاساسەن تۇرپان قاراخوجىدا ۋە مۇرتۇقتا ئېلىپ باردى. ئۇ بۇ جەريانىدا بىر ياقتىن ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش، يازما يا-



دىكارلىقلارنى يىغىش قاتارلىق ئاساسىي خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىش بىلەن، يەنە بىر ياقتىن تۇرپان خەلق ماقال - تەمسىللىرى، خەلق قوشاقلىرى، توي ناخشىلىرى، رامىزان قوشاقلىرى قاتارلىق ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. بۇ ماتېرىياللار 1911 - يىلى « BAESSLER ARCHIV» («باسلېرنىڭ ئارخىپى») ناملىق توپلامدا بېسىلىپ چىقىدۇ.

بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى لېكوكنىڭ قاراخوجىلىق ئوبۇل مەھدى دېگەن كىشىگە پۇل بېرىپ يازدۇرغان مۇشۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ۋە بۇ ئەترەتنىڭ تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى توغرىسىدا يازدۇرغان شېئىرىي مەدھىيىسىدۇر. بۇ مەدھىيە بىزنى لېكوكنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلىرىدىن ئاساسەن خەۋەردار قىلىدۇ.

«مەدھىيە»دە ناھايىتى قىزىقارلىق ئىشلار بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئەترەتنىڭ قانداق قارشى ئېلىنغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق نەرسىلەرنى يىغقانلىقى، قانچەساندۇقنى توشقۇزغانلىقى، ئۇ دەۋردە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغان خەلقنىڭ بۇ ئىشلارغا ھەيران قالغانلىقى قاتارلىقلار بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق خېلى جەلپكار بايان قىلىنغان.

بۇ مەدھىيە «نەزم بېيىت» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۇپلېت، ۋەزىن، تۇراقلىرىدا ئىزچىللىق يوق. شۇڭا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇنى «قاپىيىلىك نەسر» دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

«نەزم بېيىت»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئوبۇل مەھدىنىڭ ئەينى دەۋردىكى كونا زىيالىيلاردىن ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس. ئۇ ئىشلەتكەن تىلنىڭ ئىملا ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، چاغاتاي يېزىق تىلى ئىملا ئەنئەنىلىرىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

بۇ مەدھىيە يۇقىرىقى توپلامدا لىكوكنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە تەرجىمىسى بىلەن ئېلان قىلىنغان. بىراق، ئۇنىڭدا مەلۇم يېتىشسىزلىكلەر بار. بىز بۇ قېتىم بۇ مەدھىيىنى ئىشلەشتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا ئىچىدە ئەسكەرتىش بېرىش يولى بىلەن ئېلان قىلدۇق.

ئەسكەرتىش: ئەسلىي نۇسخىدىكى «پ» ئورنىغا «ف»، «ت» ئورنىغا «د» ئىشلىتىشتەك ئىملا خاتالىقلىرى بىزنىڭ ترانسكرىپسىيىمىزدە كۆرسىتىلمىدى.

بىرلىن دېگەن مەملىكەتنىڭ پادىشاھى،
ئىبەرىپدۇر تۇرپانغە ئۇچ شەھسۇۋارى.
چوڭىنى ئاتايدۇر دوختۇر ئەفەندىم،
سۇرەت بىلەن كاغەز ئالۇر ھەرنە بارى.

لېكوك بەگ دەرلەر ئەنى[1] بۇ ئۆزى زور كىشى ئىكەن،
سۇرەت ئالماق، كاغەز ئالماق پادىشاھغە خىزمەت ئىكەن.

پادشاھىغە ئالىپ بارسا كاغەز بىلەن چالپاقنى[2]،
ئىنئام قىلۇر پادىشاھى بېشىغە بىر قالپاقنى.
مىلتىقلارى بەندلەكدۇر ئەپلەپ تۇرۇر ئاتماقنى،
كۆڭلىدە كەچۇرمەگەي كۆڭلىدە بىردەم بىكار ياتماقنى.

ھەر كۇنى مەدەكارغە ئونبەش كىشىنى ئالۇر،
كەتمەن، گۇرجەك كۆتەرتىپ كوھنە شەھەرگە ئۆزى بارۇر،
جوھان دېگەن بىر ئادەمى ئاشپەز بولۇپ ئۆيدە قالۇر،
مەدەكارلەر پۇلنى ئالىپ ئاخشاملىقى كەچ تارۇر.

---

① ئەنى — ئۇنى.

② چالپاق — بۇ سۆز ئەسلىي نۇسخىدا «چالفاق» دەپ يېزىلغان. «ل» ۋە «پ» تاۋۇشلىرى ئورۇن ئالماشتۇرغان. چاپلاق، چاپلانغان نەرسە مەنىسىدە.

بۇ مەملەكەت ئادەملەرى بۇ ئىشقە ھەيران قالدۇق،
سۇرەت بىلەن كاغەز ئىستەپ تولا ھاردۇق.
بەزى كۇندە سۇرەتغە توشتى نەچە ساندۇق،
نەگە بارسە ئارقادىن بىللە بارىپ بىللە ياندۇق.

سورادۇق ئەي ئەفەندىم بۇ سۇرەتنى نە قىلۇر،
دېدى ئول سۇرەتنى تاپساق بۇ مەملەكەتكە بەگ قىلۇر.
كۇندۇزى سۇرەت ئىستەيدۇر كېچەسىدە خەت قىلۇر،
بويىغا كەيگەن لىباسىنىڭ ھەممەسىگە چەك قىلۇر.

ئورۇسىمىكىن دەپدۇرمىز، ئورۇس ئەمەس بىز دەيدۇر،
ئورۇس يۇرتى يېقىندۇر، بىزنىڭ يۇرت يىراق دەيدۇر.
يۇرتۇڭلار قايان دېسەك، رۇم شەھىرىدىن ئىراق دەيدۇر،
سۇرەت چىقسا ئالادۇر، بىزگە بۇ كېرەك دەيدۇر.

گېرمان پادشاھ گۇناھكارنى ئۇرماغۇدەك،
ئانداغ ئالسە كوھنە شەھەردە ھېچنېمەنى قويماغۇدەك.
سۇرەت بىلەن كاغەزغە قىرىق ساندۇق توشقاردى،
سۇرەت بىلەن كاغەز بولسا قانچە بولسا تويماغۇدەك.

لېكوك بەگ دەيدۇر ئۆزى خۇشخۇي كىشى ئىكەن،
خەزىنە كەلىدلەرى قولىدە ئىكەن[1]...
بەرگەن كاغەز ياراسە پۇل بېرىپ ئالۇر ئىكەن،
كەغەزى ياراماسە ياندۇرۇپ بېرۇر ئىكەن.
ھەر كىشى سۇرەت ئىستەپ ئەمگەك بىلەن ئوننى تاپسە،
بىرىنى ئىلغاپ ئالۇر، توققۇزى قالۇر ئىكەن.

لېكوك بەگ دوختۇرى ئىلىم ـ ھېكمەت بىلىپدۇر،
ئىلىم ـ ھېكمەت بار ئۇچۇن بارچە زەبانلارنى بىلىپدۇر.

---

① بۇ مىسرادا ئالدىنقى مىسراغا قارىغاندا، بىرنەچچە بوغۇملۇق سۆز كەم.

فارسى، ئەرەبى، ئەڭگىلىس ۋە ئامۇس[1] بىلىپدۇر،
يەنە تۇرپانغە كېلىپ تۈركىي زەبانى بىلىپدۇر.

ئانىڭ كەيگەن لىباسى پادىشاھانە،
دەقيانۇس كوھنە شەھرى بارچە بۇتخانە.
بۇت بىلەن كاغەز ئالماق بۇلارغە بىر باھانە،
مۇنچەمۇ ئەمگەك بولۇرمۇ ئاھ شىرىن جانە.

قىرىق ساندۇقغە توشقاردى چالپاق بىلەن سۈرەتنى،
پادىشاھى بېرىپدۇر ئالتە ئايلىق مۆھلەتنى.
كېچە ـ كۈندۈز ئارام يوق تارتتى جەفا بىلەن مەينەتنى[2]،
يۇرتىغا يەتكۈزۈپ بارسە، ئاندىن كۆرەر دۆلەتنى.

ساندۇق ئىچىدەكى سۈرەت ئەمەسمۇ؟
سائەت كۆرۈپ ئىشلەيدۇر مۆھلەت ئەمەسمۇ؟
ئاخشامغىچە كەتمەن چاپۇر مەينەت ئەمەسمۇ؟
خىزمىتى خانغە يەتسە دۆلەت ئەمەسمۇ؟

يەنە ساندۇق ياسايدۇر پالتۇ بىلەن،
ئون كۈنغىچە ئېغىزغە[3] باردى بالتۇر بىلەن.
دوختۇر بىلە بالتۇر[4] كېلىپدۇر بىر ساندۇق ئالتۇن بىلەن،
نەچچە مىلتىق بەندىلىكتۇر پەرۋايى يوق كانتو بىلەن.

---

① بۇ سۆز ئەسلىي نۇسخىدا «واموس» شەكلىدە يېزىلغان. لېكوك ئۇنى «قامۇس» دەپ تونۇپ، شۇنداق تەرجىمە قىلغان. بىز «و» ھەرپىنى باغلىغۇچى «ۋە» دەپ ئالدۇق. لېكىن «اموس»نى ئېنىقلاش، ئۇنى قامۇس دەپ چۈشىنىشكە ھېچقانداق ئاساس تېپىلمىدى.

② ئەسلىي نۇسخىدا «مينت» (مەينەت) دەپ يېزىلغان. جاپا ـ مۇشەققەت مەنىسىدىكى «مېھنەت» سۆزىنىڭ جانلىق تىلدا ئېيتىلىشىدۇر.

③ ئېغىز ــ سىڭگىم ئېغىزىنى دېمەكچى.

④ بالتۇر ــ كىشى ئىسمى، لېكوك بۇنى بەزىدە بالتۇر، بەزىدە پالتۇر دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان.

خەرجىسىنى خەتلەپ تۈرۈر جوھان دېگەن بىر قۇلى،
نەچچە ساندۇقدە باردۇر ئاقچى دەپ كاغەز پۇلى.
ئاقچى دېگەن خار ئەمەس[①] ئېتىباردۇر بۇ پۇلى،
قەلەم بىلەن خەت قىلۇر توختاماس مۇنىڭ قولى.

ئاقچەسىنى تېگىشىدۇر يامبۇ بىلەن يارچەنگە[②]،
قالماشتۇرۇپ قويغان ئادەمگە بىر پۇل بەرمەس ساچەنگە[③].
كۆرسە ھەيران قالادۇر شەھەردىن چىققان ماچەنگە[④]،
خەلايىق كاغەز تاپسە سېتىپ ئالۇر داچەنگە.

بۇلار بىر كۈننى ئۆتكەردى ئون سەر بىلەن،
قىرىق ساندۇق سۇرەتكە توشقاردى مىڭ سەر بىلەن.
بۇ ساندۇق پۈتۈپدۇر نەچچە يۈز سۈڭ پەن بىلەن،
چالپاقلارنى يىلىمداپ يۆرگەپ قويۇر يۇققا پەن بىلەن.

چوڭ سۇرەت تېپىپ كەلسەك، دېدىلەر ساندۇقغە پاتمايدۇر،
سۇرەت، كاغەز بارمۇ دەپ بىردەم بىكار ياتمايدۇر.
سۇرەت بىلەن كاغەزنى بىرنى بىرگە قاتمايدۇر،
كېسەلمەنگە دورا بەرسە بىكار بېرەر، ساتمايدۇر.

بالتۇرى كەتمەن چاپۇر ئاخشامغىچە ھارمايدۇر،
بۇ قىسمەن سۇرەت ئالسە كوھنە شەھەردە ھېچنېمە قالمايدۇر.
نەچچە مىڭ سەر پۇل خىراجەت بولدىلەر، مەنفە بارمايدۇر،
بۇلار ئالغان نەرسەلەرنى بۇ يەردە پۇلغە ئالمايدۇر.

---

① بۇ سۆز «خوراماس» يېزىلغان، ئايىغىدىكى «ئېتىبار» سۆزىگە قاراپ «خار ئە-
مەس» دەپ ئالدۇق.
② يارچەن — ئۆز دەۋرىدە قوللىنىلغان مېتال پۇل.
③ ساچەن — خەنزۇچە، «چاي پۇلى» مەنىسىدە.
④ ماچەن — كونا تەڭگە.

كۆرۈڭلەر ئەي خەلايىق بۇ بىكار ئىشنى،
بىكار ئۆمرى ئۆتكەزدى بىر پۈتۈن قىشنى.
قەندۇ نەبات بىرلەن قىلۇر ئاخشامغىچە يېيىشنى،
ھەر ئادەم كۆنلۈكىگە ئىككى مىسقال قىلدى ئىشنى.

بېرلىندىن ئالغاچ كېلىپدۇر بىر نەغمە ساندۇق[①]،
ئەنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلار ھەيران قالدۇق.
كارنايغە سۆز قىلغىلى يېقىن باردۇق،
نېمە دېسە شۇنداغ دەيدۇر بارچە خەلق كۆرۈپ ياندۇق.

يۇرتىدىن چىقىپ كېلىپدۇر قوقان بىلەن،
ئاندىن كېيىن ئۆتۈپ كەلدۈك ياركەن بىلەن[②].
يەنە بىرلە كېلىپدۇر بالتۇرى ھەممە كار بىلەن،
قاراپ كۆرسەڭ يۇرۇپدۇر دۆلەتى ئەركان بىلەن.

تۇرپانغە كەلگەن ھەمانە ۋاڭ بېگىمگە ئاڭلاندى،
ئانىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ بارچە ئىشى جايلاندى.
كوھنە شەھەرگە ئېلىپ بار دەپ ئىككى ئادەمگە جولاندى،
تۇرپاندىن دىڭما[③] بولۇپ كوھنە شەھەرگە ئۇلاندى.

ئول زەمان يېتىپ كەلدى كوھنە شەھەرگە،
يۇكلەرىنى تۇشەردى كېلىپ دەنگە[④].
دېدىلەر پۇل بېرىمەن ياخشى ئەرگە،

---

① نەغمە ساندۇق ــ ئۈنئالغۇ.

② بۇ سۆز توغرىسىدا لېكوكنىڭ مۇنداق ئەسكەرتىشى بار: ئوبۇل مەھدى بۇلارغا تۇرپاندا يول باشلىغۇچى بولغان. ئۇنىڭغا بىز چۆچەك ئارقىلىق كەلدۇق، دېگەن بولىسىمۇ، «نەزم بېيىت»قا «يەكەن ئارقىلىق ئۆتتۇق» دەپ يېزىپ قويغان.

③ دىڭما ــ خەنزۇچە، ئاتلىنىش.

④ دەند ــ دەڭ، ئۆتەڭ.

بىز خەلايىق قاراپ باقساق قەدىمكى ئەندگە[1]،
چالپاق، سۇرەتكە بەرمەيتۇر ھېچ كىشى تەڭگە.

ئۇلۇغ بېگىم ئۆزى كېلىپ بۆلار بىلەن كۆرۈشتى،
مېھرىبان ئانام بىلەن ئانچىنان سۆز قىلىشتى.
بۇ جايدا بولۇر لازىملىقىنى[2] دېيىشتى،
ئاندىن كېيىن ۋاڭ بېگىم ئوردا سايان يانىشتى.

يانىشىدا دوراغەلەر[3] گە ھۆكۈم تەگۇردى،
بارىپ يولغە چارچاڭ قىلىپ ئاران ئۇلگۇردى.
مېھمانلارنىڭ چوڭلۇقىنى دورغەلەرغە بىلدۇردى،
ھۆكۈم ئاڭلاپ بۇ دورغەلەر چاپچان يۇگۇردى.

كوھنە شەھەردە بولدىلەر تۇرالغۇ جايى،
ئۇلۇغ بېگىم خىزمەتكە بەردى ئىككى يايى.
ئىككى يايى خىزمەت قىلىپ بىر ئايغىچە تۇردى،
مالىمان قىلسە خەلايىق قامچى بىلەن ئۇردى.

پادىشاھغە ئوخشايدۇر ئانىڭ خۇلقى،
كېچە ـ كۇندۇز ھەرەكەت قىلىپ يوقتۇر ئۇيقى.
دوقتۇر جوھان يېڭى كەلدى، بالتۇر بۇرۇنقى،
دوراسى بىلەن تۇرۇر نەچچە يۇز لوڭقى.

بۇ لوڭقىلار ئىچىدە رەڭگارەڭ دوراسى بار،
چوڭ ـ كىچىك تۇرغان بىلەن ھەرقايسىنىڭ جوراسى بار.

---

① ئەند ــ ئارخىپ ماتېرىياللار.
② ئەسلىي نۇسخىدا بۇ سۆز «لازىم قى نى» ەدپ يېزىلغان، لېكوك «لازىملىقىنى» دەپ ترانسكرىپسىيە بەرگەن. بىز لېكوكنىڭكىنى ئاساس قىلدۇق.
③ ئەسلىي نۇسخىدا بۇ سۆز «دوراغە» شەكلىدە يېزىلغان، لېكوك بۇنىڭغا «دور- غە» دەپ ترانسكرىپسىيە بەرگەن. بىزمۇ شۇ بويىچە ئالدۇق.

يەنە تاز باشقە ئىشلەيدۇر سۇيى بىلەن كوراسى بار،
چالپاق سۇرەت كۆپ چىقىپدۇر، لېكوك بەگنىڭ دوراسى يار.

كوهنە شەهەرنى تۇگۇتۇپ، باردىلەر مۇرتۇق سايان،
مۇرتۇقتىن سۇرەت چىقىپ بولدى كۆپ ئايان[①].
ئوتتۇز كۈن مۇرتۇقغە بېرىپ بولماي[②] بىر فۇڭ زىيان،
بۇ قىسمەت ئۆتكەن ئىشنى نەزم بىلەن قىلدۇق بايان.

بارچە ئىشنى نەزم قىلساق كاغەزغە باتمايدۇر،
مۇرتۇق دېگەن ئۇتتۇر يولغە كۈندە قاتنايدۇر.
پادىشاھلىق خىزمەت ئۈچۈن بىكار بىردەم ياتمايدۇر،
هەر كۈنلۈكى كەلگەن سۇرەت ساندۇقغە باتمايدۇر.

كاغەز بەردى ماڭا نەزم قىل دەپ،
ئون نەچچە كۈن پۈتۈدۈم ئەزمە قىل دەپ.
بىلگەنىمچە نەزم قىلدىم، بىلمەگەننى نە قىلاي[③]،
پىسەند بولسە ئەفەندىمگە ئاڭا بېقىپ گەپ قىلاي.

بىكار قىلدىم بۇ نەزمنى ئەفەندىمدىن ئەف قىلاي،
ئىنئام كۆرۈپ ئاندىن ئۆزگە هەر نەرسە قىلسام يەپ قىلاي.
خىزمەت بولسە قىلماق ئۈچۈن كۈندە كېلەي مەن،
ئەفەندىمدىن لازىملىق ئۈمىد بىلەن جابدۇق تىلەيمەن.

بىكار بولغان جابدۇقلاردىن بىرنى بەرسە،
توققۇز ـ توققۇز تەزىم قىلىپ ئالسام ئېرسە.

---

① لېكوك بۇ جايغا «بولارغە» دېگەن سۆزنى قوشقان.
② بۇ سۆزنى لېكوك «بولمادى» دەپ ئالغان.
③ بۇ سۆ ئەسلىي نۇسخىدا «بيلماكان نە قيلاي» (بىلمەگەن نە قىلاي) شەكلىدە يېزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «بىلمەگەننى نە قىلاي» دەپ ئالدۇق.

جابدۇق بەرسە ئالىپ خۇش بولۇرمەن،
بەرمەسە نومىد[1] بولۇپ ئوشالۇرمەن.

نەزم مەكتۇپ پۈتۈدۈم ئاھۇ ـ نادامەت،
مەزمۇنى مەفھۇم ئۇلغاي ياخشى سائەت.
يەنە نەزم بار ئىدى كاغەزغە سىغماي يامان بولدى،
خىلاف ئەمەس بۇ نەزم[2] يىگىرمە كۈندە تامام بولدى.

① بۇ سۆز ئەسلىي نۇسخىدا «نومىد» دەپ يېزىلغان. لېكوك بۇنى «نائۇمىد» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بىز «نەۋمىد» دەپ ئالدۇق.

② لېكوك بۇ سۆزنى «نەزمەلەر» شەكلىدە ئالغان. بىز كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى ئەسلىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوشمىدۇق.

# چۆچۈلغا ئايلانغان تەنلەر

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شىمالىي سېپىل ياقىسىغا جايلاشقان «تىرەكلىك»[①] دېگەن جايدا بىر تۈرمە بار بولۇپ، بۇ جاي بۇرۇن بىرقانچە باي تەرىپىدىن ھاجىلار چۈشىدىغان «چۈشكۈنخانا» قىلىپ ياسالغان، كېيىن 1933 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ جاي ھەربىي - سىياسىي لاگېرغا ئايلىنىپ، سىياسىي مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمىگە ئايلاندى.

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەردە يۈز بەرگەن ھەربىي ئۆزگىرىش قەشقەر خەلقىدىن نۇرغۇن كىشىنىڭ قامىلىشىغا سەۋەب بولدى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىيلار قاتلىمىدىن ئىدى.

شۇ كۈنى (جۈمە كۈنى) قەشقەردە تۇرۇشلۇق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ يوشۇرۇن ھالدا چەتكە چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ «قۇيرۇقى» ھېسابلانغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەھلىكىدە قالدۇرغانىدى.

شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋەقە يۈز بېرىشى بىلەنلا شەھەردىن، ئەتراپتىكى ناھىيە ۋە يېزىلاردىن نەچچە يۈز كىشىنى، يەنى ئاق - قارىنى پەرق ئېتمىدىغان كىشىلەرنى ئۇشتۇمتۇت تۇتۇپ كەتتى، بۇلاردىن 100دىن ئارتۇق زىيالىينى تىرەكلىكتىكى بۇ تۈرمىگە قامىغانىدى.

① تىرەكلىك — ھازىرقى قەشقەر شەھىرى يارباغ «سەمەن يولى» ۋىلايەتلىك ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى جايلاشقان ئورۇن. 1960 - يىللارغىچە بۇ جاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى قىلىنغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە نوبېشى مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ۋە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى يۇسۇپ «زىيا» ئەپەندى ئىبراھىممۇ بار بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىلا كېچىسى ئۆيىگە تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن باسمىچىلاردىن خوجا يۇسۇپ، ھۇسەيىن پىچاقچى دېگەن جاللاتلار باشچىلىقىدىكى ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانىدى.

يۇسۇپ زىيا ئەپەندىمۇ ئىككى ئايلاپ تېرەكلىكتىكى تۈرمىنىڭ مەلۇم قاراڭغۇ كامېرىدا قولىغا بىلەزۈك (بىلەك ئۈزۈك)، پۇتىدا ئېغىر كىشەن سېلىنغان ھالدا، «مۇنكىر ـ نەكىر»لەرنىڭ سوراقلىرىغا جاۋاب بەرمەكتە ئىدى.

يۇسۇپ ئەپەندى 1895 ـ يىلى ئەتراپىدا قەشقەر شەھەر ئىچى كاللا مەھەللىسىدە ئىبراھىمئاخۇن ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بىر مەزگىللىك ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن مەھەللە مەكتەپلىرىدە ساۋاتىنى چىقارغان، مەدرىسىلەردە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۆلەتلەر ئارا تىنچلىق مەزگىللىرىدە ئاكىسى ھېكىم ھاجىغا قوشۇلۇپ ھەجگە جابدۇنغان. تۈركىيىگە بارغاندا ئىقتىسادى يېتىشمەي ئاكىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئىستانبۇلدا بىر مەزگىل تۇرغان. بۇ جەرياندا سۇ سېتىش، يايمىچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىدىكى ئىستىكى، ئوقۇپ بىلىملىك بولۇش بولسىمۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، مۇھىمى ئىگىسىزلىك ئۇنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا ئىمكان بەرمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ ھەر كۈنى ئىستانبۇل باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى سىرتتىن كۆزەتكەن، بولۇپمۇ تەنتەربىيە ئۇنىڭ قىزىقىپ ئۆگىنىدىغان دەرسلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تىجارەت مەزگىلىدە تونۇشقان بىر سودا فىرمىسىنىڭ بوغالتىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېسابات ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ تىجارەت

ئىشلىرىغا تەتبىقلىغان.

يۈسۈپ ئەپەندى ئىستانبۇلدا يالغۇز تىجارەت ۋە ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى، مائارىپى، يۈنىلىشى قاتارلىقلارغا قىزىققان، بۇ يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ۋە تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ بىلىم ئالغان. ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغا جايلاشقان بۇ شەھەرنىڭ، يۇرتىغا قارىغاندا ئىلىم، مەدەنىيەت، تەرەققىياتتا ئۈستۈن بولغانلىقى ئۇنى يېڭىلىققا تېخىمۇ ئىنتىلدۈرگەنىدى.

ئۇ ئۆز يۇرتى قەشقەرنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش سەۋىيە قاتارلىق جەھەتلەردە تولىمۇ ئارقىدا قالغانلىقىنى بايقاپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولاتتى، ئۆز خەلقىنى بىلىملىك قىلىش، يۇرتىدا مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىنى باشلاش ئىستەكلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باراتتى.

ئۇ ئىستانبۇلدىكى ۋەتەنداشلىرىغا ۋەتىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇلار بىلەن مەرمەر دېڭىزى بويلىرىدىكى ساپ ھاۋالىق سەيلىگاھلاردا بىللە بولاتتى، پىكىرلىشەتتى. ئۇلاردىن بىرى قەشقەر ئاتۇشلۇق مۇھەممەد ئېلى ئەپەندى بولۇپ، قەشقەر ئاتۇشلۇق مۇسابايوفلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبۇلنىڭ مەلۇم مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى تەتىل ۋاقىتلىرىدا ئۇچرىشىپ تۇراتتى.

ئەينى چاغدىكى قەشقەردىكى دوستلىرىدىن ئىستانبۇلغا كەلگەن خەتلەر مەزمۇنىدىن يۈسۈپ ئەپەندى سۆيۈملۈك يۇرتى قەشقەردىكى جەمئىيەتنىڭ يەنىلا كونا قېلىپتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قىلچە يېڭىلىق بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ھەسرەت چەككەن.

مانا بۇ ئەھۋاللار تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە ئاشنا بولغان يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۇنى سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر قىلاتتى، يار ـ دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، دەردىنى تۆكۈپ ئۆزىنى يېنىكلىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ دىلكەش دوستى مەمتىلى «تەۋپىق» ئىدى.

ئۇ «تەۋپىق» ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قىلغان دوستانە سۆزلىرىگە قارىتا پات ـ پات تۈرك شائىرى نامىق كامالنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئوقۇيتتى:

ئۆلەرسەم كۆرمەيىن مىللەتتە ئۇمىد ئەتدىكىم پەيزى،
يېزىلسۇن سەڭگى[1] قەبرىمگە ۋەتەن مەھزون[2]، مەن مەھزۇن.

* * *

1930 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، قەشقەر كوچىلىرىدا تۈركچە قاراكۆل كۆرپە تۇماق كىيگەن، گالىستۇك تاقىغان، يۇڭ تېرىكە كاستۇم ـ بۇرۇلكا، دىراپ پەلتو، خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن بىر كىشى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بۇ خىل كىيىنىش ئەينى چاغدىكى يۇرت ئۈچۈن غەيرىي بىر ئىش بولغاچقىمۇ كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندە ئەجەبلىنىپ قارايتتى، بەزى يۇرت كۆرگەنلەر، ئاز ـ تولا مەدەنىيەت ئۆزلەشتۈرگەن كىشىلەر ئاڭلىق قارىدى ـ دە، بۇ شەھىرىمىز ئۈچۈن يېڭىلىق، تۇرمۇشتىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن بىر ئەسەر دېيىشتى، بۇنىڭ ئەكسىچە مۇتەئەسسىپلىككە بېرىلگەن ياكى تەسەۋۋۇرىنىڭ «جەندەچىلىك» زەھىرىگە سۇغىرىلغان بەزى كىشىلەر ئۇنى «غەيرىي دىندىكى ئادەم» دەپ ئاتىدى.

ئەينى چاغدىكى يۇرتتا قىياپەتكە قارىتا يامان كۆزقاراش كۈچلۈك ئىدى، ھەتتا كالتە چاپان كىيىش، ساقال قىرىش، تۇسىنى ئادەتتىكىدىن غەيرىي ئۆزگەرتىش بىر ئوچۇملار ئالدىدا جىنايەت ھېسابلىناتتى ۋە «دىندىن چىققانلىق» دەپ قارىلاتتى. لېكىن بۇ «غەلىتە قىياپەتلىك ئادەم» قەشقەرلىك يۈسۈپ ئەپەندى ئىبراھىمى بولۇپ، تۈركىيەدىن قايتىپ كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ قەشقەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىلەن بىرقەدەر تونۇشلۇق بولسىـ

① سەڭگى ـــ تاش، بۇ يەردە قەبرىگە قويۇلغان تاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② مەھزۇن ـــ قايغۇ، قايغۇرۇش.

مۇ، يۇرتداشلىرىنى مەدەنىي تۇرمۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ياۋروپا پاسونى بىلەن خەلق ئىچىگە كىرىپ كەلگەنىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۆز ـ چۆچەكلەر چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆمەربايىنىڭ يېقىن ئادىمى بولغاچقا سۆز ـ چۆچەكلەر بېسىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىكى «جەدىدچىلەر»نىڭ تايانچىسى بولغان ئاخۇنبايوف ۋە ئابدۇرېھىم بايۋەچچىلەر ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرغان زاۋۇتىغا خىزمەتكە ئالدى.

يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ قەشقەردىكى غەيرىي شارائىتقا سىغىپ كېتەلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يۇرتقا زور ئېھتىياجلىق كىشى بولۇپ قالغانلىقىدا ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە قەشقەر شەھىرىگە قانچىلىغان بوغالتىر تەييارلاپ بەرگەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن بوغالتىرىيە خادىمى يوق دېيەرلىك ئىدى، بولغاندىمۇ تولىمۇ ئاز ئىدى.

شەھەردە گەرچە كاتتا بايلارنىڭ بىرقانچە سودا سارايلىرى، شۇنىڭدەك چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئۇنلىغان سودا سارايلىرىدا ھېسابات ئىشلىرى پەقەت «مىرزا» دەپ ئاتالغان كىشىلەر تەرىپىدىن بىرگىنە ئۇزۇنچاق دەپتەرگە «باز ئالدى، باز بەردى» دەپ يېزىش ئۇسۇلى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ ئۇسۇل تولىمۇ پاسسىپ، تولىمۇ قالاق ئىدى. 20 ـ يىللاردىكى سودا، تەرەققىيات سىستېمىلىق ھېساباتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقتىن بەزى بايلار سىرتقى ۋىلايەتلەردىن خادىم تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

ئەنە شۇ كۈنلەردە يۇسۇپ ئەپەندى ئۆز ئۆيىدە بوغالتىرلىق كۇرسى ئېچىش بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭدا ئوقۇغان 15 كىشىدىن 12 كىشى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قانائەتلىنەرلىك ئوقۇپ چىقىپ باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

چۈنكى قەشقەردە مەۋجۇت «گلاۋنوي بوغالتىر» دەپ ئاتالغان ئۈچ كىشى 30 دەك ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقان بولسىمۇ، جەمئىيەتكە

كۆڭۈلدىكىدەك ھەسسە قوشالمىغانىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە يۇسۇپ ئەپەندى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ قېتىملىق ئاچقان كۇرسىدىمۇ 50 تەك بوغالتىرنى تەييارلاپ جەمئىيەتكە قوشتى. بۇلاردىن بىرقانچىسى ئۆز ئۆيىدە كۇرس ئېچىپ ھەۋەسكارلاردىن بىرقانچە ئون كىشىنى ئوقۇتقانىدى.

شۇنىمۇ دېيىشكە توغرا كېلىدۇكى، باشقىلار ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئايدا نەچچە تىللا ھەق ئېلىپ ئوقۇتقان بولسا، يۇسۇپ ئەپەندى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ئۇلارنىڭ 25 ـــ 30 پىرسەنتىگىلا توغرا كېلەتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ بوغالتىر تەربىيىلەش خىزمىتى قەشقەر تارىخىدا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نەۋرە شاگىرتلىرى رىشات ئېلى كېيىنكى يىللاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىنى بوغالتىر قىلىپ يېتىشتۇردى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە ئىشلەپ ئىنتىزاملىق مالىيە ھېساباتىنى بەرپا قىلىپ بەرگەنىدى. مانا بۇ شەرەپمۇ باش ئۇستاز يۇسۇپ ئەپەندىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك.

1930 ـ يىللاردىكى قومۇل ئىنقىلابى جەنۇبقا، جۈملىدىن قەشقەرگە خىلمۇ خىل يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بىرى قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىدى.

شەھەر زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ۋالىي يۇنۇس بەگ سەئىدىنىڭ قوللىشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ شەھەرنىڭ غەربىي شىمال ياقىسىدىكى «نو-بېشى» مەكتىپى ئىدى.

يېڭى مائارىپقا مەسئۇل قىلىنغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇيغۇر، تاتارلاردىن بولۇپ بىرقانچە ئۇستازنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا بېكىتتى. جۈملىدىن يۇسۇپ ئەپەندى ئىبراھىممۇ ئىلمىي مۇدىرلىققا تەيىنلىنىپ ماتېماتىكا ۋە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغانىدى.

ئۇ تاكى 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايغا قەدەر ئۆز خىزمىتىنى تو-

لىمۇ بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇ يۇرتتىكى زامانىۋى ئو- قۇشقا قارشى چىققۇچىلارنىڭ تۈرلۈك مەزھەپچىلىك، بۆلگۈنچى- لىك ۋە قاتتىق تەھدىتلىرىگە باش ئەگمىدى. سېرىق دىگىنال تېرىكىدىن تىكىلگەن كالتە شىم - كەمزۇل، ئىسپانچە شەپكە، سەندەل كەشلەر بىلەن كىيىنگەن نەچچە يۈزلىگەن ياش - ئۆس- مۈر ئوقۇغۇچىنى مەكتەپنىڭ كەڭ سەھنىسىدە گىمناستىكا، ئىنتىزام مەشىقلىرى بىلەن بېزىگەندە ئەتراپنى تاماشىبىنلار قاپلايتتى، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە جۇشقۇنلۇق بىلەن كۆز تىكەتتى ۋە ئوقۇغان غەزەللىرىگە قۇلاق سالاتتى.

ئەۋۋەلدە غۇنچە ئىدۇق ئەمدى ئېچىلدۇق،
ئەسىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش باشلىدۇق.
نەچچە يىللار زالىم قولىدا خار بولدۇق،
ئىلىم - ئېرپان يولى ئۈچۈن زار بولدۇق.
ياشىسۇن! مەكتەپ، ياشىسۇن مەكتەپ،
ئىلىم - ئېرپان يوللىرى بىز ئۈچۈن شەرەپ.

قاتارلىق غەزەللەر ئوقۇلغاندا كۆزلەردىن ئىختىيارسىز ياش قۇ- يۇلاتتى.

يۇسۇپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياش مەزگىللىرىگە قارى- ماي ئوقۇغۇچىلىرىنى ماھارەت بىلەن تەربىيىلىدى. ھەتتا ھەر يىلى ياز كۈنلىرىدىكى تەتىل ۋاقتىدا بىرقانچىلىغان ئوقۇغۇچى- نى باشلاپ يازلىق ساياھەتنى باشلىۋېتەتتى. ئۇزۇن مۇساپىلەرنى پىيادە بېسىپ داللار كېزىپ، ئارىلىقلاردىكى مەكتەپلەرنى زىيا- رەت قىلدۇراتتى. ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۇ- رۇپ تەجرىبە ئالماشتۇراتتى.

يۇسۇپ ئەپەندى ئاخىرقى يەتتە يىللىق ھاياتىنى مەكتەپ ئۈچۈن، ئوقۇتۇش ئۈچۈن مىللىي مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ «زىيا» (يورۇق) تەخەللۇسىغا ئىگە بولدى.

دېمەك، 30 - يىللارنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە قەشقەردىكى جا-

هالەتچىلىك كەيپىيات خۇددى قاپقاراڭغۇدا قالغان يولۇچىلار چىراغقا تەشنا بولغاندەك ئىلىم - پەن خادىملىرىغا شۇنچە تەشنا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىلىم نۇرىدا ئاشۇ قاراڭغۇ جاھالەتنىڭ يورۇتۇشىنى تىلەيتتى. ئەنە شۇ پەيتلەردە قەشقەردە ئەنە شۇنداق بىر نۇر ۋىللىدەياندى. بۇ نۇرنىڭ ئارىسىدا يۈسۈپ ئىبراھىممۇ بار ئىدى.

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يۈسۈپ ئەپەندى ياتقان تېرەكلىكتىكى تۇرمە كامېرىنىڭ ئىشىكى قاتتىق ئېچىلدى. ئىشىكتىن قانداقتۇر قارا كىيىم بىلەن نىقابلانغان قارا كۆلەڭگىلەر ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئاغزىنى تاڭدى ۋە بېشىغا تاغار كىيدۈردى.

ئۇ قاراڭغۇلۇقتا بىرقانچە تار ۋە ئەگرى يوللار بىلەن ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى سوراقچى ئالدىدا كۆردى.

زىغىررەڭ چېچەرقۇتتىن تۆت يانچۇقلۇق كىيىم كىيگەن بۇ سوراقچى جاۋابكارنى بىر تۇرلۇك مۇلايىم چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇدۇلدىكى بىر ئۇستەلگە تەكلىپ بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى يۇمىلاق شىرەگە بىر تەخسىدە چاقماق قەنت، بىر قۇتا «سېۋېرنايا پالمىرا» ماركىلىق سوۋېت تاماكىسى بىلەن گۈگۈرت قويۇلغانىدى.

سوراقچى بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ، ئىككى تال چاقماق قەنت سالدى - دە، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئەپەندى ئالدىدىكى تولكىدەك ھىجىيىپ تۇرغان ئادەمگە كۆز تاشلىغىنىدا، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان جان ئالىدىغان «ئەزرائىل» ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى بىلەن ئەپەندىنى چايغا تەكلىپ قىلىشىدىمۇ بىر تۇرلۇك ئالدامچىلىقنىڭ تۇسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەپەندى ئۇنچىقمىدى، بەلكى ئۇنىڭ چاي - تاماكىسىغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى. سوئال نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى سوراقچىنىڭ باشلىغان سۆزى بۇزدى.

— سىز ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان زىيالىي ۋە چەتتە ئوقۇغان ئادەم! سىزنى ياتاقخانىمىزدا بىرقانچە كۈن توختىتىپ قويۇشىمىزدا مەلۇم سەۋەبلەر بار. بىز سىزنى سەمىمىي كىشى دەپ بىلىمىز! ئەگەر سىزدە ئۈمىد كۈتكەن ئەنە شۇ سەمىمىيەت راستىنلا بولىدىغان بولسا سورىغانلىرىمىزغا توغرىلىق بىلەن جاۋاب بېرىڭ؟!

— بىز مۇسۇلمانلار راست گەپ قىلىشنى ئۈستىمىزگە ئالغان، راست ئىشقا راستلىق بىلەن جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن!

— ياخشى! ئۇنداق بولسا سىز تۈركىيىگە بارغاندا قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىڭىز؟ كىملەر بىلەن كۆرۈشتىڭىز؟ قايتقاندا نېمە ئىشلارغا بۇيرۇلدىڭىز؟ مانا مۇشۇلارنى ئېيتىپ بېرىشكە بولامدۇ؟

— مەن ئىستانبۇلدا تۇرمۇش ئۈچۈن چېلىشتىم. چۈنكى تۇرمۇش ھاياتىمنىڭ كېپىلى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك ۋە تىجارەت قىلىشقا توغرا كەلدى. بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمگە لازىملىق بىلىمنى ئۆگەندىم، قايتقاندا ئۆگەنگەنلىرىمنى خەلقىم ئۈچۈن سوۋغات قىلدىم. مانا بۇلار مېنىڭ بېرىش، تۇرۇش، قايتىشتىكى تەپسىلاتلىرىم.

سوراقچى يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ جاۋابىغا قانائەتلەنمىدى بولغاي، مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى:

— سىز باللارچە سۆزلەپ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىسىز؟ مەن سىزدىن بۇنداق سۆزلەرنى سوراۋاتقىنىم يوق.

— سىز مەندىن راست سۆزلەشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆز ئەينى بويىچە جاۋاب بەردىم.

— ئۇنداق بولسا، سىزنى نېمە ئۈچۈن پانتۈركىست دەيدۇ؟!

— بۇ ئاتالغۇ دۇنياۋى ئاتالغۇ، تۈركىيىدە بولسا بىر تەشكىلات، ئۇ تەشكىلات بىلەن ئالاقىدار بولغان كىشى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. مەن ئۇ تەشكىلات بىلەن ئالاقىسىز بولغىنىم ئۈچۈن بۇ نام بىلەن ئاتىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىز قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى

نېمە ئۈچۈن شۇ مەيكۈرىدە تەربىيىلىنىدىڭىز؟! ئۇلارغا تۈركچە نام قويغانلىقىڭىز سىزنىڭ پانتۈركىستلىكىڭىزنىڭ ئىسپاتى بولال-مامدۇ؟

— ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپتىن نام بېرىش ئومۇمىي قائىدە، سىزمۇ بىلىسىڭىز كېرەك، ئۆتمۈشتە يۇرتتا ئېچىلغان خەنزۇچە مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇر باللىرىغا خەنزۇچە نام بېرىلگەن ئەمەس-مىدى؟!

— ئۇنداق بولسا ئوقۇغۇچىلارغا نېمە ئۈچۈن «تۈرك بىز! ئا-نا يۇرتىمىزنىڭ كۆكسى بىز! ...» دېگەن غەزەللەرنى ئۆگەتتى-ڭىز؟ مانا بۇلار پانتۈركىزمنى ياشلارغا سىڭدۈرۈشنىڭ نامايەندى-لىرى ئەمەسمۇ؟

— سوراقچى ئەپەندىم! بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش بىر تۈر-كىي خەلق بولغىنىمىز ئۈچۈن شۇ نام بىلەن، شۇنىڭدەك ئانا ۋە-تىنىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز، بۇنىڭدىن تاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس!

سوراقچى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە «ئىپلاس!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە سۆزلەپ كەتتى.

— ئەبلەخ! مەن ساڭا ئىلمىي مۇئامىلە قىلسام نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ سەن ھازىر قايسى تۇپراقتا ياشاۋاتىسەن؟! سەن چوقۇم ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تۈركىيە ئارقىلىق ئارىمىزغا تاشلىغان ئاگېنتى! سەن شۇ ھەقتە مەسىلە تاپشۇرۇشۇڭ لازىم! سەن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارغا نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭ! خوجايىنلىرىڭ نېمىلەرنى تاپشۇرغانىدى؟

— مەن ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كەلدىم. چۈنكى مەن ئۇشبۇ ۋەتەننىڭ ئوغلى! مەن يۇرتۇمغا كېلىپ خەلقىمگە بىلىم ئۆگەت-تىم ۋە ئۇلارنى ئاقارتىش يولىدا ئىشلىدىم، مەن كەسكىن ھالدا شۇنى ئېيتىمەنكى، ۋەتەن ساتقۇچلۇق ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ ئى-شى، مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىقنى نومۇس دەپ بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا جاھانگىرلارنىڭ مالىيى بولغان خائىن مەھمۇد بىلەن بولغان ئالاقەڭنى ئېيتىپ بەر!

— بىز ئۇنى شىنجاڭدا زۇلۇم ـ زورلۇقۇقا، ئېزىلىشكە قارـ
شى قوزغىلىپ چىققان ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرى دەپ تونۇپ كەلـ
گەن. ئۇ ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق قوشۇن قوماندانى سۈـ
پىتى بىلەن قەشقەردە تۇرغان، شۇڭا بىز ئۇنى ھۆرمەتلىدۇق. ئۇ
مائارىپ ئۈچۈن كۈچ چىقارغانىدى، بىزلەرمۇ ئۇنىڭغا ماسلاشـ
تۇق، بۇگۈن ئۇ چەتكە قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىـ
كىنى ئەمدى بىلىۋاتىمىز، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئەنە
شۇلاردىن ئىبارەت.

يۇسۇپ ئەپەندى ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنىڭ
كامېردىكى ئۆيدە ياتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن
ئاققان قان كىيىملىرىنى بويىغان، بەدەنلىرى تاياقنىڭ زەربىسىـ
دىن كۆكەرگەن، يۈز ـ كۆزلىرى ئىششىغانىدى.

سوراق بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى 50 نەچچە
كۈندە تۆت قېتىم سوراققا تارتىلدى، ھەر قېتىملىق سوراقتا
سورايدىغىنى: «پانتۈركىستلىق»، «شىنجاڭدا تۈركىستان ھۆكۈـ
مىتى قۇرۇش»، «مەھمۇد سىجاڭغا باغلىنىش، ئەنگلىيە، ياپونىيە
جاسۇسلۇقى، مەھمۇد قاچقاندا قانداق تاپشۇرۇقلارنى بەرگەنلىكى،
ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى بىجىرىشكە مەسئۇل بولغانلىقى» قاتارـ
لىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئەكس جاۋاب چىققاندا كۆك تاـ
ياق، يىلان قامچىلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇلاتتى، چىراغ پىيىغا چىدـ
قىرىپ قويۇپ سائەتلەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلاتتى، جىنسىي
ئەزاسىغا ئاتنىڭ قىلىنى كىرگۈزەتتى، تۆمۈرنى قىزىتىپ بەددـ
ىنگە ياقاتتى، تىرنىقى ئاستىغا مىخلار قېقىلاتتى …

مانا بۇ خىل دەھشەتلىك قىيناشلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى
ئازابلايتتى، پەقەت ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىنلا كامېرغا ئاپىـ
رىپ تاشلاپ قويۇشاتتى.

دېمەك، يۇسۇپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جىنايىتى»نى تونۇۋالدى،
ئۇنىڭ تۈركىيىگە بارغانلىقى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغانلىقى،
بولۇپمۇ ئۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە ئالغان بىلىمى، بۇـ
نىڭ بىلەن ئارقىدا قالغان خەلقنى بىلىم ۋە يېڭىلىققا ئۈندىگەنـ

لىكى بۇ مەدەنىيەت دۈشمەنلىرىگە ھەقىقەتەن ياقمىغان ئىش ئىدى.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يەنى يەكشەنبە كىرەر كېچىسى يېرىم كېچە بولغان بولسىمۇ، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆتكەن كېچىدىكى سوراقچىنىڭ يەتكۈزگەن ئازابلىرى ئازابلىماقتا. بەدەنىنىڭ ئاغرىقى ھەرەج قىلماقتا. بولۇپمۇ سەپدىشى ۋە دوستى مەمتىلى ئەپەندى «تەۋپىق»نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۇنى قىينىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ كېچىدىكى سوراققا تارتىلىش جەريانىدا، ياندىكى ئۆيدە چىرقىرىغان ئاۋاز، تارسىلداپ تېگىۋاتقان تاياقنىڭ ئاۋازى، دەھشەتلىك سوراقلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندا يۈسۈپ ئەپەندىمۇ چىداپ تۇرالمىغانىدى.

ئەتىگەن سائەت ئىككى بولغانىدى، جەنۇبىي تامدىن ئۈشتۈمتۈت ئوقنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كەتتى، ئاز ئۆتمەيلا بۇ ئاۋاز كۆپىيىپ رەسمىي ئېتىشۋازلىققا ئايلانغانىدى. يۈسۈپ ئەپەندى ئۈشتۈمتۈت يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن گاڭگىراپ قالدى، ئورنىدىن تۇردى - دە، كامېر ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراشقا باشلىدى، بىردەمدىلا تۈرمىنىڭ ئىچى پاتىپاراقچىلىققا ئايلاندى ۋە ئو - يۈر - توپۈر مېڭىشلار كۆپەيدى، قايسىدۇر بىرى بۇ ئىشىك تەرەپكە كەلگەندە ئىشىكنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان چاسۋاي ئۇنىڭغا سالام بەردى:

— ھازىر يەكەندىكى باسمىچىلار باستۇرۇپ كېلىپ، جەنۇبىتىكى ساڭنىڭ ئالدىدىكى دەرۋازا بىلەن شەرقتىكى «تۆشۈك» دەرۋازىنى ئىگىلىۋالدى، ھازىر ئۇلار ئالغا سىلجىپ دوتەي يامۇلىنى ئورىۋالدى، ئۇلار شىمال تەرەپكىمۇ سىلجىشى مۇمكىن، بۇ تۈرمە ئىنتايىن مۇھىم لاگېر، ئۇ يەرنى چوقۇم قوغداش لازىم، شۇڭلاشقا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئېغىر، مەۋلان خوجايىن: «بۇ تۈرمىنى ساقلاشتا ئۇيغۇر ساقچىلىرىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، قىرغىزلار ساقلىشى لازىم» دېدى. يەنە: «ئادەم يېتىشمىسە ئىسھاقبېكنىڭ قىرغىز قوشۇنلىرىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئەسكەر يۆتكەپ كەلمەكچى، سەنمۇ ئۆز ئورنۇڭنى مۇستەھكەم ساقلاپ، بۈگۈن

كېچە ناھايىتى ھوشيار تۇرۇشۇڭ كېرەك!»

يۇسۇپ ئەپەندى ئۇنىڭ قىرغىز ئەسكەر چاسۋايلىرىنىڭ قىرغىز بەنجاڭى ئىكەنلىكىنى بايقىدى - دە، ئەھۋالنى چۈشەندى.

مەھبۇسلارنىڭ بەختىگە يەكەندىكى 6 - دىۋىزىيەنىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرى (ئۇلار كەلگەندە ئاق دوپپا كىيگەنلىكى ئۈچۈن «ئاق دوپپىلىقلار»، بىلەكلىرىگە «خۇدانىڭ يولىدا» مەنىسىدىكى ئەرەبچە خەت يېزىلغان لاتا بېكىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن «فى سەبىلىللا»چىلار دەپ ئاتىلاتتى) 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھەردە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن بىرلەشكەنىدى. بۇلاردىن بىر بىرىگادا تۈگۈلگەن ئەسكەر، ئىككى پولك ئۇيغۇر ئەسكەر قەشقەر يېڭىشەھەرنى، بىر بىرىگادا تۈگۈلگەن ئەسكەر بىلەن ئىككى پولك ئۇيغۇر ئەسكەر قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالدى.

دېمەك، خوتەندىكى 36 - دىۋىزىيە بىلەن ئۇيغۇر 6 - دىۋىزىيە قوشۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ قوراللىق قوشۇن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا باستۇرۇپ كەلگەنىدى.

قەشقەر شەھىرىنى قوغدىغۇچى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى قارشى تەرەپنىڭ شەھەر ئىچىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ساگىنىڭ ئالدىدىكى دەرۋازا ئۇستىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئۇخلاپ قېلىشى بىلەن جەنۇب ۋە شەرقتىكى ئىككى دەرۋازا ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن چاسا (تۆت كوچا) گوزىرىدىكى ئاخۇنبايېفلار ئۆيىگە جايلاشقان 34 - پولكتىن ئىبارەت بىر ئۇيغۇر پولكىنى باستۇرۇپ كەلگەن تۈگۈلگەنلار قورشىۋالغاچقا، ئۇلار تەسلىم بولۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۇيغۇر 32 - پولكىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئالغا سىلجىپ، دوتەي يامۇلىنى قورشىۋالدى، دوتەي يامۇلى دەپ ئاتالغان ۋالىي مەھكىمە ئىچىدە ئاماننىقنى ساقلاشقا مەسئۇل خەنزۇ ئەسكەرلەر قەشقەر ۋالىيسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەتلەندى، پۈتۈن سېپىل بويلاپ ئېتىشىش باشلاندى، ئوت يۇمىلاقشەھەرگىمۇ تۇتاشتى،

دەھشەتلىك ئېلىنىش بىلەن ئالەمنى ئوق ئاۋازى قاپلىدى.

يۇسۇپ ئەپەندى مەھمۇد سىجاڭنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانچى قوشۇنلىرىنىڭ يەكەندىن باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىشى تۇرمىلەردىكى مەھبۇسلار ئۈچۈن نىجاتلىق دەپ قارىدى. چۈنكى ئۇيغۇر ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيە ئەسكەرلىرى ئۈچ يىللىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، ئۇلاردا قابىلىيەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۈستۈن ئىدى.

يۇسۇپ ئەپەندى كېچىنى ئويغاق ئۆتكۈزدى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئوق ئاۋازى شەرقتىن، شىمالدىن، غەربتىن كېلىشكە باشلىدى. ئىسيانچى قوشۇن تېرەكلىكتىكى بۇ تۇرمىنى ئۈچ تەرەپلەپ قورشىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمە ئىچى قالايمىقانلاشتى ـ دە، خەنزۇ، قىرغىز قورallıق قىسىملىرى شىمالدىكى تۇمەن دەريا بويىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۇرمىنى قوغدىماقتا ئىدى.

دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېگىزلىك تۇرمە قوغدىغۇچىلارنى باش كۆتۈرگۈزمىسە، قوغدىغۇچىلارمۇ جەنۇبتىكى سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ ئالغا سىلجىشىنى توساتتى.

ئوقلار ۋىژىلداپ تۇرمە ئاسمىنى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ «ھۇررا»سى، خەنزۇلارنىڭ «سا ···» سى، قىرغىزلارنىڭ قاقۇي سۈرەنلىرى ئالەمنى بىر ئالغانىدى. مەھبۇسلار كامېرلارنىڭ ئىچىدە ئامالسىز ئولتۇرۇشاتتى. ئىشىك ئالدىدىكى قوراللىقلارنىڭ «كىمكى مىدىرلايدىكەن ئاتىمىز!» دېگەن ھەيۋىسى ئۇلارنى بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىكى كىشەنلەر ئۇلارنى ئامالسىز قىلىپ قويغانىدى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يەكشەنبە سەھەردىن چاي ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى تەرەپنىڭ سوقۇشى قاتتىق داۋام قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپ جان تىكىپ ئېلىشتى، لېكىن سېپىلنىڭ شەرقىدىكى جانقورغان پوتىيىدىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىغان ئىسيانچىلار قوشۇنىنىڭ قاتتىق ئوققا تۇتۇشى بىلەن يارباغ دەرۋازا ئۈستىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى غەربكە چېكىن-

دى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان دەريا بويىغا جايلاشقان «ئاق دوپپىلىقلار» ھۇجۇم بىلەن دەريا لىۋىنى تارتىۋالدى.

تۇرمە ئەتراپى خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقتىن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر ھاجى بىر بۆلۈك قوراللىق كىشىلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە بۇ جايدىن چېكىنىپ يارباغ دەرۋازا سىپىلى ئارقىلىق يۇمىلاقشەھەر قورغىنىغا چېكىندى.

ئىسيانچىلار قوشۇنىنىڭ تۇرمە ئەتراپىغا سىلجىپ كېلىشى، مەھبۇسلارغا ئەمدى قۇتۇلۇش يولىنىڭ ئۇزاق بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ دەھشەتلىك قارا بۇلۇتلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەگىمەكتە ئىدى.

بۇ قارا بۇلۇتلار كامېرلار ئۈستىگە يېيىلدى. ئىشىكلەر جالاقلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى.

مەھبۇسلار ئۆزلىرىنى بۇ قارا بالالار ھەيدەپ چىقىشقا باشلىغاندا پۇتلىرىدىكى ئېغىر ئىشكەللەرنى سۆرەپ ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ كامېر ئالدىدىكى سەيناغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. لېكىن ۋەھشىي قارانچۇقلار ئۇلارنى تېز مېڭىشقا بۇيرۇيتتى. ماڭالمىغانلىرىنىڭ گەجگىلىرىگە مىلتىقنىڭ قونداقى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋېتەتتى. قوپالمىغانلارنى مىلتىقنىڭ سۇنگۇ (نەيزە)سى بىلەن سانجىپ سۆرەيتتى ...

تۇرمە ئىچىنى قىيا ـ چىيا ئاۋاز قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىچارە مەھبۇسلار ئىشنىڭ قانداقلىقىنى ئەمدى چۈشەندى ـ دە، بىر ـ بىرى بىلەن ۋىدالىشىشقا باشلىدى.

مەھبۇسلار سەينا ئالدىدىكى ئورەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاياغلاردىكى كىشەنلەرنىڭ جالدىرلاشلىرى بېسىقتى، ئازگاللىغا كۆزلىرى چۈشتى، بەدەنلىرى جۇغۇلدىدى، ۋۇجۇدى شۈركۈندى، چۈنكى ئۇ يەردە دەھشەتلىك ئۆلۈم ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

يۇسۇپ ئەپەندى ئەتراپىغا قاراپ، ئۇدۇلدا تۇرغان دوستى مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەسرەتلىك تىكىلدى. بۇ تىكىلىش ئۇنىڭ بىلەن ئاداققى ۋىدالىشىش بولغانىدى.



مەھبۇسلارنىڭ ئۇدۇلىدا ساقچى ئەمەلدارلىرىدىن ئابدۇقادىر ھاجى (رەسىمدىكى)، ئوبۇلقاسىم، غوجا يۇسۇپ (ئۆزبېك)، تۇرسۇن مەخسۇم، مەۋلانوف (قىرغىز) ··· لار قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن رەھىم ـ شەپقەت ئەمەس، بەلكى ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى.

مەھبۇسلار ئازگال ئالدىغا نەچچە سەپ بولۇپ تىزىلغاندا ساقچى ئەمەلدارلىرىدىن دوغىلاققىنە كەلگەن بىرى مەھبۇسلارغا قاراپ ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا تاپانچا، يېنىدا سوۋېت قىلىچى بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى.

— خەلق دۈشمەنلىرى! بىلىڭلاركى بىز سەنلەردەك دۈشمەنلەرنى ھەرگىزمۇ دۈشمەن قولىغا تاشلاپ بەرمەيمىز. بۈگۈن دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار سەنلەرنىڭ تىرىكىڭلارغا ئەمەس ھەتتا ئۆلۈكۈڭلارغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ، پەقەت كۆيگەن كۈلۈڭلارغىلا ئىگە بولىدۇ، خالاس! ···

مەھبۇسلارنىڭ كەينىدە ساقچىلار مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ ئۇلارنى ئوراپ تۇرۇشاتتى. مەھبۇسلار يەنە بىر قېتىم ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ بىر ـ بىرى بىلەن ۋىدالاشتى.

گەرچە ئەھۋال شۇقەدەر جىددىي بولسىمۇ، مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدىن دوغىلاققىنە، ئوتتۇرا ياشلىق بىر يىگىت بىلەن ئېگىز ۋە ئورۇققىنە كەلگەن بىر كىشى سەپنى يېرىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قورقۇش دېگەندىن ئەسەر يوق ئىدى. بەلكى كۆز چاناقلىرىدا ئوت لاۋۇلدايتتى. بۇلار يۇسۇپ ئەپەندى بىلەن مەمتىلى ئەپەندى ئىدى.

— ئىپلاسلار! سەنلەر بىزنى قىرىپ تاشلىماقچىمۇ؟

— سىلەر يۇرتنى قانغا بويىماقچى، بىزنى يوقاتماقچى، لې-

كىن بۇ يوقىتىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ، ئەۋلاد ھامان بىر كۈنى سەنلەردىن ھېساب ئالىدۇ!

ئۇلارنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا ۋاڭىلداپ چىققان ئىككى تال ئوق بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆكسىگە تەگكەنىدى. ئارقىدىنلا پىلىموتنىڭ ياۋۇز ئاۋازى يامرىدى. مەھبۇسلار ئالدىلىرىدىكى ئازگالغا بىر ـ بىرلەپ يىقىلدى.

ئىسيانچىلار تۈرمە ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئازگالنىڭ ئىچى ئوتقا تولغانىدى. ئوت ئەلەنگە ئۆرۈپ كۆيۈۋاتاتتى. ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئىنسانلارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازلىرى ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېتىپ تاشلانغانلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلغان بېنزىننىڭ، ئوقتىن چىققان يالقۇننىڭ كېيىملەرگە تۇتىشىشى نەتىجىسىدە شارارە تارتىپ كۆيۈشى، ئىسيانچىلارنى ئەپسۇسلاندۇردى. ۋاقىتنىڭ كېچىكىشى بىلەن ئىشنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار ئوتنى تېز ئۆچۈرۈۋالغان بولسىمۇ، مەھبۇسلارنىڭ تېنى چۇچۇلىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان گەۋدىلەرنىڭ بېسىمى، پۇت ـ قولدىكى كىشەننىڭ توسالغۇسى بىلەن ئاستىدىكىلەرمۇ قىمىرلىيالماي كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت ئۆلۈكلەرنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىپ ئېسەن قالغان ئەخمەتجان قارى[1]، ھەسەنئاخۇن[2] قاتارلىق تۆت كىشى قۇتقۇزۇپ قېلىنغانىدى.

بىچارە مەھبۇسلارنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالى ئىسيانچىلارغا، شۇنىڭدەك خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي تۈرمىدىكى قاياشلىرىنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرگىمۇ قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. ئاز ئۆتمەي ئەتراپتىكى كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى.

ئۇلار ئازگالدىن ئۆلۈكلەرنى بىر ـ بىرلەپ تارتىۋالغاندا، جەسەتلەر كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شىمالدىكى تۇمەن

---

① ئەخمەتجان قارى ــــ نوبېشى مەكتەپىنىڭ دىن دەرسى ئوقۇتقۇچىسى، قەشقەر شەھىرى ئېگىز ئېرىق بېشىدىن.

② ھەسەنئاخۇن ــــ نوبېشى مەكتەپ لاۋازىمەتچىسى، قەشقەر شامالباغ يېزىسىدىن.

دەرياسى تەرەپتىن كېلىپ تۇرغان غۇر ـ غۇر شامال بىلەن كاۋاپ بولغان ئادەم گۆشىنىڭ ھىدى ئالەمنى بىر ئالغانىدى.

بۇ پاجىئە توپلانغان ئىسيانچىلارغا ئاجايىپ ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزىنى خەلقچى دەپ ئاتىۋالغان ئىنسانلاردىن كەلگەن بۇ ۋەھشىيلىكنى كۆرگەنلەر ئۇلارغا قاتتىق لەنەت ياغدۇردى.

ئۆلۈك ئىگىلىرى قاياشلىرىنى تونۇيالمىدى. چۈنكى ھەممە ئەزا چۈچۈلىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بەزى بەلگىلەر ـ گىلا قاراپ قېرىنداشلىرىنى تونۇۋېلىشاتتى.

يېقىنلىرى ئۆلگەن كىشىلەر تۇرمە كامېرلىرىغا كىرىپ كا ـ مېر تاملىرىغا چالما بىلەن يېزىلغان خەت، شېئىرلارنى ئۇچرات ـ تى. ئۇلارنى ئوقۇغاندا يۈرەكلىرى ئېرىپ سۇ بولۇپ كەتكەندەك بولاتتى. بولۇپمۇ يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تامغا يازغان شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى قاتتىق ئەزگەنىدى.

ئەزگۈچىلەر ئالدىدا بويۇن ئەگمىدىم،
ئەگمىكىم مەن ئۈچۈن كاتتا نومۇس دەپ.
تارتساممۇ دەرد ـ ئەلەم تىزنى پۈكمىدىم،
يۈرمىدىم ئۆلۈمچۈن ھەرگىز ئەپسۇس يەپ.

چۈنكى مەن ھامان بىر كۈنى ئۆلىمەن،
بۇ ئۆلۈم كۈتكەنتى نۇرغۇن ئەجدادنى.
دېدىم مەن: مەنمۇ ھەم بىرى بولىمەن،
كېتىمەن قالدۇرۇپ زوققا ئەۋلادنى.

مەن ئىدىم جاھاندا ئۇيغۇر ئەۋلادى،
قىلمايمەن پەخرىمنى شۇڭا دەپسەندە.
ساقلايدۇ شۇ شەرەپنى يۇرتنىڭ ئەۋارى[1]،
مەرد كىشى نامەردكە بولمايدۇ بەندە.

---

① ۋار — يەككە ـ يېگانە.

مەردلەرچە كەلگەندە ئۆلۈم بۇ باشقا،
ۋاي دېمەك ئالەمدە نامەردنىڭ ئىشى.
ئەگمەيدۇ بىلىنى يىگىت شۇڭلاشقا،
كەتسىمۇ ھەقچۈن سۆيۈملۈك بېشى.

يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ قاياشلىرى تۈرمىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى ئاڭلاپ شەھەر سىپىلىنى بويلاپ ئېتىشماق بولۇۋاتقانلىقىغا قارىماي تۈرمە تەرەپكە قاراپ چاپتى، دەل شۇ چاغدا ئىسيانچىلار بىلەن يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قاتتىق ئېتىشىۋاتاتتى. ئوقلار ۋاشىلداپ باشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇلار دالدىلار بويلاپ مېڭىپ تۈرمە ئىچىگە يېتىپ كەلدى ــ دە، ئازگالنىڭ قاشلىرىغا قاتار ياتقۇزۇپ قويۇلغان قاپقارا جەسەتلەرنى ئاختۇرۇشتى. پەقەت يۈزىنىڭ ئوزۇنچاقلىقى، گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۈستى چىشىنىڭ ئۆسكىلەڭلىكى بىلەن يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى تونۇشقاندا ئىسيانچىلار قوشۇنىدىكى بىر جەڭچى ئۇنى باغرىغا باستى ۋە «ئۇستازىم!» دەپ تۇۋلىۋەتتى.
ئۇ جەڭچى بۈرۈن مەرھۇم يۇسۇپ ئەپەندىدە ئوقۇپ تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇنى بۇگۈن بۇ خىل دەھشەتلىك ئۆلۈم بىلەن كۆرۈپ كۆزلىرىدىن ياش مونچاقلاپ ئاققانىدى.

ئۇ ئەجەب پەخىرلىك ئۆتتى دۇنيادىن،
ئاققۇزۇپ قېنىنى شانلىق «دەريا»دىن.
زالىملار قولىدا تۆكۈلدى قېنى،
ئايرىلدى تېنىدىن پولاتتەك جېنى.

تاتىلداپ تەگكەندە ۋەھشىيلەر ئوقى،
توختىدى ئېقىشتىن ھايات بۇلىقى.

يەتمىدى ھاياتتا ئىستەك ــ ئارمانغا،
شۇم پەلەك ئاقتۇەت سالدى ھىجرانغا.

يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ تۇغقانلىرى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ تۈرمە لاگېرىدىن چىقىشتى ــ دە، شەھەر ئىچى تەرەپكە قايرىلدى. ئۇنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى بولمىغانلىقىدىن، ئاسرىۋالغان سۆيۈملۈك بالىسى چوكىلات «ۋاي دادام» دەپ يىغلاپ مېڭىۋاتاتتى. بۇلار شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئەگمىسىدىن كىرىشكە غەرب تەرەپتىن ۋاڭىلداپ كەلگەن بىر ئوق چوكىلاتنىڭ مېڭىسىگە تەگدى ــ دە، يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت ئەمىن ئەبدۇرەھىمى تاغىسىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە تاغىسىنىڭ سۆيۈملۈك بالىسىدىنمۇ ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلىك مۇشتىنى تۈگدى.

ــ ھۇ زالىملار! ــ دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ چارە يوق ئىدى. سىپىل ئۈستىدىن يەنە كېلىدىغان خەۋپ ئۇنى باستى ــ دە، 12 ياشلىق چوكىلاتنى باغرىغا بېسىپ ئۆلۈكىنى ئۆيىگە ئەكەتتى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى پەيدا قىلغان بۇ قانلىق تراگېدىيىلەر 20 ياشلىق مۇھەممەت ئىمىنگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەچكە، ۋەھشىيلەرچە چىن يۈرىكىدىن لەنەت ياغدۇراتتى. بۇ خىل غەزەپ ــ نەپرەت ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۇزۇن كۈن كۆرسەتمىدى. تاغىسى يۇسۇپ ئەپەندىدىن كېيىن پەقەت ئۈچ يېرىم ئايلا ئۆمۈر كۆرۈپ 9 ــ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەشئۇملار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ياش ھاياتى تۈرمە دەھشىتىدە كۈلگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئانىسى زۆھرەخان ئاچا ئۆكسى يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ پىراقىدا كۆيۈۋاتقان بىرگىنە سۆيۈملۈك ئوغلىدىنمۇ ئايرىلىپ، ئىككىلەنىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

# كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى

پولات ھېمىت

## غەربىي يۇرتتىكى سىرلىق گۆھەر



20 ـ ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تارىخىدا، غەربىي يۇرتنىڭ ئاجايىپ ۋە پارلاق قەدىمىي مەدەنىيىتى چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كۆپ قېتىم باردى، تەكلىماكاندىكى چۆللۈكلەرنى كۆپ قېتىم كېسىپ ئۆتتى، ئەتراپتىكى ئېگىز تاغ ۋە مۇزلۇق چوققىلاردىن كۆپ قېتىم ئۆتتى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ۋاقتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. 1868 ـــ 1869 ـ يىللىرى ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ ياقۇپبەگ بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ 1870 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ فورسېس باشچىلىقىدىكى ياقۇپبەگنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىدۇ. فورسېس تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي خارابىلىكلەرگە خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرلەرنى كونكرېت تەكشۈرمىگەن، كېيىن بۇ يەرگە كېلىدىغان پۇرسەتمۇ بولمىغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمىي خارابىلىكلەرنىڭ خەزىنىسى ئىكەنلىكى بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە بايقالغان. 1890 - يىلى ئەنگلىيىلىك لېيتېنانت بوۋېر شىنجاڭدا ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى داگلىشنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەيدۇ. بوۋېر قەيسەر ھەربىي ئېكسپېدىتسىيىچى ئىدى، ئۇ قاتىلنى قوغلاپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى كۇچاغا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە شۇ يەرلىك بىرەيلەن بوۋېرغا يېقىن ئەتراپتا يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىگە باشلاپ بارىدىغانلىقىنى، باشقىلار بىلىپ قالسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بوۋېرنى خارابىلىككە كېچىدە باشلاپ بارماقچى بولىدۇ. بوۋېر ماقۇل بولغاندىن كېيىن بۇ كىشى قويىندىن قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان بىر قەدىمىي كىتابنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشى بۇ كىتابنى چەت بىر جايدىكى 80 مېتىرچە كېلىدىغان بىر ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئاستىنى كولاپ تاپقانىكەن، بۇ ئېگىز ئىمارەت بەلكىم بۇددا مۇنارىغا ئوخشاش ئىمارەت بولۇشى مۇمكىن. بوۋېر قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان بۇ قەدىمىي كىتابنى سېتىۋېلىپ، ھىندىستانغا ئاپىرىپ ھىندىشۇناس، ئالىم رۇدولف خېئارنلېي ئەپەندىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ ئالىم كىتابنىڭ براھما يېزىقىدا يېزىلغان، مىلادىيە 5 - ئەسىرگە تەۋە، ھىندى تېبابىتىگە ئائىت سانسكرىتچە قەدىمىي كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ، بوۋېرنىڭ بۇ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كىتابقا «بوۋېر قەدىمىي كىتابى» دەپ نام بېرىلىدۇ. شۇڭا 1890 - يىلى، غەربىي يۇرتنى قېزىش ۋە تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى دىتروئېل دې رېينېس بىلەن گرېنارد تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى خوتەندىن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلىتىلگەن قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمىي تارشا پۈتۈك پارچىلىرىنى تاپىدۇ. 1890 - يىلى 12 - ئايدا 25 ياشلىق سۋېن ھېدىن قەشقەرنى قىسقا مۇددەت زىيارەت قىلغان چاغدا، جوڭگو

ھۆكۇمىتىگە خوتەننى ساياھەت قىلىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىلتىماسى رەت قىلىنىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى خەزىنىنىڭ بايقىلىشى زور ئەھمىيەت-كە ئىگە. چۈنكى ھاۋاسى نەم، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان ھىندىس-تاندا ۋەيران بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرى تارىم ئويمانلىقىدەك بىپايان قۇرغاق رايوندا ساقلىنىپ قالغان.

1893 — 1897 - يىللارغىچە شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىت-سىيەچى سۋېن ھېدىن ئىلمىي تەكشۈرۈش مەقسىتىدە تارىم ئوي-مانلىقىغا كېلىدۇ. بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋون رىچخوفېن ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ تېگىدە قەدىمىي شەھەر بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقىنى بايان قىلى-دۇ. ۋون رىچخوفېنىنىڭ بۇ تۇيغۇسى بىر ئاقىلانە تەسەۋۋۇر ئى-دى، ھەقىقەتەن بۇ تەسەۋۋۇر ئۇزۇنغا قالماي ئىسپاتلىنىپ چى-قىدۇ. 1895 - يىلى سۋېن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ، ئاخىرى ئىككىنچى يىلى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان قەدىمىي خارابىلىكنى تا-پىدۇ.

بۇ يېڭىلىققا نىسبەتەن ھەرقايسى دۆلەتلەر تېز ئىنكاس قاي-تۇرىدۇ. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈۋاتقان ستەيىن ھىندىستان ھۆكۇمىتى تەمىنلىگەن خىراجەت بىلەن 1900 - يىلى ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كېلى-دۇ، ئۇنىڭ نىشانى قۇرۇمتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدىكى خوتەن بوستانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى بايقايدۇ.

## ياۋروپادىكى ئوتانى

بوۋۇردىن باشلاپ سۋېن ھېدىن، ستەيىنلەرنىڭ غەربىي يۇرت-تىكى پائالىيەتلىرى ياۋروپانىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا خەۋەر

قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ زور ئىقتىسادىي ياردەم كۆچى بولمى-
غاچقا، غەربىي يۇرتنى ئۇدا بىرقانچە يىل ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ياۋروپادى-
كى لوندون، پارىژ، بېرلىنلاردا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى خېلى
تېز ئىدى، بولۇپمۇ لوندوندىكى پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمى
جەمئىيىتى جۇغراپىيە ئىلمىدىكى دۇنياۋى ئاخبارات مەركىزى
ئىدى. سۋېن ھېدىن ۋە ستەيىنلەر غەربىي يۇرت قۇملۇقىدا خارا-
بىلىكلەرنى بايقىغان 1900 - يىلى ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىب-
ادەتخانىسىنىڭ ياش، ئۆتكۈر راھىبلىرى لوندوندا ئوقۇۋاتاتتى.
ئۇلار ئىچىدىكى ئاساسلىق شەخس، نىشى خونگانجى ئىبادەتخانى-
سىنىڭ 21 - ئەۋلاد داھىيسىنىڭ ئوغلى ئوتانى ئىدى، ئوتانىنىڭ
10 مىليونده‌ك مۈرتىدىن كېلىدىغان مەبلەغ ئاساسى بار ئىدى،
شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈشتە مەبلەغدىن غەم
قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىن
ئۈستۈن تۇراتتى. نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى ياپونىيىدىكى
بىر ئاممىۋى دىنىي تەشكىلات بولۇپ، 10 مىليونغا يېقىن مۇرىد-
تى بار ئىدى.

1902 - يىلى 8 - ئايدا ئوتانى لوندوندىن ياپونىيىگە قايـ-
تىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي يادى-
كارلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېتىشنى قارار قىلىپ،
نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇ-
غۇچىلىرىدىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ ئوتتۇرا ئا-
سىيانى تەكشۈرۈپ ئاندىن ياپونىيىگە قايتماقچى بولىدۇ. 1902 -
يىلى 8 - ئايدا گىراف ئوتانىنىڭ لوندوندىن يولغا چىقىپ ئوتـ-
تۇرا ئاسىياغا بېرىشىغا سۋېن ھېدىن بىلەن ستەيىننىڭ لوندون-
غا پۇر كەتكەن غەربىي يۇرتتا قەدىمىي خارابىلىكلەرنى بايقىغان-
لىق خەۋىرى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ستەيىن 1900 -
يىلى غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈپ، 1901 - يىلى دۆلىتىگە قايـ-
تىپ، 1902 - يىلى 8 - ئايدا 16 پارچە سۈرەت، 77 بەت مەز-
مۇندىن تەركىب تاپقان بىر كىتابچىنى نەشر قىلدۇرىدۇ، كىتابتا

بۇتلارنىڭ، فارفۇر بۇيۇملار، خەنزۇچە ئەسەر پارچىلىرىنىڭ، تا-رىشا پۇتۇكلەرنىڭ، قارۇشتى ۋە بىراھما يېزىقىدىكى ئەسەرلەر-نىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، بۇلار ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى-نىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە يۇ-قىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

## غەربىي يۇرتنى بىرىنچى قېتىم تەكشۈرۈش

نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوتانى باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيە ئەت-رىتى 1902 ـ يىلى 8 ـ ئايدا لوندوندىن يولغا چىقىپ، رۇسىـ-يىنىڭ پېتربورگ، ئەنجان، ئوشلاردىن ئۆتۈپ، پامىر تېغى ئار-قىلىق 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. نىشى خونگانجى ئىبا-دەتخانىسىنىڭ بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇددا دىنىنىڭ شەرق-قە كېڭىيىش تارىخى ۋە بۇددا دىنىي خارابىلىرىنى ئىزدەپ تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرىدۇ. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ، ئوتانى ئىككى ئادەمنى باشلاپ ھىندىستاننىڭ ھەرقاي-سى جايلىرىغا بېرىپ بۇددا دىنىنىڭ خارابىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. 1903 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئوتانى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە، ياپو-نىيىدىن دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ھەمراھىنى باشلاپ 3 ـ ئايدا ياپونىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى ۋاتانابى تېشىشىن بىلەن خورى ماسۇ شىنجاڭدا قېلىپ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچالارنى، قىزىل مىڭئۆي ۋە ئەتراپىتىكى باش-قا مىڭئۆيلەرنى بەش ئايدىن كۆپرەك تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم تام رەسىملىرى ۋە قەدىمكى يازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئاندىن تۇرپانغا بېرىپ، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرىدۇ. گېر-مانىيىلىك پروفېسسور گرۇنۋېدېل ئەينى چاغدا بۇ يەرنى ئۈچ ئاي

تەكشۈرگەنىدى. ۋاتانابى تېششىن بىلەن خورى ماسۇ بۇ يەردىكى چوڭ ـ كىچىك مۇنارلارنى تەكشۈرۈپ، سۈرەتكە تارتىدۇ، ئاندىن ئۇلار گىرۇنۋېدېل چۈشكەن يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەم ئالىدۇ ھەمدە شۇ يەردىكىلەرنىڭ قولىدىن خەنزۇچە خەت يې-زىلغان مەڭگۈ تاش پارچىسىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى مىڭئۆيلەرنى، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى، بۇددا مۇنارى خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ، سۈرەتكە تارتىدۇ، ئەمما ئۇلار-نىڭ بۇ ئورۇنلارنى قېزىپ قەدىمىي مىراسلارنى قولغا چۈشۈر-گەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كەمچىل. ئاندىن ئۇلار ئۈرۈم-چى، قومۇل ئارقىلىق 1904 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىئەنگە كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى غەربىي يۇرتنى بىرىنچى قېتىم تەكشۈرۈشنى تاماملايدۇ.

## غەربىي يۇرتنى ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش

ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى 1908 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاچىبانا زۇئىچو بىلەن نومۇرا ئېيزابۇرونى غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. شۇ يىلى تا-چىبانا ئاران 17 ياشتا ئىدى. ئۇلار ياپونىيىدىن يولغا چىقىپ، بېيجىڭغا كېلىپ، ئاندىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ يەردىن تۇرپانغا بېرىپ تەكشۈرۈش-نى باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شۇ مەزگىلدىكى لاما دىنىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى قەدىمىي بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىتچە نوم ـ پۈتۈكلىرىنى توپلاش ئىدى. ئۇلار تۇرپاندا بۇتخانىلارنىڭ نۇرغۇن خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن كىچىك ئۆڭكۈرلەرنى قېزىپ، خېلى كۆپ بۇددا نوملىرىنى تاپى-دۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە ئىدى، كۆپ قىسمى خەنزۇچە، ئاز قىسمى ئۇيغۇرچە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يە-

نە رەسىم ۋە لاي بۇتلارنىمۇ قېزىۋالدۇ. ئۇلار 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لۈكچۈنگە بېرىپ ئەتىسى لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ۋاڭنىڭ ئايالى قومۇل ۋاڭىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلار تۇرپانغا قايتـ قاندىن كېيىن شۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ئۇـ زۇم ۋە نان بىلەن كۈتىدۇ ھەمدە 1903 ـ يىلى ئىككى ياپونىيىـ لىكنىڭ مۇشۇ ئۆيدە مېھمان بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇلار بەلكىم ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى تۇنجى قېتىم تەشكىللىگەن غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ۋاتانابى تېششىن بىلەن خورى ماسۇ بولسا كېرەك. 1909 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇ ئىككىيلەن تۇرپاندىن كورلىغا يولغا چىقىدۇ. كورلىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىككىسى ئىككى يولغا بۆلۈنىدۇ، نومۇرا ئېيزابۇرو تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ تەكشۈرگەچ قەشقەرگە ماڭىدۇ، تاچىبانا بۇددا دىنى خارابىلىرىنى يەنىمۇ تەپسىلىي تەكـ شۈرۈش ئۈچۈن لوپ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۋېن ھېدىن بايقىغان، 1906 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ستەـ يىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگەن كىروران قەدىمىي شەھىرىـ نى ئىزدەشكە ئاتلىنىدۇ. ئەينى چاغدا سۋېن ھېدىننىڭ كىروران قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋالغان بۇيۇملىرىغا ئاساسلىنىپ قەـ دىمكى زاماندىكى كىروران پادىشاھىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قايسى مەزھەپتىكى بۇددا دىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت شەكلىنى ئېنىقلاش تاچىبانانىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. تاچىبانا كىروران قەدىمىي شەھەـ رىگە بېرىپ بىر مەزگىل تەكشۈرۈپ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى قېـ زىپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «لىبو مەكتۇپى» ئەڭ داڭلىق قول يازما ھېسابلىنىدۇ. تاچىبانا كىروراندىكى تەكشۈرۈشنى تۈـ گىتىپ، جەنۇبىي يولنى بويلاپ دوكتور ستەيىن بايقىغان نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسى بىلەن ئەندىر قەدىمىي شەھەر خارابىـ سىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن شىمالىي تەـ رەپكە قىلغان سەپىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خوتەن

نەۋەسىدىكى ئىمام جەپىرى سادىق مازىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاندىن كېرىيە ۋە خوتەن ئارقىلىق 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا قەشقەرگە كېلىپ، بىر چوڭ باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، كورلىدىن يولغا چىقىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ قەشقەرگە كەلگەن يەنە بىر ئەترەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. تاچىبانا بۇ ئۆيدە بىر ئاي تۇردۇ. بۇ ئائىلە بىر ئاي جەريانىدا تاچىبانانىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، ئۇ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ مېڭىش ئالدىدا بۇ ئائىلىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولۇپ، سوۋغا قىلغۇدەك بىرەر ئوبدان نەرسە تاپالماي، ئاخىرى بۇ باينىڭ ھويلىسىغا خاتىرە سۈپىتىدە بىر تۈپ نەشپۈت كۆچىتى تىكىپ بېرىدۇ. ئۇلار قاغىلىق بىلەن پوسكامنى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ ئاندىن توپلىغان بارلىق ئاسارئەتىقىلەرنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ پامىر ئارقىلىق ھىندىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاياغلىشىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىم شىنجاڭدىن خېلى كۆپ ۋە قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن، تۆۋەندە بۇلارنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى:

(1) مۇكەممەل ساقلانغان 30 جىلدتەك بۇددا نومى.

(2) 11 مېتىرچە كېلىدىغان ئۇيغۇرچە بۇددا نومى.

(3) بىر تەرىپىگە خەنزۇچە، يەنە بىر تەرىپىگە موڭغۇلچە يېزىلغان مەخپىي دىن مەزھىپىنىڭ ھېكمەت ۋە دۇئالىرى.

(4) خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، تۈركچە كەمتۈك يازمىلار.

(5) بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇنلار كەشتىلەنگەن رەخت پارچىلىرى.

(6) غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلگەن سۇرىيە يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە پۇللار، ئادەتتىكى تامغا ۋە مىس تامغىلار.

(7) بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇنلار سىزىلغان رەڭلىك تام رەسىملىرى.

(8) تىبەتچە بامبۇك تارشىلار.

تاچىبانا زۇئىچو بۇ قېتىم شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، ئەمما ئېچىنىشلىق بولغىنى ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ساياھەت خاتىرىسى ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

## غەربىي يۇرتنى ئۈچىنچى قېتىم تەكشۈرۈش

ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ داھىيسى ئوتانى لوندوندا غەربىي يۇرتنى ئۈچىنچى قېتىم تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، 1910 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇلارنى لوندوندىن يولغا سالدۇ. تاچىباناغا ئەنگلىيىلىك ياش خوبۇسنى قوشۇپ قويدۇ. بۇ ئىككىسى رۇسىيە ئارقىلىق چۆچەككە كېلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇ. تەكشۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىۋالغاندىن كېيىن تۇرپانغا بېرىپ ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ، يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى ۋە يازما خاتىرىلەرنى قېزىپ چىقىدۇ. نەرسە ـ كېرەكلەر كۆپ بولغاچقا، تاچىبانا يۈك ـ تاقلارنى ھەمراھى خوبۇسقا تاپشۇرۇپ، 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۇنى كۇچاغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۆزى چۆللۈك سەپىرىگە زۆرۈر بولغان يۈك ـ تاق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، مۇز ۋە ئىشلەمچىلەرنى تەييارلاپ لۇكچۇنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ لۇكچۇنگە كېلىپ لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. تاچىبانا 1908 ـ يىلى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەن ھەمدە لۇكچۇن ۋاڭى بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. شۇڭا بۇ قېتىممۇ ئۇدۇللا مۇشۇ ئۆيگە چۈشىدۇ ھەمدە ۋاڭنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە ئېرىشىدۇ. تاچىبانا لۇكچۇن ۋاڭىغا سوۋغا قىلغۇدەك ئوبدان نەرسە تاپالماي، ئاخىرى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئېتىنى ۋاڭغا سوۋغا قىلىدۇ. ۋاڭمۇ ئۇنىڭغا بىر سېۋەت كىشمىش ئۈزۈم سوۋغا قىلىدۇ. ئۇلار لۇكچۇندىن چىقىپ ئاتمىش-

بۇلاق ئارقىلىق لوپنور چۆللۈكىدىكى كىروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە بارىدۇ. ئۇ كىرورانىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا يېڭى بىر خارابىلىكنى بايقايدۇ. كېيىنكى يىلى چاقىلىقتا، ئاندىن چەرچەنگە بېرىپ بۇ يەردە سۇ ۋە يېمەكلىك تەييارلايدۇ. ئۇ 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدا 20 كۈن يول يۈرۈپ، تارىم دەرياسىغا كېلىدۇ. تاچىبانا تۇرپاندىن يولغا سېلىپ قويغان ھەمراھى خوبۇس بىلەن كۇچادا ئۇچراشماقچى بولغانىدى. ئۇ بۇگۇر ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ، ھەمراھى خوبۇسنىڭ بەدىنىگە چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، جەسىتىنىڭ قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولىدۇ ھەمدە دەرھال قەشقەرگە ماڭىدۇ. تاچىبانا قەشقەرگە كېلىپ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەنگلىيە كونسۇلى بىلەن بىرلىكتە خوبۇسنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىدۇ. تاچىبانا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قەشقەرگە كەلگەن چېغىدا بىر چوڭ باينىڭ ئۆيىدە بىر ئايدەك تۇرغانىدى، بۇ قېتىممۇ ئۇ يەنە شۇ باينىڭ ئۆيىدە ئۈچ ھەپتىدەك تۇرىدۇ ھەمدە ئالدىنقى قېتىم دوستلۇق خاتىرىسى سۈپىتىدە ھويلىغا تىكىپ قويغان نەشپۈت كۆچىتىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئۇ 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول بويى قەدىمىي خارابىلەرنى تەكشۈرۈپ ماڭغاچ خوتەنگە كېلىدۇ. تاچىبانا خوتەندە تۇرغان مەزگىلدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللىكلەر ۋە يەرلىك بايلار ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ كۆپ قېتىم زىياپەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا بۇ ساھىبخانلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، بىر ئۇيغۇر باينىڭ ئۆيىدە كاتتا خوشلىشىش زىياپىتى بېرىدۇ. زىياپەتتە نەغمە ـ ناۋا قىلغانلارنىڭ، ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر ئىدى. زىياپەتتە ئوينالغان ھەر خىل ئۇسسۇللار ئىچىدىكى چىراغ ئۇسۇلى تاچىبانانى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىغا كىچىك تەخسە قويۇلۇپ، تەخسىگە

ياغ قوْيوْلغان بولوْپ، ياغقا ئوت يېقىلىدوْ، ئوْسسوْلچى موْزىكا توْ-
گىگىچە بېشىدىكى تەخسىنىڭ ئوتىنى ئۈچۈروْپ قويىماي ھەمىدە
ياغىسىموْ توْكوْۋەتمەي ئوْسسوْل ئوينايدوْ. تاچىبانا خوتەندە ئىككى
ئايدەك توْروْپ قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى تەكشوْرىدوْ. ئوْ خو-
تەندە چوڭ بىر ئەترەت تەشكىللەپ ئىشلىرىنى توْگىتىپ كېرىد-
يىگە يولغا چىقىدىغان كوْنى، خوتەندىكى مەزگىلدە دوست بو-
لوْشقان ئوْلىما ۋە بايلاردىن بولوْپ 30 نەچچە ئادەم ئىشلەمچىلىد-
رىنى ئەگەشتوْروْپ ئوْنى شەھەر سىرتىغىچە ئوْزىتىپ بارىدوْ. ئوْ
كېرىيىگە بېرىپ ئاندىن كېرىيە دەرياسىنىڭ يوْقىرى ئېقىنى
ئارقىلىق قوْروْم تېغىنى بويلاپ دېڭىز يوْزىدىن 4000 مېتىر
ئېگىز تىبەت ئېگىزلىكىگە قاراپ ماڭىدوْ. بوْ رايونلار ئادەم ئاياد-
غى يەتمىگەن يەرلەر بولوْپ، يولموْ يوق ئىدى. ئوْلار بوْ جەريانىدا
ناھايىتى ئېغىر جاپا ــ موْشەققەتلەرگە ئوْچرايدوْ، بەزى كېچىلىد-
رى قويلىرىنى تەرەپ ــ تەرەپتىن بۆرىلەر يەپ ئازلا قالدوْروْپ
قويىدوْ، بەزى كوْنلىرى ئادەملىرى ئوكسىگېن يېتىشمىگەنلىك-
تىن توپ ــ توپ بولوْپ ھوشىدىن كېتىدوْ، يول شارائىتى ئىنتا-
يىن ناچار، سەپەر ناھايىتى جاپالىق ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، تاچىد-
بانا ياللىغان نەچچە ئون ئادەم بىر كوْنى ئايدىڭ كېچىدە توْيدوْر-
مايلا قېچىپ كېتىپ، پەقەت ئىككىلا ئادىمى قالىدوْ. بوْ ئىككى
ئادىمى بىلەن بوْنداق ناچار شارائىتتا قالغان سەپەرنى
داۋاملاشتوْروْش موْمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەملىرى قالمىغاچقا ئا-
مالسىزلىقتىن كۆپ قىسىم نەرسىلىرىنى چېدىرغا يىغىپ قو-
يوْپ، قالغان ئىككى ئادىمىنى باشلاپ كەينىگە يېنىپ كېرىيىنىڭ
پوْلوْ كەنتىگە كېلىدوْ. تاچىبانا پوْلوْ كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن
ئادەم ياللاشنى باشلىۋېتىدوْ، ئەمما شوْنچە قىلىسىموْ بىرەر ئادەم-
موْ ئوْنىڭغا ئىشلەپ بېرىشنى خالىمايدوْ. شوْنىڭ بىلەن ئامال-
سىزلىقتىن كېرىيىگە بارىدوْ، بوْ يەردىموْ ئوخشاشلا بىرەر ئادەم-
نىموْ ياللىيالمايدوْ. ئاخىرى خوتەنگە بارىدوْ، بوْ يەردە مىڭ تەس-
لىكتە لازىملىق ئادەم سانىنى تولدوْروْپ يەنە يولغا چىقىدوْ. ئوْلار
خېلى كوْن مېڭىپ يوْك ــ تاقلىرىنى ئوروْنلاشتوْروْپ قويغان يېد-

رىگە يېتىپ باردۇ، ئۇلار دېمىنى ئېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى
رەتلەپ تىبەت ئېگىزلىكىگە قاراپ ماڭىدۇ، بۇ قېتىم ئۇلار تې-
خىمۇ ناچار شارائىتلارغا يولۇقىدۇ، ئات، قوتاز، قېچىرلىرى
كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كېتىدۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈكىمۇ تۈگىگى-
لى تۇرىدۇ، ئادەملىرىمۇ شارائىتنىڭ ناچارلىقىغا بەرداشلىق بې-
رەلمەي كۈندە دېگۈدەك قېچىپ كېتىپ تۇرىدۇ، ئاخىرى تىبەت
ئېگىزلىكىگە كەلگەندە 18 ۋە 20 ياشلىق ئىككىلا ئادىمى قالى-
دۇ، قالغان چارۋىلىرى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. تاچىبانانىڭ تىبەتنى
تەكشۈرۈش پىلانى مەغلۇپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىزلىق-
تىن بۇ ئۈچ ئادەم ئون نەچچە كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلاپ، قالغان
نەرسىلىرىنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، تاغدىن شىمال تەرەپ-
تىكى تەكلىماكان قۇملۇقى تەرەپكە قاراپ نەچچە كۈن مېڭىپ
مىڭبىر جاپادا ئاخىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتى-
دىكى بىر كەنتكە كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ. ئۇلار بۇ كەنتتە
بىر ئىمامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئەتىسى كې-
رىيىگە ماڭىدۇ. ئۇ كېرىيىگە كېلىپ بىر ھىندىستانلىق تونۇ-
شىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، تىبەت ئېگىزلىكىگە تاشلاپ قويغان
مۇھىم نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئاندىن بۇ يەردە يەنە
ئەترەت تەشكىللەپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ
دۇنخۇاڭغا قاراپ يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئۇ 14
ئادەملىك كارۋان تەشكىللەپ، يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى
تۈگەتكەندە، تاچىباناغا ياردەم قىلغان كېرىيىلىك يەرلىك كىشى-
لەر ئۇنى ئۆزىنىش ئۈچۈن بىر كۈن بۇركۈت بىلەن ئوۋ ئوۋلاش
پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. تاچىبانا كېرىيىدىن يولغا چىقىپ
قۇرۇمتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ شەرققە مې-
ڭىپ، چەرچەندىن ئۆتۈپ چاقىلىققا كېلىدۇ.
بۇ مەزگىل جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى بولۇۋاتقان مەزگىل
ئىدى. ئىنقىلاب توغرىسىدىكى خەۋەرلەر خۇددى مۇشتۇمدەك بىر
كالللەك قار تاغدىن پەسكە دومىلاپ چۈشكىچە ئۆيدەك بولۇپ كەت-
كەنگە ئوخشاش، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە شاخلاپ، كۆپتۈرۈ-

لۇپ، بۇ يەردىكىلەرنى ئالاقزەدە قىلىۋېتىدۇ. ياپونىيە تەرەپ بۇ مەزگىلدە تاچىبانانىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يوشىكاۋا كوئىچىرونى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن دۇن- خۇاڭغا ئەۋەتىدۇ. تاچىبانانىڭ ئەترىتىدىكى ئادەملەر ئىنقىلابنىڭ ۋەھىملىك خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ كۆپ قىسمى ئىش ھەققىنىمۇ ئالماي چېكىنىپ چىقىپ ئازراقلا ئادىمى قالىدۇ. تاچىبانا چۈش- كەن ئۆينىڭ ئىگىسى ساۋاتى بار، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، ئۇ تاچىباناغا ئەقىل ئۆگىتىپ بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇيغۇرچە ياسىنىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرغاندا بىرقەدەر بىخەتەر بولىدىغانلىقى توغ- رىسىدا مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. تاچىبانا بۇ مەسلىھەتكە كۆنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى ئۇنى بېشىدىن ئايىغىچە ئۇيغۇرچە ياساندۇرۇپ، ئاندىن بىرنەچچە ئادەم بىلەن دۇنخۇاڭغا يولغا سې- لىپ قويىدۇ. ئۇلار سەپەرنىڭ 11 ـ كۈنى ئەتىگەندە تۆگە مى- نىۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئادەم ئۇيغۇر سودىگەر بولۇپ، دۇنخۇاڭدىن يۇرتىغا قايتىۋاتقانىكەن. سودىگەر ئۇلارغا دۇنخۇاڭدا ئىنقىلاب بولمىغان- لىقىنى، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئۇ يەردە بىر ياپونىيىلىكنىڭ لوپنور تەرەپتىن كېلىدىغان يەنە بىر ياپونىيىلىكنى ساقلاۋاتقىنىغا تۆت ئايچە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ئۇ ياپونىيىلىكنىڭ چاقىلىقتىكى ھۆكۈمەت ئارقىلىق تا- چىباناغا يەتكۈزۈلىدىغان خېتىنى قويىنىدىن چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ. تاچىبانا ئۇيغۇرچە ياسىنىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىگەچ- كە، سودىگەر ئۇنىڭ ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى چاندۇرمايدۇ، تاچىبانا سودىگەرگە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالىدىغان ياپونىيىلىكنىڭ ياللىغان ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر چاقىلىقتا ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇ- نىڭمۇ ئىككى كۈن ئىچىدە مۇشۇ جايدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ خەتنى چاقىلىقتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تاپشۇرىمەن، دېيدىغان بولسا بۇ خەتنىڭ ئىگىسى بىلەن يولدا ئۆتۈشۈپ كېتى- دىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر خەتنى ئۇلار-

غا بېرىدۇ. تاچىبانا خەتنى ئېلىپ سودىگەر بىلەن خوشلىشىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، نەچچە كۈن مېڭىپ ئاخىرى كېچىدە دۇنخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇ مەزگىللەردە دۇنخۇاڭدا 30 غا يې-قىن ئۇيغۇر بار ئىدى. ئۇلار شۇ كېچىدە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان ياپونىيىلىك چۈشكەن ئۆينىڭ دېرىكىنى ئالىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىمۇ شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ھېلىقى ياپونىيىلىك يوشىكاۋا كوئىچىرو بىلەن ئاخىرى كۆرۈشىدۇ. بۇ مەزگىل 1912 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. شۇ چاغدا تا-چىبانا 20 ياشتا ئىدى، يوشىكاۋا كوئىچىرو بولسا 26 ياشلىق، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش ئىدى. بۇ ئىككىيلەن دۇن-خۇاڭدا تۇرغان مەزگىلدە شۇ يەردىكى راھىبلارنىڭ قولىدا قېپ-قالغان دۇنخۇاڭ يازمىلىرىنى سېتىۋالىدۇ. كېيىن يوشىكاۋا كو-ئىچىرو قۇمۇلنى تەكشۈرۈشكە ماڭىدۇ، تاچىبانا جۇڭگو ئارقىلىق ياپونىيىگە قايتماقچى بولىدۇ. ئەمما جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغاچقا، جۇڭگو ئارقىلىق ماڭال-ماي، رۇسىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە قايتىشقا توغرا كېلىپ يەنە شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىپ، قۇمۇلدا يوشىكاۋا كوئىچىرو بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شاھ مەخسۇت ۋاڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇلار ئوردىغا كىرىۋېتىپ نەيزە، قالقان تۇتقان 20 دىن ئارتۇق قىزىل كىيىملىك ياساۋۇل-نىڭ پوستتا تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئە-مەلدارلىق كىيىمىنى كىيگەن شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۇلارنى ئوچۇقى بار، گىلەملەر سېلىنغان مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئوتتۇرلىقتا ۋاڭدىن خەلقى ئىچىدىكى زېھنى ئۆتكۈر ياشلاردىن ئىككى ـ ئۈچنى تاللاپ ياپونىيىگە ئا-پىرىپ تەربىيىلەپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغاندا، شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلمايدۇ. ئۇلار ۋاڭ ئوردىسىدا ئۇ-زۇن ھايال بولمايدۇ. بۇ ئىككىيلەن قۇمۇلدىن چىقىپ، بىرلىكتە تۇرپانغا بېرىپ قەدىمىي خارابىلەرنى ئون نەچچە كۈن تەكشۈرد-دۇ، كېيىن تاچىبانا ئۈرۈمچىگە بېرىپ، چۆچەك ئارقىلىق رۇ-

سىيىگە ئۆتۈپ ياپونىيىگە كېتىدۇ. يوشىكاۋا كوئىچىرو تەشكىل-نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭدا قېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى ۋە قەشقەر، خوتەن، غۇلجىلارنى تەكشۈرىدۇ. 1914 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بېيجىڭغا كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۈچىنچى قېتىم تەكشۈرۈشى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار ئالدىنقى ئىككى قې-تىمدىكىگە ئوخشاش قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە تاش ئۆڭ-كۈرلەرنى تەكشۈرگەندىن سىرت يەنە قەدىمىي قەبرىلەرنىمۇ قې-زىپ تەكشۈرىدۇ. قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ۋە تاش ئۆڭكۈر-لەرنى تەكشۈرگەندە باشقىلاردىن ئاشقان ـ تاشقىنىغا ئېرىشىد-غان گەپ، ئەمما بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا قەدىمىي قەبرىلەرنى قازغاندا، باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن، مۇكەممەل ساقلانغان، تا-رىخى ئۇزۇن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇلار تۇر-پاندىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدى-كىدىنمۇ ئارتۇق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى تەك-شۈرۈشتە قولغا چۈشۈرگەن ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ پارچىلىرى، بۇددا نومى پارچىلىرى، تام رەسىملىرى، بۇتلار، ئەر ـ ئاياللارنىڭ قۇرۇپ قالغان جەسەتلىرى، فارفۇر بۇيۇملار، قەدىمىي تەڭگىلەر، جەسەتلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار دېگەن-دەك نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياپونىيىگە ئەكېتىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

① تاچىبانا زۇئىچو: «غەربكە سەپەر»، 1999 ـ يىل 2 ـ ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

② تاچىبانا زۇئىچو: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى»، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

③ «سىرلىق ماكان غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»، 1989 ـ يىل 4 ـ ئاي، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

# ئىلىدا گېزىتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى

## تۇرسۇن زېرىدىن

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە دىمىق ۋە بۇرۇقتۇم ھالەتتە تۇرغان ئىلى زېمىنىدا بۇ ـ رىلىش ھاسىل بولدى، مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى، ساپاسىنى ئويـ ـ لىغان مەرىپەتپەرۋەرلەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بالدۇر ئويغىـ ـ نىپ، يېڭىلىققا يۈزلەندى. ئۇلار خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىلىدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا، مەدەنىيەت، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىقنى يولغا قويۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈ ـ رۈپ، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشكە تۇتۇش قىلدى.

شۇ چاغدا ئىلى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس ـ تىدا تۇراتتى. زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان، خەلق نامرات ۋە تولىمۇ نادان ئىدى، خۇراپاتلىق خەلقنىڭ ئېڭىنى زەھەرلەپ، پۇت ـ قو ـ لىغا سېلىنغان كويزا بىلەن كىشەنگە ئايلىنىپ قالغانىدى. جياڭجۇن مەھكىمىسى بىلەن جياڭجۇن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، خەلقنى باشقۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خەلقنى نادان، كەمبەغەل بولسا، دۇنيادىن بىخەۋەر بولسا، دەپ ئويلايتتى. خۇراپاتچىلار يېڭىلىقنى خالىمايتتى، ئۇلار: «ھۆكۈ ـ مەتنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك» دەيتتى. ئەنە شۇنداق قىيىن مۇھىت ئىچىدە، مەرىپەتپەرۋەرلەر، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە چەتنى كۆرۈپ نەزەر دائىرى ـ سىنى كېڭەيتكەن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار مەكتەپ ئېچىپ پەننىي ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدچىلەر (ئىسلاھاتچىلار) چىقىرىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئېلىپ كې ـ

رىپ تەشۋىقاتنى كېڭەيتتى. نۇرغۇن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر يېڭىچە مەكتەپلەرگە كىردى؛ خەلق گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇپ، چەت ئەل ـ لەرنىڭ مائارىپى، مەدەنىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدىكى يۈكسىلىشلەر بىلەن تونۇشتى، مىللەتنىڭ ھاياتىدا گېزىتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قورال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يېڭى ـ لىق تەرەپدارلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك پائالىيەتلىرى خەلقنىڭ، بولۇپ ـ مۇ ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈ ـ مەت ۋە دىنىي خۇراپاتچىلار يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى «كالتە قۇيى ـ رۇق»، «دىن بۇزار»لار دەپ ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى، نەتىجىدە يېڭى مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغرا ـ پىيە، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئۆتۈۋاتقان ناسۇھا داموللامىنى غۇلجا شەھىرىدىن چەت ئەلگە قوغلاپ چىقاردى. يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ـ نىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىسى ئابدۇراخمان ئەپەندىنى قەستلەپ ئۆلتۈردى. گېزىت ـ ژۇرناللارنى يىرتىپ تاشلىدى، بىراق، يې ـ ڭىلىققا ئۆتۈش ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى، بەلكى مەرىپەتكە يۈزلىنىش، يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇش، بىلىم ئېلىش، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلەش، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇپ، ئۆزىنى ھەم دۇنيانى بىلىش ئىدىيىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. بۇ يېڭىلىق تەرەپدارلىرىغا گېزىت چىقىرىش، نەشرىياتچىلىقنى يولغا قو ـ يۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. جەمئىيەتنىڭ ئېھتىيا ـ جى ۋە خەلقنىڭ رايىمۇ شۇ ئىدى.

1910 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھازىرقى قورغاس نا ـ ھىيىسىنىڭ كۆرە يېزىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا «ئىلى ۋىلايىتى گې ـ زىتى» چىقىرىلدى، بۇ گېزىت شاپىگراپتا بېسىلدى.

شۇ زاماندا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى كۆرەدە ئىدى. ئەمە ـ دىلا دۇنياغا كەلگەن گېزىت جياڭجۈن مەھكىمىسى ھەم جياڭ ـ جۈننىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. گېزىت سەھىپىلىرىنى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىدىن چەتلەشتۈرۈشكە بولمايتتى. شۇڭا «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى»گە جياڭجۈننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى، ئوردا خەۋەرلىرى، سودا ـ سېتىق ۋە مائارىپقا ئالاقىدار خەۋەرلەر بېسىلىپ تۇردى،

ئېلانلار بېرىلىپ، يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن چارروسىيە سودىگەرلىرىگە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ تۇرۇلدى. گېزىت شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا ھەمدە چارروسىيە سودىگەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ تارقىتىلىپ تۇردى.

«ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇقېيۇم ئەپەندى ئىدى. ئۇ ئۆتكۈر، ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر بولغىنى ئۇچۇن، گېزىت ئارقىلىق مائارىپنىڭ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى رولىنى پائال تەرغىب قىلدى. بۇنىڭ خەلقنى ئويغىتىش، يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشتا مەلۇم رولى بولدى. ئەڭ مۇھىمى گېزىتنىڭ نېمىلىكىنى جامائەتچىلىك دەسلەپكى قەدەمدە تونۇدى.

1911 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقتى. گېزىت ياڭ زېڭشىنغا يارىمىدى. كۆپ ئۆتمەي «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى»نى نەشردىن توختىتىۋەتتى. ئەمما «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى» ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىق تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئېلىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدا ئەڭ بۇرۇن نەشر قىلىنغان گېزىت بولۇپ قالدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلكە باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى باستۇرۇپ، تەشۋىق ـ تەرغىباتنى ئۆز چەمبىرىكى بويىچە ئايلاندۇرماقچى بولدى. بىراق ھەقىقەت تەرەپدارلىرىدىن بولغان مەرىپەتپەرۋەرلەر بىلەن ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان يۇقىرىلار ئالدى بىلەن توختىتىلىپ قويۇلغان گېزىتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە جامائەت پىكرى ھازىرلىدى. جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ۋە دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە ياڭ زېڭشىن پېچەتنى يىرتىپ گېزىتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

1912 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ يەنە شۇ كۇرەدە ئۇيغۇر تىلىدا «يېڭى ئىلى گېزىتى» نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرلىككە يەنە ئابدۇقېيۇم ئەپەندى بەلگىلەندى. گېزىتنىڭ فورماتى ئىلگىرىكىدىن پەرقلىنىپ كەتمىدى. گېزىتنىڭ مەخسۇس مۇخبىرى بولمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ئاساسەن

ئابدۇقېيۇم ئەپەندى ئۆزى يازدى، ئۆزى تەھرىرلىدى. ئايرىم خەۋەرلەر، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى. مائارىپ، مەدەنىيەتكە ئالاقىدار مۇھىم خەۋەر - ماقالىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن گېزىتلەردىن كۆچۈرۈپ بېرىلدى.

جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ھۆسسىيىنبەگ يۇنۇسوف 1918 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر مەتبەئە ماشىنىسى، ھەرىپ قۇيۇش ماشىنىسى ۋە بىرنەچچە خىل ھەرىپ قېلىپى سېتىۋېلىپ، كۇرەگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدا يېڭى مىخ مەتبەئە ماشىنىسى بارلىققا كەلدى.

ھۆسىيىنبەگ يۇنۇسوف 1919 - يىلى كۇرەدە «ھۆر سۆز گېزىتى»نى نەشر قىلدى. گېزىتنىڭ مەسئۇللۇقىنى پازىل ئۇستىگە ئالدى. كەسپىي ئىشلارنى پازىل، يۇنۇس ئىككىسى تەڭ ئىشلىدى. گېزىتنى شافىگراپتا بېسىشقا خاتىمە بېرىپ، مىخ مەتبەئەدە بېسىپ چىقاردى. گېزىتنىڭ فورماتى ئالدىنقى گېزىتلەر بىلەن ئوخشاش بولدى. مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاشقا ئالاقىدار خەۋەر - ماقالىلەرگە گېزىتتىن ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى، خەلقئارا، مەملىكەت، ئۆلكە ۋە ئىلى خەۋەرلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت خەۋەرلىرىگىمۇ مۇناسىپ ئورۇن بېرىلدى. ئومۇمەن ئالغاندا، گېزىت خەلققە يۈزلەندۈرۈلۈپ، گېزىتنىڭ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش رولى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇلدى، دۇنيا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى زور ئەھۋاللار خەلققە تونۇشتۇرۇلدى.

1920 - يىلىغا كەلگەندە غۇلجا شەھىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەر كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار سانى مۇناسىپ ئاشتى. ھۆسىيىنبەگ يۇنۇسوف گېزىتتىن كۆرە مەكتەپلەر ئېھتىياجىنى ئەلا بىلدى. 1920 - يىلى كۇرەدىكى مەتبەئەسىنى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن «ھۆر سۆز گېزىتى» نەشرىدىن توختىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن

شۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى داۋامىدا ئىلىنىڭ گېزىتچىلىكىدە مەلۇم يىل ئۈزۈلۈش بولدى. ئىلگىرى ئاز ۋاقىت نەشر قىلىنىپ توختىتىپ قويۇلغان گېزىت 1930 ـ يىلىغا كەلگەندە «ئىلى دەرياسى» نامى بىلەن كۆرەدە رەسمىي چىقىشقا باشلىدى. لېكىن گېزىت تەشۋىقاتى يەنىلا خەلققە قارىتىلمىدى، خەلقنىڭ مۇددىئاسى ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى، شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ئىچىدىكى گېزىت قىزغىنلىقى تەبىئىي ھالدا سۇسلىشىپ كەتتى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە كۆرەدىكى خەلق تارقاقلىشىپ ئازلاپ كەتتى. بۇ ئەمەلىيەت گېزىتنى كۆچۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن بېشارەت بەردى.

«ئىلى دەرياسى» گېزىتى 1932 ـ يىلى كۆرەدىن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈرۈلدى. گېزىتنىڭ نامى ساقلاپ قېلىنىپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. تەھرىر بۆلۈمى، مەتبەئە بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم تەشكىل قىلىندى. گېزىت كىچىك فورماتتا ھەپتىدە ئىككى سان چىقتى. مەتبەئە بۆلۈمىدە ئابدۇرېھىمئاخۇن، ئابلەت ئەخمەت، ئابلەت سەمەت، ئەكرەم غوجامبەردى، كەرىم بابا، ئەنۋەر بابا قاتارلىقلار ئىشلەيتتى. تەھرىر بۆلۈمىدە يۈسۈپجان غوپۇرى، مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى، خېلىل ساتتارى، ئەنۋەر ناسىرى، ھەبىب يۈنىچى، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، ھېبىبۇللا قاتارلىقلار ئىشلەيتتى. بۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمى بار زىيالىيلىرى، شۇنداقلا مائارىپچىلىرى ئىدى. يۈسۈپجان غوپۇرى، مەرۇپ سەئىدى، خېلىل ساتتارى ۋە ئەنۋەر ناسىرىلار ئۆزۈلمەي شېئىر، دىراممىلارنى يېزىپ تۇرىدىغان پىشقان ئەدىبلەر ئىدى. ئۇلار گېزىت بەتلىرىدە جەمئىيەتتىكى ئىقتىدارلىق ياشلارنى ئىزچىل تۈردە ئۆزلىرىگە تارتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تەربىيە بېرىپ ۋە ئالغا يېتەكلەپ، جەمئىيەتنىڭ مۇشۇ ساھەلىرىگە لازىملىق بولغان ئادەم تەربىيىلەشكە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشكە بولغانلاردىن ئىدى. مەرھۇم زۇنۇن ئاكا ئەمدىلەتىن قولىغا

قەلەم ئالغان ئاشۇ چاغلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق يازدى: «ئىلى دەر-ياسى گېزىتى›نىڭ 1 ـ سانىنى كۆرگەن كۈنۈم ھاياجانلىنىپ ئۇخلىيالماي قالغانىدىم. بىزدىن بۇرۇنراق ئويغانغان مەرۇپ سە-ئىدى، خەمىت سەئىدى، خېلىل ساتتارى، ئايۇپ مەنسۇرى، قا-سىمجان قەمبىرى، قاسىمجان قىسمىتى، داموللا رازى، تېيىپزات تاھىرى، تۇراخۇن قارى، رەپىق ئابىدى قاتارلىق كونا ـ يېڭى زى-يالىيلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان چاغلاردا كىشىلەر ئۇنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىۋارلاپ ئوقۇشات-تى. كىشىلەر گېزىتنىڭ تارقىلىشىنى كۈتمەيلا گېزىتخانا دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆچرەت تۇرۇپ، گېزىت سېتىپ ئېلىشاتتى. مەنمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچرەت تۇراتتىم. دېمەك، بۇ گېزىت مەندىمۇ دەسلەپكى ئويغىنىش سىگنالىنى چېلىپ، ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىمنى قوزغىغانىدى. تۇنجى شېئىرىم ‹تىڭشا دۇنيا› ‹ئىلى دەرياسى گېزىتى›گە بېسىلدى. مەن ئەتىسى بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يۈسۈپجان غوپۇرىنى زىيارەت قىلىپ گېزىت ئىدارىسىگە باردىم. ئېگىز بوي، خۇش پېئىل بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ، رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يېزىپ تۇرۇشۇمغا ئىلھام بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلدى».

«ئىلى دەرياسى گېزىتى»گە ئۆلكە ۋە يەرلىك خەۋەرلەر، خەلقئارا خەۋەرلەر، ھەر خىل مەزمۇندىكى ئىمزالىق ماقالىلەر، ساۋاتلار، قىسقا خەۋەرلەر، ئۇقتۇرۇش، ئېلانلار بېرىلەتتى. گې-زىتنىڭ «خارجى خەۋەرلەر»، «ئەدەبىيات» مەخسۇس سەھىپىلىرى بار بولۇپ ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، خەلقئارادىكى مۇھىم ۋەقەلەرگە ئالاقىدار خەۋەرلەر بېرىلەتتى، ئىچكى ـ تاشقى خەۋەرلەرنىڭ كۆپى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا چىقىۋاتقان گې-زىتلەردىن كۆچۈرۈپ ياكى تەرجىمە قىلىنىپ بېرىلەتتى. «ئىلى دەرياسى گېزىتى»نىڭ مەخسۇس مۇخبىرى يوق ئىدى. خەۋەر، ما-قالە لازىم بولغاندا مۇھەررىرلەر سىرتقا چىقىپ يازاتتى ياكى خە-ۋەر، ماقالە تەشكىللەيتتى، ئىختىيارىي مۇخبىرلار خىزمىتىنى

ئىشلەيتتى.

«ئىلى دەرياسى گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىدە يۈ-سۈپجان غوپۇرى، مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى، ئە. غوجام-بەردى، ئەنۋەر ناسىرى، داموللا رازىيوف، نەسرۇللا نىغمەتۇللا، خەمىت سەئىدى، مۇخلىس شەيخزادە، ئابدۇرېھىم ئەيسا، رەخىم، رەپىق ئابىدى، تۇراخۇن قارى، تېيىپزات تاھىرى، قاسىمجان قەمبىرى، قاسىمجان قىسمىتىلەرنىڭ، شۇنداقلا «شەرق قىزى»، «ئۇيغۇر»، «موللا توقماق»، «قىسمىتى»، «كەۋسەر»، «ھەقىقەت-چى»، «تۇتى»، «كۆيۈمچان»، «ۋەتەن ئوغلى» دېگەندەك تەخەللۇس-لۇق شائىر، يازغۇچىلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە پېداگوكلارنىڭ خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئىلمىي ۋە نەزەرد-يەۋى ماقالىلەر بېرىلەتتى. بۇ ئەسەرلەر ئەينى يىللىرى مىللەتنى ئويغىتىپ، خۇراپاتلىقنى تۇگىتىپ، يېڭىلىقىا يۇرۇش قىلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى.

1934 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ «ئىلى دەرياسى گېزىتى» چىقىۋاتقان ئورۇندا «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىندى. «ئىلى دەرياسى گېزىتى» ھەپتىدە ئىككى سان چىقىشتىن كۈندىلىك گېزىتكە ئايلاندى. يۈسۈپجان غوپۇرى «ئى-لى دەرياسى گېزىتى»نىڭ دەسلەپكى سانىدىن تارتىپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى سانىغا قەدەر مۇھەررىر، مۇۋەققەت باش مۇھەررىر، باش مۇھەررىر بولغان. بىر مەزگىل ھەبىب يۈنىچىمۇ باش مۇھەررىر بولغان. «ئىلى دەرياسى گېزىتى» 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرى نەشرىدىن توختىتىلدى.

1933 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقى شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ ھىيلىگەر ھەر سا-ھەدىكى ئىشلار قاتارىدا، مائارىپ ۋە ئاخبارات ئىشلىرىغىمۇ كۆ-ڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. نەتىجىدە ئىلىدىن باش-قا ۋىلايەتلەردىمۇ گېزىت نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئىلگىرى چىقىۋاتقان بىر قىسىم گېزىتلەرنىڭ نامى ئۆزگەرتىلدى. ئىلىدا چىقىۋاتقان كۈندىلىك «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» چوڭ فورماتتا

ئۆزگەرتىلدى. گېزىت ئىدارىسىدە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى تەشكىل قىلىندى. ئىلىدىن مەرۇپ سەئىدى، ئا- يۇپ مەنسۇرى، خېلىل ساتتارى قاتارلىق پىشقان ئاخباراتچىلار «شىنجاڭ گېزىتى»گە يۆتكەپ كېتىلدى. مەرۇپ سەئىدى «شىنـ- جاڭ گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولدى. ھەبىب يۇنىچى «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، رەپىق ئابد- دى، ئەنۋەر ناسىرى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى يەنە بىر قىسىم يېڭى كۈچلەر بىلەن تولۇقلىنىپ، ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ھەبىبۇللا، يۇ- نۇسجان، مۇھەممەت، خۇدابەردى تالىپ، تاھىر دۆلەتشۇنوفلار مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالدى.

«ئىلى شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1936 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 239 ـ سانىنىڭ بەت بېشىغا «گېزىت 1934 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىردە چىقىشقا باشلىدى» دەپ يېزىلغان. كېيىنچىرەك «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» خەۋەر ماقالىلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيتىل- دى، مەزمۇنى بېيىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى، ت ئا س ئاگېنتلىقىنىڭ تاشكەنت ۋە ئالمۇتىلاردىن تارقىتىلغان خەلقئارا خەۋەرلىرى، يەرلىك خەۋەرلەر، تۈرلۈك مەزمۇندىكى ماقالىلەر، تەنقىد ـ تەكلىپلەر، ئېلان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە سالا- مەتلىككە ئالاقىدار ساۋاتلار بېرىلدى، ئەدەبىيات سەھىپىسىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر بېرىلەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، زىيا سەمەدى، كېۋىر نىياز قاتارلىق ياش تالانت ئىگىلىرى ئەدە- بىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، مەزمۇنىنى بېيىتىشقا كىر- رىشتى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ «چىمەنگۈل»، زىيا سەمەدى «غېرىب ـ سەنەم»، زۇنۇن قادىرى «غۇنچەم» دىراملىرىنى يېزىپ پىروزد- چىلىق يولىنى ئېچىپ بەردى. ئىلىدىكى كونا ـ يېڭى زىيالىيلار، ئابدۇمۇتائالى كامال قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلار ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» مۇھەررىرلىكىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، نادانلىققا، فېئودال خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىد- دىيە، كۆزقاراش ۋە تۇرمۇشتا بۇرىلىش ھاسىل قىلىشقا دەۋەت

قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقنى پائال قوللىدى، ئۆزلىرىمۇ مۇشۇ مەزمۇنلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالىلەر يېزىپ، خەلقنى يېڭىلىققا چاقىردى.

گېزىتنىڭ مەخسۇس مۇخبىرلىرى يوق ئىدى. گېزىتكە چىققان خەۋەر، ماقالىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قەلەم ھەققى بېرىش يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ گېزىتنىڭ جايلاردىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلىرى مەلۇم دەرىجىدە كۆپەيدى. ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازغان خەۋەر، ماقالىلەر شۇ يىللىرى گېزىتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ تۇردى. ھاجەت تېپىلغاندا مۇھەررىرلەر خەۋەر ـ ماقالە يېزىپ خەۋەر ـ ماقالىلەرنىڭ مەزمۇننى تەڭشەپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا يېزىق ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى.

1941 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ قازاق تىلىدا ھەپتىلىك گېزىت چىقىرىلدى. بۇ ئىلى رايونىدا چىقىرىلغان قازاق تىلىدىكى تۇنجى گېزىت بولۇپ، قازاق ئاخباراتچىلىقى ئۈچۈن يول ئاچتى. كېيىن بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىك كۈچى تولۇقلىنىپ ھەپتىدە ئىككى سان چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى گېزىتلەر ئۈچ تىلغا كۆپەيتىلدى. گېزىتخانىنىڭ ئورنى 1937 ـ يىلى قارادۆڭدىن ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى قورۇ (قۇرۇلۇش ئېھتىياجى بىلەن چېقىۋېتىلگەن)غا كۆچۈرۈپ كېلىندى. گېزىتخانا ئورنى 1940 ـ يىلغا كەلگەندە ھازىرقى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە يۆتكىلىپ كەلدى. تەھرىر بۆلۈم، مەمۇرىيەت ئىشخانىلىرى بۇ يەرگە، مەتبەئە تەھرىر بۆلۈم ئالدىدىكى كوچىنىڭ شەرقىگە، يەنى ھازىرقى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئورنىغا ئورۇنلاشتى.

گېزىتخانا ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە تەھرىر بۆلۈم مەسئۇللىرىمۇ ئالمىشىپ تۇردى. تۇرسۇن ئىسرائىل 1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. 1940 ـ يىلىدىن كېيىن ئابدۇللا زاكىروف چۆچەكتىن

يۈتكىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1942 ـ يىلى گېزىتخانىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

شىڭ شىسەينىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەرلەشكەندە، چۇمپەردىسىنى يىرتىپ قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى، بولۇپمۇ ھەر ساھەدە ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى قانلىق باستۇردى، ئاخبارات سېپىدىكىلەر بۇنىڭدىن چەتتە قالمىدى. ئورۇمچىدە مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى، خېلىل ساتتارىلارنى بىگۇناھ تۈرمىگە تاشلاپ ئۆلتۈردى. «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى»دىكى مۇھەررىرلەرنىڭ بىر قىسمىنى قولغا ئالدى، يەنە بىر قىسمىنى ئاخبارات سېپىدىن قوغلاپ چىقاردى. خىزمەتتىن ھەيدەلگەنلەرنىڭ بىرى ئالىي بىلىم ئىگىسى، شائىر خۇدابەردى تالىپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كەسپىي كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاشتى، گېزىت ئۇچۇن بېرىلىدىغان چەكلىك ئىقتىساد كېمىيىپ كەتتى. مۇھەررىرلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى تىزگىنلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى بوغۇپ قويۇلدى.

ئابلەت سەمەت، تاشمۇھەممەت، شاراخمان، ئەخمەت زاھىدى قاتارلىقلار مەتبەئە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەرپ قۇيۇش، ھەرپ يۆتكەش ئىزچىللاشتۇرۇلمىغانلىقتىن، كونا ھەرپ بىلەن تىزىپ ياسالغان بەتلەر ئىنتايىن تۇتۇق چىقاتتى، بەزى بەتلەرنى ئوقۇش تەسكە چۈشتى. گېزىت ئاخىرقى پەيتلەردە سامان قەغەزگە بېسىلىپ تېخىمۇ تۇتۇقلىشىپ كەتتى. 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نەشردىن توختىتىلدى. بۇ گېزىت جەمئىي 2524 سان چىقتى.

1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، كۆپ ئۆتمەيلا غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىندى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش كۇلۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىلىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇ

يىغىندا گېزىت چىقىرىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش ھەققىدە قارار چىقىرىلدى. قارار چىقىرىلىپ ئەتىسىلا غۇلجا شەھىرىدىكى ئاخ-باراتچىلار يىغىلىپ يىغىن ئېچىپ، گېزىتخانا خىزمىتىنى ئەس-لىگە كەلتۈرۈپ، گېزىت چىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ھۆكۈمەت گېزىت چىقىرىش خىزمىتىگە جىددىي ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مۇھەررىرلىك ۋە مەتبەئە كۈچى تولۇقلاندى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يېڭى گېزىت ــ «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دۇنياغا كەلدى. بۇ گېزىت ئىلگىرىكى «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئورنىدا كىچىك فورماتتا، ھەر كۈنى چىقتى. گېزىتخانىنىڭ خوجىلىق، بوغالتىرلىق، نەشرىياتچىلىق، گېزىت تارقىتىش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرى پەيدىنپەي قۇرۇلدى.

دەسلەپتە ھەبىب يۇنىچى ئىدارە باشلىقى ھەم باش مۇھەررىر بولدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەبىب يۇنىچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۇسەيىن ناسىروف ئىدارە باشلىقى ھەم باش مۇھەررىر بولدى. شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوف ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا بېكىتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، زۇنۇن قادىرى، مۇھەممەت سىدىق نورۇزوف، خەمىت تۆھپى، سابىت ئۆمەر، ئوسمان زىيام، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇرېشىت ئىمىن، مەننان قېـ-يۇم قاتارلىق بىرنەچچە كىشى، يېڭى ئاخباراتچىلار گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق، تەرجىمانلىق ۋە كوررېكتورلۇقىنى ئۈستىگە ئالدى. زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەملەر مۇخبىرلىققا تەقسىم قىلىندى.

مۇخبىرلار پاراسلاپ ئوق ئېتىلىۋاتقان جەڭ مەيدانلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى، ھۆكۈمەت ئورگانلى-رىنى ئارىلاپ ھەم خەلق ئىچىگە كىرىپ جەڭ ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، تەلەپ ـ ئىنكاسلىرىنى ۋاقتىدا، ئەينەن خەۋەر قى-لىپ، گېزىتنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈشكە تې-گىشلىك ھەسسە قوشتى. ئاما بۇنىڭدىن خۇش بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى گېزىت تەشۋىقاتىنىڭ رولى ۋە ئۈنۈمىنى ھەممىدىن

چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئەنە شۇ مەزگىللەردە زۇنۇن قادىرى گېزىتنىڭ ھەربىي مۇخبىرى ئىدى. ئەلقەم ئەختەم، سابىت ئۆمەرلەر ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى، جەنۇبىي شىنجاڭ، بورتالا، ئارىشاڭ ۋە موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ تۇردى.

گېزىتتە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرى، قانۇن ـ نىزاملىرى، بۇيرۇقلىرى ئۆز قەرەلىدە خەلققە يەتكۈزۈپ تۇرۇلدى، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئاممىغا تونۇشتۇرۇلدى. دۈشمەننىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ چېكىدىن ئاشقان ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ئېچىپ تاشلاندى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى خەۋەر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. خەلقئارا خەۋەرلەر، ت ئا س س ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋەرلىرىمۇ بېسىلىپ تۇردى. گېزىتكە يەنە ئېلان، ئۇچۇرلار بېرىلىپ خەلقنىڭ نەرسە ـ كېرەك ئالماشتۇرۇشىغا يول ئېچىپ بېرىلدى. ھېكايە، ئوچېرك ۋە شېئىرلار بېرىلىپ گېزىت تەشۋىقاتى زور كۈچ بىلەن جانلاندۇرۇلدى. بۇلار ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈشكە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»ى ئىمزالاندى. «بىتىم»دىن كېيىن «ئازاد شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»نىڭ نامى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلدى. ئۈرۈمچى ۋە يەتتە ۋىلايەتتىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى غۇلجىغا كەلدى. ئابلىز نازىرى، قاسىم پەرسايوف، قاسىم مۇسايوف، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى، تۇرغۇن ئالماس، تۇرسۇن ۋاھىدى، ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا، تۇردۇش قاتارلىقلار گېزىت-

خانىنىڭ مۇھەررىرلىك، تەرجىمانلىق تارماقلىرىغا ئورۇنلاشتى. تېيىپجان ئېلىيوف، سابىت ئۆمەر، ناسىر ھەسەن، ھۈسەيىن ھەسەن، غىياسىدىن بارات، ئەكرەم روزى قاتارلىق ياش كۈچلەر ئۇستىلەپ قېتىلىپ، گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق ۋە تەرجىمانلىق، كوررېكتورلۇق تارماقلىرى ئالاھىدە كۈچەيتىلدى. گېزىتخانىدا يەنە خوجىلىق، مەتبەئە، بوغالتىرلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىپ، ئىمىن موللاھاجى، ئىسمائىل، ئابلەت سە-مەت، ئابدۇقادىر تۇردى قاتارلىق 80 دىن كۆپرەك كىشى گېزىت-خانا مەتبەئەسىدە ئىشلىدى. دەسلەپتە ئېركچى يۇنچى مەتبەئە بۆلۈم باشلىقى، ئىمىن موللاھاجى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بول-دى. كېيىن قاسىم پەرسايوف گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەتبەئە بۆلۈم باشلىقى بولدى. مەتبەئە بۆلۈمىگە يېڭىدىن بې-سىش، ھەرپ قۇيۇش ماشىنىلىرى سەپلەندى، ئىشچى ئىسمائىل ھەرپ قېلىپىنى ياساپ، ھەرپىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ياخشىلىدى. نەتىجىدە گېزىت، كىتاب ۋە باشقا باسما ماتېرىيال-لىرىنىڭ بېسىلىش سۈپىتى ياخشىلاندى.

«ئىتتىپاق» ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەكسىيەتچى گو-مىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىپ، «ئىتتىپاق»قا ئاشكارا قارشى چىقتى. ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ۋەكىللەر غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ۋەزىيەت يامانلاشتى. بۇ چاغدا گېزىتنىڭ ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى تېخىمۇ زورايدى. كىچىك فورماتتا كۈنىگە چىقىۋاتقان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى چوڭ فورماتتا كۈنىگە چىقىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى «مەتبۇئات خەلق ئېڭىنى كۆتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ئو-رۇن» دەپ گېزىتخانىدىكى مۇھەررىر، مۇخبىر، تەرجىمان ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىنى ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەشكە چاقىردى. ئۆزى ئاممىۋى يىغىنلاردا سۆز-لەپ، گېزىت ـ ژۇرناللارغا ماقالىلەر يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسى-يەتچىلىرىنىڭ «ئىتتىپاق»قا بۇزغۇنچىلىق قىلغان رەزىل جىنايى

قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. تەھرىر بۆلۈمى ھوشيارلىقنى ئۆس-تۈرۈپ، ۋەزىيەت تەلىپىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، مەخسۇس ماقا-لىلەرنى تەشكىللەپ گېزىتكە بېرىپ، دۈشمەننىڭ نەيرەڭلىرىنى پاكىتلار ئارقىلىق پاش قىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنى دۈشمەننىڭ سۈيىقەستىدىن ھوشيار بولۇپ، ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىرلىكتە قوغداشقا چاقىردى. شۇ قاتاردا گېزىتكە خەلقئارا خە-ۋەرلەر، شىنجاڭ ئاگېنتلىقى خەۋەرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، قۇ-رۇلۇش، خەلق تۇرمۇشى، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، پۇل مۇ-ئامىلە، مالىيە، سودا، قانۇن قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار خەۋەر ـ ماقالىلەر بېرىلىپ، خەلققە خەلقئارا ۋە ئىچكى جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئېنىق تونۇشتۇرۇپ تۇرۇلدى.

1947 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە «ئويغان گېزىتى» نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن غۇلجىدا ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى گېزىت چىقىدىغان بولدى. «ئويغان گېزىتى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى زۇلمى ئاستىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن خەلقلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم چوڭ فورماتتا چىقتى. ئابلەت مەخسۇم بۇ گېزىتكە مەسئۇل مۇھەررىر، پولات ئالىمى باش مۇھەررىر بولدى. «ئويغان گېزىتى»نىڭ تۈپ ۋەزىپىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان يەتتە ۋىلايەت خەلقىنى ئويغىتىپ خەلقنىڭ ئازادلىقى، باراۋەرلىكى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

«ئويغان گېزىتى» 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايغا قەدەر 1500 تىراژ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا ھەر خىل يوللار بىلەن تارقىلىپ تۇردى. «ئويغان گېزىتى» 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ نەشر ئەپكارىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر ساھە ۋەكىللىرى ، ئالىملار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ بىرلىكتە كېڭىشىشى بىلەن 1948 ـ

يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقـ
نى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىندى. بۇ ئۈچ ۋىلاـ
يەتتىن ھالقىپ، پۈتۈن ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى
كەڭ، يۇقىرى ئابرۇيغا ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە تەشكىلات ئىـ
دى. «ئىتتىپاق»نى تەسىس قىلىش يىغىنىدا ئەخمەتجان قاسىمى
«ئىتتىپاق»نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى، «ئىتتىپاق»نىڭ ھەيئەت
ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. شۇـ
نىڭدەك ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. ئابدۇكېرىم ئابـ
باسوف قوشۇمچە «ئىتتىپاق» ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقـ
لىقىغا بېكىتىلدى. ئاخبارات باشقارمىسى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق
ئاخبارات ئىشلىرىغا، جۈملىدىن گېزىتلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرـ
لىك قىلدى. «ئىتتىپاق»نىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئويغان گېـ
زىتى»نىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ، 1948 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ
كۈنىدىن باشلاپ «ئالغا گېزىتى» نامى بىلەن كۈن ئارىلاپ، چوڭ
فورماتتا چىقىشقا باشلىدى. سەيپىدىن ئەزىزى «ئالغا گېزىـ
تى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە بېكىتىلدى. «ئالغا گېزىتى»
1949 ـ يىلىغا كەلگەندە كۈندىلىك گېزىتكە ئايلاندى.

«ئالغا گېزىتى»نىڭ تۇنجى سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە «گېزىتىـ
مىزنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك تەھرىر بۆلۈم
ماقالىسى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «‹ئالغا گېزىتى› خەلق ئۈچۈن
مۇھىم ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلىشى كېرەك» سەرلەۋھىـ
لىك ماقالىسى، 2 ـ بېتىگە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلـ
لىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە چىـ
قىرىلغان مۇراجىئىتى بىلەن قارارى بېسىلغان. چوڭ فورماتتا
كۈنىگە چىقىۋاتقان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»
ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نەشر ئەپكارىغا ئۆزگەرتىلىپ ئۈزۈكسىز چىـ
قىپ تۇردى، تىراژى 3500 نۇسخا ئەتراپىدا بولدى.

«ئالغا گېزىتى» «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىـ
مايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ ئورگان گېزىتى بولۇش سۈپىتى
بىلەن «ئىتتىپاق» ئۆز ئالدىغا قويغان تۈپ نىشانغا بىرلەشتۈرـ

گەن هالدا «ئىتتىپاق»نىڭ ھەر خىل پائالىيەت، سىياسەت ۋە پرىنسىپلىرىنى پائال تۇردە ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆلكىدە تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى، ھەر مىللەت خەلقىنى «ئىتتىپاق» ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى؛ ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى پۈتۈن ئۆلكىگە، جۇملىدىن يېزا ـ قىشلارغا قەدەر كېڭەيتىشكە تەرغىباتچىلىق، تەشكىلاتچىلىق رول ئوينىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئاخبارات ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، «ئىتتىپاق»نىڭ ئاخبارات باشقارمىسى ھەربىر مەزگىلدە گېزىتلەرنىڭ تەشۋىقات نىشانىنى بەلگىلەپ تۇردى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەر گېزىت باشقۇرۇشقا ئىزچىل تۇردە بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى، ئۇلار ئېھتىياجقا ئاساسەن، گېزىتلەرگە باش ماقالە، ئوبزور ۋە مەخسۇس ماقالىلەرنى ئۆزمەي يېزىپ تۇردى، ھالقىلىق پەيتلەردە گېزىت مۇھەررىرلىرىگە ياردەملىشىپ مۇھىم ماقالىلەرنى تەھرىرلەپ بىر تەرەپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي، پات ـ پات گېزىتخانىغا كېلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ، گېزىت خىزمىتىدە دۇچ كېلىنگەن مەسىلىلەرنى با مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىپ، مۇھەررىر، مۇخبىر ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىنىڭ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىپ تۇردى. نەتىجىدە گېزىتلەر بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇلۇپ ئامما ئىچىدىكى تەسىرى زورايدى. گېزىتلەر ئۈچ ۋىلايەتتىلا ئەمەس، بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان ئۈرۈمچى ھەم باشقا ۋىلايەتلەرگىمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن تارقالدى. خەلق گېزىتلەرنى قەدىرلەپ ئوقۇپ مەدەت ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئالدى.

تەھرىر بۆلۈمى گېزىتكە بېسىلغان خەۋەر، ماقالە، سۈرەت،

رەسىم، ئەدەبىي ئەسەرلەر، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى
ھەم تەرجىمە ئەسەرلەرگە مۇۋاپىق قەلەم ھەققى بېرىشنى باشتىن ـ
ئاخىر داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆز مۇخبىرلىرد ـ
نى ھەم ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى چىڭ
تۇتتى. 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 30 ماددىلىق «مۇخبىرلار
نىزامنامىسى»نى بېسىپ تارقاتتى.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە چىققان گېزىتلەر ئۆز سە ـ
ھىپىلىرىگە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ،
پەن ـ تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە با ـ
لىلار تەربىيەسىگە ئالاقىدار مەخسۇس ماقالىلەر، ئىلمىي ماقالى ـ
لەر ھەم ئىلمىي قىممەتكە ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە
ساۋاتلار بېرىپ تۇردى، شۇنىڭدەك «ئۆسۈش»، «غىدىق»، «خانىم ـ
قىزلار»، «ياشلار» ناملىق بەت ۋە سەھىپىلەرنى ئاچتى. «ئۆ ـ
سۈش» ئەدەبىيات بېتىگە ئەينى يىللاردىكى پېشقەدەم، ئوتتۇرا
ياش ۋە ياش شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە، نەسر، شېئىرىي
ئەسەرلىرى ھەمدە خەلق قوشاقلىرى، تېپىشماقلار، ماقال ـ
تەمسىللەر بېرىلىپ تۇردى. ئىمىشبېت ئارمىيە ئېلى سايرامىنىڭ
«پەرھات ـ شېرىن»، ئەيسا يۇسۇپنىڭ «زەنجىرلەنگەن تەن»، «با ـ
ھار» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ «سۇرلۇك ئىزلار» ناملىق يىد ـ
رىك داستانى، پوۋېست ۋە تارىخىي قىسسەلەرمۇ تولۇق تېكىستى
بىلەن «ئۆسۈش» ئەدەبىيات بېتىگە بېرىلىپ، ئاممىغا تونۇشتۇ ـ
رۇلغاندى. زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى، كېۋىر نىياز، زىيا
سەمەدى، تېيىپزات تاھىرى، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇرېشىت
ئىمىن، قاسىم قىسمىتى، ئابدۇرېھىم ئەيسا، نۇربوساقوپ، ئەلقەم
ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابلىز نازىرى، تاجىدىن قادىرى،
خەمىت تۆھپى، تۇرغۇن ئالماس، نىغمەت خەلپەت، تۇرسۇن
ۋاھىدى، تۇردى سامساق، ناسىر ھەسەن، ئابدۇۋەلى خەلپەت،
ئەرشىدىن تاتلىق، ھامۇت مەخمۇدى، خېلىل ھەمرا، مەسۇمجان
زۇلپىقار، ئىبراھىم بارات، تۇرسۇن قاھار قاتارلىق شائىر، ياز ـ
غۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بېرىلىپ تۇردى. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ

سەنئەت ئىشلىرى گېزىتتىن ئىبارەت بىر مۇنبەرگە ئىگە قىلىنىپ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ۋە روناق تېپىشىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىلدى. مانا بۇ شائىر، يازغۇچىلار بىزنىڭ هازىرقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلار بولۇپ قالدى.

«ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان گېزىتى»نىڭ نامى 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ «يېڭى يول»غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىت، ئىلى ۋالىي مەهكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ داۋاملىق نەشر قىلىندى، ئارىدا ئۈزۈلۈش بولمىدى.

1950 ـ يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزى كومىتېتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. «ئىتتىپاق»نىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئالغا گېزىتى»مۇ «ئىتتىپاق» بىلەن تەڭ يۆتكەلدى هەمدە 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چىقىپ تۇردى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

① «ئۆمۈر داستانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
② «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
③ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 1 ـ سانى.
④ «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1991 ـ يىل 5 ـ سانى.
⑤ «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، 1948 ـ يىل 1 ـ سانى.
⑥ «شىنجاڭ گېزىتى» 1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانى.
⑦ «شانلىق 40 يىل (1954 ــ 1994)» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

# مەخپىي ھەرىكەت: تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدىكى شىنجاڭ

## لى يۈەن، جاڭ لىبى

**جۇ ئېنلەي چۇ ۋۇغا تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلسا، دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ ھەقىقەتكە قايتىش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى**

1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 4 تە جوۋ ئېنلەي چۇ ۋۇ بىلەن كۆرۈشتى.

چۇ ۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى پارتىيە ئەزاسى ئىدى، شۇ چاغدا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ)دا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتنىشىۋاتاتتى.

چۇ ۋۇ جوۋ ئېنلەيگە دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاخشام جاڭ جىجۇڭ ماڭا: نەنجىڭ تەرەپ ھېلىقى تىنچلىق كېلىشىمىنى ئەستىن قالدۇرمايدىغاندەك تۇرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئۇ-رۇشلار بولىدۇ، دېدى ھەمدە شىنجاڭغا قايتىپ كېتىپ تاۋ سى-يۆگە جياڭ جيېشى داۋاملىق ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما شىنجاڭغا تىنچلىق كېرەك، شىنجاڭ بىر پايمۇ ئوق چىقارماس-لىقى كېرەك، دېگەن سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئېيتتى».

جوۋ ئېنلەينىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ چۇ ۋۇغا مۇنداق دېدى: «شۇنداق، مەملىكەتتە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈمىدى ناھايىتى ئاز، ئەگەر ئىش پۈتۈنلەي بۇزۇلسا، سىز دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ شۇ يەردىكى قىسىملارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا يېتەكلەڭ، خەلق ئىمكانقەدەر زىيان تارتمىسۇن ياكى ئاز زىيان

تارتسۇن».

ئارقىدىن جوۋ ئېنلەي شىنجاڭ قىسىملىرىدىكى گېـ-نېراللارنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ گارنىزون باش قو-ماندانى تاۋ سىيۆنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسىنى سورىدى.

چۇ ۋۇ ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنى جوۋ ئېنلەيگە تەپسىلىي تونۇشتۇردى. تاۋ سىيۆنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسى ئۈستىدە توختالغىنىدا: «تاۋ سىيۆ سەمىمىي ئادەم، جاڭ جىجۇڭنىڭ پو-زىتسىيەسى ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى» دېدى.

جوۋ ئېنلەينىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە يۈ-گۈردى، ئۇ: «ۋېنبەي (جاڭ جىجۇڭنى دېمەكچى) ئەپەندى داڭلىق (تىنچلىق گېنېرالى) تۇرسا!» دېدى.

چۇ ۋۇ جوۋ ئېنلەينىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن شىنجاڭغا ۋاقتىدا قايتىپ كېلىپ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت مەخپىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى.

چۇ ۋۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ دوستى، گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ تەرەققىي-پەرۋەرلىككە مايىل باش كاتىپى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-نىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن بىلەن كۆرۈ-شۈپ، ئۇنىڭغا بېيپىڭدىكى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى: جوۋ ئېنلەي، جاڭ جىجۇڭلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى توغرىسىدىكى مۇنۇ پىكرىنى ئاشكارىلىدى: «مەملىكەت مىقياسىدىكى تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇر-غىلى بولمىسىمۇ، ئەمما تىنچلىق كېلىشىمىگە ئاساسەن شىن-جاڭدا قىسمەن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ».

ليۇ مېڭچۈن چۇۋۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن: «مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلىمەن، ئۇنداقتا شۇنداق قىلايلى. ھالقىلىق مەسىلە تاۋ سىيۆدە، بىز يە-نىلا ئالدى بىلەن ئۇنى تېپىپ سۆزلىشىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن بىر ئىش قىلايلى» دېدى.

چۇۋۇ، لىيۇ مىڭچۇنلەر ئارقىدىنلا تاۋ سىيۇ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا جاڭ جىجۇڭنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مۇ ئورتاق تىنچلىق ئارزۇسىدا ئىكەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلدى. تاۋ سىيۇ ناھايىتى خاتىرجەمدەك، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، پەقەت سۆھبەت ئاخىرلىشاي دېگەندىلا: «قېنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باقايلى»، دېدى.

«قاراپ باقايلى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىچىدە خېلى گەپ بار ئىدى.

**شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى چىقىش يولى توغرىسىدا تاۋ سىيۇ بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئاللىقاچانلا يەك ئىچىدە كېلىشىۋالغانىدى**

1948 ـ يىلى كۈزدە تاۋ سىيۇ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغىلى ماڭغاندا ئالايىتەن لەنجۇنى ئايلىنىپ مېڭىپ غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭنى يوقلاپ ئۆتكەنىدى.

جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي قورۇسىدا تاۋ سىيۇ بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىقنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىش ھەققىدە جياڭ جيېشىغا بەرگەن تەكلىپنامىلىرى ۋە سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرسەتتى.

جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۇنى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۈشىنىشى بىلەن ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى، بۇ سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياج بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىنى كېڭەيتىشتىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

شۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە سىگنالى مۇقەددەس زېمىندا ياڭراپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ بىر كۈنى بولمى

سا بىر كۈنى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشتىن ئىبا-رەت تاللاشقا دۇچ كېلەتتى. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ بىلەن تاۋ سىيۆ ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، شىنجاڭدا ئوق چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئوق چىقسا جەزمەن چوڭ مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇزاق سۆھبەتتە جاڭ جىجۇڭ بىلەن تاۋ سىيۆ پۈتۈنلەي مۇڭدىشىپ بىر - بىرىگە ئىچ سىرىنى تۆكۈشتى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى چىقىش يولى توغرىسىدا يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تىنچلىق ئىستىكى تاۋ سىيۆنىڭ كاللى-سىنى چىرمىۋالدى. شۇڭا ئۇ ئۇزلۇكسىز پۇرسەت كۈتۈپ كې-لىۋاتاتتى.

ئۇزۇندىن بۇيان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىم-لىرى چىڭخەيلىك ما فامىلىلىكلەر گۇرۇھى بىلەن خۇ زوڭنەن گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا تەۋە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. تاۋ سىيۆ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولسىمۇ، ئەمە-لىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى-غىلا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلالايتتى، قىسىمنىڭ تەڭدىن تو-لىسىنى بولسا ما، خۇ جەمەتىدىكى ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لو شۇرېن قاتارلىق جاھىل ئوفىتسېرلار كونترول قىلىۋالغانىدى. تاۋ سىيۆ خۇاڭپۇ گۇرۇھىغىمۇ، ما جەمەتى گۇرۇھىغىمۇ تەۋە ئە-مەس ئىدى، شۇڭا نۇرغۇن ئىشلارغا قارىتا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى، بىرەر ئامالمۇ قىلالمايتتى.

1949 - يىلى 5 - ئايدا تاۋ سىيۆ جاڭ جىجۇڭنىڭ بېيپىڭ-دىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيۆ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان قاتار-لىقلاردىن شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئور-تاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ساقلاشنى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرى-شىگە ئاساسەن قارشى تەدبىر بەلگىلەپ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەت-كە قايتىش يولىغا مېڭىشقا ھازىرلىق كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ تېلېگراممىسى تاۋ سىيۆنىڭ روھىنى ئۇر-غۇتتى. ئۇ بۇرھانغا: «جاڭ جىجۇڭنىڭ تېلېگراممىسى ماۋ زې-دۇڭ، جوۋ ئېنلەيلەرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەۋەتىلگەن، بۇ پەقەت جاڭ جىجۇڭنىڭلا كۆرسەتمىسى ئەمەس، بەلكى جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيەسىنىڭمۇ بىزگە بولغان ئۈمىدى، تېخىمۇ مۇھىـ-مى بىزگە بولغان ئىشەنچىسى» دېدى. شۇ سۆزلەردىن كېيىن تاۋ سىيۆ يەنە ئوڭايسىزلانغان ھالدا: «شىنجاڭدا تىنچلىق بىلەن ھە-قىقەتكە قايتىشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ ما، خۇلار كونترول قى-لىۋالغان قىسىملاردا، بولۇپمۇ ئەمەلىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھېلىقى بىرنەچچە ئوفىتسېرلاردا. بۇ كىشىلەر يوقىتىلمىسا ياكى كەتمىسە، ئاقىۋەتتە تىنچلىقتىن گەپ ئېچىش-قا مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بىراق، ھازىر ئۇلارغا تەگكىلى بول-مايدۇ، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىگە قاراپ بې-قىپ، ئاندىن بېكىتسەك» دېدى.

بۇرھان ھۆكۈمەتنى، تاۋ سىيۆ ئارمىيىنى باشقۇرسىمۇ، لې-كىن ئۇلار شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى مە-سىلىسىدە ئاللىقاچان پىكىرلىشىپ ئورتاق تونۇش ھاسىل قى-لىپ بولغانىدى. بۇرھان تاۋ سىيۆگە: «مەن سىزنىڭ كۆزقارىشى-ڭىزغا قوشۇلىمەن، ھەقىقەتكە قايتىش ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى چوڭ ئىش، قارىسىغا ئىش قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. شۇڭا، بال-دۇرراق تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك، قانچىلىك تولۇق تەييارلىق قىلساق شۇنچە ياخشى» دېدى.

**تاۋ جىنچۇ مەردانىلىك بىلەن: «قورغىلاڭ كۆتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىش توغرى-سىدا پىكىرنامە» يازدى**

بىر كۈنى تاۋ سىيۆ ئۆيىدە چۇ ۋۇ بېيپىڭدىن ئالغاچ كەلگەن «مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى كۆرۈۋاتاتتى، توساتتىن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزونى باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ

ئىشتاب باشلىقى تاۋ جىنچۇ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ دوكلات قىلدى.

تاۋ جىنچۇ ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن، تاۋ سىيۆگە «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىرنامە» نى سۇندى.

تۆۋەندىكى بىرنەچچە قۇر خەت تاۋ سىيۆنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغىدى:

«شىنجاڭ گومىنداڭ ئارمىيىسى دادىللىق بىلەن مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ، پات ئارىدا بارلىققا كېلىدىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قوماندانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل قوبۇل قىلسىلا، مىڭىنچە غۇلجا تەرەپ جەزمەن بىز بىلەن تىنچلىقتا ھەمكارلىشالايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە شىنجاڭدىكى يۈز مىڭلىغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئەمدى ھەرگىز «سىڭ سەر كەتسە كەتسۇن، مىڭشىڭ كەتمىسۇن» دەپ زالىملارغا ساداقەت بىلدۈرىدىغان ئەخمىقانە خىيالدا بولماسلىقىمىز كېرەك».

تاۋ جىنچۇ تاۋ سىيۆنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭچىڭدا چياڭ گۇەنخۇا بىلەن تونۇشۇپ قالغان، جوۋ ئېنلەي چياڭ گۇەنخۇاغا ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەنىدى. تاۋ جىنچۇ 1948 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشتىن ئىلگىرى ئالايىتەن شياڭگاڭغا بېرىپ چياڭ گۇەنخۇا بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە مەخپىي ئالاقە ئورناتقانىدى. شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرى مەسىلىسىدىن ئىبارەت چوڭ تالاش پەيتىدە تاۋ جىنچۇ قەتئىي تۇردە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىنى تاللىۋالغان. شۇنداقلا چۇ ۋۇ، ليۇ مىڭچۇن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغان، قولغا قول تۇتىشىپ بىللە ماڭغان، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانىدى.

تاۋ سىيۆ تاۋ جىنچۇنىڭ «پىكىرنامە»سىنى كۆڭلىدە قوللى-

سىمۇ، ئەمما تەرىنى تۇرۇپ: «نۆۋەتتە گومىنداڭ بىلەن كوممۇ-نىستنىڭ پارتىيىدىن قايسىنىڭ يېڭىپ قايسىنىڭ يېڭىلىدىغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. مۇشۇنداق پەيتتە سەن بۇ نەرسىنى ئوت-تۇرىغا چىقارساڭ ئاقىۋەتتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلى-شىپ كۆردۈڭمۇ؟» دېدى.

تاۋ جىنچۈ تاۋ سىيۈنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئەمما بۇنى ئېچىپ - يېرىپ دەۋەتكۇسىمۇ كەلمىدى، ئۇ چاغدا ئۇلارمۇ شۇنداق پەۋقۇلئاددە مۇنا-سىۋەتتە بولسىمۇ، يەنىلا مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ يۈرەتتى.

**تاۋ سىيۈ نەنجىڭ قاتارلىق بىرنەچچە تەرەپتىن كەلگەن بې-سىمغا كۆرۈنۈشتە قارشى تۇرمىغىنى بىلەن ئاستىرتىن ھەرىكەت قىلدى**

جاڭ جېجۇڭ گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشى-دىغان باش ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيپىڭدا «ۋەزىيەت توغرىسىدا بايانات»نى ئېلان قىلىپ: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى سېپىگە ئۆتىدىغانلىقى»نى ئاشكارا جاكار-لىدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى يۇقىرى قاتلام ھەربىي، مەمۇري ئەمەلدارلىرى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ۋەزىيەتكە ۋە شىنجاڭنىڭ چىقىش يولىغا بولغان كۆزقاراشلىرىنى ئېھتى-ياتچانلىق بىلەن ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھە-رىدىكى «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىدا خۇنەندىكى چېڭ چيەن، چېن مىڭرېنلارنىڭ تېلېگراما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقى خەۋەر قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ئەنسىزلىك ھۆكۈم سۈردى.

بىراق، تاكى 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە تاۋ سىيۈ ھەقىقەتكە قايتىدىغان ئىشقا يەنىلا ئىپادە بىلدۈرمىدى. ھەتتا تاۋ سىيۈنىڭ قول ئاستىدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ بۇ باش قوماندانىنىڭ

نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدى. بۇ تەبىئىيلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇمانى، ئۇقۇشماسلىقى، ھەتتا نارازىلىقىنى قوزغىدى، تاۋ جىنچۇ تاۋ سىيۆنىڭ «سىرلىق» پوزىتسىيىسىدىن غەزەپلىنىپ خىزمىتىدىن ئايرىلىشىنىمۇ تەلەپ قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە تاۋ سىيۆنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق «دەردى» بار ئىدى:

شۇ چاغدا ئەكسىيەتچى كۇچلەر پۈتكۈل شىنجاڭغا يامراپ كەتكەنىدى، ئۇ بولسا ئەسكەرسىز قوماندان ئىدى. كۆن بويى خەۋپ - خەتەر ئىچىدە ياشايتتى، تېخى ئۇلار بىلەن ئېغىزدىلا ماقۇل بولۇپ ئۆتۈشەتتى، ئازراق چاندۇرۇپ قويۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى، بولمىسا باشقىلار گۇمانلىنىپ قېلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىيتتى؛ 1949 - يىلىنىڭ بېشىدىلا لى زۇڭرېن تېلېگراممىا بېرىپ شىنجاڭ قىسىملىرىغا بىر لۇينى يەرلىك تەرتىپنى ساقلاشقا قالدۇرغاندىن باشقا، بارلىق قىسىملارنى شەرققە يۆتكەشنى بۇيرۇغانىدى. ئارقىدىن يەنە لى زۇڭرېن كۆپ قېتىم تېلېگراممىا ئەۋەتىپ تاۋ سىيۆنى پايتەختكە كېلىپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشكە چاقىرتقانىدى.

تاۋ سىيۆنىڭ بىردىنبىر چارىسى كەينىگە سۆرەش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇ لى زۇڭرېنغا بىرنەچچە قېتىم جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ قىسىملار شەرققە يۆتكەلسە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بوش قالىدىغانلىقى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىدىغانلىقىنى قىسىملارنى شەرققە يۆتكەشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتتى ھەمدە زور خىراجەت خامچوتىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن پۇل، ماي، ماشىنا تەلەپ قىلدى، يولغا چىقىش خىراجىتى ئۈچۈنلا 8 مىليون تەڭگە سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاۋ سىيۆ تاۋ جىنچۇغا قوشۇننى تەكشۈرۈش، ئامبارنى ئىنىقلاش، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەك ھازىرلاش، مۇلازىمەت لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش، ھاۋا ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يارىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى

ئوفىتسېر ماۋ شىيۇ، ۋاڭ چۇەندۇ، لى چۇڭجېڭ قاتارلىقلارغا تە-ۋە قىسىملارنى بىرنەچچە جايدىكى مۇھىم مۇداپىئە رايونىغا كىد-رىپ جايلىشىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بولۇپمۇ 178 - لۈيىنىڭ مۇئا-ۋىن لۈيجاڭى ليۇ لۇنيۇەننى ئىككى يىگنى باشلاپ يۇمېن نېفىت كانىغا كىرىپ ئورۇنلىشىشقا ئەۋەتىپ، شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ ئېنېرگىيە جان تومۇرىغا ھەقىقىي كېپىللىك قىلدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر سىرتقا نىسبەتەن ئەكسىچە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كەيپىياتى ۋە شەرققە يۆتكىلىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىپ، ئۇ-رۇش تەرەپدارلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. تاۋ سىيۆمۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قىسىمنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بىلىۋالدى ۋە قىسمەن جەڭگىۋار زاپاس قىسىملارنى كونترول قىلىۋالدى.

تاۋ سىيۆ تاۋ جىنچۇغا خۇپىيانە ھالدا «بىرنەچچە قەدەم ناھا-يىتى خەتەرلىك، ئازراقلا شەپە چىقىپ قالسا، ئۆزىمىز قۇربان بولۇپلا قالماستىن، قوزغىلاڭمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە يوققا چىقى-دۇ، شۇڭا قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

بۇ چاغدا تاۋ جىنچۇ تاۋ سىيۆنىڭ كۆڭلىنى پۈتۈنلەي چۈ-شىنىپ بولغانىدى. ئۇ تاۋ سىيۆگە: «خاتىرجەم بولۇڭ، بىز سىز-نىڭ ‹جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولۇڭلار› دېگەن يولىيورۇقىڭىز-نى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئىشەنچلىك بولمىغان (ئۇرۇش)نى قىلمايمىز» دېدى.

**تاۋ سىيۆ جاۋ شىگۇاڭ بىلەن قاراشەھەردە مەخپىي كۆرۈشتى ۋە ئۈچ تۈرلۈك مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىدى**

ھەقىقەتكە قايتىشقا مەخپىي ھازىرلىق قىلىش جەريانىدا تاۋ سىيۆ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمە-چە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونى قوماندانى جاۋ شىگۇاڭنى كۆڭ-لىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدا ئۇنىڭ ماقۇللۇقى قولغا كەلتۈرۈلمىسە، بىردەك ھە-رىكەتلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، تاۋ سىيۆ بۇنىڭدا ئېنىق تونۇشقا ئىگە ئىدى.

جاۋ شىگۇاڭ تاۋ سىيۆ بىلەن نۇرغۇن يىللار بىرگە ئىشلى-

گەن، ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىد ـ
دىن سىر ساقلىمايدىغان دوستلار دېيىشكە بولاتتى. لېكىن
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدىن ئىبارەت
مۇنداق چوڭ ئىشقا جاڭ شىگۇاڭنىڭ زادى قانداق قارايدىغانلىقى
ھەققىدە تاۋ سىيۈنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق سان يوق ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاۋ سىيۈ قىسمىنىڭ ئارقا سەپ تە ـ
مىناتىنى تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ جاڭ شىگۇاڭ بىلەن قارا ـ
شەھەردە كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ نەچچە سائەت مەخپىي سۆزلەشتى.

تاۋ سىيۈ گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى: «تيەنشۈي قولدىن كەت ـ
تى، ئازادلىق ئارمىيە پات ئارىدا لەنجۇنى ئالىدۇ. دۆلەت ئارمى ـ
يىسى پۈتۈن سەپ بويىچە ھالاكەتكە يۈزلەندى، بىزنىڭ شىنجاڭ
ئۆلكىسىنىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. مەن
ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش
نىيىتىگە كەلدىم».

تاۋ سىيۈ ئارقىدىن يەنە: «سىز قانداق ئويلايسىزكىن؟» دې ـ
گەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

جاڭ شىگۇاڭ ئاللىقاچان ئىدىيەۋى تەييارلىق قىلىپ قويغا ـ
نىدى، شۇڭا ئۇ ئۇ بۇ گەپلەردىن چۆچۈپ كەتمىدى. ئۇ چۈشەن ـ
گەندەك قىلىپ تاۋ سىيۈگە لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، كەسكىن ـ
لىك بىلەن: «بىز ئەزەلدىن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ
كەلدۇق، ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىدىمۇ سىرتتا قالماسلىقىم
كېرەك، مەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنىمەن» دېدى.

سۆھبەتتە جاڭ شىگۇاڭ ئۆزىنىڭ قىسىملارنى شەرققە يۆت ـ
كەش مەسىلىسىگە قارىتا پىكرى بارلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ،
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار چېگرا رايوننى قوغداپ دېھقانچى ـ
لىق قىلىدىغان قوراللىق كۈچ، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ
مۇقىم بولۇشى ئەزەلدىن تارتىپلا تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنى پۈ ـ
تۈنلەي چېگرانى خەۋپ ئىچىدە قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يەنە
كېلىپ قىسىملارنى شەرققە يۆتكەشنىڭ مەقسىتى ئىچكى ئۇرۇش
قىلىش بولغاچقا، ئۇنى تېخىمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، دېدى.

تاۋ سىيۈ جاۋ شىگۇاڭنىڭ پوزىتسىيىسىنى ناھايىتى ماختىدى.
تاۋ سىيۈ بىلەن جاۋ شىگۇاڭ قوزغىلاڭغا ئالاقىدار ئىشلار-نى، جۈملىدىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بەزى ئۆزگىرىشلەر ۋە زۆرۈر تەدبىرلەر توغرىسىدا ئەتراپلىق مەسلىھەتلەشتى. ئاخىر ئۇلار ئۈچ تۈرلۈك مەخپىي كېلىشىم تۈزدى:
ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كې-يىن، (1) قىسىملارنى ئازادلىق ئارمىيىگە تولۇق ئۆتكۈزۈپ بې-رىمىز. (2) ئىككىمىز بارلىق ۋەزىپىلىرىمىزدىن ئىستىپا بې-رىپ، ھەربىي سەپتىن قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىمىز. (3) ئۇ-قۇشماسلىق ۋە توقۇنۇش يۈز بېرىپ مالىمانچىلىق چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھازىرقى قىسىملارنىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزگەرتىلمەسلىكىنى تەلەپ قىلىمىز.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئىككىسى: ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىدە تاۋ سىيۈ شىمالىي شىنجاڭغا، جاۋ شىگۇاڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا مەسئۇل بولۇشقا كېلىشىۋالدى.

**ماۋ زېدۇڭ جاڭ جىجۇڭغا شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تېلېگرامما يوللاپ ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقى-رىش تەكلىپىنى بەردى**

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ بېيپىڭدىكى جۇڭنەنخەيدە جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتى.
ماۋ زېدۇڭ: «ئازادلىق ئارمىيىنىڭ زور قوشۇنى لەنجۇ ۋە چىڭخەيدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا يۈرۈشنى قارار قىل-دى، سىز شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە يەنە بىر قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا ئۈندەڭ» دېدى.
جاڭ جىجۇڭ ماۋ زېدۇڭغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىش پىلانى بارلىقىنى، شۇغىنىسى 5 ـ ئايدىن كېيىن تاۋ سىيۈ، بۇرھانلار بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.
ماۋ زېدۇڭ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىر ئالاقىچىنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ راتسىيە قۇردۇق،

سىزنىڭ تېلېگراممىڭىزنى ئالالىقچىمىز يەتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ، دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پارچە تېلېگراممىا يوللىدى، بۇنىڭ بىرىنى تاۋ سىيۆ بىلەن بۇرھانغا، بىرىنى مەخسۇس تاۋ سىيۆگە يوللىدى.

تاۋ سىيۆ، بۇرھانلارغا ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىدى:

«ھازىر ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ يەرگە يەتتى، چوڭ ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ قالدى، لەنجۇ ئازاد بولدى، شىنجاڭ ئۆلـ. كىسى يېتىم قالدى. ئىككىمىزلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ ھەقىـ. قىتى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىق پىلانى ھەمدە پۈتكۈل ئۆلكە خەلقى ۋە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ پايدا ـ زىيىنى ئۇـ. چۈن تېزدىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشنى رەسمىي جاكارلاپ، خەلق دېموكراتىيىسى سىېـ. پىگە قايتىپ كېلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشىڭىزلار كېـ. رەك. رەئىس ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا ھەمىشە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشـ. لىرىنى جەزمەن مۇۋاپىق ۋە قانائەتلىنەرلىك بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەن يېقىندا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا تەكـ. لىپ بىلەن قاتناشماقچىمەن، يىغىندا رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولسام، ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭغا قايتا بېرىش ئارزۇيۇمنى ئېيتماقچىمەن، ئەگەر شۇنداق زۆرۈرـ. يەت تۇغۇلۇپ قالسا، تاپشۇرۇقنى بويسۇنۇشقا رازىمەن. سىزلەرنىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە ئەندىشىلەرـ. نى يېڭىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن ھەرىكەت قولـ. لىنىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن، قانچە كۆپ قوغداپ قالسىـ. ڭىزلار، تۆھپىڭىزلەرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ».

جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيوٚگە يوللىغان مەخسۇس تېلېگراممى-
سىدا مۇنداق دېگەنىدى:
«شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان گېنېراللار ئىچىدە ئىلگىرى بىر تە-
رەپلىمە تەشۋىقاتنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ ئومۇمىي ۋەزىيەت-
نى چۈشەنمەي قايمۇقۇپ، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ياكى
گۇرۇھۋازلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ چىقىشىدىن ساقلاز-
غىلى بولمىدى، سىز ئۇلارغا مېنىڭ باشقا كۆن چۈشكەندە ئۇلار
بىلەن ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد
قىلىمەن، ئۇلار بۇيرۇقنى قوبۇل قىلسىلا ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت-
نى ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازىمەن. كۆپچىلىكنى يەنە خاتا يولغا
باشلاپ، بىھۇدە قۇربان بېرىدىغان ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز بول-
مايدۇ. ئەمما، ئۆلگۈچە جاھىللىق قىلىپ، قۇتقۇزۇۋالغىلى بول-
مايدىغانلاردىن بىر - ئىككىسىنىڭ چىقىپ چاتاق تېرىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئالدى بىلەن يۆتكىۋەتكىنىمىز تۇ-
زۇك».
«ئۆلكىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە يە-
نىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق مىللىتى ئا-
رىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، كوممۇنىستىك پارتىيىدىن قور-
قۇشتەك روھىي ھالەت پات - پاتلا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
شۇڭا مەن ئىككىمىزنىڭ نامىدا بىر مۇراجىئەتنامە ئېلان قى-
لىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋات-
قىنى يېڭى دېموكراتىزم ئىكەنلىكى، … بولۇپمۇ ئاز سانلىق
مىللەتلەرگە باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش ھەمدە دىنىي ئې-
تىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتىنى قوللىنى-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرسەكمىكىن دەيمەن».
جاڭ جىجۇڭ تاۋ سىيوٚگە سەمىمىي ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇ
تېلېگراممىسىنىڭ ئاخىرىدا: «بۇرادىرىمنىڭ دەۋرىمىزگە ماس
كېلىدىغان، ئارمىيە ۋە خەلقىمىزنى ساقلاپ قالىدىغان بۇ ئىن-
قىلابىي ھەرىكەتنى ئويدان ئويلىشىپ پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ
ئىشنى تىنچ ۋە ئوڭۇشلۇق تاماملايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنى-

مەن. تەقەززالىق ئىچىدە تېلېگراممىا يوللىدىم، ياخشى جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن» دېگەنىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىككى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇئانلا ئۈرۈمچىگە ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، تاۋ سىيۆ، بۇرھانلارغا يۈز تۇرانە تاپشۇرۇپ بەردى.

تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار تېلېگراممىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇلار تېلېگراممىا جاڭ جىجۇڭنىڭ نامىدا يوللانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، كەڭ سىياسىتى ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى چۈشىنىپ يېتىپ چوڭقۇر تەسىرلەندى. بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە بولغان غەمخورلۇقى ئۇلارنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى.

**خۇ زۇڭنەن يېقىنلىرىغا شىنجاڭ قىسىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەش ۋە تاۋ سىيۆنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى**

تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار جاڭ جىجۇڭنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭغا: يې چيڭ، ما چېڭشياڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار شىنجاڭدىن ئايرىلغان ھامان ئالاقىلىشىپ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب تېلېگراممىا يوللىدى. خۇ زۇڭنەن گۇرۇھىدىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 78 ـ شىنىڭ شىجاڭى، 179 ـ لۈينىڭ لۈيجاڭى، ھەربىي ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئىشپىيونى لو شۇرېن ما چېڭشياڭ قىسىملىرىدىن باشقا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى پۈتكۈل جەڭ قىلغۇچى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئاتلىق 5 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى ما چېڭشياڭ مابۇ فاڭنىڭ جىيەنى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنى قويۇق فېئوداللىق

تۇسكە ئىگە، ئەكسىيەتچى ۋە جاھىل قوشۇن ئىدى. يې چېڭ، لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلار ئۆزىنىڭ ئارمىيىدىكى ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ تەپرىقىچىلىق، ئۇرۇشپەرەسلىك قىلىپ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتاتتى.

تاۋ سىيۆ يې چېڭ، لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلار بىلەن كۆپ قېتىم سەممىي پاراڭلىشىپ ئۇلاردىن پايدا - زىياننى ئېنىق ئايرىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئايدىڭلىشىپ قالغاندا تاۋ سىيۆ يې چېڭ، لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلارغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر بىز يا ئۇرۇشالمايدىغان، يا يارىشالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تۇيۇق يولغا كىرىپ قالساق، خەلق بىزنى كەچۈرمەيدۇ، تارىخ تېخىمۇ كەچۈرمەيدۇ، شۇنداق بولغاندىكىن، مۇنداق قىلىشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات - ماماتى ۋە شان - شەرىپىمنى ئاللىقاچان بىر ياققا قايرىپ قويدۇم. قېنى، تەقدىرىمىزنى كۆپچىلىك تاللاپ باقسۇن!»

يې چېڭ، لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلاردىكى جاھىللىقنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تەس ئىدى، ئۇلار گومىنداڭنىڭ قاقشال دەرەختەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ھەممىنى بىر يولىلا دوغا تىكىپ ئۆلگۈچە جان تالىشىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار خۇپىيانە ئەسكەر يۆتكەپ، راتسىيە ئارقىلىق خۇ زۇڭنەن بىلەن ئالاقىلەشتى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خۇ زۇڭنەن يې چېڭغا تېلېگراممىا يوللاپ شىنجاڭ قىسىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەشنى بۇيرۇدى ھەمدە تاۋ سىيۆ ماڭغىلى ئۇنىمىسا ياكى چېكىنىشكە توسقۇنلۇق قىلسا كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇقتۇردى. يې چېڭ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كېچىچە لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلار بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىپ 20 - كۈنى تۇن يانغاندا قوشۇن تارتىپ يولغا چىقىش، ھەرىكەتلىنىشتىن ئاۋۋال لىيۇ مېڭچۇن، چۈۋۈ، تاۋ جىنچۇلارنى قولغا ئېلىپ،

تاۋ سيۆنى قىسىم بىلەن يۆتكىلىشكە مەجبۇرلاشنى قارار قىلدى.

20 ـ كۈنى يېرىم كېچە، تاۋ سىيۆ يېتىپ قالغانىدى. يېڭى چېڭ ئالدىراش كېلىپ ئىشىكنى چەكتى ـ دە، تاۋ سىيۆگە مۇنداق دوكلات قىلدى:

«لو شۈرېن، ما چېڭشياڭلار سىزنى يېقىندىن بۇيانقى پو-زىتسىيىسى ئۆزگىرىپ قالدى، جەزمەن قورشاۋدا قالغان بولسا كېرەك، دەپ قارايدىكەن. شۇڭا بۇزۇقلارنى تازىلاش ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشام قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغىلى ھېلىقى بىر-نەچچەيلەننى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. قىسىم يولغا چىقىشقا ھازىرلىنىپ بولدى. مەن بۇنى ئالدى بىلەن سىزگە ئېيتىشنى تەكلىپ قىلغانىدىم، ئۇلار قوشۇلدى، شۇڭا، ئالاھىدە دوكلات قىلغىلى كەلدىم، ئۇلار مېنى يېرىم سائەت ئىچىدە قايتىپ كې-لىشكە بۇيرۇدى».

تاۋ سىيۆ توساتتىن چىققان بۇ ۋەقەگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ، يې چېڭنىڭ دوكلات قىلىشقا كېلىشى ئارد-مىزدا يەنە ئازراق مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى، مۇناسىۋىتىمىزنىڭ تېخى ئادا ـ جۇدا بولۇش دەرىجىسىگە  بېرىپ يەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ شۇئانلا يې چېڭنى تۇتۇپ قالدى ھەمدە تېلېفوندا لو شۈرېن، ما چېڭشياڭلارنى چاقىرتتى. ئۇلار دېگەندەكلا كەلدى، تاۋ سىيۆ گەپنى ئۇدۇللا قىلدى:

«سىلەر باشقىلارنى تۇتماقچى بولۇپسىلەر، تۇتقاندىن كې-يىن، ئىككىنچى قەدەمدە نېمە قىلماقچىسىلەر؟ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى سىلەرگە مەلۇم، ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن يەر-لىكتە قالايمىقانچىلىق چىقمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭ سىلەر-گە نېمە پايدىسى بار؟»

ئۇلار گەپ قىلالماي بېشىنى سالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. لو شۈرېن بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن: «بىز ئازابلىنىۋاتىمىز، سىز پەرۋاسىز يۈرۈۋاتىسىز، قائىدە سۆزلىسەك يەنە ھەر قېتىم سىزدىن يېڭىلىپ قالىمىز ...» دېدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدى.

تاۋ سيۆ كۆڭلىدىكى گەپنى تولۇق ئاشكارىلىدى: «سىلەر قىسمىنى ئەكەتسەڭلارمۇ، ئۆزۈڭلار كەتسەڭلارمۇ، ئويلاپ ئىش قىلىڭلار. مەن يۈرىكىمنى سوغۇرۇۋېلىپ ئالدىڭلارغا قويۇپ سىلەرگە شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قوياي، مەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى پۇقرالار، ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ياشايمەن. مېنىڭ مۇشۇنداق مەسئۇلىيىتىم بار، بۇ مەسئۇلىيەتتىن ئۆلسەممۇ ۋاز كەچمەيمەن».

تاۋ سيۆ ئۇلارغا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈردى ھەمدە ئۇلار قىسىمدىن ئايرىلىپ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە رازى بولسا، نۇرغۇن پۇل بېرىپ، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويدى. يې چېڭ، لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلار ماددىي تەلەپنى قاندۇرۇلۇپ، ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئامەتنىڭ قاچقانلىقىنى نەزەرگە ئالدى - دە، تاۋ سيۆنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

22 - كۈنى خۇ زۇڭنەن يې چېڭغا: «ئۈرۈمچىدىكى توپلاڭچى ئۇنسۇرلار تازىلانسۇن، قىسىملار جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىندۈرۈلسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن كېرەكلىك بۇيۇملار ھاۋادىن بېرىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا جىددىي تېلېگراما يوللىدى. ئەمما، بۇ چاغدا يې چېڭ، لو شۇرېن، ما چېڭشياڭلار قېچىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمدى خۇ زۇڭنەننىڭ «بۇيرۇقى»نى ئاڭلىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. كېيىن بۇ بىرنەچچەيلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدىكى چوڭ توسالغۇ مۇشۇنىڭ بىلەن يوقالدى.

**زېڭ جېنۇۋ تاۋ سيۆگە ۋاكالىتەن لەنجۇغا بېرىپ پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشتى ۋە ھەقىقەتكە قايتىشقا دائىر ئىشلارنى مەسلىھەتلەشتى**

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت

كېڭەشنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلـ ـدى. ماۋ زېدۇڭ دۆلەت ئىشلىرى ئالدىراش ئەھۋالدىمۇ جاڭ جىـ ـجۇڭغا خەت يېزىپ، شىنجاڭ ۋە خېشىدىكى بۇرۇن قول ئاستىدا ئىشلىگەن كىشىلەرگە داۋاملىق خىزمەت ئىشلەش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى.

جاڭ جىجۇڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەتىسىلا تاۋ سىيۆ، بۇرھانلارغا تېلېگىراما بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئادەم ئەۋەتىپ كوماندىرلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى تاپىلىدى ھەمدە تاۋ سىيۆگە ئادەم ئەۋەتىپ پېڭ دېخۇەي بىلەن بىۋاستە ئالاقىلەشسە ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە جېكىلىدى.

گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىرلەشمە خىزـ ـمەت باش قوماندانلىق شتابى 8 ـ تەمىنات رايونىنىڭ قوماندانى زېڭ جېنۋۇ تاۋ سىيۆنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شۇئانلا لەنجۇغا بېـ ـرىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشتى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا دائىر ئىشلارنى مەسلىھەتلەشتى.

پېڭ دېخۇەي لەنجۇ بىناسىدا زېڭ جېنۋۇ بىلەن قىزغىن، سەمىمىي پاراڭلاشتى.

پېڭ دېخۇەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تۆت پىكىرنى بايان قىلدى:

(1) كېلەر يىلى تىنچلىق قورۇلۇشى قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ دالا ئارمىيىسى 1949 ـ يىلى قىشتا غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇـ شى كېرەك، شىنجاڭ بۇنىڭ سىرتىدا قالسا بولمايدۇ.

(2) ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىلگىرى گومىنداڭ شىنجاڭدا قوللانغان ئاتالمىش تىنچلىق سىياستىنى ئىشقا ئاـ شۇرالمايدۇ ھەم ئىشقا ئاشۇرۇشىنىمۇ خالىمايدۇ.

(3) گومىنداڭ ئارمىيىسى، ھۆكۈمىتى چىرىكلىكتە چېكىدـ ـگە يەتتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ياردەم بەرمىسە،

ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىي ئەھمىيىتىدىن ئالغاندا، ھازىرقى مەسىلە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قانداقتۇر ئۆزگىرىشى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۇ-زۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش. چۈنكى، مەسىلە گومىنداڭنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنىڭ بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئەكسىيەتچىلىكىدە. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۇزۇل ـ كې-سىل ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ.

(4) گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق قىسىملىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە باشقىدىن تەشكىل-لىنىشى كېرەك.

زېڭ جېنۋۇ پېڭ دېخۇەينىڭ تۆت نۇقتىلىق پىكرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە دەرھال قايتىپ كەلدى ھەمدە كېڭەشنىڭ خەۋىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان تاۋ سىيۆگە تەپسىلىي دوكلات قىلدى.

تاۋ سىيۆ ھاياجانلىنىپ زېڭ جېنۋۇغا: «ئەمدى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشلىرى پۈتتى، تېلېگراممىا يوللاپ جاھانغا جاكارلايدىغان ئىش قالدى» دېدى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار: گۇاڭجۇدىكى گومىنداڭ ھۆكۈ-مىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قەتئىي ئۈزۈپ، رەئىس ماۋ زې-دۇڭنىڭ سەككىز تۈرلۈك تىنچلىق باياناتى بىلەن مەملىكەت ئى-چىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلىدى-غانلىقىنى بىلدۈردى.

«شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: **غوپۇر قادىر**

# گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «زەينۇل ئەخبار»دىن پارچىلار

## ۋ. ۋ. بارتولد

— «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى (1893 — 1894 - يىللار)»نىڭ قوشۇمچىسى

1895 - يىلى يازدا مەن چەت ئەلدە خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىمدا ھەر خىل شەرق قول يازمىلىرىنى كۆرگەنىدىم، ئۇلار-نىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەبۇ سەئىد ئابدۇل ھەيىيا بىننى زەھھاك گەردىزىنىڭ غەزنەۋى خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىد (1050 — 1053 - يىللار)نىڭ قىسقىغىنە ھۆكۈمرانلىق مەزگى-لىدە يېزىپ چىققان «زەينۇل ئەخبار» دېگەن ئەسىرى ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى ھازىر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئېتېنىڭ «كاتالوگ»ىدىن بۇ ئەسەر-نىڭ تەپسىلىي مۇندەرىجىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كاتالوگ تۈزگۈچىنىڭ پىكرى ناھايىتى توغرا. بۇ كاتالوگ مۇندەرىجىسى-دىن بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغىلى بولى-دۇ. بۇ ئەسەر يەنىمۇ تەتقىق قىلىنسا، بىزنىڭ تەلىپىمىزمۇ تو-لۇق قاندۇرۇلغان بولاتتى. ئەرەب ئىستىېلاسىدىن تاكى سۇلتان مەددۇ تەختكە چىققىچە (1041 - يىلىغىچە) بولغان مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تارىخى ھەققىدە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىن ھېچكىم پايدىلىنىپ باقمىغان. ئەسلىي قول يازما ھەققىدە ئايرىم چۈشەنچە بېرىمىز. بۇ ئەسەرنىڭ كۆپلىگەن ئۇ-زۇندىلىرى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بىز بۇ يەردە پەقەت تۈركىي قەبىلىلەرگە ئائىت بىر بابنىلا تونۇشتۇرىمىز. بۇ بابتا

جۇغراپىيىگە دائىر نۇرغۇن يېڭى ماتېرىيال ۋە قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر قاتار قىزىقارلىق رىۋايەتلەر خا-تىرىلەنگەن.

گەردىزى ۋەزىر جەيھانىينىڭ ئەسىرىنى (ھەممىمىزگە مە-لۇمكى، كېيىنكى ئەرەب جۇغراپىيونلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتابتىن پايدىلانغان)، ئىبىن مۇقەففا (بۇ كىشى پارس شاھلى-رى، ھىندى رىۋايەتلىرى ۋە ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى تەر-جىمە قىلغان ئاتاقلىق تەرجىمان)نىڭ نامىسىز ئەسىرىنى، ئىبىن خۇردادبېھ (9 ـ ئەسىردە ياشىغان)نىڭ كىشىلەرگە يېتىپ كې-لەلمىگەن «تەۋەددۇد دۇنيا» ۋە «كىتابى ئەخبار» ناملىق ئەسەرلى-رىنى تارىخىي مەنبە قىلغان. ئىبىن خۇردادبېھنىڭ كېيىنكى كى-تابى يوقالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نامى «پارسلار ۋە پارس شاھلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»دۇر. دېگويې نەشر قىلغان ئىبىن خۇردادبېھنىڭ جۇغراپىيىگە دائىر ئەسىرىدە گەردىزى نەقىل ئالغان جايلار يوق. ئىبىن خۇردادبېھنىڭ راۋېرت ئەپەندى نەقىل كەلتۈرگەن پارسچە ئەسىرىدە (بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەسەر ياكى جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىكى نامەلۇم) بارسغاندىن توققۇز ئوغۇزلار-دۆلىتىگە بارىدىغان يول نەقىل ئېلىنغان. بىز بۇ بىر بۆلەك مەزمۇننى پەقەت گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىلا ئۇچراتتۇق. ئىبىن خۇردادبېھنىڭ مۇشۇ ئەسىرىنىڭ باشقا ساقلىنىپ قالغانلىرىنى ھېچ يەردە تاپالمىدۇق.

گەردىزى تىلغا ئالغان شەھەر ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى تۇمانسكىينىڭ ئەسىرىدىن تاپتۇق. بىز پەقەت گەردىزى نەقىل كەلتۈرگەن يول لىنىيىسىگە ئاساسلىنىپ، ھەرقايسى شەھەرلەر-نىڭ ئورنىنى قىياسەن بېكىتىپ چىقتۇق. گەردىزىنىڭ ئەسىرى-دىكى تۈركىي قەبىلىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «مەج-مۇئەت تەۋارىخ» ۋە مۇھەممەت ئەۋفىينىڭ(13 ـ ئەسىردە ياشى-غان) «قىزىقارلىق ئىشلار ۋە مەشھۇر ھېكايىلەر» دېگەن ئەسىرى-دە تىلغا ئېلىنغان. ئېنىقكى، گەردىزىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى

مىللەتلەرگە دائىر ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللىرى ئىبن رۇستەھنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان. ئەمما گەردىزى ئۆز ئەسىرىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل ئالمىغان، بەلكى ئىبن رۇستەھ بىلەن گەردىزى ئوخشاشلا ئىبن خۇردادبېھنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ گەردىزى بايان قىلغان بەزى مەلۇماتلارنى بىز ئىبن رۇستەھنىڭ ئەسىرىدىن تاپالمايمىز.

گەردىزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تىلى ئىخچام، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق. ئەمما ئەسەردىكى نۇرغۇن قەدىمىي سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىسى كېيىنرەك كۆچۈرۈلگەن (مىلادى 1782 ـ يىل 12 ـ ئاي)؛ كۆچۈرگۈچى بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن سۆز ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشىنى چۈشىنەلمىگەن ۋە بەزى جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئادەم چۈشىنەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. ئەسلىي نۇسخىسىنى تۈزىتىشتە مەن تۇمانسكىينىڭ نەشرىدىن، «مەجمۇئەت تەۋارىخ»دىن، دېگويې ئېلان قىلغان ئىبن خۇردادبېھنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن قىسىملىرىدىن پايدىلاندىم. تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئىشلىرىنى ئاساسەن زالېمان قىلدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئەسلىي تېكىستنى سېلىشتۇرۇپ، ئوقۇشۇپ بەردى.

### تەرجىمىسى

ئەبەيدۇللاھ بىننى خۇردادبېھ ئۆزىنىڭ «كىتابى ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە «تۈركلەر چىنلىقتۇر» دېگەن. ئەبۇ ئەمىر ئابدۇللاھ بىننى مۇقەففا[1] «دۇنيانىڭ تۆت تەرىپى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىدىن چىققاندا ئادەمزات ئۇرۇقى تامامەن قۇرۇغانىدى. نوھنىڭ ھام، سام، يافەس دەپ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى مۇشۇ ئۈچ ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۇ، زەنگىلەر، ھەبەشىستانلىقلار، نۇبىيە ۋە بەربەرلەر

① نەفسى «دۇنيانىڭ تۆت تەرىپى» بىلەن «تەۋەددۇد دۇنيا» ناملىق ئەسەر ئىبن مۇقەففانىڭ بىر ئەسىرىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ.

زېمىنى ۋە ئۇ دۆلەتلەرنى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز - ئوكيانلارنى ھەمدە ئىراننى ھامىغا بېرىپتۇ؛ ئىران، خوراسان، ھىجاز، يەمەن، سۈرىيە ۋە ئىران شەھەرلىرى سامىنىڭ مۈلكى بولۇپتۇ؛ تۈرك، سىلاۋىيان، يەجۇجى - مەجۇجىلەر ياشىغان جايلاردىن تاكى چىن-غىچە بولغان زېمىننى يافەسكە بېرىپتۇ. تۈركىستان ئادەم زىچ جايدىن يىراق بولغاچقا «تۈرك»[①] دەپ ئاتالغان. نوھ ئەلەيھىس-سالام ئۇلۇغ تەڭرىدىن يافەسكە بىر ئىسىم ئاتا قىلىشنى، بۇ ئى-سىمنى دېگەندە شۇئان يامغۇر يېغىشنى تىلەپ دۇئا قىلىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپتۇ ھەم يافەسكە يامغۇر تىلەش-نىڭ دۇئاسىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. يافەس بۇنى ئۆگىنىۋاپتۇ ھەم ئۇنى بىر تاشقا پۈتۈپ، ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بويىنىغا ئې-سىۋاپتۇ. ھەر قېتىم بۇ ئىسىمنى ئوقۇپ يامغۇر تىلىگەندە، يام-غۇر ياغىدىكەن. مۇبادا ئۇ تاشنى سۇغا سېلىپ سۇنى كېسەل ئا-دەمگە ئىچكۈزسە، كېسەل شۇئان ساقىيىپ كېتىدىكەن. كېيىن تاشنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ كې-تىپتۇ. ئۇلار كۆپىيىپ نۇرغۇن بولۇپتۇ. غۇز (ئوغۇز)، قارلۇق، ھازار ۋە باشقا قەبىلىلەر تاشنى دەپ ماجىرالىشىپتۇ. تاش ئو-غۇزلارنىڭ قولىدا ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بىر كۈنى يىغىلىپ چەك تارتىپ، چەك كىمگە چىقسا تاشنى شۇنىڭغا بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئوغۇزلار ھېلىقى تاشقا ئوخشاش تاشتىن بىرنى تېپىپ، ھېلىقى ئىسمى ئەزەمنى مۇشۇ تاشقا پۈتۈپتۇ. بەلگىلەنگەن پەيت يېتىپ كەپتۇ. چەك تارتىلىپتۇ، چەك قارلۇقلارغا چىقىپتۇ. ھېلىقى يالغان تاشنى ئوغۇزلار قارلۇقلارغا بېرىپتۇ. ئەسلىدىكى تاش ئو-غۇزلارنىڭ قولىدا قاپتۇ. تۈركلەرنىڭ تاشتىن يامغۇر تىلەش ئا-دىتى مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ساقال - بۇرۇتلى-رىنىڭ شالاڭلىقى ۋە ياۋۇزلۇقىغا كەلسەك، (يافەس) بوۋاق چې-غىدا ئاغرىپ قېلىپ، ھېچقانداق دورا كار قىلماپتۇ. ئاخىرى بىر موماي يافەسنىڭ ئانىسىغا: «سىز ئۇنىڭغا چۈمۈلە تۇخۇمى بىلەن

① بۇ بەلكىم ئەرەبچە ئايرىلماق، ۋاز كەچمەك دېگەن مەنىدىكى «ترك» سۆزىنىڭ يىلتىزى بولۇشى مۇمكىن.

بۆرە سۈتى بەرسەڭمز ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يافەسىنىڭ ئانىسى مۇشۇ ئىككى نەرسە بىلەن يافەسنى بىر ئاي بېقىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە شالاڭ ساقال ـ بۇرۇت ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ بولۇپتۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، شالاڭ ساقال ـ بۇرۇت چۇمولە تۇخۇمىدىن، ياۋۇزلۇق بۆرە سۈتىدىن كەلگەنىكەن. تۈركلەر ئەنە شۇ يافەسىنىڭ ئەۋلادىدۇر. ھازىر مەن ئۇلارنى كىتابىمدا ئۆزۈم كۆرگەن كىتابلاردىكىدەك بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

قارلۇقلارغا كەلسەك، ئېيتىشلارغا قارىغاندا قارلۇق ئەسلىدە تۈرك بەگلىرىدىن بىرى ئىكەن. بۇ تۈركلەر بىر جايدىن باشقا بىر جايغا كۆچۈپتۇ. قارلۇقنىڭ ئانىسى ئاتقا مىنىپ مېڭىپتۇ. بۇ يەردە ھېچقانداق ئادەمزات يوق ئىكەن. قارلۇقنىڭ بىر قولى ئۇنىڭ ئاپىسىغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، ئۇنى قوچاقلىۋاپتۇ. ئۇ ئايال پوپوزا قىلىپ ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ. تەبىئىيكى، تۈرك ئاياللىرى ئەخلاقلىق كېلىدۇ. قول قورقۇپ كېتىپ، قاغان ھۆكۈمرانلىقىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىغا قېچىپ كېتىپتۇ. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى بىر كىشى ئۇنى ئوۋ ئوۋلاۋاتقان يەردە كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يەر ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا، ئۇ ئۇستىگە بىر پارچە كىگىزنى يېپىنچا قىلىۋالغانىكەن. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ھېلىقى كىشى ئۇنى «يابغۇ» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن ئۇنى قاغاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قاغان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قارلۇقلارنى چاقىرىپ، بۇ يابغۇنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپتۇ ۋە بۇ قەبىلىنى يابغۇ قارلۇق دەپ ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

كېيىن بىر ئادەم تۈركىستاندىن توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىگە كەپتۇ. ئۇ يابغۇ قەبىلىسىدىكى بىر قول قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۈركىستانغا ئېلىپ قېچىپتۇ. تۈركىستان قاغانى ئۇ قىزنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، خوتۇنلۇققا ئاپتۇ ۋە ئۇنى ناھا-

يىتى ئوبدان كۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ ۋە تۇغقانلىرىنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا، قاغان ئۇلارغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە شۇلارنىڭ قەبىلىسىدىكى قالغانلارنىمۇ چاقىرتىپتۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەبىلە بويىچە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا، قاغان ئۇلارنى سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر دەپ قاراپ ئۆز زېمىنىدا تۇرۇش ھەم ئۇلارغا بېرىشنى ...[1] بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ يەردە تۈركىستانلىقلار قاغانغا قارشى كۈرەش قىلغانغا قەدەر تۇرۇپتۇ. ئۇلار مۇشۇ خەلق ئىچىدىكى شان ـ شەرەپكە سازاۋەر 20 بەگنى ئۆلتۈرۈپ، خاقانىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. خاقانىيىلىكلەرنىڭ دۆلىتى قارلۇقلارنىڭ چۆكپەن (穷潘) ئۇرۇقىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قۇتۇغلان خاقانىيىلىكلەر ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قارلۇقلاردىن بىرىنچى بولۇپ تەختكە چىققان كىشىنىڭ ئىسمى ئىلمالماسىن ئىدى. كېيىن ھاكىمىيەت قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تۈركىستاندىكى نۇرغۇن قەبىلە مۇشۇ يابغۇ قارلۇق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئەمەسمەن.

قىماقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: تاتار بەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئىككى ئوغلى قالغانىكەن. چوڭ ئوغلى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپتۇ. كىچىك ئوغلى ئاكىسىغا غوم ساقلاپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى شاد ئىكەن. ئۇ ئاكىسىغا بىر قېتىم سۇيىقەست قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقۇپ كېتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قول قىز بىلەن بىللە ئاكىسىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە بىر دەريا بار ئىكەن، ئۇيەردە نۇرغۇنلىغان قۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىكەن. ئۇلار مۇشۇ يەرگە چېدىر تىكىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئىككىسى

[1] بۇ سۆزنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ھەر كۈنى بىللە ئوۋ ئوۋلاپ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ، بۇلغۇن،
سۆسەر تېرىلىرىدىن كىيىم تىكىپ كىيىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ
يەرگە ئۇلارنىڭ يەتتە تۇغقىنى كەپتۇ. ئۇلار ئىمى، ئىمەك، تاتار،
باياندىر، قىپچاق، لانىكەز[①]، ئاجلادلار ئىدى. بۇ يەتتەيلەن ئەسلى-
دە خوجايىنلىرىنىڭ پادىسىنى باقىدىغان چوپانلار ئىكەن، پادىلار
ئوتلاۋاتقان جايدا ئوت - چۆپلەر بولمىغاچقا، يايلاق ئىزدەپ چى-
قىپ شاد تۇرغان مۇشۇ جايغا كېلىپ قاپتۇ. شادنىڭ ئايالى ئۇلار-
نى كۆرۈپ يۇگۇرۇپ چىقىپ «ئەرتۇش» دەپ ۋارقىراپتۇ، بۇ
«توختا»[②] دېگەنلىك بولىدىكەن. ئېرتىش دەرياسىنىڭ نامى مۇشۇ-
نىڭدىن كەلگەن. كۆپچىلىك ئۇ قىزنى تونۇپ ئاتتىن چۈشۈپ
چېدىرغا كىرىپتۇ. شاد ئوۋلاپ كەلگەن نەرسىلىرى بىلەن ئۇلار-
نى مېھمان قىلىپتۇ. ئۇلار بۇ جايدا تاكى قىش كەلگۈچە تۇرۇپ-
تۇ. قىشتا قار قېلىن يېغىپ ئۇلار كېتەلمەپتۇ. بۇ يەردە ئوت -
چۆپلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇ جايدا
قىشلاپتۇ. قار - مۇزلار ئېرىپ ئەتىياز كەلگەندە، ئۇلار ئىچىدىن
بىرىنى تاتار ئوردىسىغا قەبىلىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئەكېلىشكە ئە-
ۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، ھەممە يەر خارابىلىك-
كە ئايلىنىپ، ئاھالىلەر قىرىلغانىكەن، دۈشمەنلەر كېلىپ خەلق-
نى بۇلاپ - تالاپ ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قىرغىنچى-
لىقتىن ئامان قالغان خەلق تاغ ئۈستىدىن بۇ يەرگە كەلگەن ھې-
لىقى ئادەم تەرەپكە قاراپ يۇگۇرۇپ كەپتۇ. ئۇ، ئۆز دوستلىرىغا
شادنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى
ئېرتىش دەرياسىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن
كېيىن، شادنى ئۆزىگە بەگ قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرۈپتۇ. باشقا كىشىلەرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە
كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇ يەردىكىلەر يىغىلىپ 700 كىشى بوپتۇ.

① مىنورىسكىي «نىلقاز» دەپ ئوقۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم» مى-
نورىسكىي تەرجىمىسى 304 - بەت 3 - ئىزاھ.
② رادلوفنىڭ پىكرىچە بۇ يەردە تۈرك تىلىدىكى «ئەرتۈش» («ھەي ئادەم ئاتتىن
چۈش» دېگەن مەنىدە)دېگەن جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇلار ئۇزاقىچە شادنىڭ يېنىدا ئىشلەپتۇ. كېيىن ئۇلار تاغنى بويلاپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ھەمدە بايا تىلغا ئېلىنغان يەتتە كىشىنىڭ ئىسمى يەتتە قەبىلىنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ. بارلىق قىماقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋەھشىي، پىخسىق ۋە قىزغانچۇق. بىر كۇنى شاد ۋە بالىلىرى ئېرتىش دەرياسى بويىدا تۇرسا: «سىز شادمۇ؟ سىز مېنىڭ سۇدا تۇرغانلىقىمنى كۆردىڭىزمۇ؟» دېگەندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شاد سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالغان چاچتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ، ئېتىنى باغلاپ قويۇپ، سۇغا كىرىپ ھېلىقى چاچنى تۇتۇپ قارىسا، ئۇ چاچ ئەسلىدە خوتۇننىڭ چېچى ئىكەن. ئۇ خوتۇندىن: «سەن قانداقلارچە بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ ئۇ: «تىمساھ مېنى قىرغاقتىن تارتىپ كىردى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ (قىماقلار بۇ دەريانى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىكەن، ئۇلار بۇ دەريانى ئۆزىنىڭ خۇداسى دەپ قارايدىكەن). شۇنىڭ بىلەن شاد «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىپتۇ، بۇ سۆزنىڭ «ئاۋازنى ئاڭلاپ سۇغا ئىككىلەنمەي كىرگۈچى» دېگەن مەنىسى بار ئىكەن①.

قىماقلار زېمىنىغا بارىدىغان يولغا كەلسەك، فارابتىن يولغا چىقىپ يېڭى كەنت②كە بارىمىز. يېڭى كەنتتىن قىماقلار يېرىگە بارىدىغان يولدا بىر دەريا بار. بۇ دەريادىن ئۆتسەك قۇملۇققا كىرىمىز. تۈركلەر بۇ يەرنى يۈكمەن دەپ ئاتايدۇ. يەنە ماڭساق سوقاق (سوقۇق) دەرياسىغا بارىمىز. بۇ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن سازلىققا كېلىمىز، يەنە ماڭساق كەندىرتاغقا بارىمىز. سەيياھلار ئاۋۋالقىدەكلا ھېلىقى دەريانىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ئوتلاق ۋە ئورمانلىقلار بىلەن ماڭسا دەريانىڭ مەنبەسىگە بارىدۇ؛ بۇ يەردىكى

① ئەلۋەتتە، «تۇتۇق» دېگەن سۆزنىڭ بۇنداق مەنىسى يوق. ئۇ تۈركلەرنىڭ بىر خىل ئەمەل نامى، «تۇت» دېگەن سۆز تومۇرىدىن كەلگەن بۇنى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «ئەل تۇتماق» دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. دەرۋەقە بۇ يەردە نەقىل ئېلىنغان رىۋايەت «تۇتۇق» دېگەن بۇ ئەمەل نامىنى فولكلورلۇق ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

② ئەسلىي تېكىستتىكى مەنىسى «يېڭى شەھەر» (دېھنەۋ)، ئىبن ھەۋقەلنىڭ كىتابى، 393 ـ بەت.

تاغلار ناھايىتى ئېگىز ئىكەن، كېيىن تاغ ئىچىدىكى تار چىغىر يول بىلەن تاغقا چىقىپ ئۇ يەردىن كەندىرتاغقا چۈشۈپ يەنە ئاسۇس دەرياسىغا قاراپ ماڭىمىز. مۇشۇ يولدا بەش كۈن ماڭىمىز، ئورمانلار ناھايىتى قېلىن بولغانلىقتىن، تا ئاسۇس دەرياسىغىچە ئادەم قۇياش نۇرىنى كۆرمەيدۇ. ئاسۇس دەرياسىنىڭ سۈيى قارا بولۇپ، شەرقتىن ئېقىپ چىقىپ تەبەرىستان[1]غا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرتىشقا قاراپ ماڭىمىز. مانا مۇشۇ جايلار قىماقلارنىڭ يۇرتىدۇر. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا نۇرغۇن ياۋا ئات بار، ئۇلار شۇ جايلاردا خالىغانچە ئوتلاپ يۈرىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر جايدىلا 1000 ــ 2000 دىن ئارتۇق ياۋا ئاتنى كۆرگىلى بولىدىكەن، ئۇلار ئېسىل ئاتلاردىن كۆپەيگەنىكەن. مۇبادا بۇ ئاتلارنى تۇتماقچى بولساق سالغا تاشلاپ تۇتۇشتىن باشقا ئۇسۇل كار قىلمايدۇ. ئات تۇتۇلغاندىن كېيىن مىنىپ كۆندۈرۈلىدۇ، ئات كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن كىشىلەر بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدىكەن. ئېرتىش دەرياسى شۇنچە چوڭ ئىكەنكى، بىر ئادەم دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا تۇرسا، قارشى قىرغاقتىكى ئادەمنى تونۇغىلى بولمايدىكەن، دەريا سۈيى قارا ئىكەن، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قىماقلارنىڭ چېدىرلىرى ئالدىغا كېلىمىز. ئۇلارنىڭ پاكار قورۇلۇشلىرى يوق، ھەممىسى ئورمانلىق، تاغ جىلغىلىرى ۋە يايلاقلاردا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن كالا ـ قويلىرى بار، ئۇلاردا تۆگە يوق. مۇبادا بىرەر سودىگەر بۇ يەرگە بىر تۆگە بىلەن كەلسە، تۆگە ئۇ يەردە ياشىيالمايدۇ. چۈنكى تۆگە بۇ يەردىكى ئوتنى يېسە شۇ ھامان ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېلىدىن تۇز چىقمايدۇ، مۇبادا بىرەيلەن بۇ يەرگە بىر مەن[2] تۇز ئېلىپ كەلسە، ئۇ كىشى بىر سۆسەر تېرىسىگە ئىگە بولىدۇ. يازدا ئۇلار قىمىز ئىچىدۇ. ئۇلار سۈرلەنگەن قوي،

[1] ئەسلى تېكىستتە بۇ ئورۇنغا خاتا چۈشەنچە بېرىلگەن.

[2] «مەن» ياكى «پاتمان» ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر تۈركمەنلەردە بىر مەن ئىككى پۇتقا توغرا كېلىدۇ.

ئات ۋە كالا گۆشلىرىنى تەييارلاپ قىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكى مال ـ مۈلكىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئەلدە قار بەك كۆپ ياغىدۇ. دالالارنى قاپلاپ كەتكەن قارلار نەيزە بويى كېلىدۇ①. قىشتا ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ ناھايىتى يىراققا — ئۆك تاغ رايونى②غا كېتىدۇ. ئۇلار قىشتا ياغاچتىن ياسىۋالغان كۆلچەكلەرنى ئىشلىتىدۇ. قار قاتتىق ياغقان ۋاقىتلاردا ئاتلار مۇشۇ سۇلارنى ئىچىدۇ، چۈنكى قار قاتتىق ياغقاندا ئۇلار سۇ بار يەرگە بارالمايدۇ. قىماقلار بۇلغۇن، سۆسەر ئوۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ بېگىنىڭ بامال يابغۇ (ياكى يامال يابغۇ) دەپ نامى بار.

ياغما قەبىلىسىگە كەلسەك، ھېلىقى تۈرك قاغانىنىڭ ئېيتىشىچە، قارلۇقلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، كۈچى زورىيىپ تۇخارىستاندىكى خايتاللار③ بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كىشىلەر قارلۇقلاردىن قىز تەلەپ قىلسا، قارلۇقلار ئۇلارغا قىز بېرىدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاغان تۈركىستاننىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز قەبىلىسىدىن قېچىپ چىقىپ، قارلۇقلارغا ئەل بولۇپتۇ. ئەمما كېيىنكىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەپتۇ. تۈرك قاغانى ئۇلارنى قارلۇقلار بىلەن قىماقلارنىڭ ئارىسىدىكى زېمىنغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر بېگى بولۇپ ئىسمى ··· ئىكەن. ياغمىلار باي خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يىلقىسى بار. چىننىڭ بىر ئايلىق غەربىدىكى جايدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردىن ··· چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىزا تۇغۇلۇپ بىر قىسمى تۈرك قاغانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پاناھلىق تىلەپتۇ. ئۇلار كېلىپ ياغمىلارغا ئەل بولۇپتۇ، قالغانلىرى ئۇلار بىلەن بىرلەشكەن ۋاقىتتا، ئۇلار تۈرك قاغانىنىڭ قېشىغا بىر

① ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىكى «سۈڭۈگ باتىمى قار» دېگەنگە سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.
② بەلكىم بۇلار ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن ئەكتاغ بولۇشى مۇمكىن.
③ ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى ئېفتالىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلچى ئەۋەتىپ قاغانغا ئۆز ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپتۇ ۋە: «بىز كېلىپ سىزگە خىزمەت قىلماقچى، مۇبادا سىز يول قويسىڭىز بىز شۇئان ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتىمىز» دەپتۇ. قاغان بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىپتۇ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغاچقا، ناھايىتى كۆپ زىيانغا ئۇچراپ بۇ يەردىن ئايرىلىپ قىماقلارغا ئەل بولۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاد تۇتۇق ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلاردىن باج ـ سېلىق ئاپتۇ. ئۇلار تامامەن ۋەيران بولۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاغاننىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، قاغاندىن ئۆزلىرىگە مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، قارلۇق ۋە قىماقلاردىن ئايرىلىپ قاغاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قاغان شاد تۇتۇقنىڭ نامىغا تەقلىد قىلىپ، بابا نامى تىلغا ئېلىنغان ياغمىلارنىڭ بېگىگە ياغما تۇتۇق دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپتۇ.

قىرغىزلارنىڭ ئۆز بېگىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن. ئۇ سىلاۋىيانلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سىلاۋىيانلاردىكى مەرتىۋىلىك، ئېسىلزادە كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ سىلاۋىيان دۆلىتىدە تۇرغان مەزگىلدە رىمدىن بىر ئەلچى كەپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ سەۋەبى، رىملىقلار نوھنىڭ ئوغلى سامدىن كېلىپ چىققانلىقى، سىلاۋىيانلارنىڭ يافەستىن كېلىپ چىققانلىقىدىن بولغان. ئۇلارنىڭ نامى «ئىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، چۈنكى ئۇلار ئىت سۈتى ئېمىپ چوڭ بولغان. بۇ مۇنداق ئىش: كىشىلەر چۈمۈلىنىڭ تۇخۇمىنى ئالماقچى بولغاندا، چۈمۈلە خۇدادىن يافەسكە تەقۋادار ئوغۇل ئاتا قىلماسلىقنى تىلەپتۇ. يافەس بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرۈپتۇ، ئىسمىنى ئەمكە قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كور ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىتنىڭ تۆت كۆزى بولىدىكەن. يافەسنىڭ بىر ئىتى بار بولۇپ، دەل شۇ چاغدا ئىتمۇ كۈچۈكلەپتۇ. يافەس ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى تۆت ياشقا كىرگۈچە مۇشۇ ئىتنى ئېمىپتۇ. يول ماڭسا ئىتنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ قارىغۇلاردەك يول

مېڭىپتۇ. ئىت ئىككىنچى كۈچۈكنى كۆچۈكلىگەندە، يافەسنىڭ ئوغلىنى تاشلىۋېتىپتۇ ھەم خۇدادىن ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇپ قويۇ- شىنىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئىتنىڭ ئىككى كۆ- زىنى بۇ بالىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى، ئىتنىڭ پەقەت ئىككى كۆزى قالغانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. ئەسلىدىكى ھېلىقى ئىككى كۆزنىڭ ئورنى ئىتنىڭ يۈزىدە قاپتۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارساقلابلار (سىلاۋيانلار) دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بەگ تالاش - تارتىشتا ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، سىلاۋيان دۆلىتىدىن ئايرى- لىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، ھازارلارغا ئەل بوپتۇ. قاغان ئۆلگۈچە ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈپتۇ. باشقا قا- غان تەختكە چىققاندىن كېيىن، قېچىپ كەلگەن كىشىگە تازا ياخشى مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقى بىلىنىپتۇ. ئۇ كىشى باشقا يۇرتقا كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، باشقىلار يېنىغا كەپتۇ. باشجۇرت ھازار بېگىنىڭ باي ئەمەلدارى بولۇپ، 2000 چەۋەندازى بار ئى- كەن، ئۇ ھازارلار قىماقلار ئارىسىدىكى زېمىندا تۇرىدىكەن. ھازار قاغان باشجۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، سىلاۋيانىنى قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ كىشى بىلەن سىلاۋيانلار مۇشۇ ئىشنى دەپ تەگ- شىپ قاپتۇ. سىلاۋيانلار مەغلۇپ بولۇپ ··· زېمىنىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. ئۇ يول بويلاپ مېڭىپ، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن قى- ماقلار ئارىسىدىكى بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. توققۇز ئوغۇز قاغانى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن جېدەللىشىپ غەزەپتىن نۇرغۇن ئا- دەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئامان قالغانلار تۇركۇم - تۇركۇملەپ سىلاۋيانغا ئەل بولۇپتۇ. ئۇ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە ياخ- شى مۇئامىلە قىلىپتۇ. شۇڭا ئۇلار يىغىلىپ نۇرغۇن ئادەم بو- لۇپتۇ. ئۇ بىر ئادەمنى باشجۇرتقا ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ھەم نۇرغۇن ئەسىرگە ئىگە بولۇپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن پۇل توپلاپتۇ، پۇل- نىڭ بىر قىسمىنى بۆلىغان، يەنە بىر قىسمىنى ئەسىرلەرنى قۇل

قىلىپ سىتىشتىن تاپقانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قە-
بىلىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا «قىرغىز» دەپ نام بېرىپتۇ. قىر-
غىزلارغا دائىر خەۋەرلەر سىلاۋيانلارغا يېتىپ بارغاندا، سىلاۋ-
يانلاردىن نۇرغۇن كىشى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى
ئېلىپ، قىرغىزلارغا ئەل بولۇپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇرۇق ـ
تۇغقان بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئۆزئارا قوشۇ-
لۇپ، كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ. سىلاۋيان قان سىستېمى-
سىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قىرغىزلارنىڭ چىرايىدىنمۇ كۆرۈۋالغى-
لى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چېچى قىزىل، تېرىسى ئاق كېلىدۇ.
توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىدىن قىرغىزلار يېرىگە  بارىدىغان
يول بولسا، چىنانكەنتتىن خاسانغا، خاساندىن نوخبەككە بېرىپ،
يايلاقتا بىر ـ ئىككى ئاي مېڭىپ، يەنە قۇملۇقتا بەش كۈن ماڭ-
غاندىن كېيىن كەمىزئارتقا كېلىمىز. كەمىزئارتتىن مەنبەكلۇغا
بارغۇچە تاغقا ياندىشىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئورما-
لىققا كىرىمىز. بۇ يەردە يايلاق، بۇلاق، ئوۋلاقلارنى ئۇچراتقىلى
بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە ئۇدۇل مېڭىپ كىشىلەر مەنبەكلۇ دەپ ئا-
تايدىغان تاغقا كېلىمىز. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، تاغدا
بۇلغۇن، سۆسەر، بۆكەن، دەل ـ دەرەخ ۋە ئوۋ ھايۋانلىرى ناھايى-
تى كۆپ. تاغلاردا ئولتۇراقلىشىش ناھايىتى قولاي، مەنبەكلۇ تې-
غىدىن ئۆتۈپ كۆكمەنگە قاراپ ماڭىمىز. يول بويى چارۋىچىلىق
مەيدانلىرى ۋە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان مارجان بۇلاقلار كۆزگە چېې-
لىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق جايدا تۆت كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كۆك-
مەن تېغىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ مۇساپىدە تاغلار ئېگىز،
يوللار ناھايىتى خەتەرلىك، كۆكمەن تېغىدىن قىرغىزلار زېمىنى-
غىچە يەتتە كۈن ماڭىمىز، بۇ جەرياندا چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە
يايلاقلاردىن ئۆتىمىز، يول ياقىسىدا سۈزۈك بۇلاقلار ناھايىتى
كۆپ، دەرەخلەر گىرەلىشىپ كەتكەن. مۇشۇنداق بولغاچقا دۈش-
مەنلەر ئۇ يەرگە ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ. قىرغىزلار زېمىنىغا
بارىدىغان يول گۈللۈك باغقا ئوخشايدۇ. قىرغىز قاغانىنىڭ ھەربىي
بارگاھى مانا مۇشۇ يەردە، بۇ بارگاھ ئىنتايىن مۇھىم ۋە ياخشى

ئورۇنغا جايلاشقان. ئۈچ يول مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا بۇ ئۆتكەلنى ئېگىز تاغ ۋە قېلىن ئورمانلار قورشاپ تۇرىـ
دۇ. بۇ ئۈچ يولنىڭ بىرى جەنۇبقا سوزۇلۇپ توققۇز ئوغۇزلار زېـ
مىنىغا بارىدۇ؛ يەنە بىرى غەربكە سوزۇلۇپ قىماق، قارلۇق زېـ
مىنلىرىغا تۇتىشىدۇ. ئۈچىنچىسى يايلاققا تۇتىشىدۇ. بۇ يولدا
ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ قەبىلىنىڭ قارشى ئېلىشىغا
مۇيەسسەر بولىمىز. بۇ يەردىمۇ ئىككى يول بار بولۇپ، بىرى
يايلاقتىن ئۆتىدۇ، بۇ يول ئۈچ ئايلىق كېلىدۇ؛ يەنە بىر يول
سولغا بۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى ئايلىق يولدۇر، ئەمما بۇ يولدا
مېڭىش ئىنتايىن قىيىن، يول بويى ئورمانلىقلارنى، تاغ جىلغىـ
لىرىدىكى تار يوللارنى بويلاپ مېڭىشقا، تاشلىقتىن ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ، دەريا ـ ئېقىنلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، دائىم يامغۇر
ياغىدۇ. كىمكى بۇ يولدا ماڭماقچى بولسا، يوتقان ـ كۆرپە ۋە كىـ
يىم ـ كېچەكلەرنى قويىدىغان نەرسە تەييارلىشى شەرت. چۈنكى
يولنىڭ ھەممە يېرى سۇ بولۇپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويۇشقا
ئامال بولماي قالىدۇ. بۇ سازلىقتىن ئۆتمەكچى بولسا، ئاتنىڭ
ئارقىسىدىن مېڭىش كېرەك. بۇ سازلىقتا ياۋايى ئادەملەر ياشايـ
دۇ، ئۇلار ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ، باشقا ئەللەرنىڭ تىلىـ
نىمۇ ئۇقمايدۇ، ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇلار ئەڭ
ياۋايى كىشىلەردۇر، ئۇلار دائىم يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتىدۇ.
ئۇلار بارلىق مال ـ دۇنياسىنى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە ئوراپ
ساقلايدۇ. مۇبادا ئۇلارنى بۇ سازلىقتىن ئايرىۋېتىدىغان بولساق،
بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياسى
ياغاچتىن ياسالغان، كىيىمى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىـ
كىلگەن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. ئۇلار ئېتىقادى بوـ
يىچە باشقىلارنىڭ كىيىمى ۋە مال ـ مۈلكىگە چېقىلمايدۇ. جەڭ
بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى
ئېلىپ جەڭگە كىرىدۇ. دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، دۈشـ
مەننىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلماي، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.
ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە تۆمۈر قوراللىرىدىن باشقا ھېچقانداق

نەرسىسىنى لازىم قىلمايدۇ ... قىرغىز ئېلىدىن ئىپار، تېرە، ئارقار مۈڭگۈزى قاتارلىقلار چىقىدۇ. قىرغىزلار ھىندى دىنى مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە: «ئوت ئەڭ پاك نەرسە، ئوتقا كىرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پاكلىنىدۇ، شۇڭا ئوت ئۆلۈكنى مەينەتچىلىك ۋە گۇناھكارلاردىن تازىلايدۇ» دەپ قارايدۇ. بەزى قىرغىزلار سىيمىرگە چوقۇنىدۇ، بەزىلىرى شامالغا چوقۇنىدۇ، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر كىرپىگە چوقۇنىدۇ، تۆتىنچى تۈركۈمدىكىلەر سېغىزخانغا چوقۇنىدۇ، بەشىنچى تۈركۈمدىكىلەر قارچىغىغا چوقۇنىدۇ، ئالتىنچى تۈركۈمدىكىلەر چىرايلىق دەرەخلەرگە چوقۇنىدۇ. قىرغىزلارنىڭ ئىچىدە «قاغىنۇن» دېيىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى بەلگىلىك بىر كۈندە ناخشىچىلار، چالغۇچىلار ۋە مەشرەپكە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالغاچ كېلىدىكەن. بۇلار راسا كۆڭۈل ئېچىۋاتقان پەيتتە، قاغىنۇن ھوشىدىن كېتىدىكەن، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن يېڭى بىر يىلدا بولىدىغان ئىشلارنى سورايدىكەن، ئۇ، بۇ يىلنىڭ مولچىلىق ياكى قەھەتچىلىك، ھۆل - يېغىنلىق ياكى قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدىكەن. ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

نىسبەتكە بارىدىغان يولغا كەلسەك، خوتەندىن ئالاشەنگە بارىمىز، بۇ يولدا خوتەن تاغلىرىنى بويلاپ ماڭىمىز. تاغ ئارىسىدا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ توپ - توپ ئۆكۈز، قوچقار ۋە ئۆچكىلىرى بار. بۇ تاغنى بويلاپ ماڭساق ئالاشەنگە بارغىلى بولىدۇ. ئالدىمىزغا قاراپ ماڭساق بىر كۆۋرۈك ئۇچرايدۇ، بۇ كۆۋرۈك تاغنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كۆۋرۈكنى قەدىمكى خوتەنلىكلەر سالغانىكەن. بۇ كۆۋرۈك ئۇدۇل تىبەت قاغانىنىڭ ئوردىسىغا تۇتىشىدىكەن. بۇ كۆۋرۈككە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، نەپەس ئالغىلى بولمايدىكەن، گەپ قىلىشمۇ تەسلىشىدىكەن، نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن ھاياتىدىن ئايرىلغانىكەن، تىبەتلەر بۇ تاغنى

«زەھەرلىك تاغ» دەپ ئاتايدىكەن. مۇبادا قەشقەردىن يولغا چىق-
ماقچى بولساق، ئۇ ھالدا ئوڭغا قاراپ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىن
شەرققە قاراپ ماڭىمىز. تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دائىرىسى 40
پەرسەخ كېلىدىغان ئادىر تاغ رايونىغا كېلىمىز. رايونىنىڭ يېرىمى
تاغلىق، يېرىمى تۇزلەڭلىك ۋە زەرەتلىك①. قەشقەرنىڭ ئەتراپىدا
نۇرغۇن يېزا ـ قىشلاق بار. بۇرۇن بۇ يەرلەر تىبەت خانلىقىغا
تەۋە ئىدى. قەشقەر رايونىدىن سارمىسان كەنتىگە، ئۇ يەردىن ئا-
لىشۇرغا بارىمىز، قاقاسلىقنى بويلاپ كۈچا دەرياسى بويىغا كې-
لىمىز، دەريا كۈچا شەھىرىگە قاراپ ئاقىدۇ. بۇ دەريا قىرغىقىدى-
كى، قاقاسلىقتا خۇمخان (؟) كەنتى جايلاشقان، تىبەتلەر ئاشۇ
كەنتتىن كېلىپ چىققان. دەريا ناھايىتى يىراق جايغا ئېقىپ با-
رىدۇ، بۇ دەريادىن قولۋاق بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ دەر-
يادىن ئۆتسەكلا تىبەت زېمىنىغا كېلىمىز. تىبەت دۆلىتىدە ناھا-
يىتى كاتتا بىر بۇتخانا بار، ئۇنىڭدا بۇتلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ
ئىچىدە بىر بۇت گۆھەر سۇپىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا
ئادەم بېشىغا ئوخشايدىغان ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، بۇت مۇشۇ ئا-
دەم بېشىغا ئوخشايدىغان ياغاچقا يۆلەپ قويۇلغانىكەن. مۇبادا بۇت-
نىڭ دۈمبىسىنى سىلىسا، شۇ ھامان ئۇنىڭدىن ئوت پۇركۇلۇپ
چىقىدىكەن. بۇ يەرنىڭ سول تەرىپى (غەرب تەرىپى) چۆللۈك ۋە
قۇملۇق، ئۇ يەردىكى دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز ئۆسكەن
دەرەخلەر بار.

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى توققۇز ئوغۇز قاغان دېيىلى-
دۇ. قەدىمدە توققۇز ئوغۇز قاغاننىڭ ئۇرۇقىدا كۈرتېگىن دېگەن
بىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى چىنلىق ئىكەن، كۈرتېگىننىڭ
ئىنىسى قاغان ئىكەن، ئانىسى ئەركىن ئادەم ئىكەن. ئىنىسى
كۈرتېگىننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ، ئۇنى بوغۇزلاپ، جەسەت تاشلاي-
دىغان جايغا تاشلىۋېتىپتۇ. كۈرتېگىننىڭ بىر ئېمىكئانىسى بو-

① بۇ يەر ئەسلىي تېكىستتە خاتا بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مىنورىسكىي «تۇزلەڭلىك ۋە قاقاس تاغ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم»، مىنو-
رىسكىي تەرجىمىسى 225 ـ بەت.

لۇپ، ئۇ كۆرتېگىننى داۋالىتىش ئۈچۈن مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، دىناۋىرلارنىڭ[1] قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. دىناۋىرلار ئۇنىڭ جاراھىتىنى داۋالاپتۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. كېيىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى ئازال شەھىرىگە كېلىپ، بۇ شەھەرگە مۆكۈنۈۋاپتۇ. خېلى بىر چاغلارغىچە (كۆرتېگىننىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىنىسىدىن) يوشۇرۇپ قاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار ئەھۋالنى توققۇز ئوغۇز قاغانغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپتۇ، شۇڭا ئۇ قېرىنىدىشىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە ئىجازەت قىلىپ، ئۇنى ئامان قالدۇرۇپتۇ. ئۇ، كۆرتېگىننى ئالدىدا تۇرغۇزماي پەنجىكەنت شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپتۇ. كۆرتېگىن ئۇ يەردە كۈچىنى زورايتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپتۇ. ئۇ خەلققە رەھىمدىل ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى ئۇ توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ ئوۋغا چىقىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپتۇ، كۆرتېگىن زور قوشۇن تەشكىللەپ توققۇز ئوغۇز قاغانىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلىنىپتۇ، كۆرتېگىن قاغان قوشۇنىنى يېڭىپتۇ. توققۇز ئوغۇز قاغانى شەھىرىگە بېكىنىۋېلىپ، قوۋۇقنى تاقاپ قاتتىق مۇداپىئەگە ئۆتۈپتۇ. كۆرتېگىن سېپىلنى سۇغا باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. كۆرتېگىن ئەل بولغانلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپتۇ. شەھەردىكى خەلق قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرىدىن كەتكەچكە، ئۇنىڭدىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپتۇ. قەلئەدە پەقەت توققۇز ئوغۇز قاغانىلا قاپتۇ. كۆرتېگىن ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى قەلئەگە ئەۋەتىپ، قاغاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، كۆرتېگىن قاغاننىڭ تەختىنى ئىگىلەپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،

---

① مانى دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ بىرى، ئاساسەن ماۋەرا ئۇننەھىر رايونىغا تارقالغان. خىلوگىر «مانى» 818 ـ بەت.

توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ 1000 مۇھاپىزەتچىسى، 400 كېنىزىكى بار ئىكەن. 1000 مۇھاپىزەتچى ھەر كۈنى قاغانىنىڭ ئۈچ ۋاق تاماقىغا ھەمراھ بولىدىكەن، كۆڭلى قايسى تائاملارنى تارتسا، شۇ تائاملارنى ئېلىپ كىرىدىكەن، ئۈچ ۋاق تاماقىدا ھاراق ئۈزۈلمەيدىكەن، ھاراق ئۈزۈمدىن ئېچىتىلىدىكەن. قاغان ناھايىتى ئاز ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا خەلق بىلەن كۆرۈشمەيدىكەن. ئۇ ئات مىنىپ سىرتقا چىققان ۋاقىتلاردا، يول ئۈستىدىكى ھەممە بەگلەر ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىدىكەن، قاغان تۇرغان جايدىن تاكى شەھەر ئەتراپىغىچە ئادەملەر تىزىلىپ تۇرىدىكەن، بۇ شەھەرنىڭ بەگلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ···[1] (قاغان) يۇيۇنۇپ سارايدىن چىققاندا ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئاتنى يېتىلەپ كېلىدىكەن، ئات كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۈكۈنۈپ تۇرىدىكەن. توققۇز ئوغۇز قاغانى دىناۋەرلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ شەھىرى ۋە دۆلىتىدە خىرىستىيان مۇرىتلىرى، زوروئاستىر مۇرىتلىرى ۋە بۇددا مۇرىتلىرى بار. ئۇنىڭ توققۇز ۋەزىرى بار، مۇبادا بىر ئادەم ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ پۇتىنى باغلاپ، قولىنى بوينىغا باغلاپ، ھەربىر پاقالچىقىغا 200 كالتەك، دۈمبىسىگە 100 كالتەك ئۇرۇپ، ئۇنى مازارغا ئاچىقىپ سازايى قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنى، بىلىكىنى ۋە بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدۇ. جاكارچى: «كۆپچىلىك ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار!» دەپ جاكارلايدۇ ··· توققۇز ئوغۇز قاغانى سارايدا، پاكار ئۆيدە تۇرىدىكەن. (ئۆي ئىچىگە) گىلەم سېلىنغان، قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتىغا مۇسۇلمان توقۇلمىلىرى يېپىلغان، چىن كىمخابلىرى گىلەم ئۈستىگە سېلىنىدىكەن. ئەمما پۇقرالارنىڭ ھەممىسى چېدىردا ئولتۇرىدىغان يايلاق خەلقلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قاغانىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى چىنىنىڭ كىمخاب ۋە يىپەكلىرىدىن تىكىلىدىكەن، ئەمما پۇقرالارنىڭ كىيىم ـ

① بۇ يەردە ئېنىقسىزلىق بار.

كېچەكلىرى يىپەك رەخت ۋە پاختا رەختتىن تىكىلىدىكەن. بۇ خىل كىيىملەر ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن بەدەننى ئوراپ تۇرىدىكەن، يەڭلىرى كەڭ، پۇچقاقلىرى ئۇزۇن كېلىدىكەن. قاغان بېلىگە ئالتۇن (ياقۇت) كۆز چۇشۇرۇلگەن بەلۋاغ باغلايدىكەن، ئادەم كۆپرەك قاتناشقان يىغىلىشلارغا چىققاندا بېشىغا تاج كىيىدىكەن. ئات مىنىپ سىرتقا چىقسا، 1000 چەۋەنداز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىقىدىكەن، چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيىدىكەن، جەڭلەردە ئۇزۇن نەيزە ئىشلىتىدىكەن.

ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بارىدىغان يولغا كەلسەك، بارسغاندىن بىڭچۆل (؟) گە، ئۇ يەردىن كۇچاغا، كۇچادىن ئارالغا[1]، ئارالدىن سىيۇكەنت (ياكى سۇت كەنت)كە، ئۇ يەردىن مەكشەمىگناسور (؟)غا بارىمىز. ئۇ يەردىن چىنەنكەنتكە بىر كۈنلۈك يول، چىنەنكەنت كۇچادىن كىچىك، 22 كەنت، بازىرى بار، يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، قىشتا ھەمىشە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ئەمما قار ناھايىتى ئاز ياغىدۇ. يازدا قاتتىق ئىسسىق بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گەمە كولاپ گەمىگە كىرىۋالىدۇ، (يازنىڭ ئاخىرىدا) ئۇلار گەمىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى بەلۋاغ باغلاپ، بېلىگە پىچاق، خەنجەر ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېسىۋالىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمران (سارىيى) قوۋۇقىنىڭ ئەتراپىدا ھەر كۈنى 300 ـــ 400 دەك دىناۋىر مۇرىتلىرى يىغىلىپ، ئۇزۇنلۇك ئاۋازدا مانى دەستۇرى ئوقۇيدۇ، (كېيىن) ھۆكۈمرانغا قاراپ مېڭىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. چىنەنكەنتتىن كىرا (كرا)غا قاراپ ماڭساق توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىغا كېلىمىز.

چىن ـــ زېمىنى كەڭ دۆلەت، ئەگەر بىز ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا يازماقچى بولغىنىمىز تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ كېتىدۇ. توققۇز ئوغۇزلار زېمى-

[1] بەلكىم راۋېرتنىڭ (جۇرجانىينىڭ ئەسىرى، راۋېرت تەرجىمىسى 2 ـ باب، 961 ـ بەت) كىتابىدا ئارال دەپ ئوقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر شىنجاڭدا يەنە بىر ئارال دېگەن يەر بار، ئەمما ئۇ كۇچانىڭ غەربىدە.

ىندىن ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى بايان قىلساق، چىنەنكەنتتىن ئۆتۈپ قامۇلغا بېرىش كېرەك. چۆللۈكتىكى بەگشۇرا دېگەن جايدا بىر دەريا بار، بۇ يەردىن قېيىق بىلەن ئۆتسەك، سەككىز كۈندە قامۇلغا كېلىمىز. قامۇلدىن چىقىپ يەتتە كۈن مېڭىپ، بۇلاق ۋە يايلاقلىرى بار بىر دالانى بېسىپ ئۆتسەك، چىنىنىڭ شاچۇ شەھىرىگە كېلىمىز، ئۇ يەردىن چىقىپ ئۈچ كۈندە ساڭلاخقا[1] كېلىمىز، يەنە يەتتە كۈن يۈرسەك شاجۇغا[2] كېلىمىز، يەنە ئۈچ كۈن يۈرسەك كۇچاغا بارىمىز، يەنە 15 كۈن ماڭساق چاڭخې (ئۇزۇن دەريا) دەرياسىغا كېلىمىز، دەريادىن قېيىق بىلەن ئۆتىمىز. بەگشۇرادىن چىن پايتەختى خۇمدانغا بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، بۇ يول نۇرغۇن سودا كارۋان ئۆتىدىغان ۋە ئاھالىلەر رايونىدىن ئۆتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىن ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى زېمىنى ئەڭ كەڭ ئىمپېرىيىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. چىن بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ دۆلەت بولغاچقا، ھەممە كىشى كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ يەردىكى خەلق ئەر - ئايال دېمەي ھەممىسى تاۋاردىن كىيىم كىيىدۇ، ھەتتا يوقسۇللار بىلەن قۇللارمۇ تاۋاردىن كىيىم كىيىدۇ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ يەڭلىرى كەڭ، پۇچقاقلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە پىشايۋان يېپىلغان، كوچىغا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق سۇ سېپىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سېپىلىدا نۇرغۇن چوڭ قوۋۇقلار بار، قوۋۇقلار ياغاچتىن ياسالغان ··· چىنلىقلارنىڭ ئۆيىدە ھەر خىل بۇتلار بار، ئۆيلىرى كاھىشتىن ياسالغان، چىن پادىشاھىنىڭ ھەيۋەتلىك بىر قوشۇنى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئىش ھەققى ئالىدىغان 400 مىڭ ئادەم بار ئىكەن، ھەر 10 ئەسكەرگە بىردىن ئەمەلدار قويۇلغانىكەن. بارلىق چىنلىقلار چېۋەر، ئالىيجاناب كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك توقۇلما بۇيۇم-

---

① پارسچە سۆز، «سايلىق» دېگەن مەنىدە.

② مىنورىسكىي سۇجۇ دەپ ئوقۇيدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم» مىنورىسكىي تەرجىمىسى 232 ـ بەت.

لىرى ۋە ھەر خىل قاچا ـ قۇچا بۇيۇملىرى بار. چىندا نۇرغۇن خانلار ئۆتكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى فەغفۇر[①] دۇر، پەقەت شۇلا ئالتۇن يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن كىمخاپ تون كىيىدۇ، ئاق ئات مىنىدۇ، چىندا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمدە ئۇنداق نەرسىلەر يوق. كىشىلەر پادىشاھنى يىلدا بىر قېتىملا، يەنى ئۇ سىرتقا چىققاندىلا كۆرەلەيدۇ، ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئاتقا مىنىدۇ، بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە ماڭىدۇ. پادىشاھ ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ قەبرە يېنىغا بارىدۇ. شۇ يەردە تاكى چۈشكىچە تۇرۇپ ئۆز سارىيىغا قايتىدۇ. ئۇنىڭ تەختى ئالدىغا سىرىق يەكتەك سېلىنغان بولىدۇ، باشقىلار ھېلىقى يەكتەكنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. سازەندىلەر پەقەت ئۇنىڭ دۆلىتىدىلا مۇشۇنداق سورۇنغا داخىل بولالايدۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى بارلىق كىشىلەرگە مەنسىپىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي ئىنئام بېرىدۇ. ۋەزىر، ھاجىپ ۋە باشقا خانلىق ئەلچىلىرىدىن باشقا ھېچكىم پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرەلمەيدۇ. پادىشاھ يىلدا باشقىلارنى يەتتە قېتىم قوبۇل قىلىدۇ. سەركەردىلەر، شەھەر باشلىقلىرى مانا مۇشۇنداق چاغلاردا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ، ئۇلار پەقەت خەۋەرچى خەۋەر بەرگەندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. باشقا ئەللەردىن ئەلچى كەلگەن بولسا، چىن پادىشاھى فەغفۇر بەلگىلىگەن چاغدا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ چاغدا فەغفۇرنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدە بىردىن ۋەزىر تۇرىدۇ. ئەلچى پادىشاھنى يىراقتىن كۆرۈپ، خۇددى نۇرلۇق قۇياشنى كۆرگەندەك يەردە تىز پۈكۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ، تاكى ئىجازەت بېرىلمىگۈچە بېشىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنالمايدۇ كېيىن بىر ۋەزىر ياكى ھاجىپ كىرىپ ئەلچىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ پادىشاھقا خەۋەر قىلىدۇ. پادىشاھ بىردىن كىمخاپ كۇرسى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش جامنى ئەلچى تۇرغان سارايغا ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. ھەر كۈنى ئەلچى خان سارىيىغا چاقىر-

---

① جۇڭگو پادىشاھىنىڭ پارسچە ئاتىلىشى.

تىلىپ غىزالاندۇرۇلىدۇ. پادىشاھ كېنىزەكلەر بىلەن بىرگە بولماقچى بولسا، مۇنەججىم ئوردا ئۆگزىسىگە چىقىپ، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ، ياخشى ۋاقىت كەلگەندە پادىشاھقا خەۋەر قىلىدۇ، پادىشاھ شۇ بويىچە ئىش تۇتىدۇ. چىنىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى قۇرغاق كېلىدۇ. مۇبادا يامغۇر ياغمىسا ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئاشلىق قىممەتلىگەن ۋاقىتىدا، پادىشاھ بۇتخانىغا بېرىپ پۇتكۇل راھىبلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتىنى كىشەنلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە راھىبلارنى: «مۇبادا يەنە يامغۇر ياغمىسا، سەنلەرنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلار تاكى يامغۇر ياغقىچە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. خان سارىيىدا 180 دىن ئارتۇق دۇمباق بولۇپ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە بارلىق دۇمباقلار چېلىنىدۇ. كىشىلەر دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ، كۈن ئولتۇرغاندا بازاردا ھېچكىم قالمايدۇ. شۇ چاغدا مۇھاپىزەتچىلەر قوللىرىغا قىلىچلىرىنى ئېلىپ، بازار ۋە يوللارنى چارلايدۇ. سىرتتا بىرەر ئادەمنى بايقاپ قالسا، دەرھال كاللىسىنى ئالىدۇ ھەم دۇمبىسىگە چوڭ قىلىپ «پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىغۇچىلار مۇشۇنداق جازالىنىدۇ» دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە جىنايەتچىلەرگە بىر خىللا جازا — ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئەمما ئادەم تىللىغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا، مۇبادا بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى تىللاپ بوزەك قىلغان بولسا، بوزەك قىلغۇچىنى بىرقانچە كالتەك ئۇرۇپ قويۇپ بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەنى چىنغا تەۋە جايدا، تېرىسى ۋە چېچى قىزىل ئىنسانلار ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورەك ئىچىدە تۇرىدىكەن، كۈن پاتاي دېگەندە ئۇلار ئازگالدىن چىقىپ ئېتىز — دالالارغا يۈرۈپ كېتىدىكەن.

ئۇ يەرگە بارىدىغان يولغا كەلسەك، قەشقەردىن يولغا چىقىپ پايىشقا (؟)، ئۇ يەردىن كىرمانغا، ئۇ يەردىن خاجمانغا (؟)، ئۇ يەردىن غازاغا (؟)، ئۇ يەردىن يۇنچېغا (؟)، ئاندىن خوجكەنتكە (؟)، ئاندىن كىدلۇرغا، ئاندىن رانكۇيبەندكە، ئاندىن تادروفقا، ئاندىن رەستەگە بارىمىز؛ خوتەن رايونىغا كىرىدىغان تۈنجى كەنت

رەستەدىن ئۆتسەك خوتەنگە كېلىمىز. يارا دەرياسى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ، ئاندىن سېمىيۇ بەم (؟) كەنتىگە بارىمىز، ئاندىن بىر مۇسۇلمانلار قەبرىستانىغا كىرىمىز، ئاندىن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭساق، چىندىن ئېقىپ كىرگەن بىر دەريا بار، ئۇ يەردىن ئۆتسەك خوتەن شەھىرىگە كىرىمىز. خوتەندىن كەي شەھىرىگە 15 كۈنلۈك يول؛ كەي — چىن چېگراسىدىكى بىر شەھەر، ئەمما توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە شەھەردۇر. خوتەن شەھىرىدە نۇرغۇن بۇت ۋە نۇرغۇنلىغان ...① بار، ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ شەھەردە ئىككى خىرىستىيان چېركاۋى بار، بىر شەھەر ئىچىدە، يەنە بىرى شەھەر ئەتراپىدا. بازاردا بۇزۇق ۋە شاللاق ئاياللار ناھايىتى كۆپ، بارلىق ئەر - ئاياللار پېشانىسىگە چاچ قويىدۇ، ئۇلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش كىيىم - كېچەك كىيىدۇ. ئۇ يەردە مېۋە - چىۋە بەك كۆپ، بۇغداي، ئارپا، كاۋا، كۇنجۇت، ئۈجمە ۋە ئەنجۈر ئۆستۈرۈلىدۇ. يىپەك ناھايىتى تولا، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىپەك كىيىم كىيىدۇ. ئۈجمە ناھايىتى كۆپ، بەزى ئادەملەرنىڭ 2000 تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمىسى بار. ئۈزۈم ۋە سورتى ئوخشاشمىغان نەشپۈتلەرمۇ تولا. ئۇلارنىڭ دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ. خوتەن رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تۈگمەن بار. ھەممە تۈگمەندە ئاستىنقى تاش چۆرگىلەيدۇ، ئۈستىدىكى چۆرگىلىمەي جىم تۇرىدۇ. تۈگمەندە يىپەكتىن ياسالغان ئەلگەك بار، ئۇ سۇ كۈچى بىلەن تاسقىلىدۇ، ئۇن ئاستىغا چۈشسە، كېپىكى ئۈستىدە قالىدۇ. ئۇلاردا يەنە باداسىياپ② دەيدىغان ئالاھىدە بىر ئەسۋاب بار. كىشىلەر ئاشلىقنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ پاكىزلەيدۇ، ئۇ نەرسە بىلەن ئاشلىقنىڭ ئەخلىتى بىر ياققا، دېنى بىر ياققا ئايرىلىدۇ. باداسىياپمۇ سۇ بىلەن چۆرگىلىتىلىدۇ. ئۇلاردا يەنە بىر خىل ئەسۋاب بار، ئۇ چامغۇر ۋە كاۋا توغراشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەسۋاب يۇمىلاق سۇغىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا مەزمۇت بىر كالتەك، ئۈستىگە تاش باغلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا

① بۇ سۆز تازا چۈشىنىشكسىز.

② بۇ سۆز پارسچە، ئۇيغۇرچە مەنىسى شامالدۇرغۇچ.

كالتەككە سېھىر قىلىنسا، سۇ ئۇنى ئايلاندۇرىدۇ.

چىگىل ۋە تۈركەشلەرنىڭ زېمىنىغا بارىدىغان يولغا كەلسەك، نېۋىكەنتتىن پەنجىكەنتكە بارىمىز، پەنجىكەنت بېگىنىڭ ئىسمى كۆلباقار (؟) ئىكەن. بۇ شەھەردە 8000 ئەسكەر بار ئىكەن. پەنجىكەنتنىڭ يېنىدا زىيكەنت (؟) بار بولۇپ، بۇنىڭمۇ ئۆز بېگى بار ئىكەن. بۇ كەنتنىڭ سول تەرىپىدە يەنە ئۈچ كەنت بولۇپ، بۇلار زىيكەنت بىلەن سۇياپ كەنتى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. سۇياپ شەھىرىنىڭ بېگى يابغۇنىڭ قېرىندىشى ئىكەن. ئۇ يابغۇنىڭ[1] (؟) ۋەكىلى بىلەن بۇ كەنتكە بىرلىكتە (ھۆكۈمرانلىق) قىلىدىكەن، 500 چەۋەندازى بارئىكەن. بۇ كەنت تاغدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن. باشقا بىر كەنتنىڭ ئىسمى قۇتقىيال[2] (؟) ئىكەن. ئالدىدا بايان قىلىنغان كەنت بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر پەرسەخ كېلىدىكەن، 5000 ئەسكىرى بار ئىكەن، بېگىنىڭ ئىسمى بەگلىلا (؟) بولۇپ، تۈركەش قەبىلىسىدىن ئىكەن، يايلاقتا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۈچىنچى كەنتنىڭ نامى دالۇگەنچ (؟) بولۇپ، كىچىكرەك كەنت ئىكەن، تەخمىنەن 300 ئەسكىرى بار ئىكەن، تاغقا ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، تۈركلەر مۇشۇ تاغقا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىكەن، ئۇلار دائىم: «بۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ جايى» دەپ قەسەم بېرىشىدىكەن. ئاللاھ! بىزنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى ئىشىتىشىمىزدىن ساقلىغايسەن! مۇشۇ داۋاندىن ئۆتسەكلا، تۈركەشلەرنىڭ دۆلىتى سول تەرەپتە، دەل توخسىلار بىلەن ...[3] ئۇ يەردە بىر قىشلاق بار بولۇپ، 1000 ئەسكىرى بار ئىكەن، ئۇ-

---

① مىنورسكىي «ئۇ بەگ يابغۇنىڭ ئىنىسى ئىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ زېمىنى تۈركەشلەرنىڭ ئىكەن» دەپ تەرجىمە قىلغان. «ھۇدۇدۇل ئالەم»، مىنورسكىي تەرجىمىسى 303 ـ بەت.

② قوپالمۇ دېيىلىدۇ، بارتولدنىڭ «تۈركىستاندا خىرىستىيان دىنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، 15 ـ بەت («بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ جىلد 2 ـ قىسىم 281 ـ بەت).

③ بۇ ئىسىمنى بىلگىلى بولمايدۇ. كېيىن بارتولد بۇ ئىسىمنى «ئاشىيۇ» دەپ ئوقۇپ، بۇنى ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاز (ئاس) دېگەن خەلق بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان. بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» 15 ـ بەت، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ جىلد 1 ـ قىسىم 36 ـ بەت.

نىڭ يېنىدا بىر قىشلاق بار بولۇپ، نامى بەگلىك (؟) ئىكەن، ياۋ-غۇنىڭ قىرىندىشى مۇشۇ قىشلاقتا تۇرىدىكەن، 500 چەۋەندازى بار ئىكەن. مۇبادا ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ قالسا، قىشلاق ئەتراپىدىكى 3000 چەۋەنداز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقىدىكەن. قىشلاق بېگىنىڭ ئىسمى بادان سەنگۇ ئىكەن، ئۇ مۇشۇ يەرلىك كىشى بولۇپ، 7000 ئەسكىرى بار ئىكەن. ئۇ داۋاننىڭ[1] يېنىدا بىر دەريا بار بولۇپ، بۇ دەريادىن ئۆتسەكلا چىگىل تۈركلىرىنىڭ زېمىنىغا كېلىمىز، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك چېدىرلىرى بار ئىكەن.

بىزدىكى تۈركلەرگە ئائىت بۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى جەيھانىينىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» دېگەن ئەسىرىدىن، بىر قىسمى «تەۋەددۇد دۇنيا» دېگەن ئەسەردىن، يەنە بىر قىسمى ئەبەيدۇللاھ بىننى خۇردادبىھنىڭ ئەسىرىدىن، بىر قىسمى باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان. بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلىلەردىن باشقا قەبىلىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاپتورنىڭ نىيىتىشقا بۇنداق يازغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: **تەلئەت ئۇبۇلقاسىم**

---

[1] كاستىك داۋىنىنى كۆرسىتەمدۇ قانداق؟!

# «تەزكىرەئى ئىمام مۇھەممەد غەززالى»

## ئابلىز ئورخۇن

مۇھەممەد غەززالى (1058 ــ 1111) ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ۋە پەيلاسوپ بولۇپ، ئىسلام ئىلمىدا يەتكەن كامالىتى بىلەن «ھۆججەتۇل ئىسلام» (ئىسلام دىنىنىڭ ھۆججىتى)، «زەينىددىن» (دىنىنىڭ زىننىتى) دېگەندەك شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىسلام ئىلاھىيەتشۇناسلىقىدىكى تۆھپىلىرى بىلەن قازانغان بۇ شان ـ شۆھرىتى غەززالىنىڭ نامىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تارقاتقان، ھەتتا غەززالىدىن كېيىن ئۆتكەن مەشھۇر تەرىقەتچى پەيلاسوپ سۇبۇكى غەززالىنى «ئەگەر مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن پەيغەمبەرلىك ۋاجىپ بولغىنىدا، بۇ ئۇلۇغ شەرەپكە غەززالى مۇناسىپ ئىدى» دەپ تەرىپلەيدۇ. غەززالىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى شان ـ شۆھرىتى مانا مۇشۇنداق ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن ياكى يەتمىگەن يۇرتلاردىمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلانغان، مازار ـ خانىقالار، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ھاياتى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى تۈس ئالغان قىسسە، رىۋايەت، تەزكىرىلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن.

خوتەندىمۇ «ئىمام غەززالى مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بار. ئۇيغۇر تەزكىرىچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان غەززالىغا ئائىت تەزكىرىلەرنىڭ نۇسخىلىرىمۇ كۆپ. ئەمەلىيەتتە، غەززالى ئۆز ئۆمرىدە بۇ زېمىنلارغا كېلىپ باققان ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، تەقۋادار مۇرىتلار ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى بىلەن ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە تەزكىرىلەر پۈتتۈشكەن. «تەزكىرەئى ئىمام مۇھەممەد غەززالى» دەل ئاشۇنداق تەزكىرىلەرنىڭ بىرى.

تەزكىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ئاپتورى نامەلۇم، جەمئىي 53 بەت، ھەربىر بەتكە 11 قۇردىن خەت يېزىلغان، بەتنىڭ كەڭلىكى توققۇز سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18.5 سانتىمېتىر، خەتلەر خوتەن قەغىزىگە تەئلىق نۇسخىسىدا كۆركەم يېزىلغان. قول يازما مۇكەممەل ساقلانغان.

قول يازمىدا ئىمام مۇھەممەت غەززالى دىن تارقاتقۇچى سۇيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، يەنى باغدادتىن ئاتلىنىپ خارەزىم، قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەنلەرگىچە لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. يول بويىدا خارەزىم شاھى يولبارسخان ئۇنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئىككى ئوغلى سۇلتان زوق ئاتا بىلەن سۇلتان شوق ئاتانى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن مۇھەممەد غەززالىغا ياردەملىشىشكە قوشۇپ قويىدۇ. ئوشقا كەلگەندە ئوش شاھى سۇلايمان مۇھەممەد غەززالىغا ئۆز خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ دۇمبىقىنى تەقدىم قىلىدۇ. قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، قەشقەر ھۆكۈمدارى شەرقىيانۇس ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئاقسۇ ھۆكۈمدارى زوھۇريانۇسنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. زوھۇريانۇس جەڭدە قاتتىق جەسۇرلۇق كۆرسىتىپ ئىسلام لەشكەرلىرىنى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ ھەمدە بىرنەچچە سەركەردىنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. بىراق، ئاقىۋەتتە زوھۇريانۇس ئەسىرگە چۈشۈپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىسلام لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ دادىسى شەرقىيانۇسقا قارشى جەڭ قىلىدۇ. شەرقىيانۇس ئاقسۇغا قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردە مەغلۇپ بولۇپ چىن ماچىن پادىشاھى قارۇن رەشىدتىن پاناھلىق تىلەيدۇ. ئىسلام لەشكەرلىرى يەكەن، كېرىيە، قاراقاش، خوتەنلەردە شەرقىيانۇس ۋە قارۇن رەشىد قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمام مۇھەممەد غەززالى قاتارلىقلار ئاشۇ جەڭلەردە قازا قىلىدۇ. تەزكىرىنىڭ زور كۆپ قىسمى خوتەن رايونىدىكى ئۇرۇشلارغا بېغىشلانغان.

تەزكىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار تارىخىي رېئاللىققا پۇ-

تونلەي ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قاراخانىيلار بىلەن بۇد-
دىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان دىنىي ئۇ-
رۇشلارنىڭ كېيىنكى كىشىلەر ئېڭىدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر.
كىتابتا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر نامىنىڭ ئۇيغۇرچە ياكى تىل
تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان تىللاردا بولۇشى كىتابتىكى بەزى ۋە-
قەلىكلەرنىڭ تارىخىي رېئاللىق بىلەن مەلۇم چېتىشلىقى بارلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ تىلى ئاممىباب ھەم راۋان، پاساھەتلىك بولۇپ،
تىل تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈنمۇ مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئى-
گە. تەزكىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار گەرچە رىۋايەت خاراك-
تېرىدىكى نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ-
غا، جۈملىدىن خوتەن رايونىغا تارقىلىش تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

# 70 يىل بۇرۇن شىنجاڭدا تارقالغان ۋابا كېسىلى

يىن جيې

1912 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنـ
جاڭدا بىر قېتىم ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە يۇقۇملۇق كېسەل تار ـ
قالغان. بۇ قېتىمقى يۇقۇملۇق كېسەل دەسلەپتە خوتەن، كېرىيە،
لوپ ناھىيىلىرىدە يۈز بەرگەن. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەتتا ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارغىمۇ
تارقالغان. مۇشۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شيې بىن
«شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا «ئەينى ۋاقىتتا
ۋابا كېسىلى ئالتە ـ يەتتە يىلغىچە داۋاملاشقاچقا، يۇقىرىقى ئۈچ
ناھىيىدە ئاز كەم 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. لوپ ناھىيىسىدىلا 30
مىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. خوتەن ئەتراپىدا ئۆلگەنلەر
ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئون ئائىلىدىن توققۇزىدا ئادەم قالماي،
يەرلەر ئاق قالغان. تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئادەم قالمىغاچقا، يەر ـ
نىڭ باھاسى يېرىم باھاغا چۈشۈپ كەتسىمۇ سېتىۋالىدىغان ئادەم
چىقمىغان» دەپ بايان قىلغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ خىل
يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن يۇقۇملانغاندا باش ئاغرىپ، بەدەن قىـ
زىپ، ئېغىز قۇرۇپ، كىشى تاماقتىن قالىدىكەن ياكى بوينىغا
چاقا چىقىدىكەن، ياكى قان قۇسۇپ، ئىچى سۈرۈپ ئىككى ـ ئۈچ
كۈن ئىچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بىر ئائىلىدە بىر كىشى شۇ
كېسەلگە گىرىپتار بولسا، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرگە يۇقۇپ،
بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئائىلىدىكى ھەممەيلەن ئۆلۈپ كېتىدى ـ
كەن، 10 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئاران بىرنەچچىسىلا ساق قالىـ
دىكەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەك ـ

تۇپلار» دېگەن كىتابىدىمۇ ئاشۇ چاغدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنىد-
غان. «دوختۇرلارنى تاللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا كېسەل داۋالاشقا ئەۋەتىش ھەمدە ئۆلكە مەركىزىدە تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات»تا مۇنداق دېيىلگەن: «دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تېلېگراممىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، رۇسىيە كونسۇلى قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تارقالغان ۋابا كېسىلد-
نى تېزدىن بىر ئامال قىلىپ يوقىتىپ، ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىد-
نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇ كېسەلنى بالدۇرراق يوقىتىش مۇھىم ئىش بولغاچقا، جۇڭگوچە، غەربچە داۋالاشقا ماھىر دوختۇرلارنى تاللاپ، تېزدىن يۇقىرىقى جايلارنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ بېرىش-
نى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭنىڭ خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىد-
رىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، يۇقىرىقى جايلاردا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىۋېتىپتۇ. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىنى قوشۇمچە ئۇستىگە ئالغان شىي ۋېنباۋ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىنى قوشۇمچە ئۇس-
تىگە ئالغان فېڭ سىجىڭ، لوپ ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىنى قو-
شۇمچە ئۇستىگە ئالغان گۇي فېنلار دوكلات يوللاپ، بۇ ناھىيە-
لەرنىڭ ھەربىرىدە كۆپ بولغاندا نەچچە ئون مىڭ، ئاز بولغاندا 10 نەچچە مىڭ خەلق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ھەتتا بەزى ئائىلە-
لەرنىڭ ئائىلە بويىچە ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، دوختۇرلارنى تاللاپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ناھىيىلەردە ئەنگلىيىلىك، رۇسىيىلىكلەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، رۇسىيە-
نىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قەشقەر ئايماقلىرىدىن كۆپ قېتىم قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئىلتىجا قىلغان. ئەينى چاغدا مەن ئۆلكە مەركىزىدىن بىرنەچچە دوختۇر تاللاپ ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئەۋەتتىم، لېكىن، بۇ ساھەدىكى قابىل كىشىلەر ئاز بولغاچقا، ۋابا تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ، بۇ كېسەلگە گىد-
رىپتار بولغۇچىلار جەنۇبىي شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن دوختۇر ئەۋەتىلىپ ئۇلارنىڭ

ھەربىرىگە 80 سەر كۆمۈش ئايلىق بېرىلدى، كېرەكلىك دورىلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەييارلاپ بېرىلدى، دورىلار كېسەللىك كۆرۈلگەن ئائىلىلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، خەنزۇلارنىڭ دورىسى پاكىز ئەمەس، دەپ قاراپ ئۆلۈپ كېتىشكە رازى بولىدىكەنكى، دورا ئىچكىلى ئۇنىمايدىكەن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا دورا ھەققى ئېلىنسا، ئىچىدىغان ئادەم تېخىمۇ چىقماي قالارمىكىن ...»①

كېيىنكى يىلى (1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا) يەنە «شىنجاڭدا تېبابەتچىلىك ئىلمى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش توغرىسىدا دوكلات»تا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ ناھىيىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ يىل (1918 ـ يىلى) كۈز ئايلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ۋابا كېسىلى يامراپ كەتتى. داۋالاشقا ئامال بولمىغاچقا، نۇرغۇن خەلق كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلگەنلەر بىر مىڭ نەچچە يۈزدىن ئاز ئەمەس ...»②

ئۇنىڭدىن باشقا جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى تەن چېڭفەننىڭ دوكلاتىدا: 1919 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى (دېھقانلار كالېندارى) يېڭى تۇرغۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جاساق شاھزادە، خوشۇننىڭ مۇئاۋىن باش بۇغى سونۇمدا، لاما جامسالار مەھكىمىگە كېلىپ، تاغ ئىچىدە ۋابا كېسىلى يامراپ، 25 كۈن ئىچىدىلا ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش بولۇپ 100 نەچچە موڭغۇل ئاھالىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، قالغانلىرى باركۆل، مورى، بەيتىك، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى يۇقۇملۇق ۋابا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. 1919 ـ يىلى كۈزگىچىمۇ تولۇق

① «ئىستىخپار ھۆجرىسىدىكى مەكتۇپلار»، جۇڭگو چېگرا رايون مەجمۇئەسى، «ۋېنخەي» نەشرى، بىرىنچى توم 2 ـ قىسىم، «مەلۇمات، خەت ـ چەكلەر» بۆلۈمى، 2 ـ قىسىم؛ 1917 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يوللانغان.

② ئىستىخپار ھۆجرىسىدىكى مەكتۇپلار»، جۇڭگو چېگرا رايون مەجمۇئەسى، «ۋېنخەي» نەشرى، بىرىنچى توم 2 ـ قىسىم، «مەلۇمات، خەت ـ چەكلەر» بۆلۈمى، 2 ـ قىسىم؛ 1918 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يوللانغان.

تىزگىنلىنىپ بولمىغان.
ياڭ زېڭشىن يوللىغان «دوختۇرلارنى تاللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا كېسەل داۋالاشقا ئەۋەتىش ھەمدە ئۆلكە مەركىزىدە تېبابەتچىلىك تەتقىقات ئورنى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات» شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تېلېگراممىسىغا بېرىلگەن جاۋاب ئىدى. خوتەن، كېرىيە، لوپ نايىيىلىرىدە ۋابا تارقالغاندىن كېيىن، بۇ ئىش روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ئۇلار بۇ ئىشنى روسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئاندىن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرامما بەرگەن. بۇ ۋاقىت ياڭ زېڭشىن ئىچكى ـ تاشقى قىيىنچىلىق تۇپەيلىدىن جان تالىشىۋاتقان چاغ بولغاچقا، 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ تارقىلىشقا باشلىغان ۋابا كېسىلى بىلەن كارى بولماي كەلگەن. پەقەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن تەدبىر قوللانغان.
شىنجاڭنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يىراق بولغانلىقى، قاتناش راۋان بولمىغانلىقى، يەنە كېلىپ ياڭ زېڭشىن بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى قالاق، تېببىي داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. بۇ يەردىكى ئاممىدا خۇراپاتلىق كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار ئىلىم ـ پەنگە ئىشەنمەيتتى. شۇڭا كېسەل تېزدىن تىزگىنلەنمەي، خالىغانچە يامراپ خەلققە زىيان سالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىچىدىغان سۇنىڭ تازىلىقىغا ئەزەلدىن ئېتىبار بېرىلمەي، ئادەم بىلەن چارۋىلار بىرلا كۆلچەكتىن سۇ ئىچەتتى. بۇ يۇمۇملۇق ۋابا كېسىلىنىڭ تارقىلىشىنىڭ تەبىئىي ۋاستىسى ئىدى. 70 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئېغىر ۋابا كېسىلى كىشىنى خېلى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ يىل

ئاپتونوم رايونىمىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىچملىك سۇ تازىلىقى-
نى ياخشىلاشنى قارار قىلدى، لوپ ناھىيىسى بۇ يىل 1 مىليون
يۈەن مەبلەغ سېلىپ سۇ بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسەلىرىنى يا-
سىماقچى، خەلققە بەخت يارىتىدىغان بۇ دانا تەدبىر نەتىجىسىدە،
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ئوڭۇشلۇق ھەل بولغۇ-
سى.

# ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجى

ئادىل ئابدۇقادىر

## 1. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىنى ئىزدىگەندە، شەرقشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىق بىر يەككە تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە ئەمەس، ئالدى بىلەن شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

شەرقشۇناسلىق غەربىي ياۋروپادا 18 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن بولۇپ، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزى ھەم ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاسىيا دۆلەتلىرىگە، جۈملىدىن شەرق ئەللىرىگە كۆز تىكىشكە باشلىدى، شۇنداقلا شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋەتنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇردى. غەربلىكلەر شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئومۇملۇق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى چۈشىنىشكە موھتاج ئىدى. غەربىي ياۋروپادا بۇ خىل ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ شەرقشۇناسلىق بىر تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

غەربىي ياۋروپادا شەرقشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان خەنزۇشۇناسلىق بارلىققا كەلدى ھەم خېلى راۋاجلاندى. بىر قىسىم خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلار جۇڭگوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتىنى غەربلىكلەرگە تونۇشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئانتونى گاۋىل (1722 ـــ 1759)، ئالېكساندىر ۋېيلى،

ھېنرى ماسپرو، ۋ. خارتىز قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ ئاسترونومىيە، دېڭىزچىلىق، بىيولوگىيە ئىلىملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇنى غەربلىكلەرگە تونۇشتۇردى[1]. خەنزۇشۇناسلىقنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇ تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر قاتار ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرگە دائىر يازمىلار ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا بۆسۈش پەيدا قىلدى.

خەنزۇ تارىخى مەنبەلىرىدە قەدىمكى ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پاراكەندىچىلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، يوسۇنى، ئۇلار ياشاپ كەلگەن زېمىنلار ئۈستىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، ياۋروپا خەنزۇشۇناسلىرىنىڭ بۇ مەنبەلەر بىلەن ئۇچرىشىشى، ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا بولغان بىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا غەرب ئالىملىرى مەركىزىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىشتا، دەسلەپ دېگۈدەك خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدە غەرب ئالىملىرىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا فرانسۇز ئالىمى ژ. دېگىن تۇنجى بولۇپ خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ قەدىمكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ 1756 ـ ، 1758 ـ يىللىرى پارىژدا نەشر قىلىنغان ۋە كېيىنچە نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە غەربىي تاتارلارنىڭ ئەيسا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخى» ناملىق بەش توملۇق ئەسىرى ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدىكى مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمىي خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى زور ئەمگەك. ئا-

---

① «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

لىم مەزكۇر ئەسىرىدە جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ مەركى-زىي ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى توغرىسىدا سىستېمىلىق توختالغان. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى توغرىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك تەركىبى، دۆلەتنى قۇرغۇچى ۋە ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا تۇنجى قېتىم مەزكۇر ھا-كىمىيەتنى قۇرغۇچى ۋە يادرولۇق ئاساس ئۇيغۇرلار ئىكەنلىك-ىدىن ئىبارەت كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ژ. دېگىنىدىن كېيىن فرانسۇز خەنزۇشۇناسلىقىنىڭ ئاساس-چىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئالىم ئا. رېمۇسات (1788 ـــ 1832) ئۇنىڭ بىلەن زاманداش بولغان يەنە بىر فرانسىيىلىك شەرقشۇ-ناس ھەم ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى يۇلىئوس كىلاپروت (1783 ـــ 1835)لار خەنزۇ تارىخنامىلىرىگە ئاساسلىنىپ مەر-كىزىي ئاسىيا ھەم شىنجاڭنىڭ تارىخى، شىنجاڭدىكى تىللار، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى، شۇنداقلا ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئۈچۈن ئاساس سالدى. فرانسۇز شەرقشۇناسلىرىدىن يەنە س. ژىيۇلىن (1799 ـــ 1893)، ئە. شاۋان (1865 ـــ 1918)، شاۋاننىڭ ئوقۇغۇچىسى مەشھۇر ئا-لىم پېللىئوت (1878 ـــ 1945)لار ئىلگىرىكىلەر ئاچقان يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تۈرك ھەم ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ چەت تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشقا ئەللەردە بارلىققا كېلىشى ھەم خەلقئارادا كۆلەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ياۋروپادىكى باشقا ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقاتى فرانسىيىدىن بىرقەدەر كېيىن بولۇپ،

ئەنگلىيىلىك ج. دىڭگا (1815 ــ 1895)، ج. ئوگايلى (1815 ــ 1887)، س. بىيلى (1825 ــ 1889) قاتارلىق ئالىملار بۇ جەھەتتە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

بۇ ساھەدە يەنە رۇس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەم ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مەزمۇن ھەم كۆلەم جەھەتتىن فرانسىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شەرقشۇناسلىق غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسى غەربىي ياۋروپادا تۇرغۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرشۇناسلىق يەنىلا رۇسىيىدە چوڭقۇرلاشتى، رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۇردى.

1725 ـ يىلى پېتىر I پېتىربۇرگدا پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇپ، رۇس ئالىملىرىنىڭ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى ھەم چەت ئەللەردىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلدى، بۇ ئالىملار ئىچىدە شەرقشۇناسلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار رۇسىيىدە شەرقشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم راۋاجلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. فرانسۇز شەرقشۇناسلىرىدىن يۇلىئۇس كىلاپروت، ژىيۇلىن، شاۋان، پېللىئوت قاتارلىقلار رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ رۇس ئالىملىرى بىلەن بىرگە تەتقىقات ئېلىپ باردى، بۇ رۇسىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. رۇسىيە شەرقشۇناسلىرى ئىچىدە يا. بىچۇرىن (1777 ــ 1853) تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇ تەتقىقات مېتودى جەھەتتە غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزدەنگەن. ئۇ خەنزۇچە مەنبەلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۈچ توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (1851 ـ يىلى) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. ئۇ خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇپ، شەرقشۇ-

ناسلىقتا تونجى بولۇپ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت خەنزۇچە مەلۇماتلارنى توپلاپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرى كۆلەم ھەم تەتقىقات سۈپىتى جەھەتتىن غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن، غەربىي ياۋروپا ھەم روسىيە ئالىملىرى شىنجاڭ ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، بىچۇرىننىڭ بۇ ئەمگىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئوينىغان رولى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1879 ـ يىلى رۇسىيىلىك رېيگىن تۇنجى بولۇپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن ھەم ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلىغان، خارابىلەرنى تەكشۈرگەن، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نى ئېلان قىلغان. ئۇ قەدىمكى شەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ «ئۇ يەردە خۇددى رىم شەھىرىگە ئوخشايدىغان خارابە ئىزلىرى بار» دەپ يازغان. 1893 ـ يىلى، 1897 ـ يىلى يەنە رۇسىيىلىك پاۋلوۋسكى، كوزلوف، كىلېمىنتىس قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى باشلاپ تۇرپان رايونىغا كېلىپ، مىڭئۆي تام رەسىملىرى، خەنزۇچە، سانسكرىتچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇرغۇن قوليازما، ھۆججەت ھەم بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 1899 ـ يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، رۇسىيىلىك تۈركولوگ رادلوف تۇرپاندىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغان. يىغىندا يەنە ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش رۇسىيە كومىتېتى دېگەن ئىلمىي ئورگان تەسىس قىلىنغان①.

① «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2001 ـ يىللىق 1 ـ سان، 9 ـ بەت.

18 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىنىڭ تەركىبىي سۇپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرشۇناسلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېـ ـلىپ ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق خېلىلا راۋاجلاندى ھەم كۆلەملەشتى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە مەخسۇس تەتقىقات ئىلمىي سۇپىتىدە مەيدانـ ـغا كېلىپ، ھەرقايسى ئەللەردە مەخسۇس ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، خەلقئارادا كۈچلۈك بىر ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات قوشۇنى شەكىللەندى.

## 2. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى راۋاجى

ئۇيغۇرشۇناسلىق بىر تەتقىقات ئىلمىي سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندىن ھازىرغىچە ئاز كەم ئىككى ئەسىر بولدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرشۇناسلىق شەرقشۇناسلىقنىڭ بىر تەركىبىي بولۇش دائىـ ـرىسىدىن ھالقىپ، دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىندى. خەلقئارا تەتقىقاتنىڭ كۆلەملىشىشى، راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەخسۇس تەتقىقات ئىلمىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرشۇناسلىق مەخسۇس تەتقىقات ئىلمىي سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ـ نىڭ ئېتنولوگىيىسى، ئېتمولوگىيىسى، ئېتنوگرافىيىسىگە ئالاقىدار نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ھەرقايسى ئەللەردە ئۇيغۇرلار تارىخى، تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى، تەتقىقات ئىلمىلىرى ئومۇ ـ مىيلىقتىن مەخسۇسلىشىشقا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندى. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى تەتقىقات تەرەققىياتىنى ۋاقىت جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەم ئېتنوگرافىيىسى قىزغىن تەتقىق قىلىنىدىغان، شۇنداقلا تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي يۆ ـ نىلىشى بەلگىلەنگەن بىر ئەسىر بولۇپ قالدى. غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى گەرچە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئالاقىدار بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە مۇكەممەل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. 1812 - يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەكلىپ قىلىنغان فرانسىيىلىك ئالىم يۇلىئۇس كىلاپروت جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەنبەلەرنى ئۆگىنىش ھەم تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ تىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقتۇر» دېگەن ھۆكۈمنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى چۇۋاش مىللىتىدىن بولغان شەرقشۇناس ئالىم بىچۇرىن رەت قىلدى ھەم ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك جەھەتتىن موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارىدى، كېيىن رۇسىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم ئا. كازىمبېك (1802 — 1870) شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنى خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركچە مەنبەلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ، «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» (1841) ناملىق ئەسەرىدە ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئۇ «بىز بۇ قەبىلىنى (ئۇيغۇرلار)نى تەتقىق قىلىشتا، قولىمىزدا بار بارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ئۇيغۇرلار بىزگە نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ئۇچۇن يېڭى سەھىپە ئاچىدۇ» دەپ قارىدى①. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى مەشھۇر تارىخشۇناس ۋ. ۋاسىلىيېف قۇۋۋەتلىدى ھەمدە جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇچرايدىغان (خۇيخې)، (خۇيگۇ) ئاتالغۇسى بىلەن تۈركىي تىلدىكى ئۇيغۇرلار ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش، (خۇيخې) ئاتالغۇسى (ئۇيغۇر) ئاتالغۇسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىلدىكى ئەسلىي مەنىسىنىڭ يەنى (بىرلەشمە) مەنىسىنىڭ تەرجىمىسىدۇر» دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئا. كازىمبېك بىلەن ۋاسىلىيېفنىڭ بۇ قارىشىنى رادلوف ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىغا

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، كىرىش سۆز، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى.

ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا» (1893) ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ تولۇقلاپ «ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمدىن بىرى يىراق غەربكە تارقال-غان تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە، ناھايىتى كەڭ تارقالغان تۈركىي خەلقتۇر» دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭ تارىخى-غا ئائىت تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە قانات يېيىشىغا ئە-گىشىپ، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخ-سۇس قوشۇن شەكىللىنىشكە باشلىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخى-غا ئالاقىدار تەتقىقات تېمىلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى.

رۇسىيە شەرقشۇناسلىقىدا ۋ. ۋ. گىرىگورىيېف (1816 ــ 1881) قەدىمكى يۇنان، رىم، جۇڭگو، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب، پارس ھەمدە تۈركىي مەنبەلىرى بويىچە شىنجاڭنىڭ يىراق قە-دىمكى دەۋردىن باشلاپ 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىنى ئو-مۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ياكى «جۇڭگو تۈركىستانى» (1873) ناملىق ئەسىرى بۇ جەھەتتىكى نوپۇزلۇق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، گىرىگورىيېف ئە-رەب، پارس مەنبەلىرى بويىچە قاراخانىيلار خانلىقىنى خېلى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ھەمدە تۇنجى بولۇپ «قاراخانىيلار خانلىقى» دېگەن بۇ سىياسىي ئاتالغۇنى شەرقشۇناسلىققا ئېلىپ كىرگەن. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى يادرولۇق ئۇرۇق، دۆلەت تەشكىلاتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن، ئالىم يەنە شىنجاڭدىكى بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان.

19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ كۆلەملىشىشى-شى ھەم راۋاجلىنىشىدا رۇسىيە ئالىملىرى ھەم ئېكسپېدىتسىيە-چىلىرىنىڭ تۆھپىسى زور، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى كېڭەيتتى ھەم خەلق-ئارالىق تەتقىقات قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئېرىشكەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنى نۇرغۇن ماددىي دەلىللەر بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭغا خېلى بۇرۇنلا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ھاۋا كىلىماتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغانىدى. ئەمما ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ھەم ئۇنىڭ بۈيۈك بىرىتانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، شۇنىڭدەك ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ياكى ۋاقتى كەلگەندە بۇ رايوننى بىراقلا يۇتۇۋېلىش مەقسىتىنى كۆچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ھەم مەقسەتلىك ھالدا ئۇزۇلدۇرمەي ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، بۇ جەھەتتە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھەم خان جەمەتى جۇغراپىيە تەتقىقاتى جەمئىيىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف 1858 -، 1859 - يىللىرى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ قەشقەرگە كەلدى ھەم ئۇيغۇرلار تارىخى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەخسۇس ماتېرىيال توپلىدى. رۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزى توپلىغان ماتېرىيال ھەم تەكشۈرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن «قەشقەر»، «جۇڭغارىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» قاتارلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى رۇسىيە شەرقشۇناسلىقىدىلا ئەمەس، دۇنيا شەرقشۇناسلىقىدىمۇ ھېلىھەم ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ۋەلىخانوفتىن كېيىن يەنە ئا-

ن. كىروۋپاتكىن شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەرىيە توغرىسىدا سىس-تېمىلىق ماتېرىيال توپلىدى ھەم ئەينى دەۋردىكى قەشقەرىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر «قەشقەرىيە»نى ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ شەرىپىگە رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇس تەتقىقاتچىسى ھەم جۇغراپىيىشۇناس ن. م. پرژېۋالىسكىي مەركىزىي ئاسىيادا تۆت قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شۇنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە «ئۇسسۇرىيە»، «موڭ-غۇللار ۋە تاڭغۇتلار دۆلىتى»، «غۇلجا، تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ لوپ-نورغا قاراپ ئىلگىرىلەش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى ھەم بۇ ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا 15 مىڭ دانە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى، 7000 خىلدىن ئارتۇق ھايۋانات ئەۋرىشكىسى يىغىۋالدى[①]. شۇ-نىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رۇس ئېكس-پېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شۇنداقلا دۇنيا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى-نىڭ بېرىشقا ئىنتىلىدىغان رايونى بولۇپ قالدى. پرژېۋالىسكىي-غا ئەگىشىپ رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن يەنە ئا. سوسنو-ۋىسكىي، ئە. لى ماتسوۋىسكىي، گ. ن پوتانىن قاتارلىقلار قومۇل ئۇيغۇرلىرىغا دائىر فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن يەنە ئا. ن. كراسوف (1886 ـ يىلى)، م. پېۋسوف (1876 ـ، 1889 ـ يىللىرى)، ۋ. ئى روبىرو-ۋىسكىي، ئاكا ـ ئۇكا گىرىم گىرژىمايلو، د. ئا. كىلېمېنتس، رادلوف، س. يې. مالوف، ئولدېنبورگ قاتارلىق شەرقشۇناسلار شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ماتې-رىياللارغا ئېرىشتى. ئۇلار توپلىغان ماتېرىياللار كېيىنكى ئۇيـ-غۇرشۇناسلىقنىڭ مۇكەممەللىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

(2) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق نەزەرىيىۋى دەلىللەشتىن ھالقىپ، ئارخېئولو-گىيىلىك ماتېرىياللارنى، تىل ـ يېزىق ماتېرىياللىرىنى تەتقىق

① «غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈر-لەر نەشرىياتى نەشرى.

قىلىش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور، مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا يېڭى مەزمۇنلار قېتىلدى، تەتقىقات چوڭقۇرلاشتى.

مەركىزىي ئاسىيادا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى مەركىزىي ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەم قېزىشنى باشلىۋەتتى. 1889 ـ يىلى سىبىرىيىلىك ئارخېئولوگ ھەم مىللەتشۇناس يادرىنتسېۋ شىمالىي موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن ئۈچ مەڭگۈ تاشنى تاپتى. ئۇ تاپقان ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ بىرى «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ مەڭگۈ تاش تېپىلغاندىن كېيىن، دانىيىلىك تومسون، رۇسىيىلىك رادلوف، تۈركىيىلىك نامىق ئورخۇن، رۇسىيىلىك مالوف قاتارلىق ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلدى ھەم مۇناسىۋەتلىك تىللارغا تەرجىمە قىلدى. 1890 ـ 1891 ـ يىللىرى فىنلاندىيە ھەم رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ مەڭگۈ تاشلار بايقالغان جاينى قايتىدىن قازدى ھەم مەڭگۈ تاشلارنى سۈرەتكە تارتىپ، سۈرەتلىك قوللانما ئېلان قىلدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى رادلوفنىڭ تەكلىپى بىلەن شىمالىي موڭغۇلىيىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرىدىغان بىر ئەترەت تەشكىللەندى[1]. 1897 ـ يىلى يەنە كىلېمېنتس، موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوقتو دېگەن جايدىن «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نى تاپتى، بۇ تاش تېپىلغاندىن كېيىن ئوخشاشلا رادلوف، تومسون، دېنىسون قاتارلىقلار ئۇنى تەتقىق قىلدى ھەم مۇناسىۋەتلىك تىللارغا تەرجىمە قىلدى. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشى ھەم تەتقىق قىلىنىشى دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى ئۈچۈنمۇ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. مەڭگۈ تاشلار تىلى ھەم ئۇيغۇر يازما يادى-

---

① كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، كىرىش سۆز.

كارلىقلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ 19 ـ ئەسىردىن كېيىنكى يېڭى بىر پەللىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يېزىق ـ نىڭ ئوقۇلۇشى جەھەتتىكى ئۇتۇقلار دانىيىلىك تومسون بىلەن روسىيىلىك رادلوفقا مەنسۇپ بولۇپ، تومسوننىڭ رۇنىك يېزىق ـ نى ئوقۇشى ئاساسىدا 1894 ـ يىلى رادلوف كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ تۇنجى تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قە ـ دىمكى تۈرك تىلى تەتقىقاتى تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولۇپ مەيدانغا كەلدى، شۇنداقلا پېتىربۇرگ قەدىم ـ كى تۈرك تىلى تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. 1892 ــ 1903 ـ يىللىرى پېتىربۇرگدا قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى تەتقىقاتىغا ئالاقىدار نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر نەشر قىلىن ـ دى، بۇ تەتقىقاتلاردا رۇسىيە شەرقشۇناسلىرىدىن رادلوف، بار ـ تولد، زالىمان قاتارلىقلار مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر يازما يا ـ دىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەم ئۇنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا رادلوف، پاۋې دې كورتېل، گ. ۋامبېرى، كارل بىروككېلمان قا ـ تارلىقلارنىڭ ئەمگەكلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1870 ـ يىلى ۋامبېرى فرانسۇز شەرقشۇناسى ژائوبېرت ئامېرىنىڭ 1823 ـ يىلىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى خەۋىرى ھەم قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم تەر ـ جىمىسىگە ئاساسلىنىپ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇھىم قىسىملى ـ رىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلدى. 1897 ـ يىلى رادلوف قاھىرە ـ نىڭ قىرال كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھەم ۋىنا نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ 10 يىلدەك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1910 ـ يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى نەشر قىلدۇردى[①]. مۇشۇ يىللاردا يەنە رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭدىن ساك، سوغدى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزى ـ قىدىكى نۇرغۇن يازمىلارنى تاپتى، سۋېن ھېدىن (1865 ــ 1952)،

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

بارتولد (1869 ــ 1930)، ئاۋرېل ستەيىن (1862 ــ 1943) قا-تارلىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تۈرك تارىخى تەتقىقاتى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقا-تىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرى-پىدىن بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدە-نىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر تېخىمۇ كۆپ شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

1902 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە ئۆتكۈ-زۈلگەن 13 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، يى-غىن ئىشتىراكچىلىرى ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قى-لىش رۇسىيە كومىتېتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ـ يىراق شەرق تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە ـ تىلشۇناسلىق ـ مىللەتشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتتى. سان پېتېربۇرگدا باش ئور-گان، ھەرقايسى ئەللەردە شۆبە ئورگان تەسىس قىلىندى. روسى-يىلىك ئولدېنبورگ جەمئىيەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ پېشۋاسى مالوف 1909 ــ 1911 ـ، 1913 ــ 1914 ـ يىللىرى شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كەلدى ھەم نۇرغۇن يازما ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئولدېنبۇرگ، م. بېرزوۋ-سكىيلارمۇ مالوفتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا بىر-قانچە قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم تۇرپان مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ كوپىيىسىنى ئالدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۈشلەر تەمىنلىگەن يازمىلار ھەم سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ ھا-سىلاتى سۈپىتىدە بارتولد، تومسون، رادلوف، مالوفلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز ئەمگەكلىرىنى نەشر قىلدۇردى.

31 يېشىدا «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (1900) ناملىق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسى ئارقىلىق شەرق ئەل-لىرى تارىخى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بارتولد ئىسلام تارىخىنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدىكى

موڭغۇل، ئەرەبلەرگە ئالاقىدار «ئىسلام ئوچېركى»، «خەلق ۋە سۇلتان»، «مۇسۇلمان مەدەنىيىتى»، «تۈركىستان»، «تۈركىستاننىڭ مەدەنىي ھاياتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈرك، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىنى يورۇتۇشقا زور تۆھپە قوشتى، ئۇنىڭ ئىسلام قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى، «تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېركلىرى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى قول پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ھېسابلىنىدۇ.

رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. روسىيىلىك پرژېۋالىسكىي، كوزلوف، ئولدېنبۇرگ، بارتولد قاتارلىقلار ئېرىشكەن مول ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىستىقبالىنى تولۇق نامايان قىلغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى 40 ـ يىللارغىچە شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، فون بېرگمان، ئەنگلىيىلىك ستەيىن، فرانسىيىلىك پېللىئوت، گېرمانىيىلىك گرۈنۋېدىل، لېكوك، ياپونىيىلىك نىشى توكوجىرو، ئوتانى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ قەبرە قېزىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى چەت ئەلگە يۆتكەش بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

1902 ـ يىلى بېرلىن ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ خادىمى گرۈنۋېدىل بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، رۇسىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كەلدى. ئۇ شۇ قېتىملىق سەپىرىدىلا ئۇيغۇرچە يازما ھەم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن 46 ساندۇق ئېلىپ چىقىپ كەتتى. 1904 ـ يىلى لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى بېزەكلىك، تۇيۇق قاتارلىق جايلاردىكى تام رەسىملىرىنى پۈتۈنلەي قومۇرۇۋالدى ھەم قوچۇ خارابىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە، تام رەسىمى،

مەڭگۈ تاشلارنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى 200 ساندۇقتىن ئاشىدۇ. ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1914 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپانغا كېلىپ 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئەڭ قىزىقىدىغان تېما بولۇپ قالدى. ئىلمىي ساھەدە بولسا مالياۋكىن ئېيتقاندەك: «20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش گويا ئۇزۇلۇپ قالغاندەك بولدى. بۇ تېما ئۈستىدە نەشىر قىلىنغان ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولدى»[1]. بۇ دەۋر ئومۇمىي دۇنيا ۋەزىيىتى ئۆرۈش ئوتى ئىچىدە قالغان، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان دەۋر بولۇپ، مەيلى رۇسىيە ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقات بوشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە شەرقشۇناسلار ئىچىدە نەزەرىيىۋى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كۆرە، شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقى قوزغالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئانا ماكانىدىكى نەچچە ئون مىڭلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلدى، ئېلىپ كېتىلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئوقۇلۇشى ھەم ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادا ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقات قىزغىنلىقى قوزغالدى[2]. بۇ ئەمگەككە ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئورتاق ئىشتىراك قىلىشى ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەم ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى كېڭەيتتى. قىسقىغىنە يىرىم ئەسىر ئىچىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، دانىيە قاتارلىق ئەللەردە

① مالياۋكىن: «9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 12 ـ بەت.

② نيۇ رۇجى: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرى ۋە يادىكارلىقلىرى» 13 ـ بەت.

مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ھەم بۇ ئەللەردە يېڭى بىر تەتقىقات قوشۇنى شەكىللەندى. ئۇلار مەخسۇس ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى ھەم شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەتقىقاتچىلاردىن گېرمانىيىلىك لېكوك (1860 ـ ؟)، باڭ (1869 ــ 1934)، مۇللېر (1863 ــ 1930)، گابائىن (1901 ــ 1993)، رۇسىيىلىك رادلوف، مالوف، تىخونوف، ياپونىيىلىك خانېدا تورۇ، مورى ماسائو، يامادا نوبۇئو، مانوئېيجى، خامادا ماسامى، فرانسىيىلىك پېللىئوت (1874 ــ 1945)، جامىس خامىلتون، ۋېنگرىيىلىك ۋامبېرى، لۇيىس لىگېتى، تۈركىيىلىك سائادەت چاغاتاي، تالات تېكىن، ئورخۇن، كۆپرۈلۈ، ئەنگلىيىلىك تۈركولوگ كلاۋسون قاتارلىقلار بار، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

(3) ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ كۆلەملەشكەن، گۈللەنگەن ۋاقتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 90 ـ يىللىرىغا قەدەر بولغان يېرىم ئەسىرلىك تەتقىقات دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ئەسەرلەر ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل بىر تەتقىقات تېمىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى ھەم ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار نۇرغۇن چىگىشلەر ھەل قىلىندى. خەنزۇ تەتقىقاتچىلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخىغا ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ھەم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات ئەمگەكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، شۇنداقلا مىللىتىمىز ئىچىدىمۇ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقىپ، تەتقىقات ساھەسىدە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشلىنىشى تۈركىيىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» (قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلدى)نىڭ

نەشر قىلىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى ئىستانبۇلدا تېپىلىپ، 1914 — 1917 ـ يىللىرى ئۈز ئەينى بېسىلغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلماقچى بولغان ۋە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنىدى①. «دىۋان» ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەلۇم بولغانىدى، بۇ ھەقتە پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە يازغان ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «1904 ـ يىلى ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل بىلىمى شۆبىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان تىل بىلىمى مەجمۇئەسىدە مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە يېزىلغان تۈركىي تىلدا يېزىلغان كىتابلار توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدە كونا تۈركچە ـ ئەرەبچە يېزىلغان ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نامىدىكى بىر ئەسەر كۆرسىتىلىدۇ ··· مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر يېزىلغان ماقالە شۇ».

«دىۋان»نىڭ نەشر قىلىنىشى دۇنيا تۈركولوگىيە ئىلمىدىكى چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇ بەس ـ بەس بىلەن تەتقىق قىلىندى، تەرجىمە قىلىندى. «دىۋان» توغرىسىدا نېمىسچە، ۋېنگىرچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە كىتاب ۋە ماقالىلەر يېزىلدى. گېرمانىيىدە «دىۋان» تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم كارل بروككېلمان. ئۇ 1928 ـ يىلى «دىۋان»نىڭ نېمىسچە ئىندېكىسىنى ئىشلەپ چىققان ھەم ئۇنى ياۋروپالىقلارغا تونۇشتۇرغانىدى. «دىۋان»نىڭ بايقىلىشى بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق قايتىدىن جانلاندى.

بۇ باسقۇچتىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ باشلىنىشى ھەم خەنزۇشۇناسلىقنىڭ باشلىنىشى يەنە ياپونىيە ھەم خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 1936 ـ يىلى ئېلىمىزدە تەتقىقاتچى ۋاڭ رىۋبىي تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە توختالدى

① ئۆلكۈ تاشىر: «بۈيۈك تىلچى — مەھمۇد كاشغەرىي» 122 ـ بەت.

(1936 ـ يىلى «تەتقىقاتچىلار» ژۇرنىلى مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان «تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار») ھەم بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئازادلىقتىن كېيىن فېڭ جياشېڭ، مۇ گۇاڭۋېن، چېڭ سۇلۇ، شياڭ دا، سېن جۇڭمىيەن قاتارلىقلار ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم خەنزۇ تارىخنامىلىرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئېلان قىلدى. خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىدىن فېڭ جياشېڭ، مۇ گۇاڭۋېن، چېڭ سۇلولار بىرلىكتە يېزىپ 1958 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە يازغان تۇنجى زور ھەجىملىك ئەسىرى بولۇپ، بۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچقان زور ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بۇ ئەسەر چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلمىغان بولغاچقا، ئۇ يەنىلا بەزى مەسىلىلەردىن خالىي بولالمىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا مەخسۇس تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. 1956 ـ يىلى سابىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېفنى تەكلىپ قىلىپ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تۈرك تىللىرى تەتقىقات سىنىپى ئاچتى. 1976 ـ يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ پائال تەشەببۇسى بىلەن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا قەدىمكى تۈرك تىلى سىنىپى ئېچىلدى. گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ سىنىپنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، «قەدىمكى تۈرك تىلى يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» قاتارلىق ئوقۇشلۇقلارنى تۈزۈپ چىقتى ھەم بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، گابائىننىڭ «ئىدىقۇت خانلىقى»، خانېدا تورۇنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت

تارىخى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. گېك شىمىن ئەپەندى گەرچە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللان-مىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇھىم قىسمى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىنىڭ ئا-ساسىنى سېلىشتىكى تۆھپىسى چوڭ. ئۇنىڭدىن باشقا 70 ـ يىللاردىن كېيىن خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىدىن لىن گەن، گاۋ زىخۇ، ۋېي لياڭتاۋ، شاڭ يەنبىن، ياڭ شېڭمىن، يۇ تەيشەن ··· قاتارلىق بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقىپ مەخسۇس ئۇيغۇر تارى-خى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچىدە كۆلەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدە يەنە ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ ئۇي-غۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاز ئە-مەس. كوۋادارا كورودىن كېيىن خانېدا تورۇ، ئابى تاكېئو، خا-نېدا ئاكىرا، مائىدا ماسانا، يامادا نوبۇئو قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، «غەربىي ئۇيغۇر تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايى-تەختى قەيەردە؟» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى جۇڭگو مەنبەلىرى، تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى تېكىستلەر ھەم مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ خېلىلا تو-لۇق يورۇتۇپ بەردى ھەم ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار تارىخى تەتقىقاتىنىڭ بۇ باسقۇچى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن كۆلەم ھەم تەتقىقات چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە ئېلىمىز ھەم باشقا شەرق ئەللى-رىنىڭ تەتقىقاتىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشتى. غەرب ئا-لىملىرى ئېكسپېدىتسىيە نامى بىلەن شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى خېلىلا قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بەردى.

فرانسۇز ئالىمى خاملتون 1955 ـ يىلى «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»دىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلدى. بۇ ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى باشلىنىشى بولۇپ قالدى. گېرمانىيىدىكى ئۇلۇغ تۈركولوگ ھەم ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ كەسىپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرپان تېكستلىرىنى تەتقىق قىلغانىدى. ئۇ كېيىن يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، دىنى، ئىجتىمائىي فولكلورىنىمۇ تەتقىق قىلدى. 1960 ـ يىللاردىن كېيىن گابائىن خانىم «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»نىڭ 10 ـ تومىنى ئىشلىگەندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەم مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار «ئىدىقۇت خانلىقى (950 ــ 1250)»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە يۈرۈش تۇرۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات» (1973 ـ يىلى)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1980 ـ يىلى)، «يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى» (1986 ـ يىلى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى (607 ــ 745)» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى.

1968 ـ يىلى ئېلىزابېت نېكىس گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسىرىنى نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش، ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەچكە چوڭ پۇتۇنلۇك بىلەن خاراكتېرلەندى. 1968 ـ يىلى يەنە ماككېراسنىڭ كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قىسسەگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرشۇناسلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆكتەبىر ئىن-

قىلابىدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئۈزۈكچىلىكنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، قايتىدىن جانلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن «رۇس بولمىغان مىللەتلەر» تارىخىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەتقىق قىلىنىشى تۈرتكىسىدە، بىچۇرىن، پوزدنىيېف ۋە بارتولدلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا، ئا. ياكۇبوۋسكىي، س. گ. كىلياشتورنىي، ئا. گ. مالياۋكىن، ب. ئا. لىتۋىنسكىي، د. ئى. تىخونوف، س. يې. مالوف قاتارلىق تەتقىقاتچىلار داۋاملىق ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، تۇرپان خانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەشر قىلىپ، ئۇيغۇرشۇناسلىققا يېڭى قان قوشتى.

خۇلاسە، 80 ـ يىللاردىن كېيىن خەلقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچىلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، شۇنداقلا يېڭى بىر ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك مۇنەۋۋەر ئەمگەك ئىگىلىرىدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى بۈيۈك ئەسىرىنى قايتا ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئاز كەم ئىككى ئەسىرلىك تەتقىقات داۋامىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ھەم راۋاجلاندى. ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دۇنيا تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تارىخ سۈپىتىدە بۇ ئىلىمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچى ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلدى. گەرچە ئۇيغۇرشۇناسلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دۆلەت

ئىچىدىكى، خەلقئارادىكى تىبەتشۇناسلىق، موڭغۇلشۇناسلىق تەت-قىقاتى بىلەن كۆلەم ھەم چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا ئاجىزمىز، چۈنكى ئېلىمىزدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كاپا-لەتلەندۈرگۈچى مۇقىم ئىقتىساد ۋە مۇقىم ئىلمىي مەركەز بول-مىغاچقا، بۇ ساھە كۈچلۈك تەتقىقاتچىلار قوشۇنىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭا ئېلىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تولۇق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگىنى يوق. شۇ تۈپەيلى ھازىرغىچە دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈ-شىنى توغرا، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان نوپۇزلۇق «ئومۇمىي تارىخ» مەيدانغا كېلەلمىدى. مەيلى ياۋروپا ئالىملىرى بولسۇن، ياكى رۇس ئالىملىرى بولسۇن ۋە ياكى ئېلىمىز ئالىم-لىرى بولسۇن تەتقىقات ئۇسۇلىدا يانداشما خاراكتېرلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانغان بولغاچقا، كۆزقاراش ۋە تەتقىقات نىشانىدا ئېغىش كۆپرەك بولدى، شۇنداقلا تەكرار تېمىلار كۆپ ئىشلەندى. ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار مەنبەلەرنىڭ كۆپ خىللىقى، تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل تىلغا ئالاقىدار بولۇشى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەلگى-لىگەن. شۇڭا كۆپ قىسىم تەتقىقاتلاردا تەتقىقاتچىلار ئۆزىگە مە-لۇم بولمىغان ياكى بىلمەيدىغان مەنبەلەرنى مۇھاكىمە دائىرىسى-گە كىرگۈزمىدى. بۇ دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقاتلاردا خېلىلا گەۋ-دىلىك ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر تارىخىغا ئالاقىدار ماددىي ئىسپاتلار ھەم قەدىمىي يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيانىڭ ھەر-قايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان بولغاچقا، تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار مۇزېي ماتېرىياللىرى پە-قەت ئاز ساندىكى ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشى ھېسابىدىكى تەتقىقاتنىڭ خام ماتېرىيالى بولۇپ بەر-گەچكە، كىم نېمىنى كۆرسە شۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى پارچىلىنىۋېتىلدى.

هازىرغىچە چەت ئەل تىللىرىغا ھەم قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىد-
تىگە ئالاقىدار قەدىمكى تىل - يېزىقلارغا ماھىر تەتقىقات قوشۇ-
نى مەيدانغا كەلمىگەچكە، ئۇيغۇرشۇناسلىق دۇنيا مەدەنىيەت تارد-
خى كەڭرىلىكىدە تەتقىق قىلىشقا ئېرىشەلمىدى، بۇلار كىشىنى
تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىق بۇنىڭدىن كېيىن سا-
پالىق تەتقىقات قوشۇنىغا موھتاج.

# چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلچەش ـ سىزىش پائالىيەتلىرى

## نىياز كېرىمى تۆپەئاتا

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭ چەت دۆلەتلەر قىزىقىدىغان ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. چاررۇسىيە ھەربىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ تاغ ـ دەريالىرى، شەھەر ـ كەنتلىرى، مۇھىم يوللىرى، قورغانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ياۋايى ھايۋان، يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن كۆپ قېتىم شىنجاڭغا مەخسۇس ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ شىنجاڭغا ئارخېئولوگىيە ۋە جۇغراپىيە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن.

17 ـ ئەسىردە رۇس كارتوگرافى ئىزۋىتوف ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، باي، سايرام، قىزىل، كۇچا، بۇگۇر، شايار، كورلا، قاراشەھەرلەرنىڭ پاراللېل، مېرىدىيانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن.

1856 ـ يىلى چاررۇسىيە ھەربىي كارتوگرافىيە خادىملىرى ئىلى چېگرا رايونى (رۇسىيە تەۋەسىدىكى) ۋە جۇڭگو تەۋەسىدىكى قىرغىزلار جايلاشقان بىر قىسىم يەرلەرنى خەرىتىگە ئالغان. 1876 ــ 1877 ـ يىللىرى چاررۇسىيە گېئوگرافى نىكولاي مىخايلوۋىچ پرژېۋالىسكىي (1839 ــ 1888) باشچىلىقىدىكى

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئىلى ئارقىلىق (شۇ چاغدا ئىلى چار-روسىيە ئىشغالىيىتىدە ئىدى) توققۇزتارا، كۈنەس، يۇلتۇز، خو-تۇنسۇمۇل، قاراشەھەر، كورلىلارنى بېسىپ، لوپنور كۆلى ۋە ئال-تۇنتاغلارنى چارلاپ، يول ئەتراپىدىكى جايلارنى خەرىتىگە ئالغان. پرژېۋالىسكىينىڭ مەلۇماتى بويىچە ئىلىدىن كورلىغا 530 چا-قىرىم (بۇ رۇسلارنىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق، بىر رۇس چاقىرىمى 1066.8 مېتىرغا تەڭ) يەنى 540 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن. بۇ يولدىكى ئەڭ ئېگىز داۋانلاردىن نارات داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 9800 فۇت (بىر فۇت 0.3048 مې-تىرغا تەڭ) يەنى 2987 مېتىر، قاپچىغاي غولىنىڭ داۋان بېشى 9360 فۇت (2853 مېتىر) ئېگىز ئىكەن. لوپنور كۆلىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى، ئۆگەن دەرياسى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلۇ-دىغان جايدىكى (كورلىنىڭ 80 چاقىرىم جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) تارىم دەرياسىنىڭ كەڭلىكى 60 ساۋىن (بىر ساۋىن 2.133 مې-تىرغا تەڭ) چوڭقۇرلۇقى ئۈچ ساۋىن كېلىدىكەن. لوپنور كۆلى-نىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئابدۇللاخۇن دېگەن كەنتتىن ئۆتكەندە دەريانىڭ كەڭلىكى 18 ساۋىن، چوڭقۇرلۇقى 2 ساۋىن، ئېقىش تېزلىكى مىنۇتىغا 140 فۇت (42.672 مېتىر)قا يېتىدىكەن. لوپنور كۆلىگە يېقىنلىشىپ بارغاندا كەڭلىكى ئۈچ - تۆت ساۋىن بولۇپ قالىدىكەن. لوپنور كۆلى ئەتراپىدىكى قومۇشلۇققا كەل-گەندە يوقىلىدىكەن. لوپنور كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىم (107 كىلومېتىر)، كەڭلىكى 20 چاقىرىم (21.3 كىلومېتىر) بولۇپ، بۇ كۆلنى ئېگىزلىكى ئالتە مېتىردىن ئاشىدىغان يېكەن، قومۇشلار قاپلاپ كەتكەنىكەن. كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا كەڭ-لىكى بىر - ئۈچ چاقىرىم، بەزى جايلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 12 — 13 فۇت كېلىدىغان بىر ئۇزۇنچاق سۇزۇك ئېقىن بار ئىكەن.

پرژېۋالىسكىي 1877 - يىلى كورلا، چاقىلىق، چاقىلىق بولاق ۋە ئابدۇللا كەنتىنىڭ پاراللېل - مېرىدىيانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن. 1879 — 1880 - يىللىرى يەنە ئالتۇنتاغنى تاپقان ۋە قومۇل، تۇرپانلارنى تەكشۈرگەن، ئايدىڭكۆلنى ئۆلچەپ، بۇ

كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئىسپاتلىغان. 1883 ــ 1885 ـ يىللىرى قەشقەر، خوتەن رايونلىرىنى، خوتەن دەرياسىنى، ئاقسۇ رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەرلەر ۋە يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، يوللار، دەريالار، كۆللەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ياۋايى هايۋانلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەرنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن.

1871 ــ 1872 ـ يىللىرى چاررۇسىيە كارتوگرافىيە خادىملىرى ئىلى رايونىنىڭ 1:210000 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى، 1872 ـ يىلى يەنە ئىلى رايونىنىڭ 1:840000 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىپ چىققان.

1872 ـ يىلى رۇس پودپولكوۋنىكى شارنىگورس قەشقەر، قارا كۆللەرنىڭ پاراللېل، مېرىدىيانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن.

1873 ـ يىلى رۇس كاپىتانى سىپلىپ مۇزارت تاغ ئاغزىنىڭ ۋە ئۇ يەر ئارقىلىق ئاقسۇغا بارىدىغان يولنىڭ 1:84000 ماسشتابلىق تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزغان.

1867 ـ يىلى رۇس كاپىتانى پولتۇراتىسكى يېتەكچىلىكىدىكى ئۆلچەش ـ سىزىش ئەترىتى تېكەس دەرياسى ۋادىسى ۋە مۇزارت تاغ ئېغىزلىرىنى ئۆلچەپ، بۇ جايلارنىڭ 1:210000 ماسشتابلىق خەرىتىنى سىزغان.

1876 ـ يىلى پولكوۋنىك گېئوگراف ئا. ف. كروپاتكىن باشچىلىقىدىكى 64 كىشىلىك چاررۇسىيە ئەلچىلىرى ئۆمىكى ياقۇپبەگ هۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرىيىگە كەلگەن. ئۆمەكتىكى كاپىتان كارتوگراف ستارتسېۋ قىرغىزستاندىكى ئوش شەھىرىدىن قەشقەرگىچە، قەشقەردىن ئۇششاقتال بىلەن توقسۇن پاسىلىدىكى قاراقىزىلغىچە بولغان يولنى، يۇرتلارنى، دەريا ـ كۆللەرنى، قورغانلارنى ۋە مەشھۇر ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئۆلچەپ 1:210000 ماسشتابلىق خەرىتىسى سىزغان. ئۆلچەنگەن مەلۇمات بويىچە ئوشتىن قەشقەر يېڭىشەھەرگىچە 5.373 چاقىرىم (399.6 كىلومېتىر)، قەشقەردىن كورلىغىچە 1300 چاقىرىم

(1391 كىلومېتىر) كېلىدىكەن.

1877 ـ يىلى رۇس كاپىتانى سۇنارگولوف ئاقسۇ كونىشەھەردىن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قىرغىزىستاندىكى سىلىخوكنوغا بارىدىغان يولنىڭ 1:210000 ماسشتابلىق گورىزونتال خەرىتىسى (يۆنىلىش كۆرسىتىش خەرىتىسى) ۋە يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزغان.

19 ـ ئەسىردە ئىنگلىز كارتوگرافلىرى قەشقەر، ياپچان، يېڭىسار، قىزىل، كۆك رابات، يەكەن، يېڭىشەھەر، مارالبېشى، پەيزاۋاتلارنىڭ پاراللېل، مېرىدىيانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن.

1894 ـ يىلى شۋېتسىيىلىك گېئوگراف سۋېن ھېدىن تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە كېلىپ، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كورلىغا كەلگەن. ئاندىن قاراشەھەرگە كېلىپ، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ لوپنور كۆلگە كېلىپ بۇ جايلارنى تەكشۈرگەن. بۇ قېتىملىق پائالىيەتتە ئۇ 550 پارچە خەرىتە سىزىپ ئېلىپ كەتكەن. شۇ ئاساستا 1897 ـ يىلى «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن ئىككى توملۇق كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب 1898 ـ يىلى نەشردىن چىققان. 1899 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىككىنچى قېتىم چارروسىيە ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ تارىمغا كەلگەن ۋە يەكەن دەرياسىنى خەرىتىگە ئالغان، ئاندىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكشۈرۈپ 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى يانچىكۆلگە كېلىپ ئۇ يەردىن تارىمنى ياقىلاپ يەنە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چەرچەنگە كەلگەن. بۇ جەرياندا يول بويى تارىم دەرياسىنى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ماڭغان. ئۇ يەردىن قايتىپ يەنە يانچىكۆلگە كېلىپ، ئاندىن كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ لوپنور كۆلگە كەلگەن ۋە كۆنچى دەرياسىنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان. ئۇ لوپنور كۆلى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆل دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەسەۋۋۇر 1921 ـ يىلى ئەسلىدە تارىمغا قۇيۇلىدىغان كۆنچى دەرياسى بىردىنلا ئۆز ئېقىنىنى ئۆز-

گەرتىپ، لوپنور كۆلى (يىپچانكۆل)گە قويۇلىدىغان بولغاندىن كېيىنلا ئىسپاتلاندى. 1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە لوپنور كۆلىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، بۇ كۆلنىڭ 1500 يىلنى دەۋر قىلىپ يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

سۋېن ھېدىن 1901 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قەدىمىي شەھەر كىروران خارابىسىنى تاپتى ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالدى ھەمدە پاراللېل، مېرىدىيانلىرىنى ئېنىقلىدى. ھازىر كىروران خارابىسىنى بىرىنچى بولۇپ تاپقان كىشى سۋېن ھېدىن دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىروراننى تۇنجى بولۇپ تاپقان كىشى ئۆردەك ئىسىملىك ئۇيغۇر («سىرلىق كىروران قەدىمىي شەھىرى»، خەنزۇچە، 32 ـ بەت). سۋېن ھېدىن 1893 ـ 1897 ـ يىللىرى پامىر ئېگىزلىكى، يەكەن دەرياسى، تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە لوپنور كۆلى رايونلىرىدا ياۋا تۆگە، بۇغا، يولۋاس، بۆرە، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تارقىلىش ئورۇنلىرىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان.

ئاۋرېل ستەيىن (1862 ــ 1934) 1904 ــ 1905 ـ يىلىغىچە تاشقورغان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، نىيە، كىروران، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، مىرەن خارابىسىنى تاپقان ۋە ئۇ يەرلەرنى سۈرەتكە تارتقان ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان.

گرۈنۋېدېل (1856 ــ 1935) گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئۇ 1903 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىلىكىنىڭ ئەينى ھالىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابە ئىزلىرىنىمۇ تەپسىلىي ئۆلچەپ خەرىتىگە چۈشۈرگەن.

1906 ـ يىلى فرانسىيىلىك ئارخېئولوگ پ. پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى ئەسكىسارنىڭ خارابىسىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. بۇ خەرىتىدە

كۆرستىلىشىچە، كونىشەھەرنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرىپىدە ئىككى سېپىل قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 287 مېتىر، غەرب تەرەپتىكى سېپىل قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 213 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 58 مىڭ 835 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ 83 موغا تەڭ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، بۇ دائىرە قەدىمىي شەھەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە تەڭ كېلىدىكەن.

1930 ـ يىللاردىن كېيىن تاشيول ياساش، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش، شەھەر پىلانلاش، ھاۋا قاتنىشىنى يولغا قويۇش ۋە ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجى ئۈچۈن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە گېئودېزىيىلىك كونترول نۇقتىلار ئورنىتىلىپ ھەر خىل ماسشتابلىق خەرىتىلەر ئىشلەنگەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

① «قەشقەرىيە»، 1982 ـ يىلى، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە.

② «غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» 1996 ـ يىل، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

# چەت ئەللىكلەرنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى ئىزلىرى

يولۋاس مۇھەممەتئىمىن

قەشقەر — تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان قەدىمىي بوستانلىق. ئۇ قەدىمدىن ئىستراتېگىيىلىك ئۇستۇنلۇكى بىلەن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۇگۇنى بولۇپ كەلگەن. ئىچكى قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق ئۇزاق ئەسىر داۋام قىلغان تۇرلۇك ئالاقىلەر بۇ قەدىمىي ماكانىنى كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل مىللەت، شۇنداقلا كۆپ خىل يېزىقنىڭ زەرەتلىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك ئۆزگىچە مەدەنىيەت بۇلىقىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ۋاھالەنكى، سۇ يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇق يوللىرى زاۋاللىققا يۇز تۇتۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ شانلىق نەمۇنىلىرى، قىممەتلىك فولكلور بايلىقلىرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۇرۇلۇپ كەتتى، قەشقەر دۇنيانىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن غېرىبانە ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ يەردىكى بېكىنمىچىلىك ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشتى. خەلقنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسى سۇسلىشىپ، روھىي دۇنياسى قاغجىراپ كەتتى. قەشقەر بوستانلىقى ئەنە شۇ تەرزدە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىلغار مەدەنىيەت نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇلماي، مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن يىراق تۇرۇپ كەلدى.

يىپەك يولى خارابىلىشىپ ئالاھازەل بەش ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتۇپ كەتتى. مەدەنىيەتلىك دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ قەدىمىي بوستانلىق ئاخىرى چەت ئەللىك تەۋەككۇلچىلەر تەرىپىدىن بايقىۋېلىندى. چەت ئەللىكلەر ئوتتۇرا ئەسىر

هالىتىدە قالغان بۇ سىرلىق ماكانىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا قىزىقتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە بۇ يەرگە چار روسىيە، برىتانىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، ياپونىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، گېئوگراف ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرى قەشقەر دائىرىسىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ساھەلەردىلا ئەمەس، مىللەت، تىل، ئىرق، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، كىلىمات، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەلىرى بويىچە بەس ـ بەستە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ يەردە قىممەتلىك مىراسلارنى ۋە نۇرغۇن مەلۇماتلارنى ھېچبىر توسالغۇسىزلا ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ باھاسىنى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلق چەت ئەللىكلەرنىڭ نېمىشقا بۇ زېمىنغا شۇنچە تەلپۈنىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئەسكى ـ تۇسكى جۇلدۇر كېپەنلەرنى يىغىپ يۈرۈشىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىشاتتى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر قەشقەردە تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەردە بولغان چەت ئەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى داڭلىق شەخسلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) موركروفت (Moorcroft)، ئەنگلىيىلىك سودىگەر، 1824 ـ يىلى كەشمىردىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم ئارقىلىق قەشقەر ۋە خوتەنگە كەلگەن. ئۇ، بۇ شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى، ھاۋا كىلىماتى، ئىرقى، ئىقتىسادى، شۇنداقلا جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، ئۇنى ئەنگلىيە خان جەمەتى

جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە تاپشۇرغان.
(2) ھېنرى ستراچى (Henry strachey) ، تومسون (Tompson)، ئەنگلىيىلىك، 1847 ـ يىلى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتۈپ يەكەنگە كېلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب ياقىلىرىدىكى يۇرتلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە تاپشۇرغان.
(3) ئادولف شىلاگېنتۋېيت (Adolf schilagenewyt)، ھېرمان شىلاگېنتۋېيت (Herman schilageneweyt) ۋە روبېرت شىلاگېنتۋېيت[1] (Robert schilageneweyt)، گېرمانىيىلىك، 1857 ـ يىلى بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا كەشمىردىكى لاداقتىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تاغ يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر شەھەرلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان. ئادولف قەشقەردە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ كاتتىبېشى ۋەلىخان تۆرە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىككى ئۇكىسى ھىمالايا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى ۋە 1400 خىلدىن ئارتۇق تۇپراق، ئۆسۈملۈك جانلىق ئەۋرىشكىلىرىنى ئېلىپ قايتقان.
(4) مونتگومېر (Montgomerie)، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئىلمىي خادىمى، 1863 ـ يىلىدىن 1865 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى قېتىم قەشقەر، يەكەنگە كەلگەن. يەكەن شەھىرى ۋە زەرەپشان دەريالىرى ئەتراپىدا سىزىش، ئۆلچەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان.
(5) رېينتال (Reinthal)، ئەنگلىيىلىك، 1868 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ مېتېئورولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى 4017 ئىنگلىز چىسى (تەخمىنەن 1260 مېتىر ئەتراپىدا)، دەپ بېكىتكەن.
(6) ھايۋارد (Hayward)، روبېرت شاۋ (Robert shaw)، كەيلى (Caily)، ئەنگلىيىلىك. 1868 ـ يىلى ئۇلار قەشقەر شە-

ھىرى ۋە يەكەندە تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان. روبېت شاۋ «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كىتاب يېزىپ ئەنگلىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن.

(7) فورسىس (Forsyth)، ئەنگلىيىلىك. ئۇ 1869 ـ يىلى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ شۇ قېتىم مۇھەممەت ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاخبارات مەلۇماتلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قايتقان.

(8) 1872 ـ يىلى چارروسىيىلىك كولبارس بىلەن ئاسترونومىيە ئالىمى شايفوست قەشقەرگە كېلىپ جۇغراپىيىلىك، ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە ئۇلار 1872 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەردە كۆرۈلگەن كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇش ھادىسىسىنى كۆزەتكەن، ئۇلار يەنە ياقۇپبەگ بىلەن سودا توختامى ئىمزالىغان.

(9) بېرزېنېزى (Berzenezy)، ۋېنگرىيىلىك. ئۇ 1873 ـ يىل 5 ـ ئايدا پېتېربۇرگتىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەر ۋە يەكەنلەردە تەكشۈرۈشتە بولغان.

(10) 1873 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك فورسىس 131 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. يول بويى قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى قەدىمىي پۇل ۋە ھەر خىل يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغان.

(11) پول (Pole)، ۋېنگرىيىلىك. ئۇ 1873 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھۇنگار مىللىتىنىڭ يىلتىزىنى تەتقىق قىلغان.

(12) كىروپاتكىن، رۇسىيە ئوفىتسېرى. ئۇ 1876 ـ يىلى چار پادىشاھ ئەلچىلىرىنى باشلاپ تېرەك داۋان ئارقىلىق قەش-

قەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ياقۇپبەگ بىلەن كۆپلىگەن سودا توختىمى ئىمزالىغان. ئۇ قەشقەر دائىرىسىدىكى تەكشۈرۈشلىرى داۋامىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان.

(13) 1883 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر داگلېش (Dagliesh) ئۆزىنىڭ سودا ئەترىتىنى باشلاپ يەركەنگە كەلگەن. ئۇ يەكەندە 10 ئاي ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، يەكەن ۋە قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن، كېيىن ئۇ يەكەندە ئولتۇراقلىشىپ يەكەن بىلەن ھىندىستاننىڭ لېك شەھىرى ئوتتۇرىسىدا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

(14) بونۋالوت (Bonvalot)، فرانسىيىلىك. 1886 ـ يىلى ئۇ ھەمراھلىرى كافىس (Kaphis) ۋە بافىن (Baphine) قاتارلىقلار بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، مىللەت، ئىرق ساھەسى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە تەتقىقاتى ئارقىلىق پارىژ جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن.

(15) ياڭخازبەند (Younghusband)، ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، ئۇ 1886 ـ يىلى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان.

(16) گروم ـ گرژىمايلو، روسىيىلىك. ئۇ 1886 ـ يىلى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قەشقەر، يەكەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەرنى روسىيىگە يۆتكەپ كەتكەن.

(17) كاپىتان بېلل (M.S.Bell)، ئەنگلىيىلىك. ئۇ 1887 ـ يىلى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ قەشقەرگە كەلگەن ۋە تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا مىللەت، ئۆرپ ـ ئادەت، كىلىمات ساھەسى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان.

(18) بوۋېر (Bower)، ئەنگلىيىلىك، ئۇ 1889 ـ يىلى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قاراقۇرۇم تاغ يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە بولغان. كۆپ مىقداردىكى براھمى يېزىقى ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى يەنە نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى يىغىۋالغان.

(19) گرېنارد (Grenard) ۋە دوترۇئىل، فرانسىيىلىك. ئۇلار 1890 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلاردىن قەدىمكى قول يازما كىتابلارنى، ھۇنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىۋالغان.

(20) لارس ئېرك خوگبېرگ، شۋېتسىيىلىك. ئۇ 1892 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، يەكەنلەردە خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىدىغان پونكىتلارنى قۇرغان، «ئىنجىل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، دوختۇرخانا قۇرغان، مەتبەئە تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈپ باسمىخانىلارنى قۇرغان. ئۇنىڭ پائالىيىتى 1937 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

(21) ماسسىيو خانىم (Madame Massiu)، فرانسىيىلىك. ئۇ 1894 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قەشقەرگە كەلگەن.

(22) سىيگفرىد موئىن، سۋېتسىيىلىك فوتوگراف. ئۇ 1897 ـ يىلى لاداقتىن يولغا چىقىپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ كەشمىردىن قەشقەرگىچە بولغان مۇھىم جايلارنىڭ ئېتنوگرافىك سۈرەتلىرىنى تارتقان.

(23) فون لېكوك (Albert von lecoc) ۋە گرۈنۋېدېل (Grunwedel) گېرمانىيىلىك، ئۇلار 1904 ـ يىلى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى تۇمشۇق بۇددا خارابىسىدا ئۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە بولغان.

(24) ئوتانى، توجىرا، تاچىبانا، ياپونىيىلىك. ئۇلار 1907 ـ يىلى ياپونىيىدە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ قەشقەرگە

كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولدى.

(25) ئولدېنبۇرگ، رۇسىيىلىك، 1909 ـ يىلى ئۇنىڭ باشـ چىلىقىدىكى چاررۇسىيە تەشكۈرۈش ئەترىتى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ مىقداردىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغان.

(26) فىلىپ (Filippi)، ئىتالىيىلىك دوختۇر. ئۇ 1912 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ بىر مەزگىل تەكشۈرۈشتە بولغان، شۇنداقلا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى نامىدىكى دوختۇر سۇپىتىدە يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا كېسەل داۋالىغان.

(27) 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايدا فرانسىيە ئاممىۋى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «مەڭگۈتاش تەتقىقات ئورنى»دىكى بىر قىسىم خادىملىرى قەشقەرگە كېلىپ مارالبېشى ناھىيىسىدە ۋە ئاقسۇ ـ نىڭ باي ناھىيىلىرىدە سەككىز ئاي تەكشۈرۈشتە بولغان. تەكـ شۈرۈش جەريانىدا ئۇلار مارالبېشى تەۋەسىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرى» ۋە «تۇمشۇق بۇددا خارابىسى» قاتارلىق جايلاردىن مىس پۇل، مەبۇد ھەيكىلى، براھمى يېزىقىدىكى يازـ مىلارنىڭ قالدۇقلىرى، ياغاچ قونچاق، تامغا، يىپەك، يىپ توقۇلـ ما بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت ياـ دىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان.

(28) مانىنېرخېيم، فىنلاندىيىلىك. ئۇ 1860 ـــ 1880 ـ يىلى ئارىلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، نۇرغۇن قول يازمىلارنى يىغىۋالغان، سۈرەتلەرنى تارتقان. ئۇ كېيىن فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى بولغان.

(29) مالوف، رۇسىيىلىك. ئۇ 1915 ـ يىلى قەشقەرگە كېـ لىپ بىر مەزگىل ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

(30) ترىنكلېر (Trinkler)، گېرمانىيىلىك، ئۇ 1927 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ قەشقەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكـ شۈرگەن.

(31) گۇننار ئالفېرد ياررىڭ (Gunnar Alfred Jarring)، شىۋېتسىيىلىك. ئۇ 1929 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى

مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلغان. 1930 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان «ئوردام مازىرى»نى زىيارەت قىلغان ھەمدە بۇ مازار توغرىسىدا ماقالە يازغان. ئۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللار»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى (مۇنازىرە ئەدەبىياتى) توغرىسىدا خاتىرىلەر»، «قەشقەر قول يازمىلىرى»، «(ئوغرى يوق شەھەر) قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ۋە مەشھۇر ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسىرى «قەشقەرگە قايتا سەپەر» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ 1978 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كەلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چەت ئەللىكلەردىن باشقا قەشقەر زېمىنىدا تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ چوڭ ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيىچى، جەمئىيەتشۇناسلاردىن تۆۋەندىكى كىشىلەر بار:

ئاۋرېل ستەيىن (Aurel stein) (1862 ــ 1943)

ئۇ ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋېنگرىيىلىك ئارخېئولوگ، يازغۇچى. ئۇ 1900 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كەشمىردىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي قەدىمىي شەھەر ئىزى»، «تۇمشۇق بۇددا خارابىسى» قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگەن. ئۇ بۇ جايلاردىن 6 ـ ئەسىرگە تەۋە بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن. كېيىن خوتەندىكى «دەندەن ئۆيلۈك خارابىسى»نى تەكشۈرگەن. ئۇ شۇ قېتىم قولغا چۈشۈرگەن تۈرلۈك قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى 12 ساندۇقتا قاچىلاپ، ئۇلۇغچات چېگراسى ئارقىلىق ئەنگلىيىگە يۆتكەپ كەتكەن. ئۇ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان.

1906 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەتىرەتىنى باشلاپ كەشمىردىن يولغا چىقىپ، پاكىستاننىڭ گىلگىت، ۋاخان، قەشقەرنىڭ تاشقورغان قاتارلىق جايلىرىنى تەكشۈرۈپ، 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەن. 1907 ـ يىلى خوتەندىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرى، يەكەن ئەتراپلىرىنى بىر مەزگىل تەكشۈرگەن. 1908 ـ يىلى لوندونغا قايتقان. ئۇ شۇ قېتىمقى توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «غەربىي يۇرت» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابى ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ 1913 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەرگە ئۈچىنچى قېتىم كەلگەن. ئۇ 1915 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئايغىچە قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى خانئۆي قەدىمىي شەھەر خارابىسى، كەپتەرخانا بۇتخانا ئىزى ۋە مارالبېشىدىكى توققۇزساراي قەدىمىي شەھەر ئىزى، تۇمشۇق بۇددا خارابىسى قاتارلىق قەدىمىي خارابىلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇ شۇ تەكشۈرۈشتە ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ پۇللىرى، براھمى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، كارۇشتى يېزىقى، ساك تىلى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى قەدىمىي كىتاب ـ ھۆججەتلەرنى، ھەيكەل، تۈرلۈك ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى 182 ساندۇققا قاچىلاپ، ئۇلۇغچاتتىن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئاۋرېل ستەيىن ھاياتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى شىنجاڭ زېمىنىدىكى قەدىمىي خارابە ـ ئىزلارنى تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ، 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 82 يېشىدا كابۇلدا ۋاپات بولغان.

سۋېن ھېدىن (Sven Hedin، 1865 — 1952).

سۋېن ھېدىن شۋېتسىيىلىك، جۇغراپىيىشۇناس، ئارخېئولوگ، مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەشھۇر پروفېسسورى، شەرقشۇناس رىچ خوفېننىڭ تەربىيىلىشى بىلەن شەرق ئەللىرىنىڭ

تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. 1890 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە ئەگىشىپ قەش ـ قەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن. 1894 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆزى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ قەشقەرگە ئىك ـ كىنچى قېتىم كەلگەن. ئۇ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە قىز قورغان ۋە كونا تاش قەلئە قاتارلىق خارابىلەرنى تەكشۈرۈپ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. قەشقەر شەھىرى ۋە كونا شەھەر ناھىيىسى تە ـ ۋەسىدىكى ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسى، مورا بۇددا مۇنارى، خانئۆي قەدىمىي شەھىرى، كەپتەرخانا بۇتخانا ئىزى قا ـ تارلىق خارابىلەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان ھەمدە ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خاتىرىلەر ـ نى يازغان. 1895 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەت ـ رىتى مەكىتتىن يولغا چىقىپ زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ خو ـ تەنگە قىلغان سەپىرىدە قۇملۇق بورىنىغا ئۇچراپ يولدىن ئېزىپ قالغان، سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەن، بىر قىسىم ھەمراھلىرى يۈك ـ تاق ئارتىلغان سەككىز تۆگىسى بىلەن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان. ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان سۋېن ھېدىننى يەرلىك بىر پادىچى قۇتقۇزۇۋالغان.

1902 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سۋېن ھېدىن قەشقەرگە ئۈچىنچى قېتىم كەلگەن، ئۇ يەكەن، يېڭىسار، قاغىلىق قاتارلىق يەرلەردى ـ كى قەدىمىي مازار ـ مەقبەرىلەرنى تەكشۈرۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قول يازما كىتابلارنى ۋە ئۆسۈملۈك، جانلىقلار ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ ستوكھولمغا يۆت ـ كەپ كەتكەن.

سۋېن ھېدىن ھاياتىدىكى تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە ئۈچ قېتىم قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ ناھايىتى چىد ـ قىشقاق، ئوچۇق ـ يورۇق مۇلايىم ئادەم بولغانلىقتىن لوپنور ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى «ھايدىن تۆرە» دەپ ئاتىشىۋالغان. ئۇ توپلىغان مەركىزىي ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ نېمىس، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىدا جەمئىي

55 توم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان.

پائۇل پېللىئوت (Paul Pelliot، 1878 ــ 1945)

پائۇل پېللىئوت، فرانسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس. ئۇ 1906 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارس تىلى تەرجىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قوشۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تەكشۈرۈش داۋامىدا قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەردىكى ئەسكىھىسار قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان. كونىشەھەردىكى خانئۆي قەدىمىي شەھەر خارابىسى، مورا بۇددا مۇنارى، ئۈچ بۇرخان غارى، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم قەدىمىي شەھەر سېپىللىرى ۋە قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان. خەلق ئارىسىدىن ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىلغان يازما مىراسلارنى يىغىۋالغان.

ئۇ، سۈبېن ھېيدىن ماڭغان يولنى بويلاپ مارالبېشىغا كەلگەندە ئۇ يەردىكى توققۇزساراي قەدىمىي شەھىرى ۋە تۇمشۇق بۇددا خارابىسىنى تەكشۈرگەن، شۇ جەرياندا ئۇ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان گىرېك ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەرنى، قەدىمكى تامغىلارنى، تارىشىغا يېزىلغان بىراھمى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى، قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ مىستىن ياسالغان پۇللىرىنى ۋە ساك تىلىغا تەۋە يازمىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپقان. ئۇ شۇ قېتىم «تۇمشۇق بۇددا خارابىسى» ئەتراپىدىن «كارامانىنانىڭ قىرائەت سۇترىلىرى» دەپ ئاتالغان خوتەن ساك تىلىغا تەۋە بىر پارچە بۇددا نومىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «تۇمشۇق تىلى» دېگەن يېڭىچە ئارخېئولوگىيىلىك نامنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

پائۇل پېللىئوت شەرقشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ئەللىرىگە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى قول يازمىلاردىن 200 مىڭ پارچىگە يېقىن توپلىغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى 30 مىڭ پارچە كىتاب مەخسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئەل-

لىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك 800 پارچە ئېتنوگرافىيىلىك سۈرەت تارتىپ ساقلىغان، ئۇنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى تۈرلۈك ماتېرىياللىرى ھازىر پارىژ دۆلەتلىك مۇزېيىدا ۋە فرانسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى ماتېرىياللار ئامبىرىدا ساقلانماقتا.

ئوتانى كوئول (1876 ـــ 1948)

ئوتانى كوئول ياپونىيىلىك مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ ياپونىيە نىشى خونگىجى ئىبادەتخانىسىنىڭ 22 ـ ئەۋلاد راھىب كالانى. 1902 ـ يىلى ئۇ لوندوندىن يولغا چىقىپ، 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم قەشقەرگە كېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە 1904 ـ يىلىغىچە قەدەر قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا بۇددا دىنى بويىچە تەكشۈرۈشتە بولغان. 1909 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە كېلىپ، مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئۆرپ ـ ئادىتى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1911 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەرگە ئۈچىنچى قېتىم كەلگەن. ئوتانىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يازغان «قۇملۇقتىكى ئېكسپېدىتسىيە» ناملىق ئەسىرى بىرقەدەر مەشھۇر.

چوقان ۋەلىخانوف (1835 ـــ 1865)

چوقان ۋەلىخانوف 19 ـ ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدا يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، ئېكسپېدىتسىيىچى، گېئوگراف. ئۇ، 1856 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چۆچەك ۋە غۇلجا ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولغان، شۇنداقلا «چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غۇلجا شەھىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان. 1858 ـ يىلى ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چار روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاش ۋەزىپىسى بىلەن قەشقەردە بەش ئايدىن كۆپرەك تۇرغان. جۇغراپىيە، توپونومىيە، مىللەت، ئىرق، تىل ـ يېزىق، ئۆرپ ـ ئادەت،

تەبىئىي بايلىق، نوپۇس، ھەربىي ئىشلار ساھەلىرى بويىچە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، چارپادىشاھ ئۈچۈن مۇھىم ئاخبارات توپلىغان، ئۆزى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتىغان رايونلارنىڭ ھەربىي ئىشلار خەرىتىسىنى سىزىپ، چارروسىيىنىڭ سان پېتىربۇرگ ئاخبارات ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەينى چاغدا ئۇ قەشقەردىكى بىر دۆلەتمەن ئۇيغۇر بايىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئائىلە قۇرغان ۋە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن. ئۇ قەشقەردىكى كەڭ دائىرىلىك پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئى خوجىگان»، «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان»، «دەۋا ـ دەستۇرلار قوللانمىسى»، «تارىخى رەشىدى»، «ئەبۇمۇسلىم مەرۋەزىي» قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە قول يازمىلىرىنى ۋە بىر قىسىم كەم ئۇچرايدىغان تاغ جىنس ئەۋرىشكىلىرىنى ۋە ئۆسۈملۈك، جانلىقلار ئەۋرىشكىلىرىنى روسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ «قەشقەرگە سەپەر»، «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق مەشھۇر ساياھەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ چىققان. 1865 ـ يىلى 30 يېشىدا كېسەل بىلەن ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① ئەسەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 7 ـ، 23 ـ، 42 ـ، 43 ـ، 49 ـ، 50 ـ بەتلەر.
② شيې بىن: «شىنجاڭغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە)، 123 ـ، 127 ـ، 131 ـ، 133 ـ، 142 ـ بەتلەر.
③ گۇەن شۇشىن: «قەشقەر مەنزىرىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە)، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.
④ ئوتانى كوئول: «قۇملۇقتىكى ئېكسپېدىتسىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى (خەنزۇچە)، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر.
⑤ گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 12 ـ، 129 ـ، 130 ـ، 131 ـ،

139 ـ، 143 ـ بەتلەر.

⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 14 ـ، 15 ـ، 66 ـ بەتلەر.

⑦ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئۇيغۇرچە)، 53 ـ بەت.

⑧ جۇ چىڭباۋ: «غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 127 ـ، 141 ـ، 151 ـ، 167 ـ بەتلەر.

# ياڭ زېڭشىنىڭ رۇسىيە، موڭغۇلىيىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قەتئىي زەربە بېرىشى، ئىچكى قىسمدىكى ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلىشى

لو شاۋۋېن

ھەممىگە ئايانكى، دۆلىتىمىز چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىن باشلاپ دۆلەتنى گۇللەندۇرۇش روھى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك، سىياسىي جەھەتتىكى خارابلىق، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىكى بوشاڭلىق ھەم ئۇزاقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇستەبىتلىك تۈپەيلىدىن بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ ۋە قالاقلىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا سانائەت ئىنقىلابى ئارقىسىغا غەرب ئەللىرىنىڭ خام ئەشيا ئىزدەش ۋە تاۋار بازىرىنى كېڭەيتىش نەپسى قوزغالدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئۇلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. جۇڭگو - ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا ئارقا - ئارقىدىن كىرىشكە باشلىدى. گۇاڭشۈ يىللىرىدىكى جۇڭگو - ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشى، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن جاھانگىر دۆلەتلەر ئېلىمىزگە قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلدى، ئېلىمىزگە بېقىندى جايلارنى بۆلۈۋېلىشتىن جۇڭگونىڭ دېڭىز مۇداپىئە دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش، مۇھىم ھەربىي پورتلارنى ئىجارىگە ئېلىۋېلىش، تەسىر دائىرە بۆلۈشۈۋېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، ئاخىرىدا بىزنى ئىچكى رايونلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا ئىگە بولۇۋالغان ئىمتىيازلىرى بارغانسېرى كېڭەيدى، بۇ ئىمتىيازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقلىرى كونسۇلنىڭ كې-

سىم قىلىش ھوقۇقى، تاموژنا بېجىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، دېڭىز بويلىرىدا سودا قىلىش ھوقۇقى، ئىچكى دەريالاردا قاتناش ھوقۇقى، ھەربىي پاراخوت، ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقى، كونسېسسىيە ھوقۇقى ۋە ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقى قاتارلىقلار ئىدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو پۈتۈنلەي يېرىم مۇستەملىكە دۆلەت بولۇپ قالدى. چارروسىيىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ماشىنىسازلىق سانائىتى كەڭ كۆلەمدە گۈللەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئالدى بىلەن چارروسىيىنىڭ تالان ـ تاراج ئوبيېكتىغا ئايلاندى. شيەنفېڭ 10 ـ يىلى (1860 ـ يىلى) چارروسىيە چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىكىدىن ۋە چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالداش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، «بېيجىڭ شەرتنامىسى»گە شىنجاڭ ـ رۇسىيە چېگراسىغا ئالاقىدار ماددىلارنى كىرگۈزۈپ، كەڭ بىر قىسىم زېمىنىمىزنى بېسىۋالدى. تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) قىرىم ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن چارروسىيە كېڭەيمىچىلىك ـ تاجاۋۇزچىلىق ئىبلىس قولىنى تارتماي، ئەكسىچە نىشانىنى ئۆزگەرتىپ، ئەينى ۋاقىتتا بىزگە قارام بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى، گۇاڭشۈ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى)غا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇردى، نەتىجىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بېقىندى يۇرتلاردىن قوقان، بۇخارا، قازاقىستان، بۇيرۇت قاتارلىق مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى پۈتۈنلەي قولدىن كەتتى. چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزنى «جۇڭگو ـ رۇسىيە غەربىي ـ شىمال چېگراسىنى ئايرىش خاتىرىسى» (يەنى «چۆچەك چېگرا شەرتنامىسى»)گە ئىمزا قويۇشقا قىستاپ، زايسان كۆلى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى 1 مىليون 337 مىڭ كۋادرات چاقىرىم زېمىنىمىزنى بېسىۋالدى. كېيىن يەنە دۆلىتىمىزنى «قوبدو چېگرا شەرتنامىسى»، «ئۇلاستاي چېگرا شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى چېگرا شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگرا شەرتنامىسى»،

«جۇڭگو ـ رۇسىيە قۇبدۇ، تارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ رۇسىيە تارباغاتاي غەربىي جەنۇب چېگرا شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگراسىنى داۋاملىق ئۆلچەش شەرتنامىسى» قاتارلىق شەرتنامىلەرگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلاپ، نۇرغۇن زېمىنىمىزنى پىلە قۇرتىدەك يۇتۇۋېلىش بىلەنلا قالماي، شىنجاڭدا كونسۇل كېسىم قىلىش هوقۇقى، شىنجاڭ تەۋەسىدە ۋاقىتىنچە سودا بېجى تاپشۇرماسلىق، ئەركىن ئولتۇراقلىشىش، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يەر سېتىۋېلىپ ئىمارەت سېلىش قاتارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك رۇسىيە جاهانگىرلىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ ئۇلار شىنجاڭغا يەندىمۇ ئىلگىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ياڭ زېڭشىن گۇاڭشۇ 33 ـ يىلى شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن تارتىپ مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈەن داخۇانىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى، قوشۇمچە پەرمانبەردارى بولغاندىن كېيىن، جاهانگىرلارنىڭ بولۇپمۇ چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى ۋە رەزىل نىيىتىنى ئېنىق بىلىپ بەك ئۆكۈندى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مۇهىم ئەمەلدارلىرىدىن سابىق تۇتۇقبېگى يۈەن داخۇا، سابىق پەرمانبەردار چېن جىتاڭ، سابىق مائارىپ بېگى دۇتۇڭ، سابىق تەپتىش بېگى سۇڭ جىڭشى قاتارلىقلار قىيىن ئەهۋالدىن ئۇركۈپ «ئۆزۈم پاك، قولىقىم ساق» ئۆتەي دەپ كەينى ـ كەينىدىن ئىچكىرىگە كەتتى، شىنجاڭنى قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ياڭ زېڭشىن ئۈستىگە ئالدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ تۇتۇقبېگى، قوشۇمچە پەرمانبەردارى بولغان چاغدا شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق ئىپادىلىدى: «شىنجاڭ قورۇلىنىڭ سىرتىدىكى تەنها جاي ئىدى، خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان ئۇ مەركەزگە گاهى ئاسىيلىق قىلىپ، گاهى ئىتائەت قىلىپ كەلدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى مالىماندىچىلىق ئىچىدە قېلىپ، ئۆز ئىشىغا يېتىشەلمەي قالغاندا، شىن-

جاڭدىكى يەرلىكلەر ئاسسىلىق قىلدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تىنـ.
چىپ، كۆچ ـ ماغدۇرىغا كەلگەندە يەنە ئىستائەت قىلدى. ئەينى
ۋاقىتتا چەتنىڭ تاجاۋۇزى بولمىغاچقا بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭـ.
لىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قەدىر ئەھۋال ئىدى. ئەمما ھازىر
ئەھۋال باشقىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە غەرـ.
بىي يۇرت ئىچىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكە بولغانغا قەدەر، غەربكە قىدـ.
لىنغان بىرنەچچە قېتىملىق ھەربىي يۈرۈش ۋە ھەر يىللىق ماـ.
ئاش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھېسابسىز خىراجەت چىقىم
قىلدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە
قىلىشتا ئۈستىگە ئالغان سېلىقى ئېغىر بولدى. بۈگۈنكى كۈندە
ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىدا سەۋەنلىك كۆرۈلسە،
تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك قوشنا دۆلەت خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتـ.
قان، ئىچكى جەھەتتە تاشقى موڭغۇلىيە ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتقان
ئەھۋالدا، بىزنىڭ بۇ ئوبدان زېمىنىمىز يات مىللەتنىڭ قولىغا
چۈشۈپ كېتىدۇ، نەچچە ئون، نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن قايـ.
تۇرۇۋالىمەن دېمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. دۇنياغا نەزەر سا.
لىدىغان بولساق، ئافرىقا، ئاۋستىرالىيىلەر نامرات، شىمالىي، جەـ.
نۇبىي قۇتۇپلار مۇز ئوكيان، قالغان جايلارنى خەق ئاللىقاچان بۆـ.
لۈشىۋالدى، ھەرقايسى دۆلەتلەر پۇل ۋە قورال كۈچىگە تايىنىپ
باشقىلارنىڭ زېمىنىنى سۈڭلاپ ـ چىلاپ ئىگىلىۋېلىپ، گۆلقەـ.
قەلىرى ئېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مەنچۇ، مەن قاراپ تۇرۇپ نەچچە
تۈمەن چاقىرىملىق زېمىننى خۇددى يىرتىق كەشنى تاشلىۋەتـ.
كەندەك تاشلىۋەتسەم تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولمامدۇ؟ مۇھـ.
تەرەم ھەزرەتلەر ئۆزۈم پاك، قولىقىم ساق ئۆتەي دەپ، يۈكنى
ماڭا تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قېلىشتى، ھايات ـ ماماتلىق جىددىي
پەيتتە مەن ئىشنى مەردانىلىك بىلەن قولۇمغا ئالىدىغان بولدۇم،
ئىش يا تاغدىن چىقار، يا باغدىن، بۇنىڭ بىلەن تولا ھېسابلىشىپ
ئولتۇرمايمەن»[1]. بۇ باياندىن ياڭ زېڭشىنىڭ نەچچە تۈمەن چاـ.

[1] ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا
نەشر قىلىنغان.

قىرىملىق زېمىنىمىزنى يات مىللەتكە تارتتۇرۇپ قويماي قوغداپ قېلىش ئىرادىسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن قەتئىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ۋە جانلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن 10 يىلغا يېقىن ئېلىشىپ ۋە كۈرەش قىلىپ، ئاخىرىدا چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە باشلامچى بولۇپ چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئىمتىيازلىرىنى ۋە تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلدى.

**قۇبدو، ئالتايغا ياردەم بېرىش ۋە تاشقى موڭغۇلىيە، چاررۇسىيە بىلەن ھەربىي تىركىشىش**

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغاندا يولۇققان ئەڭ زور قىيىنچىلىق شىنجاڭ بىلەن ئىلى ئىنقىلابىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ھەممە يەردە ئىش تېرىۋاتقانلىقى، رۇسىيىنىڭ سودىگەرلەرنى قوغداشنى باھانە قىلىپ قەشقەردە ئەسكەر كۆپەيتكەنلىكى، قومۇلدا ئۆزگىرىش قىلغانلىقى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدى، ئۇنى ئاز دېگەندەك، تاشقى موڭغۇلىيە ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى غەنىيمەت بىلىپ، رۇسىيىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مۇستەقىللىق جاكارلىدى ھەمدە مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇبدوغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە بېسىۋالماقچى بولدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھوقۇقنى قولىغا ئالغان چاغدا قۇبدونىڭ ھەربىي ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قۇبدوغا يېقىندىن تەيىنلەنگەن، ئالتايدا تۇرۇۋاتقان مەسلىھەتچى ئامبال يەن نيەنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى شىنجاڭ، ئالتاي بىلەن بىرلىكتە قۇبدوغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ چاغدا شىنجاڭ تۇتۇقبېگىنىڭ پەرمانى جەنۇبتا تۇرپان، غەربتە جىڭنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيتتى، شىنجاڭ ئىچكى ماجىرا تىنچىمىغان، تاشقى تاجاۋۇزچىلار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان بوران ـ چاپقۇنلۇق ۋەزىيەت ئىچىدە قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا قۇبدو

شىنجاڭغا قارىمايتتى. قوبدو مەسلىھەتچى ئامباللىقى چيەنلوڭ-
نىڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەر-
كەزگە بىۋاسىتە قارايتتى. ئۇ چاغدا قوبدونىڭ باشقۇرۇش دائى-
رىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، غەربتە ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ
تارباغاتاي رايونىغا تۇتىشاتتى، جەنۇبتا ئۈرۈمچى رايونى، شىمالدا
تاڭنۇ ئۇرانخايغا، شەرقتە تاشقى موڭغۇلىيىگە تۇتىشاتتى. گۇاڭشۇ
33 ـ يىلى ئالتاي بىلەن قوبدو ئايرىپ ئىدارە قىلىنىدىغان بول-
دى، قوبدونىڭ خان ئامبىلى ئالتاينىڭ خان ئامبىلى بولدى،
ئەلچىلەر قارا توڭكىدە تۇردى، كېيىن چىڭخۇا بۇتخانىسىغا يۆت-
كەلدى. ئالتاي خان ئامبىلىمۇ مەركەزگە بىۋاسىتە قارىدى. ياڭ
زېڭشىن ھوقۇقنى يېڭى قولغا ئالغاندا رۇسىيە بىلەن موڭغۇلى-
يىنىڭ قوبدوغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ
يەتكەنىدى، چۈنكى قوبدو «دۆلەتنىڭ غەربىي شىمال دەرۋازىسى
ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ باركۆل، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلار بىلەن
چېگرىلىناتتى، ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، شىنجاڭنىڭ چوڭ
ۋەزىيىتىگىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر
يەتكۈزەتتى[①]. ياڭ زېڭشىن ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ توققۇز كۈندىن
كېيىن، يەنە مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆزى
تەشكىللەپ قومۇل ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتكەن مۇسۇلمانلار
قىسمىنى قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، باركۆل
بازىرىدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى ۋاڭ پېيلەنگە تېلېگرامما ئەۋە-
تىپ، ئۇنى بىر يىلڭ ياكى ئىككى ئەترەت پىيادە ئەسكەرنى قوب-
دوغا ياردەمگە ئەۋەتىشكە بۇيرۇدى ھەمدە گۇچۇڭنى ساقلاۋاتقان
قىسىمدىكى ۋېي جۇڭزىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى بىر يىلڭ
ئاتلىق ئەسكەر تەشكىللەپ قوبدوغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى، ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جېڭ يۇشۇغا
تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى قوبدوغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۆگە
تەييارلاش، ھەربىي رابات قۇرۇش، ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىشقا بۇي-

① ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا
نەشر قىلىنغان.

رۇدى. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىككى يىلڭ ئاتلىق ئەسكەرنى قۇب-
دوغا ياردەمگە ئەۋەتكەندىن سىرت، يەنە ۋالڭ پېيلەنگە تېلېگراممـا
ئەۋەتىپ ئۇنى يەنە بىر يىلڭ پىيادە ئەسكەر ۋە بىر توپچى ئەترەت
قوشۇپ قۇبدوغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ
قۇبدوغا تاجاۋۇز قىلىشى چارروسىيىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بول-
غانىدى، چارروسىيىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ياڭ
زېڭشىننىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇبدوغا ياردەم بېرىش ئىرادىسىنىڭ
قەتئىيلىكىنى بىلىپ يېتىپ، دەرھال تەھدىت سالدى ۋە ئا-
رىلاشتى، ئۇ ياڭ زېڭشىنغا مۇنداق نوتا تاپشۇردى: «ھۆكۈمىتى-
مىز يېقىندا قۇبدو ۋەقەسىدىن خەۋەر تاپتى، تۇتۇقبېگى جانابلى-
رى ئۇنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىپسىز، ئىلگىرى قەش-
قەردە ۋەقە يۈز بەرگەندە ھۆكۈمىتىمىز ئەسكەر كۆپەيتكەن، نەتى-
جىدە مالىمانچىلىق تۇغۇلغانىدى، چۈنكى ئۆلكە ئارمىيىسى قەش-
قەرگە بارغاندا قانداقتۇر ئۇقۇشماسلىقتىن ئىككى قوشۇن توقۇ-
نۇشۇپ قالغانىدى، بۇنداق يەرلىك مالىمانچىلىق قايتا باش كۆ-
تۈرمەي قالمايدۇ، مالىمانچىلىق قايتا باش كۆتۈرگەندە ۋاقتىدا
بىر تەرەپ قىلىنماي، جۇڭگو ـ رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ما-
جىرا تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا
ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭغا تۇتۇقبېگى جانابلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ
يەرلىك ئەمەلدارلىرى جاۋابكار بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ»[①]. بۇ
نوتىدا شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ قۇبدوغا ياردەم بەرگەن-
لىكى تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، قەشقەر ۋەزىيىتىمۇ ئالاھىدە تە-
كىتلەنگەن. چۈنكى مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى
شىنجاڭنىڭ تېخى ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان تۇتۇقبېگى يۈەن خۇڭ-
يۇ قەشقەردە گېلاۋخۇيچىلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، چارروسىيە سودىگەرلەرنى قوغداشنى باھانە قىلىپ قەش-
قەرگە ئەسكەر چىقارغانىدى. ئەينى چاغدا ياڭ زېڭشىننىڭ جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى مالىمانچىلىقنى ئوڭشاشقا چامى يەتمەيتتى،

① ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان.

كونسۇل ئۆز نوتىسىدا شىنجاڭنىڭ قۇبدوغا ياردەم بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى ئەسكىرىي كۆچىنى بىلەن تەھدىت سالدى. بىراق تاشقى تاجاۋۇزغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ بىلگەن ياڭ زېڭ-شىن چارروسىيىنىڭ تەھدىتى ئالدىدا تەۋرەنمىدى، يەنە كېلىپ ئۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قۇبدوغا تاجاۋۇز قىلىشى چارروسىيە-نىڭ قۇترىتىشىدىن بولغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ رۇ-سىيە كونسۇلىغا دەرھال: «شىنجاڭنىڭ قۇبدوغا ياردەم بېرىشى «ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقنى تۈگىتىش يولىدا قوللانغان تەدبىرى، بۇنىڭ دۆلەتلەر بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق»، «رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇبدو ۋەقەسىدە قەتئىي بىتەرەپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ نوتا تاپشۇردى. بۇ، بىزنىڭ قۇب-دوغا ياردەم بەرگىنىمىز بەرگەن، چارروسىيە ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيىنى قۇترىتىدىغان ئىشنى توختاتسۇن، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، دېگەنلىك ئىدى. قەشقەرنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ياڭ زېڭشىن جاۋاب نوتىسىدا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ، «ئەسكەر ئە-ۋەتىپ ۋەقەنى تىنچىتىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، چەت ئەل-لىكلەر بۇنىڭغا مۇتلەق ئارىلاشمىسۇن»، «رۇسىيە ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىگە دەخلى يەتكۈزسە بولمايدۇ»[1] دېدى. ياڭ زېڭشىن يەنە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇشۇ مەزمۇندا نوتا تەييارلاپ رۇسىيە ئەلچىخانىسى ئارقىلىق رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ قۇبدوغا يەنە بىر پىيادىلەر قوشۇنى بىلەن بىر توپچىلار ئەترىتى ئەۋەتىدىغان بولدى، بۇ قوشۇننى مۇئاۋىن قوماندان جاڭ خۇڭچى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئالتايغا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتىدە بو-لۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، ئالتاي ئامبىلى پالتا تېلېگراممىا

① ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان.

يوللاپ ياڭ زېڭشىندىن ياردەم سورىدى. شىنجاڭنىڭ قوبدوغا يار ـ
دەم بېرىشكە قۇربى يەتمەي تۇرۇۋاتقاندا ئالتايغا ياردەم بېرىش
يۈكى قوشۇلدى. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تۆۋەن تەرەپتىن باستۇرۇپ
كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن ئىلى باسقاۋۇلى
گۇاڭ فۇغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ بىر يىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئالتاي ـ
غا ياردەم بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مالى ـ
يىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن ئىلىدىن ئال ـ
تايغا ياردەمگە بارىدىغان قوشۇننىڭ تەمىناتىنى شىنجاڭ مالىيە ـ
سىدىن ئاجرىتىشقا ماقۇل بولدى. پالتا بىلەن گۇاڭ فۇ ئوتتۇرى ـ
سىدا ئەسلىدىلا ئالتاينىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بار
ئىدى، ياڭ زېڭشىن ئۇلارغا «خەمەكىنىڭ پىلىكى ئايرىم بولسىمۇ
يىلتىزى بىر»، «دۆلەتنى ئەلا بىلىپ بىر نىيەتتە ھەمدەمدە بو ـ
لۇڭلار، قىيىنچىلىقنى تەڭ يېڭىڭلار»[1] دەپ نەسىھەت قىلدى،
شۇ چاغدا رۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى
شىنجاڭ، ئىلىنىڭ بىرلىكتە قوبدو، ئالتايلارغا ياردەم بېرىۋات ـ
قانلىقىنى كۆرۈپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن ئىلى دىپلوماتىيە مەھكى ـ
مىسىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ تەھدىت سالدى. ياڭ زېڭشىن يول ـ
لۇق جاۋاب بېرىپ، ئۇلاردىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەلا بى ـ
لىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى تەلەپ
قىلدى ھەمدە ئىلى باسقاۋۇلى گۇاڭ فۇغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭغا رۇسىيە كونسۇلى «قانداق تەھدىت سالسا سالسۇن، ھەر ـ
گىز قۇلاق سالمىغايسىز» دەپ تاپىلىدى. ئۇ يەنە «قوبدوغا، ئال ـ
تايغا ياردەم بېرىش شىنجاڭ بىلەن ئىلىنىڭ بۇرچى، ھەممىمىز
بۈيۈك زۇڭتۇڭنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىمىز، ھازىر مەن ئىچكى
مالىمانچىلىقنى تىنچىتىپ زېمىنىمىزنى ئامان ساقلاشنىلا مەق ـ
سەت قىلىمەن، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى سۆزلىشىشكە ھۆكۈمەت
ئۆزى ئىگە بولىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بويىچە قەتئىي ئىش

[1] ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان.

كۆرسەك خاتا بولمايدۇ، جانابلىرى مەردانىلىك بىلەن ئىش كۆر-
گەيسىز»① دېدى. ياڭ زېڭشىننىڭ شۇ چاغدىكى ئىرادىسى ۋە
ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنى زېمىنىمىزنى تاجاۋۇزچىلىقتىن
قەتئىي ساقلاش ۋە قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئۇ تاكتىكا
جەھەتتە ئىلى (ئىلى ئەينى ۋاقىتتا مەركەزگە بىۋاسىتە قارايت-
تى) بىلەن شىنجاڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش تاكتىكىسىنى
قوللاندى، غەلىبە قىلالماي قالسا گەنسۇدىن ئەسكەر ئېلىپ زاپاس
كۈچ قىلماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن شىنجاڭ قىسىم-
لىرىنى يۆتكەپ تاشقى موڭغۇلىيىگە تاقابىل تۇرسا، يەنە بىر تە-
رەپتىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، مالىمانچىلىق
مەنبەسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل-
لىقىنى بىكار قىلىشنى، بۇ ئىش باشقا چىقمىسا، تاشقى موڭغۇ-
لىيىنى يوقىتىش ھەمدە شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن
گەنسۇدىن غەربكە چوڭ قوشۇن يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ياڭ زېڭشىن يەنە گەنسۇ باش ۋالىيسى جاۋ ۋېيشى،
گەنسۇ شىنىڭ بازىرىنىڭ باش بۇغى، قوشۇمچە چىڭخەي خەلق
ئىشلىرى باش مەمۇرى ما فۇشياڭلار بىلەن تېلېگرامما ئارقىلىق
مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ما فۇشياڭ
خۇيزۇ قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭغا چىقتى. ياڭ زېڭشىن يەنە
مەركەزدىن رۇسىيە ئەلچىخانىسى بىلەن سۆزلىشىپ، رۇسىيىنىڭ
ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ تاشقى موڭغۇلىيىگە
قورال يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتىشنى تەلەپ
قىلدى. چارروسىيە بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ياڭ
زېڭشىن قوبدو بىلەن ئالتاينى قوغداش ئۈچۈن، گەنسۇ، شىنجاڭ
ۋە مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىلى، ئالتاي، قوبدولارنىڭ
رۇسىيە بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بېرىش
ئورۇشى ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى. بىراق ياڭ زېڭشىن قوبدوغا
پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىۋاتقاندا، قوبدونىڭ يېڭىدىن تە-

① ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 - يىلى نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان.

يىنلەنگەن مەسلىھەتچى ئامبىلى يەن نيەن قورقۇپ ئالتايدا تۇرۇ-
ۋېلىپ، قوشۇنلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزۈپ
قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول يىراق، قاتناش قىيىن، ئوزۇق-
تۈلۈك يەتكۈزۈش تەس بولغاچقا، ياردەمچى قوشۇن قوبدوغا يېتىپ
بارماي تۇرۇپلا 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قوبدو قولدىن كەتتى.
شۇ چاغقىچە شىنجاڭدىن قوبدوغا ياردەم بېرىشكە جەمئىي 13
يىڭ، 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەلگەنىدى. قوبدو قولدىن
كەتكەن بولسىمۇ، شىنجاڭدىن ياردەمگە ماڭغان قوشۇن چېكىنمە-
مەي يول بويى ئىستىھكام قۇرۇپ، ئاشلىق راباتلىرىنى ياساپ،
قوبدونى قايتۇرۇۋېلىش ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربكە داۋاملىق
تاجاۋۇز قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندى. ياڭ زېڭشىن
ئالتاي، شىنجاڭنى قوغداش ئۈچۈن قوبدوغا ياردەم بېرىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئىلىدىن قوبدوغا ياردەمگە بەش يىڭ ئاتلىق ئەسكەر
ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، شىنجاڭدىن ئىككى يىڭ مۇ-
سۇلمان ئاتلىق قوشۇنى، يەنە قوبدوغا ياردەمگە ماڭغان ئاتلىق
قوشۇندىن ئىككى يىڭ، توپچىلار ئەترىتىدىن بىر ئەترەت ئاجرى-
تىپ ئالتايغا ياردەم بېرىشكە سالدى، ئالتايغا ياردەم بېرىدىغان
ئەسكەرلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئاشتى، بۇ كۈچ بىلەن ئالتاينى
ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇرغىلى بولاتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا
قوبدو، ئالتايغا ياردەم بەرگۈچى قوشۇنلار ئالدىنقى سەپ بازىلى-
رىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، يېرىم يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈ-
لۈكمۇ تەقلەندى، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگراممىا
يوللاپ، تەييارلىق تەق بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ،
ئىلى، ئالتاي بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ 13 يىڭ ئەسكىرىنى ئىش-
قا سېلىپ قوبدونى قايتۇرۇۋېلىشى ھەمدە داۋاملىق شەرققە كې-
ڭىيىشىنى تەلەپ قىلدى. ھۇجۇم بۇيرۇقى چۈشۈشتىن ئاۋۋال
قوشۇنلارغا موڭغۇل چارۋىچىلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ،
كۆڭلىنى مەركىزي ھۆكۈمەتكە مايىل قىلىشنى تاپىلىدى ھەمدە
يۈەنخۇ، ئۇلانبۇلاق ئەتراپلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ياردەمگە ئار-
قا يول قالدۇرۇشنى پىلانلىدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىن

روسىيىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى ئۈچۈن روسىيە ئارمىيىسى بىلەن جىددىي سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىچكىرىدە ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدە ئارمىيىمىزنىڭ قۇبدونى قايتۇرۇۋالغانلىقىغا دائىر خەۋەر تارقالغانىدى، بۇ خەۋەر گېزىتلەردىمۇ ئېلان قىلىندى. بۇ چاغدا چارروسىيە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ قۇبدوغا يۈرۈش قىلىشىغا ئاشكارا ئارىلاشتى. چارروسىيە، تاشقى موڭغۇلىيىلەرنىڭ داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغاندىن سىرت، غەربىي جەنۇبتىكى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرالىنىدىغان جايلارغا، بۇيرۇتقا، جۇڭگو ـ روسىيە چېگرالىنىپ تۇرغان جايلارغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، «ئۆلكە سىرتىدىكى ھەرقانداق يەردە چاتاق چىقسا، شۇ ھامان ئەسكەر يۆتكەپ تاقابىل تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى»[1]. تاشقى موڭغۇلىيە چاروسىيىنىڭ قوللىشىدا قۇبدونى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى بىلەن قانائەت قىلماي ئالتايغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولدى، شۇڭا ياڭ زېڭشىن ئالتاينى قوغداش، پۇرسەت كەلگەندە قۇبدونى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئالتاي، قۇبدو ئەتراپىغا داۋاملىق ئەسكىرىي كۈچ توپلىدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە موڭغۇلىيە ئارمىيىسى غەربكە تاجاۋۇز قىلىپ، تىغ ئۇچىنى شىنجاڭ، ئالتايغا قاراتتى. شىنجاڭدىن جاڭ جيەننىڭ قوشۇنى موڭغۇلىيە قوشۇنى بىلەن كىچىك دائىرىدە توقۇنۇشۇپ قالدى، 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېچىدە موڭغۇلىيە قوشۇنىدىن 4000 ـ 5000 كىشى ئېلىمىزنىڭ چاغانتۇڭگى رايونىغا تېگىش قىلدى، جاڭ جيەن قوشۇنى قەتئىي زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ 200 نەچچە ئادىمىنى، 300 نەچچە ئېتىنى، قوراللىرىنى ئولجا ئالدى، بىز تەرەپتىن 60 نەچچە ئادەم ئۆلۈپ،

① ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان.

90 نەچچە ئادەم يارىلاندى، 45 ئات ئۆلدى، 32 تال قورال يوقال-
دى. كېيىن رازۋېدكا قىلىش ئارقىسىدا موڭغۇلىيە قوشۇنىدىن
غەربكە تاجاۋۇز قىلغان ئەسكەر 10 مىڭغا يېتمىدىغانلىقى، يەنە
ئۇلارغا روسىيىنىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرى ياردەم بەرگەنلىكى مە-
لۇم بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېچىدە تەخمىنەن 4000
موڭغۇل ئەسكەر يەنە بىر قېتىم چاغانتۇڭگې رايونىغا ھۇجۇم
قىلدى، جاڭ جيەن قوشۇنىنى باشلاپ زەربە بەردى، جەڭ تاڭغىچە
داۋاملىشىپ، موڭغۇلىيە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى،
دۈشمەننىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمى، 200 نەچچە ئېتى ئۆلدى،
نۇرغۇن ئادىمى يارىلاندى، بىز تەرەپتىن بىر يىڭجاڭ، بەش ئەس-
كەر ئۆلدى، يەتتە ئەسكەر يارىلاندى، يەتتە ئات يىتتى. چاغانتۇڭ-
گې رايونىدىكى ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتا دۈشمەننىڭ سانى
بىزنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ يەنىلا بىز غەلىبە قىلىپ، دۈشمەن
مەغلۇپ بولدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا بىز تەرەپتىن ئارقا سەپ
تەمىناتى يەنىلا يېتىشمەيتتى، ياردەمچى قوشۇننىڭ تېز يېتىپ
بېرىشىمۇ تەس ئىدى، شۇڭا ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە
بىزگە ئىنتايىن پايدىسىز بولاتتى، تەلىيىمىزگە موڭغۇلىيە قو-
شۇنى بىزدىن ئىككى قېتىم يېڭىلىپ قورقۇپ كەتكەچكە، يەنە
قارامىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇ-
رۇشنى ئۇزاققا سوزماسلىق ۋە كېڭەيتمەسلىك ئۈچۈن، سۈل-
ھى تۈزۈپ ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا روسىيە ئەلچىسى بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت جەريانى ئەگرى ـ توقاي بولسىمۇ،
ئاخىر مىنگونىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالتاي، قوبدو،
جۇڭگو، موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزۇش لىنىيىسى توغرى-
سىدا ۋاقىتلىق شەرتنامە ئىمزالاندى. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى 3 ـ
ئايدا ئىككى تەرەپ ئەسكەر چېكىندۈردى، شىنجاڭ قوشۇنلىرى
شەرتنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە يوەنخۇغا چېكىنىپ ئورۇنلاش-
تى. كېيىن قوشۇن تۇرغۇزۇش ئورنى ۋە قوبدو ـ ئالتاي
چېگراسى مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش يەنىلا توختىمىدى، ياڭ
زېڭشىن بىر غىرىچ يەرنىمۇ بەرمەي، ئالتاينى روسىيە بىلەن

موڭغۇلىيىنىڭ يۇتۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالدى.
ياڭ زېڭشىنىنىڭ قۇبدو، ئالتايغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنىڭ
كۆلىمىنىڭ زورلۇقى، قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى
ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئىدى، ئىشقا سالغان قوشۇن جە-
ھەتتىن ئالغاندا، ئۇ قومۇل ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاز ساندا مۇدا-
پىئە قوشۇنى تۇرغۇزغاندىن سىرت قالغان قوشۇنىنىڭ ھەممىسى-
نى دېگۈدەك ئىشقا سالدى، يەنە يېڭى ئەسكەر ئېلىپ بىرقانچە
يىڭ ـ ئەترەت تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى، ئارقا سەپ
تەمىنات خىزمىتىنى مالىيە قۇرۇقدىلىپ قېلىپ قەغەز پۇل تار-
قىتىلغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىپ، سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان-
لىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلدى. مەسىلەن، گۇچۇڭ، ماناس قا-
تارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت ترانسپورت ئىدارىلىرىنى قۇرۇپ ئال-
دىنقى سەپكە تەمىنات يەتكۈزدى. ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق
جايلاردىن 3000 دىن ئارتۇق تۆگە، بۇگۇر، كۇچا، قاراشەھەر،
ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى، شىخو قاتارلىق جايلاردىن نەچچە مىڭ
ئېشەك، باشقا جايلاردىن نەچچە يۈز كالا سېتىۋېلىپ، ئىجارە ئې-
لىپ، ھەربىي ئەشيالارنى توشۇشقا سالدى؛ گۇچۇڭ، تۇرپانلاردىن
ئوزۇق ـ تۈلۈك، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن جۇۋا سېتى-
ۋالدى، پاختىلىق كىيىملەرنى ئۆلكە شەھىرىدە تىكتۈردى.
قۇبدو، ئالتايغا ياردەم بېرىش مىنگونىڭ 1 ـ يىلى باشلىنىپ
ئۈچىنچى يىلى 3 ـ ئايدا ئاخىرلاشتى، 20 ئاي داۋاملاشتى.
ھەربىي ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ بوغۇز ئۈچۈن 270 نەچچە
مىڭ جىڭ ئاشلىق كەتتى. بۇ تۆگە بىلەن توشۇلسا ھەر ئايدا
1800 تۆگە كېتەتتى (بىر تۆگىگە 150 جىڭ ئاشلىق ئارتىلسا)،
گۇچۇڭدىن چاغانتوڭگىچە 800 چاقىرىم يول بولۇپ، ئايدا پە-
قەت بىر قېتىملا يەتكۈزۈشكە بولاتتى. ئېشەك بىلەن توشۇلسا
ھەر ئايدا 3000 ئېشەك كېتەتتى، ئىككى ئايدا بىر قېتىم يەت-
كۈزۈشكە بولاتتى. كالا ھارۋىسىدا توشۇلسا ھەر ئايدا 900 ھارۋا
كېتەتتى، ئىككى ئايدا بىر قېتىم يەتكۈزۈشكە بولاتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئېشەك، ھارۋا بىلەن يۈەنخۇغىچىلا بارغىلى بولۇپ، ئۇ-

نىڭ نېرىسىغا تۆگە بىلەن توشۇشقا توغرا كېلەتتى. يەنە ئوق ـ دورا، كېيىم ـ كېچەك، ئوتۇن ـ سامان توشۇۋاتقان كارۋانلار قوشۇلسا، بىپايان چۆللۈكتە چەكسىز ئۇزۇن بىر ئەجدىھا كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل بولاتتى. ھەربىي خىراجەتنى ئالساق، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 9 ـ ئايغا قەدەر ئالتايغا ياردەم بېرىشكىلا 202 مىڭ 690 سەر[1]، ئىلى تەرەپتىن ئالتايغا ياردەم بېرىشكە 140 نەچچە مىڭ سەر[2] خىراجەت سەرپ قىلىندى، بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا 340 مىڭ سەردىن ئاشىدۇ، شىنجاڭنىڭ قۇبدوغا ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلغان ھەربىي خىراجىتى بۇنىڭ سىرتىدا. شىنجاڭنىڭ شۈەنتۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى يىللىق مالىيە كىرىمى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىستاتىستىكىسى بويىچە ئاران 600 مىڭ سەر[3] ئىدى، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 800 مىڭ سەردىن ئاشمىغان[4]. بۇنىڭدىن ياڭ زېڭشىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكەتتە شىنجاڭدىكى ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان ئەسكىرىي كۈچ، ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىشقا سېلىپ ئالتاينى ئامان ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتىلغان تەڭسىز شەرتنامىلىرىنى ۋە شىنجاڭدىكى ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىش**

دۆلىتىمىز 1842 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن تارىختا داڭلىق نەنجىڭ شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى، 1843 ـ يىلى جۇڭگو ـ ئەنگلىيە بەش سودا پورتى نىزامنامىسى بېكىتىلدى. ئۇنىڭ 13 ـ ماددىسىغا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا كونسۇل كېسىم ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىمتىيازلار كىرگۈزۈلدى، كېيىن 19 دۆلەت دۆلىتىمىز بىلەن

① ۋۇ شاۋلىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان.

② جاڭ داجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىل» 327 ـ بەت.

③ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغىپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار».

④ مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخباراتى»، 590 ـ نومۇرلۇق.

كېلىشىم ئىمزالاپ مۇشۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشمۇالدى، بۇ دۆ-لىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر خورلۇق ھې-سابلىنىدۇ. بۇ خىل شەرتنامىلەر ئىچىدە شىنجاڭغا بىۋاستە مۇ-ناسىۋەتلىك بولغىنى شۇكى، شيەنفېڭ 1 - يىلى (1851 - يىلى) ئىلى جياڭجۈنى يىشەن بىلەن رۇسىيە ئەمەلدارى كېرروس 17 ماددىلىق ئىلى - چۆچەك سودا نىزامنامىسىنى ئىمزالىدى، بۇ جۇڭگو - روسىيىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار سودا شەرتنامىسىنى تۇزۇشىنىڭ ۋە رۇسلارنىڭ شىنجاڭدا كونسۇل كېسىم ھوقۇقى (ئەينى ۋاقىتتا كونسۇل يوق ئىدى، كونسۇلنىڭ ئىشلىرىنى رو-سىيىنىڭ سودا ئەمەلدارى بېجىرەتتى)دىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى، بۇ نىزامنامىنىڭ 6 - ماددىسىدا ئىككى تەرەپ سودىسىدىن «باج ئېلىنمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ قارىماققا ئىككىلا تەرەپ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئە-مەلىيەتتە شۇ چاغدا شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سو-دىدا رۇسىيە بىزگە ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ، بىزدىن ئەرزان خام ئەشيا سېتىۋېلىپ غايەت زور پايدا ئالاتتى، بۇ ھال بىزنى مەنپەئەتتىنمۇ، ھوقۇقتىنمۇ قۇرۇق قويغاننىڭ ئۈستىگە، سانائىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزەتتى. شيەنفېڭ 10 - يىلى (1861 - يىلى) جۇڭگو - رۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسىگە شىنجاڭ - رۇسىيە سودىسىغا دائىر ئۈچ ماددا كىرگۈزۈلدى، بۇ شەرتنامە رۇسىيىنىڭ سودا تەسىر كۈچىنى تەڭرىتاغنىڭ شىما-لىدىن جەنۇبىغىچە ئۇزارتىپ، ئىلى - چۆچەك سودا نىزامنامى-سىدە بېرىلگەن رۇسلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھوقۇقىنى كېڭەيتىۋەت-تى. گۇاڭشۇ 7 - يىلى (1881 - يىلى) 20 ماددىلىق ئىلى شەرت-نامىسى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، شەرتنامىگە ئاساسەن رۇسلار بۇرۇن ئېرىشكەن ھوقۇقلىرىدىن باشقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىما-لىدىكى شەھەرلەردە سودا قىلسا باج تاپشۇرمايدىغان ئىمتىيازلار-غا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە رۇسلار پەيدا بولدى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئىق-تىسادىي تاجاۋۇزىنى كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق سىمابقا ئوخشى-

تىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو - رۇسىيە قۇرۇق-لۇق سودىسى نىزامنامىسى ئۆزگەرتىپ ئىمزالاندى. بۇ نىزامنا-مىدە جىيايۇگۇەندىن كىرىدىغان رۇسىيە ماللىرىنىڭ بېجى جۇڭ-گو ماللىرىنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) چارروسىيە ئېلىمىزدىكى مالىمانچى-لىقتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا ئاتالمىش ئالتە تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونسۇلخانا سانىنى كۆپەيتىش، كونسۇل قو-يۇلغان جايلاردىكى روسىيە سودىگەرلىرىگە خالىغانچە يەر سېتى-ۋېلىپ ئىمارەت سېلىش ھوقۇقى بېرىش، رۇسىيە سودىگەرلىرى-نىڭ موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خالىغانچە كېلىپ - كېتىشىگە، ئولتۇراقلىشىشىغا، چەت ئەل ماللىرىنى ئېلىپ - سېتىشىغا رۇخسەت قىلىش، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭ-دىن بىۋاسىتىمۇ، ۋاستىلىقمۇ باج ئالماسلىق دېگەنلەرنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، رۇسلار شىنجاڭدا تېررىتورىيىدىن تاشقىرىلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋېلىپلا قالماي يەنە ئەركىن ئول-تۇراقلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى، شىنجاڭنى باج ھوقۇ-قىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى، رۇسلار شىنجاڭدا ھەر خىل قا-نۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىش شارائىتىغا ئىگە بولدى. بۇلا ئەمەس، ئەنگلىيىنىڭ «مەن-پەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش» دېگەن سەپسەتىسىگە ئاساسەن ئىنگلىزلار، ھىندىلار، ئافغانلارمۇ رۇسلار شىنجاڭدا ئېرىشكەنگە ئوخشاش ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى.

چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى شىن-جاڭ ئىقتىسادىنى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. 1851 - يىلى چارروسىيە بىلەن ئىلى - چۆچەك سودا نىزامنا-مىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، چارروسىيە تۈرلۈك قولايلىقلاردىن پايدىلىنىپ، بولۇشىغا تىجارەت قىلىپ، شىنجاڭغا قارىتىلغان سودىغا پائال ئىلھام بېرىپ، سودا ئىشلىرىنى ناھايىتى تېز راۋاجلاندۇردى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن شىنجاڭغا كىرگەن ماللارنىڭ ھەممىسى روسىيىنىڭ ماللىرى ئىدى، شىن-

جاڭدىن چىقىرىلغان ماللارنىڭ ھەممىسى رۇسىيىگە چىقىرىلدى.
شىنجاڭنىڭ بۇ چاغدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى ئا-
ساسلىقى رۇسلار قىلدى، ئۇلار رۇسىيە ماللىرىنى شىنجاڭغا ئې-
لىپ كىرىپ ساتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ماللىرىنى
سېتىۋېلىپ رۇسىيىگە چىقاردى، باج تاپشۇرمىدى، باج پۇلى
ئۇلارنىڭ چۆنتىكىدە قالدى. گۇاڭشۇ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى)
ئىلى شەتنامىسى تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ يىللىق
چېگرا مەلۇماتىغا قارىغاندا، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن رۇسىيە
ماللىرىنىڭ قىممىتى ھەر يىلى 30 — 40 مىليون سەر ئۆپچۆ-
رىسىدە بولغان، ھەر يىلى 30 مىليون سەر بولدى دېگەن تەقدىر-
دىمۇ 5% باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىز باجدىن 1 مىل-
يون 500 مىڭ سەر زىيان تارتقان بولىمىز، 1920 ـ يىلىغا قە-
دەر بولغان 39 يىلدا بىز باجدىن 58 مىليون 500 مىڭ سەر زى-
يان تارتقان بولىمىز①. ئەينى ۋاقىتتىكى سودا مالنى مالغا ئال-
ماشتۇرۇش سودىسى ئىدى، رۇسلار شىنجاڭغا كۆپىنچە پاختا،
يۇڭ توقۇلما، مېتال بۇيۇم، مېتال، ئەلتېرە ـ مورىنا، قەنت ـ
گېزەك، تاماكا، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ ساتقاندىن
كېيىن، شىنجاڭدىن ئاساسلىقى تەڭ قىممەتتىكى ئۆي ھايۋانلى-
رى، خام تېرە، ئەيلەنگەن تېرە، قوي يۇڭى، خام يىپەك ھەمدە ئاز
مىقداردا پاختا، يىپەك ماللارنى سېتىۋېلىپ رۇسىيىگە ئېلىپ
كېتەتتى، چىقارغاندىمۇ، كىرگۈزگەندىمۇ باج تاپشۇرمايتتى.
شۇنداق قىلىپ بىز باجدىن يىلىغا 3 مىليون سەر زىيان تارت-
تۇق، 39 يىلدا 117 مىليون سەر زىيان تارتتۇق. بۇ زىيان رۇ-
سىيە سودىگەرلىرى قانات ئاستىغا ئالغان شىنجاڭ سودىگەرلى-
رىنىڭ ۋە ئېزىقتۇرۇش ئارقىسىدا رۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ
كەتكەن جۇڭگولۇقلارنىڭ تاپشۇرمىغان بېجىنى، شۇنىڭدەك ھىن-
دىستان، ئافغانىستان بىلەن قىلىنغان سودىدىن تاپشۇرۇلمىغان
باجنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ زىيان زو زۇڭتاڭ شىنجاڭنى قاي-

---

① مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخ-
باراتى»، 590 ـ نومۇرلۇق.

تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەر شىنجاڭغا ھەر يىلى بېرىپ تۇرغان تەمىناتتىنمۇ كۆپ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ يىللىق كىرىمى 600 مىڭ سەردىن ئاشـ ـمايتتى. بۇ شىنجاڭنىڭ ھەر يىلى زىيان تارتقان بىچىمىنىڭ بەشـ ـتىن بىرىگە تەڭ كېلەتتى، ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېـ ـيىن مالىيىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىپ يىللىق كىرىمـ ـنى 3 مىليون 200 مىڭ سەردىن ئاشۇردى. ھالبۇكى بۇ چاغدا قەغەز پۇل بىرلىك قىلىناتتى، مىنگونىڭ 10 ـ يىلىدا بىر سەر قەغەز پۇل ئاران ئۈچ مىسقال نەق پۇلغا توغرا كېلەتتى، مالىيە كىرىمى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 1 مىليون سەردىن ئاشمايتتى، بۇ كىرىم ھەر يىلى باجدىن تارتقان زىياننىڭ ئاران ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلەتتى.

جاھانگىرلار باشقا دۆلەتلەرگە ھەمىشە شۇ دۆلەتلەر نامراتـ ـلىشىپ ئاجىزلاشقان ياكى ئىچكى مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغان چاغدا تاجاۋۇز قىلىپ كەلدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندا روـ ـسىيىدە ئىچكى ئىنقىلابىي كۈرەش قايتا كۆتۈرۈلدى، 1914 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جاھانگىرلار ئۇرۇشىدىكى بىر تەرەپ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيىلەر روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، روـ ـسىيىنىڭ شەرقىي پىرۇسسىيىگە قىلغان ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بوـ ـلۇشى بىلەن ئۇرۇش مەيدانى روسىيە زېمىنىغا يۆتكەلدى. 1915 ـ يىلى روسىيە گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي پوـ ـتۈن سەپ بويىچە چېكىندى، بىر مەھەل جاھاننى بېشىغا كىيگەن چارروسىيە جاھانگىرلىكى تەس كۈنگە قالدى. بۇنى كۆرۈپ يەتكەن ياڭ زېڭشىن تېز تۇتۇش قىلىپ، چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكىنى ھەر جەھەتتىن توسۇدى. 1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، سوۋېت روسىيىسى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشىدىغانلىقىنى، جاھانگىر روسىيە پۇقرالىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى دەپ ئېتىراپ قىلمايـ ـدىغانلىقىنى، جاھانگىر روسىيىسى تاجاۋۇزچىلىق ۋاسىتىسى بىـ ـلەن ئىگىلىۋالغان جۇڭگو زېمىنىدىن ۋە جۇڭگو ئىمتىيازلىردـ

ىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدى-
كى رۇسلار دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستى-
گە مەغلۇپ بولغان كونا رۇسىيە قوشۇنلىرى شىنجاڭغا قېچىپ
كىردى، شىنجاڭ ئۇلارنى ئامال قىلىپ توسۇدى ۋە قايتۇرۇۋەتتى.
1918 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن كونا رۇسىيە سودىگەرلىرىدىن باج
ئېلىشقا باشلىدى، ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىۋىدى، ياڭ زېڭشىن
شەرتنامىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1919 ـ يىلى سو-
ۋېت رۇسىيىسى يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ غەلىبىسى مۇقىملى-
شىپ، كونا ھاكىمىيەت قالدۇقلىرىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ
قالدى، ياڭ زېڭشىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، شىنجاڭ بىلەن
سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن چېگرانى تاقاش، سودا ـ
ساياھەت ئالاقىسىنى مەنئى قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.
شۇنداق قىلىپ، رۇسلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەممە ئىمتىيازلىرى
ئۇن ـ تىنسىز بىراقلا بىكار قىلىندى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئىقتىسادى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئىچكى
ئىنقىلابىي ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى،
1920 ـ يىلغا كەلگەندە چەت ئەللەر سوۋېت رۇسىيىسىگە قاراتـ-
قان قورallıق مۇداخىلىسىنى ئاساسەن توختاتتى، ئەنگلىيە،
فىرانسىيە، ئىتالىيىلەر سوۋېت رۇسىيىسىگە قارىتىلغان قامال-
نى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى، شۇنداقتىمۇ سوۋېت رۇسىيە-
سىنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن قىيىن ھالەتتە ئىدى. سوۋېت رۇ-
سىيىسى دۆلىتىمىز ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تېخى ئېتىراپ
قىلمىغان ئەھۋالدا ئىلاجسىزلىقتىن تۈركىستان چېگرا رايون
ھۆكۈمىتى ئارقىلىق شىنجاڭ دائىرىلىرىگە سودا ئالاقىسىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىپىنى قويدى. ياڭ زېڭشىن چېگرانى تا-
قاپ، رۇسلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلىيەتتە بى-
كار قىلغان بولسىمۇ، بۇنى شەرتنامە شەكلى بىلەن مۇقىملاش-
تۇرمىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ـ سوۋېت چېگراسىنىڭ
تاقىلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت سودىسى مۇئەييەن تە-
سىرگە ئۇچرىدى، كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى ئىمپورت قىلىش-

مۇ مۇمكىن بولماي قالدى، بۇ ھالدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇ-شىغا مۇئەييەن قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن دەر-ھال قانۇن، مەمۇرىي ھوقۇق بىلىملىرىدىن خەۋەردار، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇمچىنىڭ ئامبىلى قوشۇمچە دىپلوماتىك ئەلچى-لەر مەھكىمىسىنىڭ خاس ۋەكىلى پەن ياۋنەننى سوۋېت تەرەپ بىلەن سۆزلىشىشكە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن تۆت تۇر-لۇك پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) بېيجىڭ ھۆكۈمىتى سو-ۋېت رۇسىيىسىنى تېخى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغاچقا ۋاقىت-لىق، قىسمەن سودا قىلىش شەرتلىرىنىلا بېكىتىشكە بولىدۇ؛ (2) سودا ئىلى رايونى بىلەنلا چەكلىنىدۇ؛ (3) سودا كېلىشىمى ئىمزالاشتا ئىككى تەرەپ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، جۇڭگو - رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كونا شەرتنامىلەر بىكار قىلىنىدۇ؛ (4) سودىدىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى شىنجاڭنىڭ باج نىسبىتى بويىچە بولۇشى كېرەك، باجدا جۇڭگو - رۇسىيە سودىگەرلىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇلار باراۋەر باج تاپشۇرىدۇ[1]. پەن ياۋنەن مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن سۆزلىشىشكە تەييارلاندى. سۆزلىشىش جەريانىدا بىز تەرەپنىڭ يوللۇق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، ئاخىر ياڭ زېڭشىنىڭ تۆت پرىنسىپى ئاساسىدا ۋە دائىرىسىدە شىنجاڭ - سوۋېت «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشى-مى» ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، دۆلىتىمىز گۇاڭشۇنىڭ 7 - يىلى (1881 - يىلى) ئىلى شەرتنا-مىسى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەندىن بۇيان قولدىن بېرىپ قويغىنىغا 39 يىل بولغان قانۇنىي ھوقۇق ۋە باج ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى (ئەگەر شيەنفېڭنىڭ 1 - يىلىدىكى ئىلى - چۆچەك سودا نىزامنامىسى ئىمزالانغاندىن باشلاپ ھې-سابلىغاندا 69 يىل بولىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىستانلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئىمتى-يازلىرىمۇ بىكار قىلىندى. بۇ دۆلىتىمىز 1943 - يىلى جۇڭگو

[1] مىنگونىڭ 2 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخ-باراتى»، 590 - نومۇرلۇق.

ـ ئەنگلىيە بەش پورت سودا نىزامنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن چەت ئەللەر جۇڭگودا قولغا كىرگۈزۈۋالغان قانۇنسىز دۆلەت ھالقىغان ھوقۇقنىڭ بىرىنچى بولۇپ بەربات بولۇشى ۋە بىكار قىلىنىشى بولدى. دېمەك، شىنجاڭدىكى ياڭ زېڭشىن، پەن ياۋنەن- لەر چەت ئەللەر جۇڭگو خەلقىغە 77 يىل تاڭغان قانۇنسىز شەرت- نامىلارنى شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ پاچاقلاپ تاشلىدى. چەت ئەللەرنىڭ باشقا ئۆلكىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەڭسىز شەرتنامىلى- رىنى بىكار قىلىشىغا كەلسەك، بۇ سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى مىنگونىڭ 17 ـ يىلى بولدى.

**جۇڭگولۇقلارنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش**

ياڭ زېڭشىن ئىلى ۋاقىتلىق سودا شەرتنامىسى ئىمزالىد- نىشتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ تەڭسىز شەرتنامىلەر تۈپەيلىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قولدىن بېرىپ قويغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ، بىر غېرىچ يەرنىمۇ تالاشتى. ئۇزۇن داۋاملاشقان زۇ- لۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە، خورلۇق دەستىدىن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقى ئارىسىدا ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنىدىغان، ئەجنەبىيلەردىن قورقىدىغان شەرمەندە روھىي ھالەت شەكىللى- نىپ قالغانىدى، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنەتتى. شۇڭا ئالدى بىلەن زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش روھىي ھالىتىدىكى توسالغۇنى تۈگىتىش، مىللىي غۇرۇرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئېگىلىپ تىزلىنىپ تۇرىدىغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىم قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىش خۇسۇسىدا پەرمان چۈ- شۈردى، كېيىن ئاقسۇ، كۇچا ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ يەنىلا ئەجنەبىيلەرگە قۇللارچە تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلىۋاتقاند- لىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۇلار «قەتئىي تو-

زەتمىسە» «قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر كۆرسەتمە چۈشۈردى. بۇنىڭدىن يالڭ زىڭشىننىڭ پەزىلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۆرسەتمىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پېقىر تۇتۇق يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىم قائىدىسىنى تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرگەنىدىم. ئاڭلىسام، كۆچا ناھىيىسىدىكى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئاقساقىلى لىن شېڭتىيەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كەلدىم دەپ يامۇلنىڭ چوڭ سارىيىغا (داتاڭ) تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ كىرگەن، ئامبال ئۇدۇل دەرۋازىنى ئېچىپ پوجاڭزا ئېتىپ قارشى ئالغان. بۇ سودىگەر ئەسلىدە چەت ئەل ئەمەلدارى بولماستىن جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئوخشاش، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىر ئاقساقىلى ئىكەن. ئامبال دېگەن دۆلەتكە ۋاكالىتەن خىزمەت ھوقۇقى يۈرگۈزىدىغان ئادەم، دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى قوغۇقلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتقاندا، سودىگەرلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشىغا ئەلۋەتتە ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. بىراق كۆتۈۋېلىشتا ئۆرە تۇرۇش ياكى ئولتۇرۇش كىچىك ئىش بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا تاقىلىدۇ. بۇ ناھىيە ئەنگلىيە سودىگىرىنى قوبۇل قىلغاندا مۇراسىم قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرمەي، دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزگەن، بۇنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرىنى مۇراسىم قائىدىسىگە بىنائەن يامۇلنىڭ يان ھۇجرىسىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا قوبۇل قىلىش ۋە ئىككى تەرەپ ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشىش كېرەك، ئۇلارنى رەسىم ــ قائىدىنى بۇزۇپ، ئۇدۇل دەرۋازىدىن كىرگۈزۈپ، پوجاڭزا ئېتىپ كۈتۈۋېلىشقا بولمايدۇ، شۇنداق قىلغاندا ئامبال جازاغا تارتىلىدۇ».

جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامىلەردە چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىش، مال ــ مۈلۈك سېتىۋېلىش، باج تاپشۇرماسلىق، كونسۇل كېسىم ھوقۇقى قاتارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

بىز ئاجىز، ئۇلار كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار شەرتنامىنىڭ ماددى-لىرىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ ئىزاھلاپ ۋە تەتبىقلاپ، غىرىچقا ئىې-رىشىپ غۇلاچقا تىكلەتتى. شۇڭا شىنجاڭدا چەت ئەللەرگە چې-تىشلىق ماجىرا توختىماي چىقىپ تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن دۆلە-تىمىزنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن تەڭسىز شەرت-نامىلەرنى ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلاتتى، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىزاھاتىغا ھەرگىز قۇلاق سالمايتتى، مەسىلىلەرنى ھەمىشە شەرتنامىنىڭ مەزمۇنى ۋە خەلقئارا ئومۇمىي قانۇن ۋە ئورتاق قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ ئۆ-زىمىزگە پايدىلىق ئىزاھلاپ ھەل قىلاتتى. مەسىلەن، مىنگونىڭ 4 - يىلىدىن بۇرۇن رۇسىيە سودىگەرلىرى گۈچۈڭدا يەر ئىگىلەپ مال باققان، ياڭ زېڭشىن تاشقى ئالاقە خادىمى جاڭ شياۋبونى دەرھال رۇسىيە كونسۇلىغا ئۇلارنى زېمىنىمىزدىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا نوتا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىر-قى يىللىرىدا رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا چارۋا سېتى-ۋېلىپ بېقىپ كۆپەيتىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇ يىلى رۇسىيىلىك سودىگەرلەردىن ھاسانباي بىلەن نىيازباي سانجىنىڭ سەنتۇنخې دېگەن يېرىدە بىر پارچە يايلىقىمىز بار ئى-دى، ئۇنى سانجى ئامبىلى كېسىپ بەرگەن، بۇ يايلىقىمىزنى تاڭ جىيا دېگەن بىر خۇيزۇ ئىگىلىۋالدى، قولىمىزغا ئېلىپ بەرگەيلا، دەپ رۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دىياكوفقا ئەرز قىلدى. دىياكوف تاشقى ئالاقە خادىمى جاڭ شياۋبو بىلەن سۆز-لىشىپ، تەلەپ قويغاندا ياڭ زېڭشىن قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدا يەرلىك ئەمەلدارلار رۇسىيە سودىگەرلە-رىگە يايلاق بەرگەن ئىش بار، لېكىن بۇ ۋاقىتلىق مال بېقىپ تۇرۇشقا بېرىلگەن. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن بۇيان رۇسلارغا يايلاق كىنىشكىسى بېرىلگەن ئەمەس، يەنە كېلىپ جۇڭگو - رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىملەردە سودىغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىلا بەلگىلىمە باركى، چارۋا بېقىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان-لىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق، سانجىنىڭ ئامبىلى دىپلوماتىيە

قائىدىلىرىنى بىلمىگەچكە، سەنتۇنخې يايلىقىنى رۇسىيە سودى-
گەرلىرىنىڭ مال بېقىشىغا بېرىپ خەت قىلىپ بەرگەن، تەپتىش
بېگىنىڭ تەستىقىنى ئالمىغان، بۇنى كۆچكە ئىگە قىلىشقا بول-
مايدۇ»[1] دەپ يايلاقنى قايتۇرۇۋېلىپ تاڭ جياغا بەردى. مىنگونىڭ
4 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رۇسلار تۇڭجى، گۇاڭشۈ يىللىرى
ئەنجان ئاتامانى ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى مالىمان قىلىپ،
قەشقەردە جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ يېرىنى، قاغىلىقتا يايلىقىنى،
خوتەندە ئوتلاق ـ كۆللىرىنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، جۇڭگو
پۇقرالىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، رۇسلار رۇسىيىنىڭ قەش-
قەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مېي شىچېن ئارقىلىق ھۆكۈمىتى-
مىزگە ئەرز سۇندى. ياڭ زېڭشىن ئىسپاتى يوقلارنى «جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ يېرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلماقچى بولغانلار» دەپ،
كىنىشكا ۋە ئىسپاتى بارلارنى «ئاسىيالار كاتتىبېشى ياقۇپبەگ
تارقاتقان ھەرقانداق دەلىل ـ ئىسپات ئىناۋەتسىز»[2] دەپ، بىر-
مۇبىر رەت قىلدى، مىنگونىڭ 5 ـ يىلى رۇسلار يەكەندە جۇڭگو
پۇقرالىرىنىڭ يېرىنى سېتىۋالماقچى بولغاندا ماجىرا چىقىپ
ئەرز قىلدى، بىز تەرەپ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، رۇسىيىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى مېي شىچېن بېيجىڭدىكى رۇسىيە
ئەلچىسىگە تېلېگراما يوللاپ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىمىز
بىلەن سۆزلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلى-
قى گۇاڭشۈنىڭ 7 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن جۇڭگو ـ رۇ-
سىيە شەرتنامىسىنىڭ 13 ـ ماددىسىدا رۇسىيىلىكلەر شىنجاڭ-
دىكى رۇسىيە كونسۇلى قويۇلغان جايلاردا «يەر سېتىۋالسا بولى-
دۇ» دېگەن گەپ بارلىقىنى تېپىپ چىقىپ ياڭ زېڭشىنغا تې-
لېگراما ئەۋەتىپ، شەرتنامىدە دەرۋەقە «رۇسىيىلىكلەر يەر سې-
تىۋالسا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەن، گەرچە بۇ گەپ «مۇجى-

---

① مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخ-
باراتى»، 590 ـ نومۇرلۇق.
② مىنگونىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخ-
باراتى»، 590 ـ نومۇرلۇق.

مەل بولسىمۇ «كارىمىز بولمىسا ئەپلەشمەيدۇ» دەپ ئەسكەرتتى، يەكەننىڭ شۇ چاغدىكى ئامبىلى ليۇ رېندەنمۇ شۇنداق پىكىردە بولدى. بىراق ياڭ زېڭشىن باشقىچە ئىزاھلاپ مۇنداق دېدى: شەرتنامىدىكى «يەر سېتىۋېلىش» دېگەن گەپ، گۇاڭشۇ يىللىرىدا ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندا رۇسلارنىڭ جۇڭگودا ئىلگىرى سېتىۋال-غان يېرىگە قارىتىلغان، رۇسلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خالىغانچە يەر سېتىۋالسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ياڭ زېڭشىن دىپلوما-تىيە مىنىستىرلىقىنىڭ رۇسىيە ئەلچىسى بىلەن سۆزلىشىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە: «يەر تەكشۈرۈش دۆلەت قۇرۇشتىكى ئۇچ ئامىلنىڭ بىرى، ھەممە دۆلەتكە ئورتاق قائىدە، يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ئۇنچىلىك كەچكەن ئىش ئەزەلدىن بول-غان ئەمەس»[①] دېدى. ئۇ يەنە جۇڭگولۇقلار بۇرۇن چەت ئەللىك-لەرگە ئىجارىگە بەرگەن، رەنىگە قويغان يەر، ئۆي قاتارلىق تۇراق-لىق مۈلۈكلەرنى يەرلىكلەر بىلەن چەت ئەللىكلەر يازما پۈتۈشكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىل-دى، ئاۋايلۇق، مىنگونىڭ 8 - يىلى 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئال-تاينىڭ باش مەمۇرى جاڭ چىڭتۇڭ ئۆز ئالدىغا رۇسىيە كونسۇلى بىلەن رۇسلارنىڭ ئالتايدا يەر ئىجارە ئېلىشىغا دائىر توققۇز ماددىلىق كېلىشىم تۈزگەن، شۇ يىلى 7 - ئايدا جاڭ چىڭتۇڭنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن جۇ ۋۇشۆ بۇ ئەھۋالنى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلدى. ياڭ زېڭشىن كېلىشىمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «ئالتاي خەلقىنىڭ يېرىنى، يايلىقىنى رۇسلارغا بېرىش شەرتنامىگە ئەمەل قىلماي ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتقانلىق»، «جۇڭگو - رۇسىيە شەرتنامىسىنى ئالساق، ئۇنىڭدا رۇسلارنىڭ شىنجاڭدا سودا قىل-لىشىغىلا رۇخسەت قىلىنغانكى، ئۇلارغا تېرىقچىلىق قىلىش، چارۋا بېقىش ھوقۇقى بېرىلمىگەن»، «شەرتنامىگە زىت بۇنداق

---

① مىنگونىڭ 2 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخ-باراتى»، 590 - نومۇرلۇق.
② مىنگونىڭ 2 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخ-باراتى»، 590 - نومۇرلۇق.

ئىشنى ئىناۋەتلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ[2]، دېدى. كېيىن ياڭ زېڭشىن كېلىشىم بويىچە ئالتايدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قىلىۋاتقان رۇسلارنى بىر - بىرلەپ قوغلاپ چىقاردى، يەنە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ چىڭتۇڭغا قاتتىق جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ - روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا تالاش - تارتىشىدا ياڭ زېڭشىن تېخىمۇ قاتتىق قول بولدى. مەسىلەن، مىنگونىڭ 6 - يىلى قورغاس دەريا ساھىلى چېگراسى ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولدى، بۇ يەرنىڭ چېگرىسىنى مىنگونىڭ 5 - يىلى ئىككى تەرەپ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ، كېڭىشىش ئارقىلىق بۇرۇنقى قورغاس دەرياسىنىڭ چېگرا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. كېيىن رۇسلار چېگرادىن ئوغرىلىقچە بىز تەرەپكە ئۈچ - تۆت چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ توپا دۆۋىلەپ قوزۇق قېقىۋالدى ھەمدە زېمىنىمىز ئىچىدىكى كونا تاشلاندۇق ئۆستەڭنى قورغاس دەرياسى دەپ تۇرۇۋالدى، بىز تەرەپ بايقىغاندىن كېيىن توپا دۆۋىسىنى تۈزلەپ، قوزۇقلارنى يۇلۇۋەتتى. ياڭ زېڭشىن مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارغا چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى، يەنە رۇسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بەي لودىيەن بىلەن جىددىي سۆزلىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ۋەقەگە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، «دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك» كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى[1]. مىنگونىڭ 7 - يىلىنىڭ بېشىدا رۇسلار يەنە قورغاس دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىپ، چېگرامىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى، بىز تەرەپ رۇسىيە كونسۇلى بىلەن نەچچە ئون قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، رۇسىيە تەرەپنى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۆۋرۈكنى چۇۋۇپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىن چەت ئەللەر بىلەن ئاساسلىقى رۇسىيە بىلەن دۆلەت تەۋەلىكى، سودا ئىشلىرى ماجىراسىغا ئوخشاش خىلمۇخىل ماجىرالار كۆپ قېتىم يۈز بەردى. ياڭ زېڭشىن «چېگرانى قوغداپ خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش»نى

[1] مىنگونىڭ 2 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈندىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخباراتى»، 590 - نومۇرلۇق.

مەقسەت قىلىپ، چەت ئەللىكلەر بىلەن ئىلىشىپ، زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ساقلاپ قالدى، ئىلگىرى قولدىن كەتكەنلەرنى بىر – بىرلەپ قايتۇرىۋالدى.

ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قاتتىق – يۇمشاق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇزاق مۇددەت ئۇنۇملۇك كۈرەش قىلدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغان مەزگىلدە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننى تولۇق ساقلاپ قېلىپلا قالماي، بەلكى چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئىمتىيازلىرىنى بىرىنچى بولۇپ بىكار قىلدى. ئىلگىرى ياڭ زېڭشىننى ئەيىبلىگۈچىلەر ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىنى ئاساسەن تىلغا ئېلىپ باقمىغان.

خەنزۇچە «غەربىي يۇرت ھەققىدە مۇپەسسەل مۇھاكىمە» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېھىم ياقۇپ**

# ما شاۋۇ بىلەن ما شىمىڭ تۈزۈشكەن بىر تەرەپلىمە سۇلھى توختامى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

## 1

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قولدىن كېتىشى، يەكەن يېڭى شەھىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ 500 گە يېقىن ئەسكىرىنىڭ مۇھاسىرىدە قېلىشى، بولۇپمۇ مارالبېشى تۇمشۇقتىكى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى قەشقەردىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى قايغۇغا سالغانىدى. بولۇپمۇ گېنېرال ياڭ چەنمىڭ (ياڭ دارېن)نىڭ پەيزاۋاتنىڭ «قاۋۇل كۆۋرۈكى» دېگەن يېرىدە ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن كورلىلىق ئېلى ھاجىنىڭ ئوقىدا يارىلىنىپ قولغا چۇ-



شۇپ كېتىشى تېخىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. بۇ ئىش قەشقەر بو-
سۇغىسىدا ئېچىلىدىغان يەنە بىر فرونتنى ئىمكانسىز قالدۇرغا-
نىدى.

بۇ چاغدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى، قوشۇمچە تىنچلىق ساقلاش قوماندانى، قەشقەر بايلىرىنىڭ تۇۋرۇكى بولغان خۇيزۇ ما شاۋۋۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ يامان ۋەزىيەت ئىچىدە قالغانلىقى، جەنۇبنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، شۇڭا يەنە ئۇرۇشۇشنىڭ پايدىسىزلىقى ھەققىدە سۆزلەپ خەنزۇ ھەربىيلەرنى قايىل قىلدى ۋە ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا سۈلھى قىلىشنى تەكىتلىدى. خەنزۇلارمۇ بۇنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە سۈلھى ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى.

ما شاۋۋۇ قەشقەر بايلىرىدىن يەنە بىر قېتىم پايدىلىنىش مەقسىتىدە مىللىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەشنى بۇيرۇدى. بۇ ئۆمەكنىڭ بىرى مارالبېشىغا ئەۋەتىلىدىغان ئۆمەك بولۇپ، ئۆمەككە قەشقەر بايلىرىدىن ئەمەت ھاجى (جاڭجۇڭ) باشلىق، ئۆلىمالاردىن كۆزئەينەكلىك مامۇت داموللا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ئۆمەك قەشقەر بايلىرى نامىدىن يېزىلغان مەكتۇپنى ئېلىپ مارالبېشىغا يۇرۇپ كەتتى.

ما شاۋۋۇ بۇ ئۆمەككە «ئاپاق غوجا ئەۋلادى» دەپ ئاتالغان ئابدۇللاخان خوجىنى قوشۇمچە سىياسىي رەھبەر قىلىپ يولغا سالدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى مارالبېشىدىكى لۇيجاڭ تۆمۈر ئېلى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن تەكلىپى «ما شاۋۋۇ قەشقەرگە باشلىق بولسا، ئىنقىلابچىلار ئارقىغا قايتسا ...» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

لۇيجاڭ تۆمۈر ئېلى تەرەپ ما شاۋۋۇنى: «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى چىققان ۋە بۇرۇندىن تارتىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ۋارىسى بولۇپ كەلگەن ...» دەپ ئەيىبلىسە، ۋەكىللەر ئۇنى خۇيزۇلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى پەش قىلىپ، «تەرىقەت يولباشچىسى، تەقۋادار كىشى ...» دەپ تەرىپلەيتتى. نەتىجىدە، بۇ سۈلھى ئوڭۇشسىز ئاياغلاشتى. بىراق، دەل


ما شاۋۋۇ

شۇ پەيتلەردە ئابدۇللاخان خوجا
ئىنقىلابچىلارنىڭ مارالبېشىدى-
كى باش قوماندانى ما جەنساڭ
بىلەن ئۆز ئالدىغا مەخپىي كې-
لىشىم ھاسىل قىلغانىدى. بۇ
كېلىشىم كۆرۈنۈشتە «قەشقەر-
دىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى
ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولۇش،
قارشى تەرەپمۇ خەنزۇلارنىڭ ھا-
ياتى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاش-
قا كېپىللىك قىلىش ...» دې-
گەنلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە كېلىشىمگە قەش-
قەردىكى قوشۇنلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ۋە بارلىق ئامبارلاردى-
كى زاپاس قورال - ياراغلارنى خۇيزۇلارغا تاپشۇرۇۋېلىش، ما
شاۋۋۇنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇش قاتارلىق يامان غەرەزلەر يوشۇ-
رۇنغانىدى.

ما جەنساڭ ئابدۇللاخان خوجىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، ئاقسۇ-
دىكى خۇيزۇ لۈجاڭ مالىيەن ئارقىلىق قاراشەھەردىكى ما شىمىڭغا
توختامنى كۆزدىن كەچۈرگۈزدى ۋە ئىمزا قويغۇزدى.

## 2

ما شاۋۋۇ ئۇتۇق بىلەن قايتىپ كەلگەن ئابدۇللاخان خوجىنى
شادلىق بىلەن قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇردى.
ئابدۇللاخان تاپشۇرۇق بويىچە يەكەنگە بېرىپ، يەكەن يېڭى شە-
ھەرگە قامىلىپ قالغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى سۇڭ
تۇەنجاڭ، جىن يىڭجاڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا
قاراشەھەر بىلەن تۈزۈلگەن توختام مەزمۇنىنى يەتكۈزىدۇ. ئاب-
دۇللاخان خوجا قايتىشىدا ياغاچ ئايۋان دېگەن يەرگە كەلگەندە

مەكىت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ما
شاۋۋۇ ئابدۇللاخان خوجىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ
ئۆتمەي ما جەنساڭ تەرەپتىن كەلگەن ما ئىسمىلىك ئەلچىنى قو-
بۇل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەردە كېڭىشىپ ئوتتۇ-
رىدا تۇزۇلگەن توختامنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى. ما جەنساڭ قو-
شۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىرئاز كېچىكىدىغان
بولغاچقا، ما شاۋۋۇ ئۆز ئالدىغا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا
باشلىدى. ئەتراپتىكى تاغ خەلقىدىن 800 دەك قىرغىزنى ئەس-
كەرلىككە ئالدى. ئۇلارغا ھەربىي تەلىم بېرىش ئۇچۇن چىلىڭ دې-
شىلىڭ دېگەن خۇيزۇنى باشلىق قىلىپ ئۇچتۇرپان يولىدىكى سۇ-
غۇن قاراۋۇل دېگەن جايدا تۇرغۇزدى. ما شاۋۋۇنىڭ قىرغىزلارنى
بۇ يەردە تۇرغۇزۇشى ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىغا
ئاساسەن بولغانىدى. چۈنكى، 1924 ـ يىلى ما تىتەي ما فۇشىڭ-
نى يوقىتىش ئۇچۇن ئۆزى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بۇ يول بىلەن
كېلىپ غەلىبە قازانغانىدى. دېمەك بۇ ئورۇن ئۇچتۇرپاندىن كې-
لىدىغانلارنى توسۇشقا پايدىلىق ئىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن
قىرغىز يىگىتلىرى ما شاۋۋۇغا ئاسىيلىق قىلدى. مارالبېشى
تۇمشۇقتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۇلارنى روھلاندۇرغانىدى.
ئۇلارنىڭ باشلىقى ئوسمان ئالى ئۆز سەركەردىلىرىدىن ئورازبەگ،
ئابدۇللابەگلەرنى باشلاپ سۇغۇندىن يۆتكىلىپ شەھەرنىڭ بىقىنى
بولغان تاغ ئاغزى تۇتۇرگىگە جايلىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
پەرغانىدىن كەلگەن ئەۋى پانسات، قوشمەتبەگلەرمۇ بار ئىدى.
قىرغىزلارنىڭ بۇ ئىسيانى ما شاۋۋۇنى ھودۇقتۇرۇۋەتكەچكە،
بۇلارغا قارشى «مىللەت ئەسكىرى» نامى بىلەن شەھەر خەلقىدىن
200 كىشىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئافغانىستانلىق
مۇھەممەت شەرىفخان جىنرەل ساھىبنى باشلىق قىلغانىدى.

## 3

ما شاۋۋۇ ئەلنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۇچۇن يەنە بىر پىلان تۈز-

دى. بايلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، تۇتۇرگىدىكى قىرغىزلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىل چىقاردى. بايلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن ئۆلىمالار تەبىقىسىدىن ئىمىن ھۇسەيىن قازى ھاجىم بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئۇربەگ (بوياقچى)نى تۇتۇرگىگە چىقاردى. ئۇلار ئوسمان ئالى بىلەن كۆرۈشكەندە يەنە ھېلىقى كونا مۇقام بولغان ما شاۋۋۇنى قەشقەر پادىشاھى قىلىپ تىكلەش دېگەن تەلىپىنى ئاچىقىقانىدى. لېكىن ئوسمان ئالى بۇ تەكلىپىنى رەت قىلدى. ۋەكىللەر قايتىپ كېتىشتى. ۋەكىللەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىشى قەشقەر خەلقىنى روھىي جەھەتتىن ئويغاتتى. نەتىجىدە كىشىلەر تۇتۇرگىگە بېرىپ كېلىشكە، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە باشلىدى. ما شاۋۋۇ بۇ دولقۇننى بېسىش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتە «تۇتۇرگە بىلەن ئالاقە قىلدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن نۇرغۇن كىشىنى قامىدى. بىر قانچە كىشىنىڭ قۇلىقىنى تۈۋرۈكلەرگە مىخلىدى. تاشقى جەھەتتە «مىللەت ئەسكىرى»نى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن جىنرەل ساھىب بىر پولك ئەسكەر بىلەن تۇتۇرگىگە چىقىپ بۇرنىغا يەپ قېچىپ كىردى. مانا بۇ ئامىل ئوسمان ئالىنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (سەيشەنبە) تاڭ سەھەردە شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ما شاۋۋۇنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى كۆرگەن تەييارلىقلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. قوزغىلاڭچىلار ئىككى سائەتكە قالماي سېپىل بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. شەھەرنىڭ بارلىق جايلىرى يېرىم كۈندىلا قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ ما شاۋۋۇ بېكىنىۋالغان دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىنغان بىر پەيتتە، پەيزاۋات يولى بىلەن كەلگەن ئىككى خۇيزۇ ئەلچى تار بوغۇز دېگەن جايغا كەلگەندە ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ما جەنساڭنىڭ بۇيرۇق خېتى تېپىلدى. ئۇنىڭدا: ما شاۋۋۇغا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشماستىن ئۆز ـ ئۆزىنى ۋە قوراللىرىنى پۇختا ساقلاش جېكىلەنگەنىدى، ئوسمان ئالى دوتەي يامۇلىغا قىلغان ھۇجۇمنى توختاتتى ۋە شۇ

كېچىنى تىنچ ئۆتكۈزدى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى لىۈيجاڭ تۆمۈر ئېلى يېتىپ كەلدى. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى بىر باينىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ما جەنساڭ يېتىپ كې-لىپ ئۆزى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. ئەسكەرلىرى يامۇل ئەتراپى ۋە يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىگە، بىر بۆلۈم ئەسكىرى يېڭى-شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ما شاۋۋۇ ئۆز مەق-سىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ قولىدىكى قورال ۋە خەزىنىنى ما جەنساڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ما جەنساڭ يەنە مارالبېشى سېرىقبۇ-يىدىكى چۇ خەنىنى كىيىم يەڭگۈشلىتىش ھىيلىسى بىلەن قايتۇ-رۇپ كېلىپ قوراللىرىغا ئىگە بولىۋالدى. ئۇ ئەمدى ئىككىنچى قەدەمگە ئاياغ قويدى. ئۇ باش قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن تۆ-مۈر ئېلىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇقتا «يەكەن يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قالغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئۈستىدىكى مۇھا-سىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارغا يول بېرىش، ئۇلارنى بارلىق قورال، نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىش، قەشقەرگە كەلگەندە قورالسىزلاندۇرۇش، بۇلارنى قوغداشقا تۆمۈر ئېلى مەسئۇل بولۇش ...»، دېيىلگەنىدى. «سى زىخۇي مەسىلە-سى»دىن رەنجىگەن تۆمۈر ئېلى شۇندىلا مەسىلىنىڭ تېگىگە يې-تىپ، ئۇنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بىلىۋالدى. شۇنداق بولسى-مۇ، بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىغا كىرىشىپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن يەكەنگە ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ باشلىقى ھاپىز تۇەنجاڭغا، شۇنىڭدەك ئوس-مان ئالى ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ باشلىقى قىرغىز قوشمەتكە بۇي-رۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقتا يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى-غا يول بېرىش، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش جېكى-لەنگەنىدى. تۆمۈر ئېلى ئۇ قوشۇنلارنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى-ساردا تۇرۇشلۇق ئەخمەتخان تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۇەن قوشۇننى، قەشقەردىن ئاتۇشلۇق تۇەنجاڭ كىچىكئاخۇننى، شۇ-نىڭدەك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇننى ئەۋەت-كەنىدى.

سېپىل مۇھاسىرىسىدىن بوشانغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى

قايتىش سەپىرىگە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. 500 كىشىلىك بۇ قوشۇن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىرىنچى قونالغۇنى كورراباتى دېگەن جايدا ئۆتكۈزدى. ئىككىنچى قونالغۇنى ئاقراباتتا ئۆتكۈزدى، بۇ جايدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، كۆزەتچى ئەسكەرلەر ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا قەشقەر تەرەپتىن زور بىر قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، ئۇلارنىڭ كىملىكىدىن قەتئىينەزەر ئوق چىقىرىشتى. ئەخمەتجان تۇەنجاڭ «بىز سىزلەرنى قوغداشقا كەلدۇق» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىماي ئوق ئۈزۈۋەردى. بۇ ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان خوتەن ئەسكەرلىرى ئارقىدىن باستۇرۇپ كېلىپ ئوق چىقاردى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تۆت تەرەپلىمە مۇھاسىرىدە قالغانىدى. ئۇرۇش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. كۆپ چىقىم تارتقان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى چىداشلىق بېرەلمەي تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار قورالسىزلاندۇرۇلۇپ يېڭىشەھەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 4

ما جەنساڭ ما شاۋۋۇنىڭ قولىدىكى، شۇنىڭدەك يېڭىشەھەردىكى بارلىق قوراللارنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. خەزىنىلەردىكى بارلىق مەبلەغ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. بۇ ھال باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ قىرغىز ئوسمان ئالىدا نارازىلىق كېلىپ چىققانىدى. مانا بۇ نارازىلىق 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى قىرغىز ـ خوتەنلىك ئۇرۇشىنى تۇغدۇردى. بىر سوتكا داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا ئوسمان ئالى تەرەپ غەلىبە قازاندى. خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتامانى سانالغان لۇيجاڭ گامازا نۇرغۇن تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ يۈزلىگەن ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. نۇرغۇن قورالى غەنىيمەت ئېلىندى. خوتەنلىكلەر ئاساسەن تارمار بولۇش



گىردابىغا يەتكەندە تۆمۈر ئېلى ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئۇلارمۇ مۇ-
سۇلمان. بىزمۇ مۇسۇلمان، ئىنقىلابتا بۇلار بىلەن بارچە جاپادا
بىرگە بولدۇق، ئۇلار بىلەن كېلىشىش كېرەك»، دېدى.

نەتىجىدە، چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا تۆمۈر ئېلى
«خۇيزۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى بوشىتىش، تارتىۋالغان قويغان
قوراللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش»نى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر سۈلهى ئوتتۇرىغا چىقتى. (1) ما جەنساڭ باش
قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېڭى-
شەھەرگە چىقىپ كېتىش؛ (2) تۆمۈر ئېلى سىجاڭلىق دەرىجى-
سىگە كۆتۈرۈلۈپ دوتەي يامۇلىغا كۆچۈپ كىرىش؛ (3) ئوسمان
ئالى تۇڭلىڭلىقتىن لۇيجاڭلىققا كۆتۈرۈلۈپ يومىلاقشەھەر قەل-
ئەسىگە ئورۇنلىشىش؛ (4) ما شاۋۋۇ ئۆز ئەمەللىرىدىن قالدۇرۇ-
لۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يۇنۇسبەگ سەئىدى ۋالىي، خۇيزۇ سۇ جىڭ-
شۇ مۇئاۋىن ۋالىي بولۇش.

## خۇلاسە

ما شاۋۋۇ بىلەن ما شىمىڭ قاتارلىقلارنىڭ بۇ مەخپىي كې-
لىشىمى كېيىنكى كۈنلەردە يۇقىرىقىدەك يامان ئاقىۋەتلەرنى

تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە كۆپ ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭنىڭ سە-
مەن يولىدا گامازا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. ئىش
بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. يېڭىشەھەردىكى 69 كۈنلۈك قىرغىنچىلىق باشلىنىپ خەلق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور زىيانلارغا ئۇچرىدى.

## «شەرقىي تۈركىستان» ۋە «پانتۈركىزم» ئەرۋاھى

شيې يىچيۈ

### «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشى

2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن ئەنگ ـ لىيە زەمبىرەك ئوقى ئارقىلىق «ئەركىنلىك» ئىزدىگەن كۈننىڭ ئەتىسى جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۈەن روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» تېر ـ رورچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقىنى جىددىي ئوتتۇرىغا قويدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭ ـ گو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى سۈن يۈشى مۇنداق دېدى:

«چوڭ قۇرۇقلۇق ھازىرقى شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتى پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقىنى ھەمدە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا نۇرغۇن پارتلىتىش، يوشۇ ـ رۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتۇپ كېتىش قاتارلىق تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئېنىق دەلىل ـ ئىس ـ پاتقا ئىگە بولدى.»

«تۈرك» دېگەن سۆز ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە «سەھرا ـ لىقلار» دېگەن مەنىدە قوللىنىلاتتى، 1930 ـ يىللارغا كەلگەندە ـ مۇ، «تۈرك» دېگەن نام ئانچە داڭق چىقارمىغانىدى، شۇ چاغدا شىنجاڭدا ھۆرمىگۈلدەك ئېچىلىپلا توزۇپ كەتكەن ئىككى ھاكى ـ مىيەتكىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام بېرىلگەنىدى. ھال ـ بۇكى، 1960 ـ يىللاردىن كېيىن تۈركىيە كىشىلەرگە بارغان ـ سېرى تونۇلۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى چاغلاردىكى

«شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش تەرەپدارلىرى» شىنجاڭنىڭ ئور-
نىغا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى قول-
لىنىشقا باشلىدى ۋە ئۆزلىرى قۇرۇشنى خىيال قىلغان «دۆ-
لەت»نى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سىرتىدا
(ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا) «شەرقىي تۈر-
كىستان» تەشكىلاتىدىن 50 نەچچىسى بار ئىكەن. شىنجاڭدىمۇ
بىر تۈركۈم تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى مەۋجۇت. 1997 ـ يىلى
غۇلجىدا پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن بېرى، شىنجاڭ-
دىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرى جانلىنىش مەزگىلىگە قەدەم
قويدى. جۇڭگونىڭ غەربىي چېگراسىدىكى قەشقەردە «شەرقىي
تۈركىستان» تېرروچىلىق پائالىيەت مەركىزى قۇرۇلۇپلا قالماي،
بەزى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ نىشانى ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ
چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىغىچە كېڭەيدى ـــ پاكىس-
تان، ئالجىرىيە، يەمەن، ۋېيتنام، رۇسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق
جايلاردا دۆلىتىمىزنىڭ شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق خادىملىرى تۇتۇپ
كېتىلىش قاتارلىق ۋەقەلەر يۈز بەردى.

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى بەزى تېررورچىلىق گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ قويۇق
مۇناسىۋەت بار. مەسىلەن، ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقان ئۆزبېكلەر-
نىڭ قوراللىق تەشكىلاتى «ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ رەھبىرى نە-
مەنگانى تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە
شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بىر پۈتۈن ئىسلام جۇمھۇ-
رىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلار 1999 ـ يىلى ۋە
2000 ـ يىلى پەرغانە تاغ جىلغىسىغا ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قى-
لىپ كىردى. مەلۇم بولۇشىچە، نەمەنگانى جۇڭگودىن نۇرغۇن
ئۇيغۇرنى ئۆز تەشكىلاتىغا جەلپ قىلغان، تالىبانىنىڭ ھەربىي
لاگېرلىرىدىمۇ شىنجاڭدىن بارغان نەچچە يۈزلىگەن تېررورچى
بولغان.

تالىبان ھاكىمىيىتى ئانچە ئۇزاق ھۆكۈم سۈرەلمىگەن بول-

ىسمۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسى مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەبكە ۋە رېئال ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا بىرمۇنچە توسالغۇلار بار، بولۇپمۇ جۇڭگو سىرتىدىكى بەزى كۈچلەر ھەممىشە خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي مىزانلىرىغا قارىماي، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تەرەپدارلىرىغا ئۇنداق ياكى مۇنداق مەدەت بېرىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك قېتىملىق جىددىي سۆزلىشىشىگە قارىماي، بەزى «شەرقىي تۈركىستان»چىلارنىڭ پارلامېنت بىناسى ئىچىدە يىغىن ئۆتكۈزۈشىگە ئەتەي يول قويىدى.

«شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتى»نىڭ ئارقىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا كەڭ تارقالغان «پانتۈركىزم» ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق يىغىنىدا تېررورلۇققا زەربە بېرىش ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىگەن «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تەرەپدارلىرىغا «تورىنىڭ بىر يېقىنى ئېچىپ ھاياتلىق يولى بېرىش»نى ھامان ياقتۇرىدۇ.

مەسىلەن، 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قازاقىستان قاتارلىق 11 مەملىكەتتىن كەلگەن «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى غەربىي ئاسىيادىكى مەلۇم دۆلەتنىڭ پايتەختىدە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق 3 ـ نۆۋەتلىك «مىللىي قۇرۇلتاي» ئۆتكۈزۈپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى»نى قۇرۇپ چىقتى، ھازىر بۇ مەركەزنىڭ ئامېرىكا، گېرمانىيە، تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بار.

مەزكۇر ماقالىدە تارىخنى تەھلىل قىلىش تۇرغۇسىدىن «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى «پانتۈركىزم» ھەرىكىتىنىڭ باش ـ ئايىغى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

# تۈرك مىللىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى

«شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» تەرەپدارلىرى چېگرا سىرتىدا ئۆزلىرىگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى تېپىشتا «ئوخشاش تىل، ئوخشاش ئىرق» دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. تۈركىي تىللار ئەمەلىيەتتە تۆلۈس (تېلې) تىلى دېمەكتۇر. تۆلۈسلەر (سېرىق تەنلىكلەر) يىراق قەدىمكى زاماندىكى «تۇرالار»، «تۇرانىيلار»دىن ئىبارەت. ئۇلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن تارتىپ بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتلاق بەلۋېغىدا كۆچۈپ يۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ساكلار (ئاق تەنلىكلەر)نىڭ ئاشىنا قەبىلىسى تۆلۈسلەرنىڭ بىر تارمىقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، تۆلۈسلەرنىڭ تۇتېمى «بۆرە»نى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى «تۈرك»لەر (مەنىسى: «قاۋۇل»، «مۇنبەت» دېگەنلىكتۇر)مۇ «كۆكتۈركلەر» دەپ ئاتالغان.

تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تاغلىرى)نىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ، مىلادىيە 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنى بەرپا قىلدى. ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا چۈشۈپ قالغان تۆلۈس قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەسلىدىكى قەبىلە نامىدىن بالدۇرراق ۋاز كېچىپ «تۈرك» دېگەن نامنى قوللانغانلىرى «قارا تۈركلەر» دەپ ئاتالدى. ئەسلىدىكى قەبىلە نامىدىن ۋاز كېچىشكە باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىماي، ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر، باش ئېگىپ بولۇپ قايتىدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرغانلار، مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى)، خاكاسلار (قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى)، تۈركەشلەر ۋە قارلۇقلار (بۇ قازاقلارنىڭ ئەجدادى) قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ «تۈركلەر» دېگەن نامغا مەنسۇپ قىلىندى.

سۇي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭ گۇاڭ تۈرك خانلىقىنى پارچىلىماقچى بولدى، نەتىجىدە غۇلىچىغا چىداپ، غېرىچىغا چىدىماي قالدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىنغا كەلگەندە، بۇ ئىش

تاماملاندى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى جى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە كېيىنكى تۈرك خانلىقى پەيدا بولدى ۋە گۈللەندى. ئۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن يوقىتىلغاندا «كۆكتۈركلەر»نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن ۋە قارا تۈركلەر مۇناسىپ ھالدا باش كۆتۈرگەن. كۆكتۈركلەر ۋە قارا تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا؛ قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىم بوستانلىقىغا جەنۇبىي ئاتلىنىش ۋە يۆتكىلىش جەريانىدا، بۇ جايلاردىكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بارا ـ بارا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، سىرىق تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ شالغۇتلىشىشىدىن ھاسىل بولغان تۈركىي خەلقلەرگە ئايلانغان.

تۈركىي خەلقلەر شىمالدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقنى ھەممىدىن بالدۇر ئىگە بولغان خەلقلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تۈركلىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىن تارتىپ ئېگەي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايوندا ئاساسىي جەھەتتىن چۈشەنگىلى بولىدىغان تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت. تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار تۇرپان تىلى، قاراشەھەر تىلى، كۇچا تىلى ۋە بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈشتە قوللىنىلغان سانسكرىت تىلىنىڭ ئورنىنى تۈركىي تىل ئىگىلىدى. شەرقىي ئىران تىلى تاجىكلاردا ۋە ئافغانىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىلا ساقلىنىپ قالدى (ئۆزبېكلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەشكەن تاجىكلاردۇر). كېيىن قىتانلار، موڭغۇللار، خەنزۇلار ۋە تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، نۇرغۇن شالغۇتلاشقان مىللەتلەرنى پەيدا قىلدى، بىراق، ئۇ يەرلەردە ساقلىنىپ قالغان تىل تۈركىي تىللاردىن ئىبارەت.

ئەمما، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. بۇ يەردە ئىلگىرى بىرمۇنچە تۈركىي ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، بۇ ھاكىمىيەتلەر ئاخىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە يۇغۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا

مىللەتلىرى بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

مەسىلەن: تابغاچ (توبا)لار قۇرغان ۋېي خانلىقى ئەسلىدە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان سىيانپىيلارنىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ، چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن كەلگەن، خانلىقتا تېلې قەبىلىسىنىڭ ئادىمى كۆپ بولغاچقا، دەسلەپتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بولغان، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندى پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولغان. خەنزۇ بىلەن سىيانپىيلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بولغان تاڭ پادىشاھى لى شىمىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۈركىي تىللارنى پىششىق بىلىدىكەن، ئۇ تۈرك ئوفىتسېرلىرىنى غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش، سەددىچىن سېپىلىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شادىپىت قەبىلىسىدىن بولغان تۈرك ئوفىتسېرلىرى ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈنلەي خەنزۇلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خۇاڭ چاۋنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنى چاڭئەندىن قوغلاپ چىقارغان باش سانغۇن، تاڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئاتاشقا ئۇنىمىغان لى كېيۇڭ ھەم بەش دەۋر مەزگىلدە كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن ۋە كېيىنكى خەن ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلغان پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى شادىپىت تۈركلىرىدىن بولغان.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۈرك مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دەۋرىي بەلگىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچىسى، ئون ئىككى مۆچەل، تۇتۇقبېگى قاتارلىقلارنى بىراقلا قوبۇل قىلىش بىلەن قالماي، ئەجدىھا ئەۋلادلىرى بىلەن بۆرە ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ چەمبەرچاس باغلانغان قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ياراتقان. مۇنداق مەنبە ھازىرقى تۈركىي خەلقلەردە، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيادىكى ئەجدادلىرىنىڭ يىلتىزىنى «يىڭنىباشتىن بايقىغان» تۈركىيە تۈركلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى شەرقتىكى قوشنىلىرىغا نىسبەتەن مۇرەككەپ ھېسسىياتنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى. 1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رەئىس

لى شيەنىيەن تۈركىيىدە زىيارەتتە بولغان چاغدا ئەنقەرەدىكى كوچا ـ كوچىلارنىڭ تەنتەنىگە چۆمۈشى مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدىكى تېلې قەبىلىسى ئىدى. تېلېدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى مىللەت نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان: ئەڭ دەسلەپتە ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان، ھۇنلار غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، سيانپىيلار كەلگەن، ئاندىن كېيىن رورانلار كەلگەن؛ مىڭبىر تەسلىكتە تۈغ كۆتۈرۈپ چىقىپ قاڭقىل خانلىقىنى قۇرۇپ، شەرققە بېرىپ روران خانلىقىغا قارشى جان تىكىپ ئۇرۇشماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاشىنانى مەركەز قىلغان تۈركلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە غەرب تىللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا مىللەت نامى، تىل نامىمۇ «تۈرك»كە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

تېلېلارنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇرۇقداش قەبىلە بار ئىدى، بۇ قەبىلە تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا «ئۇيغۇر» نامىلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇيغۇرلار سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرت ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تۈركلەرنىڭ ئۇچ ھاكىمىيىتىنى پارچىلاپ، ئاخىرى مىلادىيە 744 ـ يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى 1000 يىل داۋامىدىكى مىللەتلەر ئارا باردى ـ كەلدى قىلىش ۋە قوشۇلۇش ئارقىلىق بارا ـ بارا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ ھاكىمىيىتى بىلەن ئايرىلماس مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ئۇيغۇر پادىشاھلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچ مەلىكىسىگە

ئۆيلەندى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىك-كى قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ، ئەن لۇشەن - شى سىمىڭ توپىلى-ڭىنى تىنچىتىشقا ياردەم بەردى. ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىچكى نىزا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك داۋامىدا پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

840 - يىلى قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنى چۆللۈكنىڭ شىمالى-دىن قوغلاپ چىقاردى. بىراق، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي يۇرتتا ئىككى خانلىق قۇردى. بۇ ئىككى خانلىق 300 — 400 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ ئارىلىقتا قاراقىتان خانلىقىغا بەيئەت قىلدى. 13 - ئەسىردە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى باش كۆ-تۈرگەندىن تارتىپ 18 - ئەسىردە مەنچىڭ ھاكىمىيىتى تەڭرى-تاغنىڭ جەنۇب، شىمالىغا كىرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ رايونى ئاساسەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان چا-غاتاي ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلدى. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا موڭغۇللارنىڭ سانى ئاز بول-غاچقا ئاساسەن ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن خانلىقىدا كېيىنكى مەزگىل-لەردە ئىككى خىل كۈچ پەيدا بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقا كۆرۈ-نۈشكە ئىگە ئاق تاغلىقلار ھوقۇق تارتىۋېلىش مەقسىتىدە شىما-لىي شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى. ئۆزلىرى بولسا جۇڭ-غارلارغا بېقىندى قورچاق ھاكىمىيەت بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلا-لىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلاردىن بولغان چوڭ - كىچىك خوجىلارمۇ توپىلاڭ كۆتۈر-گەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 150 نەچچە يىل داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 250 مىڭدىن كۆپىيىپ 1 مىليون 500 مىڭ ئۆپچۆرىسىگە يېتىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

1864 - يىلىدىن 1866 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەن-

ـشى، گەنسۇلاردىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلىشكە باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ئوفىتسېرى ياقۇپبەگ پايدىلىق پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. كېيىن شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. چارروسىيىمۇ 1871 ـ يىلى توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاپ، ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ جەرياندا بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار دۆلەت ئۈچۈن جان پىدا قىلدى. 1877 ـ يىلى شەنشى ـ گەنسۇ باش ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردى، ئاندىن كېيىن ئىلىنىمۇ قايتۇرۇۋالدى. ئۆلكە تەسىس قىلىپ، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقتى، مەركىزىي ھۆكۈمەت مالىيە ياردىمىنى ئۈزۈپ قويغاچقا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئۇزاققىچە قاششاق ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان جىن شۇرېن چىرىك ۋە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، 1931 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە چوڭ مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بەزى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرگە يار ـ يۆلەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. ئەمما، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپسانىۋى تۈس ئالغان گەنسۇدىكى تۇڭگان مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن ئۇۋىسى چۇۋۇۋېتىلدى. شەرقىي شىماللىق ئوفىتسېر شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئىقتىسادتا بىر مەھەل ياخشىلىنىش بولدى. ئەمما، 1942 ـ يىلى

شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كۈچىنىڭ بارىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇردى. بۇ ھال جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي تۇساتتىن تەختتىن چۈشتى، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى پارتلىدى. بۇ كۈرەش تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگىچە كېڭەيدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ، ۋاسىتىچىلىك قىلىشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى سۈلھى سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشقا ماقۇل بولدى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىگە قاتناشتى.

ئەمما، 1947 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پانتۈركىزمنىڭ جارچىسى مەسئۇدنى تەختكە چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يېڭى داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تەرەققىيپەرۋەر زات بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن چاغدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى خەۋپ ئاستىدا قالدى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاۋ سىيۆ بىلەن بۇرھان شەھىدى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىنجاڭدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي خادىملار نامىدىن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى ۋە شىنجاڭغا كىرگەن ئازادلىق ئارمىيەنى كۈتۈۋالدى. مەسئۇد قاماقا ئېلىندى، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسابەگ قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان»چىلار چەتكە قېچىپ كەتتى.

## ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولغان «پانتۈركىزم» ھەرىكىتى

10 ـ ئەسىردە قارا تۈركلەرنىڭ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان بىر قەبىلىسى قەبىلە باشلىقى

سالجۇقنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ بېرىپ، ئىمپېرىيە قۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا قېپقالغانلىرى «تۈركمەن» (نەسلى ساپ تۈركلەر) دەپ ئاتالدى. كېيىن بۇلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن غەربىي ئاسىياغا كىرىپ، نۇرغۇن كىچىك سۇلتانلىقلارنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالدى. موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۈركلەر ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە يېيىلغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى بىرنەچچە قېتىم ۋېناغىچە قىستاپ باردى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئۆزىنى ئەزەلدىن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى چەكسىز ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە «خەلىپە» دەپ قاراپ، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدى. زېمىنى ئۈچ قىتئەگە يېيىلغان بۇ ئىمپېرىيە يېقىنقى زاماندا «غەربىي ئاسىيادىكى كېسەل كۆرپىسى» بولۇپ قېلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى مەركەزدىن قېچىش خاھىشىغا تاقابىل تۇرۇش تۈپەيلىدىن ھالسىراپ كەتكەچكە، ئىمپېرىيىنىڭ خام خىيالىنى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بۈيۈك بىرلىكىگە باغلىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئوسمان «پانتۈركىزم ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ ئىزلىرى يىراق شىنجاڭغىچە يېتىپ كەلدى.

تۈركلەر بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «كونا رەقىبى» چاررۇسىيىدىن ئەزەربەيجاننى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە گۇرۇھىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلارنىڭ چېگراسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەرمەنلەر ئۆزلىرى بىلەن «تۈركىستان»نىڭ ئالاقىلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەرمەنىستاندىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۈركلەر مۇنبەت ئەرەب «ھىلال ئاي بەلۋېغى»دىن ئايرىلىپ قالدى. مۇستاپا كامال جۇمھۇرىيەت ـ

تىن ئىبارەت ھاكىمىيەت فورمىسىنى بەرپا قىلىپ، گىرىتسىيە مۇداخىلىچى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش» سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىنلا، ئىمپېرىيىنىڭ كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى قىسمىنى ۋە ئىستانبۇلنى ساقلاپ قالالىدى.

مەيلى ئىمپېرىيە تارقىلىپ كەتسۇن ياكى ھاكىمىيەت فورمىسىدا ئۆزگىرىش بولسۇن، «پانتۈركىزم» ھەرىكىتىنىڭ روھى يوقىلىپ كەتمەي، ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئەمەلىي سىياسەت جەھەتتە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقىراسىلىق سالاھىيىتى دۇنيادىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئېچىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئۇ يەرگە كەينى ـ كەينىدىن باردى، «شەرقىي تۈركىستان يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل قاچاق تەشكىلاتلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1930 ـ يىللاردا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ھەرىكىتى»نى قوزغىغان مەسئۇد، مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن تۈركىيىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، تۈركىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پانتۈركىزم سىياسىي جەھەتتىكى ئاساسىي ئېقىمغا تېزلىكتە قايتىپ كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى تۈركىيىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، 1964 ـ ۋە 1974 ـ يىللىرى سىپرۇس ئارىلىغا ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ئارالدىكى 20 پىرسەنتكە يەتمەيدىغان تۈركلەرنىڭ مەنپەئەتىنى «قوغداش» مەقسىتىدە گىرېكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى بولدى.

1979 ـ يىلى ئىراندا ئىسلام ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئەتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيىنىڭ كۆۋرۈك ئىستىھكاملىق ئورنى گەۋدىلىنىپ چىقتى ھەمدە ئىران بىلەن ئىراق ئوتتۇرد-

سىدىكى ئۇرۇش ۋە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن پارتلىشىغا ئەگىشىپ كۆنسېرى مۇستەھكەملەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا تۈركىيىنى ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مونوپوللۇق ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى. شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز ئىغۋا تارقىتىپ، تۈركىيىنىڭ كافكاز، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كېڭەيتىپ، بىر «رايون رەھبىرى» بولۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پانتۈركىزم ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە قەدەم قويدى. تۈركىي تىللىق بەش دۆلەت تۈركىيە ھەقسىز تەقدىم قىلغان ماشىنكىلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆز يېزىقلىرىنى تۈركىيە ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقنى ئاساس قىلغان يېڭى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىشكە بىردەك قوشۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە يۇقىرى قاتلام زاتلار تۈركىيىنىڭ «كۆك بۆرە پارتىيىسى»گە كىردى؛ پانتۈركىزم تەلۋىلىرى ھەتتا ئەزەربەيجانغا قىسقا مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## بۆلۈنۈش، پاراكەندىچىلىك كىشىلەرنى بىزار قىلىۋەتتى

«پانتۈركىزم» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ئىتتىپاقىنى تەرغىب قىلىدىغان ئاز ساندىكى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئىدېئولوگىيە بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، رۇسىيە، ئىران ۋە جۇڭگونىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشى ھەم يېقىنقى يىللاردىن بېرى تالىبانىڭ ئاستىرتىن ئورا كولىشى بىلەن، «پانتۈركىزم» ھەرىكىتىدە ئەسەبىيلىك ئازايمىغان، لېكىن ئۇنۇم چەكلىك بولغان ۋەزىيەت ساقلىنىپ كەلدى. «پانتۈركىزم» ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان غەربىي ئاسىيادىكى مەلۇم دۆلەتتە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى چەكلىك بولغاچقا، مەملىكەت ئىچىدىكى «پانتۈركىزم» سىياسىي كۈچلىرىمۇ كۆپ تەرەپلىمە

چەكلىمە ۋە چۇشەپ قويۇشقا ئۇچرىدى. رۇسىيىنىڭ قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرىدىغانلىقىنى كەينى - كەينىدىن تەكىتلىدى. دېمەك، بۆلۈنۈش، پاراكەندىچىلىك كىشىلەرنى بىزار قىلىۋەتتى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ غايىۋى «بۈيۈك بىرلىكى»مۇ بۇ دىيىدىن خالىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەت بىر - بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بارا-ۋەرلىكتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم. بەزى ھاكىمىيەتلەر ياكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ رېئاللىققا، خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىغا قارىماي، بۇ يەر ياكى ئۇ يەردىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە تېرروررچى كۈچلەرنى ئاستىرتىن قوللىشى چوقۇم دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەتراپىتىكى ئەللەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. يولسىزلار لەنەتكە قالىدۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە ئىستىقبالى يوق.

«جەنۇب شامىلى كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 22 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: **غەيۇر**

# 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدىكى سىبىت باتۇر، ئوناتبايلار قوزغىلىڭى

## قۇددۇس ئابدۇسەمەت

خوجانىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغى-لىڭى بولۇپ 12 يىلدىن كېيىن قومۇل تاغلىرىدا دەل خوجانى-يازھاجى كۆتۈرۈلۈپ چىققان قورايدا يەنە بىر قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. بۇ قومۇل ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئۈ-چىنچى قېتىملىق ھەم ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇزاق داۋام قىلمىغان ۋە ئەتراپقا كېڭىيىپ تەرەققىي قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ چاغدىكى شارائىت-تا مۇھىم بىر ۋەقە سۈپىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

## قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر

(1) 1946 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئوسمان ئالتاي تاغلىرىدىن قومۇل تاغلىرىغا كېلىپ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇ-غۇللىنىپ، قومۇلنىڭ قوراي رايونىغا قاراشلىق ئالتە تاغدىكى خەلقنىڭ 1700 دىن ئارتۇق قوي، 500 دىن ئارتۇق ئات، 200 دىن ئارتۇق كالا، 100 دىن ئارتۇق تۆگىسىنى بۇلاپ قاچىدۇ. لې-كىن گومىنداڭنىڭ كۆشۈتى ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق جېڭ تۈەنجاڭ قىسىملىرى بۇلانغان بۇ چارۋا ـ ماللارنى ئوسماندىن تارتىۋې-لىپ، خەلققە قايتۇرۇپ بەرمەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن

قاتتىق نارازى بولغان خەلق سېيىت باتۇر باشلىق يۇرت كاتتىلىرىنى كۆشۆتىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، جېڭ تۇەنجاڭ قىسىملىرىدىن بۇلانغان ماللارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن جېڭ تۇەنجاڭ چارۋا ماللارنى قايتۇرمىغانىنىڭ ئۈستىگە، مۇتتەھەملىك بىلەن «بىز سىلەردىن مال ئالغىنىمىز يوق، ئالساق باندىتلارنىڭ مېلىنى ئالدۇق، سىلەرنى تونۇمايمىز» دەپ ۋەكىللەرنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

(2) شۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى خەلقتىن 62 يارامىلىق ئاتنى ئېلىۋېلىپ، پۇلىنى بەرمەي ئىككى تاختا چاي بىلەنلا بولدى قىلدى. ئات ئىگىلىرى نارازى بولۇپ، ئاتلارنىڭ پۇلىنى تولۇق بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار «ھېلىغۇ ئىككى تاختا چاي بەردۇق، بەرمىسەك قانداق قىلاتتىڭلار» دەپ يولسىزلىق بىلەن ئات ئىگىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

(3) شۇ يىلى 5 ـ ئايدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى قوراي، شارلار تېغى خەلقلىرىنى 470 تاغار بۇغداي تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. شۇ يىلى زىرائەتلەر ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىغاچقا، خەلقنىڭ ئۆزى يەيدىغان ئاشلىقنىمۇ مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. شۇڭا يۇرت كاتتىلىرىدىن سېيىت باتۇر قاتارلىق كىشىلەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا جاھىللىق بىلەن «بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، قانداق قىلىپ بولمىسۇن تاپشۇرىسىلەر» دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

(4) شۇ يىلى 5 ـ ئايدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى خەلقنىڭ توشونىڭ نام داۋىنى ئالدىغا تېرىغان 100 مودىن ئارتۇق يەردىكى ئارپا ۋە مىكپاڭ دېگەن يەردىكى 2000 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتكە ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپ يېگۈزۈپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەندىن سىرت، يەنە نېرىنكىردىكى بىر تۈگمەنگە ئوت قويۇۋېتىدۇ ھەمدە روزىمەت دېگەن بىر ئادەمنىڭ 300 باغ ئوت ـ چۆپىنىمۇ ئاتلىرىغا يېگۈزۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ گو-

مىنداڭ ئەكسپېدىتسىيەچىلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

(5) گومىنداڭ قوشۇنلىرى شارلار تېغى خەلقىدىن 50 ئاتنى ئارىيەت ئېلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. سېيىت باتۇر، ئونابايلار خەلققە ۋاكالىتەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئاتلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولمايدۇ.

(6) يۇقىرىقىلارنى ئاز دېگەندەك، گومىنداڭ قوشۇنلىرى يەنە تاغ خەلقىنىڭ 10 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئوتۇنىنى زورلۇق بىلەن تۆمۈرتى غولىدىن ئاققۇزۇپ كېتىدۇ. بۇلاردىن باشقا، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ يەرلىك كىشىلەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلىرىمۇ خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ.

(7) مۇشۇ مەزگىللەردە قورايغا قوشنا شارلار تېغىدىكى قازاق خەلقىمۇ ئوخشاشلا گومىنداڭ ئەكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زۇلۇملىرى سەۋەبىدىن كۈن كەچۈرەلمەس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ خىل تەڭسىزلىك تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنى گومىنداڭغا قارشى بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

## قوزغىلاڭنىڭ جەريانى

سېيىت باتۇر شارلار تېغى قازاقلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئونانباي بىلەن بىرلىشىپ 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نېرىنكىر، تۇركۆل، باركۆل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىلغار ياشلارنى تەشكىللەپ تەشكىلات قۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردا مەخپىي تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە 70 كىشىلىك قوراللىق پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. قوزغىلاڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن سېيىت باتۇر 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

«ئېگەر ۋەقەسى»[1] سەۋەبى بىلەن قېچىپ يۈرگەن ئونانباي بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى بەلگىلەيدۇ.

قوزغىلاڭنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ قالغان قومۇلدىكى گومىنداڭ مەمۇرلىرى كۆشۆتى غولىغا يېقىن بولغان چارىغا (كۆشۆتى ئېغىزىدىكى) ھەربىي كۈچلىرىنى توپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، سېيىت باتۇر، ئونانبايلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تېزلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئونانباي سېيىت باتۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىش ۋە ھەرىكەت دائىرىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 20 نەپەر قوراللىق ئادەمنى باشلاپ شارلار تېغىدىكى قازاق خەلقىنى شەرقىي تاغقا كۆچۈرۈپ كېلىشكە كېلىدۇ. بىراق ئۇ كېلىشتىن سەل ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ ساڭ فامىلىلىك پەيجاڭ دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرى قومۇل گارنىزونىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر پەي ئەسكەر بىلەن چىقىپ، ئۇ يەردىكى خەلقنى ئولانبۇلاق تەرەپكە كۆچۈرۈپ كەتكەنىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ئونانباي ساڭ پەيجاڭنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىدۇ ھەمدە ئولانبۇلاقتا ئۇلارغا يېتىشىپ، ساڭ پەيجاڭ باشلىق بىرقانچە گومىنداڭ ئەسكىرىنى نەق مەيداندىلا باغلاپ تۇرغان مەزگىلدە، توشۇدىكى گومىنداڭ ساقچىلىرىنىڭ يەتتە ـ سەككىزدەك ئادىمى كېلىپ قېلىپ، ئونانباي قاتارلىق كىشىلەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ قاتتىق سوقۇشۇپ، گومىنداڭنىڭ يەتتە ـ سەككىز ئادىمى نەق مەيداندا ئۆلىدۇ. قالغانلىرى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ

① ئېگەر ۋەقەسى ــ 1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى قازاق خەلقى ئارىسىغا بېرىپ لازىملىق چارۋىلارنى سېتىۋالىمىز دەپ يۈرۈپ، بىر ياخشى ئېگەرنى تالىشىپ قالىدۇ. بىراق ئېگەرنىڭ ئىگىسى ئېگەرنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەسكەرلەر زورلۇق ئىشلىتىپ جېدەل چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خەلق ھېلىقى ئېگەرنى تالاشقان گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك گومىنداڭ دائىرىلىرى ئونانباي باشلىق يۇرت كاتتىلىرىنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ.

ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قېچىپ كېتىدۇ. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۈستىدىن زور غەلىبىگە ئېرىشكەن ئونانباي خەلقنى باشلاپ شەرقىي تاغقا كېلىپ، سېيىت باتۇر باشچىلىقىدىكى 70 نەپەر قوراللىق پارتىزان بىلەن بىرلىشىدۇ.

يۇقىرىدىكى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭدىن خەۋەر تاپقان قومۇلدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى دەرھال قومۇلنىڭ ئابرۇيلۇق ئادەملىرىدىن ئابدۇۋاھىت ھاجى، نامان قازى، سوپا ھاجى، نىيازبېك، ئىمىن چۇجاڭ، ئېزىزجان، تۇرسۇن توقۇم، شېرىپ توقۇم قاتارلىق كىشىلەرنى قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆزلىشىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەلچىلەر بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قورايغا يېتىپ كەلگەندە، سېيىت باتۇر، ئونانبايلار 50 ــ 60 تەك ئادەمنى ھەرقايسى مۇھىم ئېغىزلارغا قاراۋۇللۇققا قويۇپ، ئۆزلىرى 20 نەپەر قوراللىق قوزغىلاڭچى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ۋەكىللەر «تاغ خەلقى ھۆكۈمەتتىن رەنجىپ قاپتۇ، ھۆكۈمەت تاغ خەلقىنى رەنجىتكەن يېرىنى تۈزەتسە، ھەرقانداق ئىش بولسا سۆلھى بىلەن ھەل قىلساق، سېيىت باتۇر، ئونانبايلار بىز بىلەن تاغ خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ قومۇلغا بېرىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزسە» دەيدۇ. قوزغىلاڭچىلار «بىز قومۇلغا بارمايمىز، ھۆكۈمەت بىلەن سۆلھىمۇ قىلمايمىز، بىز تۆرلۈك زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ دەستىدىن قوزغالدۇق، توختاپ قالمايمىز. قوزغىلاڭنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمىز» دەپ قارشى تەرەپنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆلھى تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. لەت بولۇپ قايتقان ۋەكىللەر ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت نامىدىن قوزغىلاڭچىلارغا خەت يېزىپ، ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ خۇنىنى ۋە تارتقان زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قوزغىلاڭچىلارغا پوپوزا قىلىدۇ. خەتنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار «ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت بىزدىن بۇلاپ كەتكەن بارلىق مال ـ مۈلكىمىزنى تۆلىسۇن، ئاندىن بىزمۇ تۆلەيمىز» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنى «تىنچلىق سۆلھى» يولى بىلەن ئۇجۇقتۇ - رۇۋېتىشكە كۆزى يەتمىگەن گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى تاغنىڭ ئالدى - كەينىگە ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇر - دۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى سېيىت، ئونا - بايلارمۇ پائال تەدبىر قوللىنىپ، قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنى 150 كە يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاغ خەلقىدىن تەشكىللەنگەن 100 دىن ئارتۇق ئادەم ھەر ۋاقىت قوزغىلاڭچىلارغا يېقىندىن ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى 300 دىن ئېشىپ كېتىدۇ.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى قومۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خالىق ۋە يۈسۈپ مۆمىن، ئەبەي قاتارلىق كىشىلەرنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە تاغقا ئەۋەتىدۇ. بىراق ئۇلار تاغقا چىقىپ، قوزغىلاڭچىلار - نىڭ نەسىھىتى بويىچە ئۇلارغا قوشۇلىدۇ ھەمدە قوزغىلاڭ رەھ - بەرلىرىگە گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە باشقا ئىچكى ئەھۋال - لىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قوز - غىلاڭچىلار ئالدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئىككىگە بۆ - لۈنۈپ، 150 نەپەر ئادەم سېيىت باتۇرنىڭ باشچىلىقىدا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە، 150 نەپەر قوزغىلاڭچى ئونابايى باشچىلىقىدا تاغ - نىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، مۇھىم ئېغىزلارنى ئىگىلەپ ياتىدۇ. يۈسۈپ مۆمىن قورايىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. 80 دىن ئارتۇق قوراللىق قوزغىلاڭچى كۆشۆتىگە بېرىپ، ئۈچكە بۆ - لۈنۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، بىر قىسمى كۆشۆتى ئېغىزىدىكى دۈشمەننىڭ تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ، قومۇلدىن چىققان گو - مىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. قالغان ئىككى بۆلۈم ئادەم دۈشمەن قول سېلىشتىن ئاۋۋال ھەرىكەتلىنىپ، بىر كې - چىدىلا كۆشۆتى ئېغىزىدىكى ئىككى پوتەينى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا قوزغىلاڭچىلار ئون نەپەر گومىنداڭ ئەسكە - رىنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ ھەمدە نۇرغۇن ئوق - دورا ۋە بىر قىسىم قورال - ياراغلارنى غەنىيمەت ئالىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلد -

دە، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتكەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خا ـ لىق پاتسپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ قومۇلغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە قومۇل ھەربىي گارنىزونىغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بارلىق ئەھۋالله ـ رىنى دوكلات قىلىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گومىنداڭ خا ـ لىقنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە شۇ ليەنجاڭ باشچىلىقىدا سەك ـ كىز ماشىنا ئەسكەرنى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار بىر قىسىم ئادەمنى كۆ ـ شۆتى سايغا ئەۋەتىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىدۇ. تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان شۇ ليەنجاڭ تېخى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم بۇيرۇقىنى بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئو ـ قىدا ھالاك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. 24 سائەتلىك جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ تۈگە ـ شىدۇ. ئاز بىر قىسمى قېچىپ كېتىدۇ، 17 سى ئەسىرگە ئېلى ـ نىدۇ. ئۈچ ماشىنا كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدۇ، قالغان بەش ماشىنا ۋە نۇرغۇن قورال، ئوق ـ دورىلار ئولجا ئېلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئولجا ئالغان ئاشلىقلارنى قوزغىلاڭچىلار خەلققە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ قېتىملىق چوڭ غەلىبىدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سا ـ نى كۆپىيىپ 500 گە يېتىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كۆشۆتى ئېغىزىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ نېرىنكىرگە قاراپ ماڭغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار دەرھال سەككىز كۆتەل دېگەن جاي ـ غا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىدۇ. نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى كۆشۆتىگە چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئونابايمۇ بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ قوۋۇق ئېغىزىدىن كۆشۆتى ـ گە ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن تۇشۇپ تۇرۇ ـ شىغا، قومۇلدىن يەنە بىر ماشىنا گومىنداڭ قوشۇنى كۆشۆتىگە ياردەمگە يېتىپ كېلىدۇ. بىراق قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك

ئوقۇقا تۇتۇشى بىلەن ماشىنىدىكى ئوق ـ دورىلارغا ئوت كېتىپ، قاتتىق پارتىلاش بىلەن تەڭ ماشىنىدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆشۈتى ئېغىزىدىكى قالدۇق گومىنداڭ قىسىملىرى ئالاقزەدىلىك ئىچىدە بىر ـ بىرىنى پەرق قىلالماي سوقۇشۇپ نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كېتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار تولۇق غەلىبە قازىنىدۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن قازانغان غەلىبىلەر سېيىت باتۇر، ئونانباي باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، كۈرەش ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنى قوراللىق باستۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن گومىنداڭ دائىرىلىرى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا نامان قازى قاتارلىق يەتتە كىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار سېيىت باتۇر، ئونانبايلار بىلەن نام داۋىنىدا كۆرۈشۈپ، ئېرىنكىرگە بېرىپ سۈلھى قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىراق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم ئالدانغان سېيىت باتۇر قارشى تەرەپنىڭ سۈلھى تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. نامان قازى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر يەنە نەتىجىسىز ھالدا قومۇلغا قايتىپ كېتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ، گومىنداڭ قولىدىن بىرمۇنچە رايونلارنى قايتۇرۇۋالىدۇ ھەمدە گومىنداڭنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم قاتناش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

## قوزغىلاڭنىڭ ئاقىۋىتى

قوزغىلاڭ ئۇلغىيىپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇنىڭ خەۋىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. جاڭ جىجۇڭ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قولى بار دېگەن گۇمان بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىغا: «سىلەر تىنچلىق بىلەن بىتىمگە كەلدۇق دېيىسىلەر، قومۇلدا سېيىت بىلەن ئونانباينىڭ خەلقنى

قوتۇرىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرگىنى نىمىسى ...» دەپ، قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئارتىپ قويماقچى بولىدۇ. لېكىن ئەخمەتجان قاسىمى كەسكىنلىك بىلەن: «قومۇلدا قوزغالغان سېپىت، ئونابايلار قوزغىلىڭى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇلارنىڭ قوزغىلىڭى قومۇلدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلماستىن، خەلققە سالغان زۇلمى نەتىجىسىدە ئىستىخيىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭ، بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەت» جاۋاب بېرىدۇ.

1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق نوپۇزلۇق كىشىلەرنى بۇ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا جۆجاڭ، ئېزىزجان قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە بارغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار خەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئادىل سوپى، ئابلىز مولىلدىن ئىبارەت ئىككى كىشىنى بەش ـ ئالتە ئادەم بىلەن قوشۇپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. 1946 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتكە بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، قومۇل ۋالىيسى ۋە گومىنداڭنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلىرى قاتنىشىدۇ. ئۇلار سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق قورالىلىق كۈرەشنى توختىتىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. كېلىشىمنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوراللىرى ئۆزلىرىدە ساقلىنىدۇ. (2) قوزغىلاڭچىلار قاتناش يوللىرىنى قامال قىلمايدۇ. (3) قوراللىق قوزغىلاڭچىلار تارقىتىۋېتىلمەيدۇ. (4) خەلق نەدە ئولتۇرغان بولسا، شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمايدۇ. (5) سېپىت، ئونابايلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىنقىلا-

بىي ھەرىكەت دەپ تونۇلىدۇ. (6) ھەر ئىككى تەرەپ ئۆلۈپ كەت-
كەن ئادەملىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ.
بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار يۇقىرىقى كېلىد-
شىمنىڭ ئىجراسىنى ئۇيغۇر سايرانغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۈ-
رۈمچىگە قايتىپ كېتىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇيغۇر
سايرانى، نەمەت خەلپەتلەر كۆك شيەنجاڭ[1] بىلەن بىرلىكتە سۈل-
ھىدىكى توختاملارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تاغقا چىقىدۇ. كېلىد-
شىم مەزمۇنىغا ئاساسەن، سېيىت باتۇر، ئوسمانبايلار ئۇلارغا ئىك-
كى ماشىنا، ئىككى شوپۇر، 12 گومىنداڭ ئەسكىرىنى قايتۇرۇپ
بېرىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى تاغ رايونىدىكى ئىشلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ
قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. سېيىت باتۇر، ئوسمانبايلارنى ھىيلە بىد-
لەن ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشنى قەستلەپ تۇرغان قۇمۇل ۋالىيسى، قو-
شۇمچە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق شىنىڭ كوماندىرى بولۇپ تۇرغان زېڭ
يۈشۈ ئۇيغۇر سايرانغا: «… سۈلھى توختىمى تۈزدۇق دەيسىلەر،
قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى سېيىت، ئوسمانبايلار نېمىشقا قو-
مۇلغا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشمەيدۇ؟ ئۇلار بىز بىلەن يۈز كۆ-
رۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭنى توختاتقانلىقىغا
ئىشىنىمىز» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى: «قۇمۇلدا
قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى بېسىقىپ بولدى. ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك
بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇ-
ڭا سېيىت بىلەن ئوسمانباينىڭ ھازىرقى پەيتتە قۇمۇلغا كېلىپ
ۋالىي بىلەن شيەنجاڭغا ئۆز سەممىيىتىنى كۆرسىتىشىنىڭ
ھېچبىر ھاجىتى يوق …» دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ.
لېكىن ۋالىي زېڭ يۈشۈ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇيغۇر
سايرانى ئۆزى تاغقا چىقىپ سېيىت باتۇر، ئوسمانبايلارنى بىر قىد-

[1] كۆك شەنجاڭ ــ ئەسلى گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، قۇمۇل ۋىلا-
يىتى سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ نامزاتلىقىغا جاڭ جىجۇڭ تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن.
گومىنداڭ ئىشپىيونى بولغاچقا، ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىند-
غان.

ـسىم ئادەملىرى بىلەن قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېلىـ ـدۇ. ئۇلار كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قوزغىلاڭ رەھبەرلىـ ـرىنى ئۇجۇقتـۇرۇۋېتىشـنى پىلانـلاپ يۈرگەن ۋالـىي زىڭ يۈشۇ ئۇيغۇر سايرانىغا: «مەن بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئامانلىقىغا، ھاياتىغا كېپىل بولالمايمەن، چۈنكى بۇ ئىككى كىشىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن بىرقانچە كىشىنى ئۆلـ ـتۈردى. ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ ئىشقا مەن مەسئۇل بولالمايمەن» دەپ ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىـ ـدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى غەزەپكە كېلىپ: «بۇ ئىككى كىشىنى سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە ئاساسەن بۇ يەرگە ئەپكەلگەن. ئەگەر بۇلار ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىدە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرايدىغان بولسا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولىسىز ...» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋالىي ئۇلارغا زىـ ـيانكەشلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىككىيلەننىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدە ئۇزاق تۇرۇشى خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر سايرانى نەمەت خەلپەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىش قاراـ ـرىغا كېلىدۇ ھەمدە بۇ پىلاننى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەخمەتـ ـجان قاسىمىغا تېلېگراممىا ئارقىلىق خەۋەر قىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى جاۋاب تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سايرانى ۋالىي مەھكىمىسىگە كېلىپ تۇـ ـرۇۋاتقىنىغا تۆت كۈن بولغان سېيىت باتۇر، ئونابايلارنى ئايروـ ـپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئامان ـ ئېسەن ئۈـ ـرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى بۇلارنى ئۆزىنىڭ تۇرۇشـ ـلۇق ئورنى ھازىرقى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشـ ـتۇرىدۇ. بۇلار بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى بۇلارنى غۇلجىغا ئەۋەتىۋېتىدۇ.

# چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى

## لى گۇاڭچىڭ

1950 ـ يىلى بىز سىياسىي قانۇن سىپىدىكى پېشقەدەم جەڭچىلەر ئۇچۇن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر يىل بولدى: بىر تەرەپ ـ تىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، كونىنىڭ ئور ـ نىغا يېڭى دەسسىتىلىۋاتقان، ھەممە جايدا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتى ـ دىكى ئەكسىيەتچىلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، قىلىچىنى بىلەپ، ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ، قولدىن كەتكەن جەننىتىنى قايتۇرۇۋېلىش خام خىيالىدا بولماقتا ئىدى. ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت بىر تەرەپتىن كىشىنى ئىلھاملاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى، خۇددى ئۆركەش ـ لەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ سۇنىڭ تېگىدە نۇرغۇن يوشۇرۇن خادا تاشلار دائىم قاي ـ نام ھاسىل قىلىپ تارىخنىڭ ئېقىمىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا خەلقنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغداش بىزدەك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىپىدىكى بارلىق كادىر ـ ساق ـ چىلارنىڭ شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىمىز ئىدى.

بۇ بىر يىلدا بىزنىڭ ھەر كۈن، ھەر سائەت ۋاقتىمىز جىد ـ دىي خىزمەت ئىچىدە ئۆتتى. رازۋېدكا قىلىش، قوغلاپ تۇتۇش، سوراق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەدبىر بەلگىلەپ بىر قاتار ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى پاش قىلدۇق، يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە نىقابلىنىۋالغان دۈشمەن ۋە ئىشپىيونلارنى تۈركۈم ـ تۈر ـ

كۆملەپ قېزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ئەكسىلئىنـ-
قىلابىي خورىكىگە كۈچلۈك زەربە بەردۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى ئۈزۈكسىز ياخشىلاندى.
ئالاھىدە ۋەزىپە

6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، بىر كۈنى ئىشخانامدا شۇ
كۈنلۈك «جەمئىيەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات»نى كۆرۈپ ئولتۇراتـ-
تىم، ئۈستەلىمدىكى تېلېفون جىرىڭلىشىۋىدى، تۇرۇپكىنى ئالسام
تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— لاۋلىمۇ سىز! مەن ليۇ خۇپىڭ ... چۈشتىن كېيىن ئىكـ-
كىمىز بىر باش قوشۇۋالساق قانداق؟... ھە شۇنداق، ۋەزىپە بار،
يەنە كېلىپ ئالاھىدە ۋەزىپە دەڭا ...

ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، سىياسىي قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل
ئىدىم. بىزگە ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ
خۇپىڭ رەھبەرلىك قىلاتتى. ھازىر، ئايرىم كۆرۈشمىسەك تېلېـ-
فوندا دېگىلى بولمايدىغان ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى زادىلا
بىلەلمىدىم.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ
بولۇپ، كېچىكمىگەن ئازاد بولغاچقا ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن
جايلاردىن بىرمۇنچە دۈشمەن ئىشپىيونلىرى بۇ يەرگە قېچىپ
كېلىۋېلىپ، خەلقنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش خام خىيالىدا
بولۇشاتتى؛ بۇ يەردە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئۈـ-
رۈمچى يوشۇرۇن پونكىتى، گارنىزون باش قوماندانلىق شتابىنىڭ
2 ـ باشقارمىسى، ئۆلكىلىك پىرقە ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى،
ژاندارما قىسىم ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى قاتارلىق ھەر خىل
گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىمۇ قېچىشتىن ئاۋۋال زور
بىر تۈركۈم ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بۇ ئەبـ-
لەخلەر دائىم كېچىدە چىقىپ ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇلار بەزىدە
يوشۇرۇن ئوق ئاتسا، بەزىدە زور دېلو سادىر قىلىپ شەھەر ئاھاـ-
لىلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى.

بوگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن نازىر لىيۇ مەن بىلەن تۆت ـ بەش سائەت سۆھبەتلەشتى، بىز ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ جاسۇسلۇق پا ـ ئالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق.

100 يىلدىن بۇيان ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، رۇسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قول تىققان. 1865 ـ يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ياقۇپبەگ توپىلىڭىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئارقىدىنلا باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ ئارقىدا قېلىشنى خالىماي، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان سۇيىقەستلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئىلغارلىق نىقابىغا ئورىنىۋېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇنسۇرلىرىنى قوغلاپ چىقارغانىدى. 1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە تۇنجى بولۇپ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى. ئارقىدىنلا ئامېرىكىمۇ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى.

كونسۇلخانا ئەسلىدە سودا ئىشلىرى، ۋىزا، مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان ئىدى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەنگلىيىنىڭمۇ، ئامېرىكىنىڭمۇ مۇھاجىرى يوق، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، كونسۇلخانا تەسىس قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

«جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، بۇ ئىككى كونسۇلخانا دىپلوماتىيە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆز قولچوماقلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ كەلدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن

كېيىن نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكستون 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالدى بىلەن قېيرۇقىنى خادا قىلدى. 9 ـ ئايدا مۇئاۋىن كونسۇل ماكنانمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىپ كەتتى. پەقەت ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەرلا قېپقالدى.

يولداش لىيۇ خۇيىڭ بۇ قېتىم ماڭا ۋەزىيەتنى تاپشۇرغاندا مۇنداق دېدى:

«ھازىر ئېلىمىزدە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قانۇنسىز. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار كونسۇلخانىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىقلاپ، تىغمۇتىغ ئېلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت. كونكرېت خىزمەتلەردە ئېھتىياتچان، سالماق بولۇڭلار، قىلغان ئىشىڭلار قائىدىلىك، پايدىلىق بولسۇن، ئەدەپلىك بولۇڭلار».

دەسلەپكى جەڭ غەلىبىسى

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىز ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كونسۇلخانىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنى قوزغاپ كونسۇلخانىدىكىلەرنىڭ قانۇنسىز پائالىيەتلىرىنى پاش قىلىشنى قارار قىلدۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي خىزمىتىمىزدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭدىكى يىپ ئۇچىغا بىز قولغا چۈشۈرگەن مەخپىي بەلگىسى «CC» بولغان ئامېرىكا ـ جياڭ جيېشى ئىشپىيونى (ھەقىقىي ئىسمى تىلغا ئېلىنمىدى) ئاغزىدىن ئېرىشتۇق.

«CC» ئەسلىدە گومىنداڭ شىنجاڭ پىرقىسى بىلەن ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە ئالاقىچى بولۇپ، بۇرۇن ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە كونسۇللىرى بىلەن نۇرغۇن چوڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى پىلانلىغانىكەن. قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جىنايىتىدىن قورقۇپ ھېچ ـ

قانداق گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، كېيىن قايتا ـ قايتا تەربىيە بې-رىشىمىز نەتىجىسىدە، پارتىيىمىزنىڭ «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭ-چىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش» سىياسىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىپ، پوزىتسىيىدە ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقانلىق توغرىسىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كۆرسەتتۇق. تولۇق دەلىل ـ ئىسپاتلار ئالدىدا «CC» ئاخىرى ئۆزىنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، تۆۋەندىكىلەر بۇ جاسۇسنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاغزاكىي ئىقرارىنىڭ خاتىرىسى: ··· «ئازادلىقتىن كېيىن مەن بىلەن بىرگە قالدۇرۇلغان يوشۇرۇن ئىشپىيونلاردىن مەس-ئۇت بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئائىلىسى نۇرباغدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ جايلاشقان ئورنى چەترەك، مۇھىتى جىمجىت ئىدى. كىسەلچان بولغاچقا، ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز ئىدى. مېنىڭ ئۆيۈم ئارقا كوچىدا يەنە كېلىپ ئاۋات بازاردا بولغاچقا، مۇھىتى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئاخبارات توپلاشقا قۇلايلىق ئىدى. مېنىڭ ئايە-غىم خېلىلا چاققان ئىدى.

ئىككىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇنداق ئىش تەقسىماتى قىلدۇق: مەسئۇت ئاساسلىقى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېلىپ پاكىستون بىلەن تېلېگراف ئارقىلىق ئالاقىلىشىدىغان (پاكىستون ماشىدىغان چاغدا بىزگە بىر دانە تېلېگراف ئاپپاراتى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ مەسئۇتنىڭ ئۆيىدە ئىدى)، مەن ئازادلىق ئارمىيىگە دائىر ئاخباراتلارنى تىڭتىڭلاپ مەسئۇتقا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەن ئۆزۈمگە بىر يار-دەمچى تاللاپ، يىقىلغانتاشتىكى جۇڭگو ـ سوۋېت ئايرودۇرۇمى يېنىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قومۇلدىن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر توشۇيدىغان ئايروپىلانلارنىڭ قونۇش قېتىم سانىنى ئې-گىلەش بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق قانچىلىك ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى توشۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

كېيىنچە ھېلىقى ياردەمچىم يەنە بىر ياردەمچى تېپىپتۇ (بۇ

ئادەم گومىنداڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن)، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ بىرىگادىسىدىكى كونا ئەسكەرلەرنى توپىلاڭ كۆ ـ تۈرۈشكە قۇترىتىشقا ئەۋەتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، ئازادلىق ئار ـ مىيىنىڭ يۈرۈش قىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تېزلا كونترول قىلىۋالغاچقا، بىزنىڭ بۇ سۈيىقەستىمىز ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

مەسئۇت بىلەن ئىككىمىز كېلىشكەن ئاخبارات يەتكۈزۈش ئۇسۇلىمىز مۇنداق ئىدى: ئاخباراتنى سىياھ قۇتىسىغا قاچىلى ـ غاندىن كېيىن سىرتىنى ياخشى ئوراپ مەخپىي ھالدا نۇرباغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر پارچە چىملىققا تاشلاپ قوياتتىم. مەسئۇت ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈشتىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىناتتى. 1949 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەن سىياھ قۇتىسىدىن مەس ـ ئۇت ماڭا قالدۇرغان باغاقچىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككىنچى كۈ ـ نى كېچىدە نۇرباغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مەخپىي ئۇچرىشىشنى ئۇقتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئىككىمىز كۆرۈشكەندىن كې ـ يىن: «پاۋ ماۋشۇن (پاكستوننىڭ خەنزۇچە ئىسمى) تېلېگرامما ئەۋەتىپ تېلېگراف ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، پائالىيەتنى توخ ـ تىتىڭلار دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى، ــــ دېدى ۋە مەندىن قانداق قى ـ لىمىز؟» دەپ سورىدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ تېلېگراف ئاپپاراتى ئاشكارىلىنىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئويلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى كې ـ چىدە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ مەسئۇتنى ئىزدەپ نۇرباغقا بار ـ دىم. ئىككىمىز مەخپىي ئۇچراشقاندىن كېيىن، مەخپىي سىفىر ۋە ئېلېكترولامپا، قۇرۇق باتارېيە قاتارلىقلارنى چوڭ مەشتىكى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتۇق. يەنە كۆمۈر چاققان ئاۋازدىن پايدى ـ لىنىپ پالتا بىلەن تېلېگراف ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ تاشلىدۇق ھەمدە ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتۇق. مەن بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان چاغدا مەسئۇت باشتىن ـ ئاخىر ئىشىك تۈۋىدە قارانچۇق بولدى.

ئاخىرىدا مەن مەسئۇتقا كۆلنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىۋېتىمىش، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماسلىقنى تاپىلىدىم.

1949 ـ يىلى كۈزدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەملىكەت دائىرىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. شىنجاڭدىكى تاۋ سىيۆ، بۇرھان قاتارلىق ئارمىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قەتئىي قوللىدى ھەمدە تەييارلىق خىزمەتلىرىگە پائال كىرىشىپ كەتتى. يې چېڭ، ماۋ چېڭشاڭ، لۇ شۇرېن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچىل ئوفىتسېرلار ھەقىقەتكە قايتىشقا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى چىقتى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ ئۆزئارا خىرىس قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

شۇ يىلى كۈزدە ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قارشى بىر قاتار سۇيىقەستلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتى ۋە ئۇنى پىلانلىدى.

«CC»نىڭ ئىقرارى بىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تونۇتتى:

«شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن 1947 ـ يىلىدىن باشلاپلا، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى پىلانلىغانىدۇق. بۇ پائالىيەتتە ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا كونسۇللىرى پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلسا، بەزىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالاقە ئورناتتى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەتئىمىن قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ مەخپىي پىلان تۈزگەنىدۇق.

1947 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەيسانىڭ ئۆيىدە يىغىن ئاچتۇق. ئەيسا جياڭ جيېشىغا شىنجاڭغا ئاپتونومىيىدىن يۇقىرى، مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن ھوقۇق بېرىش ھەققىدە تەلەپ قويماقچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇنى

ئاڭلاپ پاۋ ماۋشۇن قاتارلىق كىشىلەر دەرھال ئالقىشلىدى ھەمدە باشقىچە نىيەت بىلەن: باش كاتىپ ئەيسا ھەقىقەتەنمۇ يارايدىكەن، كىشىنى قايىل قىلىدىكەن... دەپ كېتىشتى.

1948 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي باغچىدىكى مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆيىدە مەخپىي يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا مۇھەممەتئىمىن ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پاكستون دەرھال بۇ تەشەببۇسنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1948 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سانجىدىكى كۆچەتخانىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشتا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ھەققىدە كېڭەشتۇق ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدۇق. يىغىندىن كېيىن پاۋ ماۋشۇن ئەيساغا پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 3000 ئامېرىكا دوللىرى بەردى.

1949 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا پاۋ ماۋشۇن ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىغا ۋاكالىتەن مۇنداق قارار چىقاردى: (1) ئەيسانى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئىغۋا تارقىتىش، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىغا دائىر كەيپىيات پەيدا قىلىش. (2) مۇھەممەتئىمىننى خوتەنگە ئەۋەتىپ تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا مەخپىي تەييارلىق كۆرۈش، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ خەلقئارا جامائەت پىكرى تەييارلاش. (3) مەسئۇتنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىش، زۆرۈر تېپىلغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش. (4) «CC»نى ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ، مەخپىي پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇش، بۇ ئارقىلىق تاۋ سىيۆ، بۇرھانلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئەھۋالىنى ۋە يى، ما، لولارنىڭ پوزىتسىيىسىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ تۇرۇش، پاكستون بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، مۇبادا يى چىڭ

بىلەن تاۋ سىيۇ ئۇتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىسا، پاۋ ماۋشۇن ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن يى چېڭغا يوشۇرۇن ياردەم بېرىش، بۇ ئارقىلىق بارلىق ھەربىي ھوقۇقنى يى چېڭغا تۇتقۇزۇش، ئاندىن مەسئۇت ۋە مۇھەممەتئىمىنلەر مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلەش، ئاخىرىدا بىرلىشىش ئارقىلىق ئۇرۇمچىدە تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشكىللەش ھەمدە تۇڭگان مۇستەقىل تۇەنى ۋە قازاق مۇستەقىل تۇەنىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ پايتەخت ئۇرۇمچىنى قوغداش.

1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شىمگودىكى يىغىندا يەنە مۇنداق قارار قىلىندى: (1) ئەگەر يى، ما، لولار شىنجاڭنى قوغدايمىز دەپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇرۇمچىدە مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش، مەسئۇت رەئىسلىكنى، مۇھەممەتئىمىن ۋە يولۋاسلار مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئېلىش، يى چېڭ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى باش قوماندانى، ئوسمان ئىككىنچى باش قوماندانى بولۇش. (2) مۇبادا يى چېڭنىڭ پوزىتسىيىسىدە تەۋرىنىش بولۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالى ھۆكۈمەت قۇرۇشقا يار بەرمىسە، خوتەندە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى مۇھەممەتئىمىن، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى يولۋاس ۋە ئەيسا ئۈستىگە ئېلىش، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئوسمان ئۈستىگە ئېلىش. (3) دۆلەت بايرىقى تېگى ئاق رەڭلىك، 14 تال قىزىل سىزىقلىق بايراق بولۇپ، شىنجاڭدىكى 14 مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ئاي، يۇلتۇزنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلىدۇ. (4) ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر يولۋاس قومۇلنى قوغدىشى، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇشى لازىم.

1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پاۋ ماۋشۇن خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشنى باھانە قىلىپ ئامېرىكىغا كېتىپ قالغاچقا، مۇئاۋىن كونسۇل ماكنان خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ماكنان يى چېڭغا پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 200 سەر

ئالتۇن بىرىپ، يې چېگىنىڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە مەدەت بەردى. بۇ چاغدا، يې چېڭ پايدا ـ مەنپەئەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بۇ خىل بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى خالىماي كېتىپ قېلىش قارارىغا كەلدى. ماكنان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچ-چىقىدا توپتەك سەكرەپ: «مۇشۇنداق توخۇ يۈرەك بىرنېمىلەرمۇ گېنېرال بولامدۇ؟» دەپ تىللاپ كەتتى. ئارقىدىنلا يىغىن ئېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىش قارار قىلىندى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماكنان ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا يىغىن ئېچىپ، ئوسمانغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن بارلىق ئاتلىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىپ تاۋۇز چاغىنى كېچىسى ئۈرۈمچىگە تۇيۇق-سىز ھۇجۇم قىلىشنى، تاۋ سىيۆنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم-لىرىنى بىراقلا يوقىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشنى ئۇۋۇق-تۇرۇشنى قارار قىلدى. مۇشۇنداق بولغاندا مەسئۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالالايتتى.

يىغىندا يەنە قومۇلدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش، يولۋاسنى قومۇلغا ئەۋەتىپ قومۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى قومۇل مەركى-زىي بانكىنىڭ خەزىنىسىنى بۇلاشقا ھەمدە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈ-ۋېتىشكە قۇترىتىش، مۇھەممەتئىمىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يە-كەن ۋە خوتەنلەردە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش... قارار قىلىندى.

«CC»نىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن، بىز ئۇرغۇنلىغان تەكشۈ-رۈش، دەلىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق، ھەر خىل پاكىتلار بۇ جىنايەتچىنىڭ ئىقرارىنىڭ ئەمەلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئى-كەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداق قىلىپ چەت ئەل جاسۇسلىرى-نىڭ شىنجاڭدىكى ئاغدۇرمىچىلىق ـ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلى-رىنىڭ ئىچكى سىرى ئېچىلدى.

شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئەكسىيەتچىل سىياسىي سەپسەتىلەر يامراپ كەتتى. مەسىلەن، «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇدەك، ئامېرىكا قىسىملىرى يا-

لۇجيالىق دەرياسى بويىغا كېلىپ قاپتۇدەك، كومپارتىيە ھالاك بولغۇدەك»، «ئوسمان، جانىمقانلار ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، تاغدا كاتتا غەلىبىلەك جەڭ قىلىپتۇدەك، ئازادلىق ئارمىيىدىن نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇدەك»، «كومپارتىيىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، بىرىمۇ ئامان قالماپتۇدەك» دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلار قۇلاقتىن نېرى كەتمەيتتى.

بۇ ئەكسىيەتچىل پىتنە ـ پاساتلار ھەقىقىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر قىسمەن ئاممىنى ئازدۇرۇپ، جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىشپىيونلارنى رازۋېدكا قىلىش خىزمىتىمىزگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلغان بىر تۈركۈم دۈشمەن ئىشپىيونلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، دۈشمەنگە زەربە بەردۇق. لېكىن، ئەكسىيەتچىل پىتنە ـ ئىغۋالار يەنىلا تارقالماقتا ئىدى.

بۇ جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى زادى قەيەردە؟

بىز تەرەپ ـ تەرەپكە رازۋېدكىچى ئەۋەتىپ، بۇ پىتنە ـ ئىغۋالارنى يىغىپ توپلاپ، ئەستايىدىل تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، مەلۇم قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشتۇق.

ئاخىرىدا، بىز بۇ خىل پىتنە ـ ئىغۋالارنىڭ ئىككى خىل ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق: بىرى، بۇ پىتنە ـ ئىغۋالار روشەن ھالدا ئامېرىكىغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، قانداقتۇر «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇدەك»، «ئۇ چاغدا ئامېرىكا بومبىلىرى يامغۇردەك يېغىپ كەتكۈدەك»، «ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى پارتلايدىغان بولسا ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۈدەك، كومپارتىيە ئامان قالمىغۇدەك»، «ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىرلىشىۋالىدىغان بولسا، ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ»، دېگەندەك پىتنە ـ ئىغۋالار

ئىدى. يەنە بىرى، چەت ئەللەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار پىتنە ـ ئىغۋالار ئىدى. مەسىلەن، شۇنچە يىراقتىكى چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتىگە دائىر گەپ ـ سۆزلەر بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا تارقىلاتتى. ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار، مەسىلەن، تۇرۇشلۇق قىسىملىرىمىزنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى شۇ كۈنىلا شياڭگاڭدىكى ئەنگلىيە راديو ئىستانسىلىرىدا خەۋەر قىلىناتتى ··· بۇ خىل غەلىتە هادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەگەر ئىچكى ئاگېنت بولمىسا، زامانىۋى ئالاقىلىشىش قوراللىرى بولمىسا تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز نەزەرىمىزنى تەبىئىي هالدا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ئاغدۇردۇق.

چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىپ پەرىزىمىز توغرا بولۇپ چىقتى، بەزى كىشىلەر بىزگە: كونسۇلخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارساق ئەنگلىيە كونسۇلى خې رېنجى باشقىچە نىيەت بىلەن، بىزدىن «كومپارتىيە سىلەرگە نېمە پايدا يەتكۈزدى؟ سىلەرگە قانچىلىك گۆش ۋە ئۇن بەردى؟ تۇرمۇشۇڭلار بۇرۇنقىدىن ياخشىلىنىپ قالدىمۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. يەنە بەزى كىشىلەر بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا، خې رېنجىنىڭ ھەمىشە ئۇنى ـ بۇنى سورايدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئازادلىق ئارمىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە دائىر بارلىق ئەھۋاللارنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تىڭتىڭلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

باشقا پىتنە ـ ئىغۋالارنىڭ كۆپىنچىسى كونسۇلخانىدىن تارقالغانىكەن. ئىگىلىشىمىزچە، خې رېنجىدىن باشقا جۇڭگولۇق بىرنەچچە كونسۇلخانا خىزمەتچىسىمۇ خې رېنجىغا ماسلىشىپ ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىكەن.

بىر كۈنى مەن تەرجىمانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئابدۇل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بوۋاينى زىيارەت قىلدىم. بۇ كىشى بىزنىڭ تەۋەدىكى كىشى بولۇپ بىزنى نۇرغۇن پايدىلىق ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلىگەنىدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەك بۇرۇنقى قىزغىن پوزىتسىيىسى يوقىلىپ، جىددىيلىشىپ نېمە قىلىـ

شىنى بىلەلمەي قالدى. بۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگە-رىش مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەت-مەكچى بولدۇم.

بۇ كىشى ناھايىتى ئالدىراقسان بولۇپ، مەن ئولتۇرا ئول-تۇرمايلا گېپىنى باشلىۋەتتى: «سىلەر راستىنلا ئىچكىرىگە كې-تىدىغان بولدۇڭلارمۇ؟ خۇدا، نېمىشقا ياخشى ئادەملەر ھەمىشە يا-مان ئادەملەرگە يېڭىلىپ قالىدىغاندۇر؟» دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەن ناھايىتى تەسىرلەندىم ۋە دەرھاللا يۇقىرىدىكى پىتنە - ئىغۋالارنى ئىنكار قىلدىم. ئارقىدىنلا بۇ كىشىگە ۋەزىيەت ھەققىدە ئېنىق سۆزلەپ، پارتىيىمىزنىڭ ۋە ئارمىيىمىزنىڭ چېگرا رايوننى قوغداش، شىنجاڭدىكى ھەر مىل-لەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا دائىر فاكچېن، سىياسەت-لىرىنى ئېزىپ - ئىچۈرۈپ چۈشەندۈردۈم، بۇ كىشى خۇشاللى-قىدا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ «توغرا! توغرا!» دەپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قېلىش ئەھۋالىنى ما-ڭا بىر - بىرلەپ بايان قىلدى:

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بۇ كىشى ئاغرىپ قېلىپ باشقىلار بىلەن بىرگە كونسۇلخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خې رېنجىننىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدى-غان پىتنە - ئىغۋالىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىپ قاپتۇ - دە، ئۆزىگە يېڭى كېسەل تېپىۋاپتۇ.

بۇ كىشىنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتىمۇ ئاچ-چىقلاندىم. بۇ ئەبلەخلەر ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلە-شىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىنى تاپشۇرمايلا قالماستىن، بۇگۈنكى كۈندە يەنە قۇترات-قۇلۇق قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن تىركىشىۋېتىپتۇ. جا-ھاننىڭ قالايمىقان بولماسلىقىدىن ئەنسىرەۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىچە قويۇۋەتمەيمىز، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ رەھىم قىلمايمىز.

تىغمۇتىغ ئېلىشىش

10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مەن ج خ نازارىتىگە بىرىپ يولداش لىيۇ خۇپىڭغا خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدىم. ئۇ: بۇ ئەھۋاللار ناھايىتى مۇھىم، دەپ بىزنى مۇشۇ ئاساستا بىر نۇسخا ماتېرىيال تەييارلاپ يۇقىرىغا يوللاشنى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە سۇنۇشىمىزنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ: ئىگىلىنىشىچە، سابىق ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكىستوننىڭ 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكى، ھازىر بولسا ئامېرىكىغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقى، مۇئاۋىن كونسۇل ماكنانىڭ ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، باركۆل يايلاقلىرىغا قۇتراپ بېرىپ ئوسمان باندىتقا نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش پۇل ۋە ئوق بېرىپ ئۇلارنى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنلىكى، ئارقىدىن شىزاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

يولداش لىيۇ خۇپىڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ماتېرىيالنى رەتلەشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردۇم، ئۇنىڭدىن باشقا يىغىن ئېچىپ، خې رېنجىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە يۈزتۇرانە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى قارار قىلدۇق؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەش ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقتۇق.

ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى يەنە 1 ـ باشقارمىنىڭ باشلىقى خۇلياڭنى ئىدارىمىزگە خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

چاقىرىق قەغىزى مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق خې رېنجىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خې رېنجى سۇس سېرىق رەڭلىك ئالىي دەرىجىلىك دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

بۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە پىلىموت ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلغان ئۇسكۈنىلەر مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ يەنە ھۆججەت ساقلايدىغان بىخەتەر ئىشكاپمۇ بار ئىدى. بۇ ئاپتوموبىل كۆركەم، ئازادە، سۈرئىتى تېز، ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشقا تولىمۇ باب كېلەتتى.

خې رېنجى كۆك كۆز، قاڭشارلىق كىشى بولۇپ، خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى جورجى خوكشىن چومۇس ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى جۇڭگوغا خېلى بۇرۇنلا كەلگەن بولۇپ، جياڭسۇ جېنجياڭدا تۇرۇشلۇق دىن تارقاتقۇچى ئىدى. خې رېنجى جېنجياڭدا تۇغۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەنگلىيىدە ئوقۇغان، 30 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئەنگلىيىدىكى مەلۇم تېببىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن. كېيىن دىن تارقاتقۇچى سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگوغا ئەۋەتىلىپ، ئۈرۈمچى ـ ماناس دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، گومىنداڭ دەۋرىدە يەنە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن، ئەمما بۇ قېتىم قايتىپ كېلىشىدە بۇرۇنقى دىن تارقاتقۇچى سالاھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك كونسۇلى دېگەن سالاھىيەتتە قايتىپ كەلگەنىدى.

خې رېنجى تېبابەتچىلىكتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، كېسەل كۆرۈش نامى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتاتتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكى كاتتا ئەربابلار بىلەن ئالاقىسى ئالاھىدە قويۇق ئىدى، ئۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق ئاخبارات توپلايتتى.

خې رېنجى بىزنىڭ چاقىرتقىنىمىزنى مەنسىتمىگەندەك قىلاتتى، بۇنى ئۇنىڭ تەكەببۇر قىياپىتىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ئەلچىسى پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىنلا بۇ يەرگە كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن بىزنىڭ جىددىي قىياپە-

تىمىزنى كۆرۈپ بىرنەرسىنى سەزدى بولغاي، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئارقىدىنلا پوزىتسىيىسىمۇ يۇمشىدى.

مەن قارشى تەرەپتىكى بىر بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا شەرەتلىدىم.

— ئەپەندىلەر، مېنى نېمىگە چاقىرتتىلىكىن؟ — دەپ سو-رىدى خې رېنجى ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلىدا چېكىپ بېقىش تەلەپ-پۇزى بىلەن.

— يېقىنقى ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

— يېقىنقى ئەھۋالىمما؟ نېمە دېسەم بولار، ناھايىتى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كونسۇ-لى بولۇپلا قالماي، يەنە دوختۇرلۇق قىلىمەن، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ كەلدىم، دۆلە-تىڭلار پۇقرالىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ياردەم بەردىم.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مەسىلىنىڭ نېگىزىدىن ئۆزىنى قا-چۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم ـ دە، گەپنى ئەگىتىپ يۇرمەي:

— بۇنىڭدىن باشقا سەن يەنە ئېلىمىزدە نۇرغۇن قانۇنسىز قىلمىشلارنى سادىر قىلدىڭ، — دەپ ئەسكەرتتىم.

— نېمە؟ قانۇنسىز قىلمىش؟ قىزىق گەپ بولدى ـ دە بۇ، گېپىڭىزنى چۈشىنەلمەيلا قالدىمغۇ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چۈشەنمىگەن قىياپەتتە كۈلۈپ كەتتى.

— چۈشىنىپ قالىسەن، — كاتىپ لى پېيجى شۇنداق دېگە-نىچە ماتېرىيالنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكا جاسۇسى پاكستون، ماكنانلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاپ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىل-غانلىقىغا دائىر نۇرغۇن جىنايى پاكىتلارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

خې رېنجى دەسلەپتە ئېتىراپ قىلمىدى ۋە مۇغەمبەرلىك بىلەن:

— سىز دەۋاتقان ئىشلار بىلەن سىلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمى-تىڭلارنىڭ ئالاقىسى يوق. سىلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىڭلار قۇرۇل-

غاندىن كېيىن مەن قانۇنغا ئەڭ رىئايە قىلىپ كەلدىم. بۇ نۇقتىدا، مېنىڭچە ھەرقايسى ئەپەندىلەرگە تامامەن روشەن، ــ دېدى.
ــ توغرا ئەمەس، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ سەن ياۋاش بولمىدىڭ، قولىمىزدا تولۇق پاكىت بار! ــ كاتىپ شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغانلىقىغا دائىر تۈرلۈك پاكىتلارنى بىر - بىرلەپ مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، خې رېنجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى.
پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا خې رېنجى گەپ تېپىپ بېرەلمەي جىمىپ قالدى ۋە كۆزئەينىكىنى ئېلىپ تەكرار سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، قوپاللىق بىلەن:
ــ قاملاشمىغان گەپ، مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن. سىلەر مەندەك بىر چەت ئەل ئەلچىسىنى ھاقارەتلىسەڭلار، خەلقئارا قائىدىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ، سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، مەن دېگەن بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئايال پادىشاھ ئالىيلىرى بىۋاسىتە تەيىنلىگەن ئەلچىسى. سىلەرنىڭ ماڭا يولسىزلىق قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىڭلار يوق! مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن ... ــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.
يولداش خۇ لياڭ چىداپ تۇرالماي ئۇستەلنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:
ــ ئويۇنۇڭنى يىغىشتۇرۇۋال، خې رېنجى ئەپەندى، بۈگۈنگە قەدەر جۇڭگو - ئەنگلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلمىدى. بىز كونسۇلخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. مەن ئېيتىپ قوي، سېنىڭ سالاھىيىتىڭ ئادەتتىكى مۇھاجىردىنلا ئىبارەت خالاس، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق، ئەگەر ئېلىمىزنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلساڭ جازالاشقا ھەقلىقمىز ...
ــ مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن، سىلەر ئەدەپسىز ئىكەنسىلەر، مەن خەلقئاراغا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ئەرز قىلىمەن!
ــ ئىختىيارىڭ، سېنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان ئويۇنلىرىڭغا

بىز قىزىقمايمىز.

ئارقىدىنلا يولداش خۇ لياڭ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا قارىتا تۈۋەندىكىدەك ۋاقىتلىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى:

«جۇڭگو ـ ئەنگلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن سابىق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى ئادەتتىكى مۇهاجىر دەپ قارىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىپلومات سالاهىيىتى بىلەن هەرقانداق ئورۇنغا كىرىپ ـ چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

غەيرىي ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى خادىملىرى ئۆز ئالدىغا كونسۇلخانىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ، سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى ساقچىخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك. باشقا كىشىلەر كونسۇلخانىغا كىرسە بولمايدۇ، زۆرۈر تېپىلسا خىزمەتچىمىز تەكشۈرۈشكە ۋە چەكلەشكە هوقۇقلۇق. كونسۇلخانا خادىملىرى نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىگە بويسۇنۇشى، ج خ ئورگانلىرىنىڭ نوپۇس ئېنىقلاش ۋە نوپۇس باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

سابىق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ سىياسىي تۈس ئالغان يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا كېرەكلىك بارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سودا شىركىتى سېتىپ بېرىدۇ، كونسۇلخانا خادىملىرى ئۆز ئالدىغا سىرتتىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا بولمايدۇ.»

سۆهبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خې رېنجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بەئەينى يېلى چىقىپ كەتكەن توپقىلا ئوخشاپ قالدى ۋە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

**ئاخىرقى كۈنلەر**

دەل بىز ئويلىغاندەك، خې رېنجى كېيىنكى كۈنلەردە جىسمى يۇرمىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن توساتتىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ

كەتتى. كونسۇلخانا دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان جەڭچى يامغۇردا قالماسلىق ئۈچۈن كونسۇلخانا پېشايۋىنىنىڭ ئاستىغا بېرىۋاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئادەتتە مۇلايىم كۆرۈنىدىغان خې رېنجى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىڭ، شەخسىي تۇرمۇشىمىزنى مارىلىدىڭ، دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتىپتۇ ۋە ھېلىقى جەڭچىنى ئىتتىرىپ ئۇچۇقچىلىققا چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ئازاد بولغاندىن تارتىپ، خې رېنجى تۇرغان ئۆي-نىڭ دېرىزىسى قېلىن پەردىدە مەھكەم ئېتىكلىك بولۇپ، ئىچىد-دە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى سىرتتىكىلەر ھەرگىزمۇ بىلەل-مەيتتى.

يەنە بىر قېتىم ئۇچتاش ساقچىخانىمىزنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ يەنرۇڭ نوپۇس ساقچىسىنى باشلاپ ئىش بېجىرىش ئۈچۈن بارغاندا، خې رېنجى ئىشىكنى ئېچىپ بەرمىگەن. ئىككى تەرەپ يېرىم سائەتتىن كۆپرەك تىركىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، خې رېنجى ئامالسىزلىقتىن ئىشىكنى ئاچقان، بىراق، بۇ ئىككى يولداشنى ئىچكىرى ئۆيگە كىرگۈزمىگەچكە، نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشكە مۇمكىن بولمىغان.

كىشىنى گۇمانغا سالىدىغىنى خې رېنجىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى بايراق خادىسى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئەنگلى-يىنىڭ دۆلەت بايرىقى چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، بايراق خادىسى يە-نىلا شۇ پېتى تۇراتتى. خې رېنجى بىرنەچچە قېتىم ئۆگزىگە يا-مىشىپ چىقىپ بايراق خادىسى بىلەن ھەپىلەشكەن. تېخنىك خا-دىملىرىمىزنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بايراق خادىسىنىڭ ئۈچى مەخ-پىي تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ ئانتېننىسى بولۇشى مۇمكىن ئىد-كەن. تىزىملاتمىغان ھەرقانداق تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ چەكلەش دائىرىمىزدە ئىدى. كېيىن تەكشۈرسەك بايراق خادىسىنىڭ ئۈچىدا ھەقىقەتەنمۇ قوشۇمچە ئۇسكۈنە بار ئىكەنلى-كى مەلۇم بولدى.

بۇ كۈنلەردە خې رېنجى بۇرۇنقى ئادىتىنىڭ ئەكسىچە ھەر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ سىرتقا چىقىپ تۇردى. سىرتتىكى

بەزى كىشىلەرمۇ دائىم دېگۈدەك كېچىلەردە كونسۇلخانىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈردى، ئۇلار گويا بىزنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇش تەدبىر ـ لىرىمىزنى كۆزگە ئىلمىغاندەكلا ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ بېشىدا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بىزنىڭ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنى پېچەتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتىمىزنى تەستىقلىدى ھەمدە بىزگە جەمئىيەت ئا ـ مانلىقىنى قوغداش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى بارلىق چەت ئەللىك خادىملارنى بېيجىڭغا ئا ـ پىرىپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ كۆك ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. قۇياش نۇرى قارلىق دالانى چاقنىتىپ تۇراتتى، يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنى قىرووۋ قاپلاپ كەتكەنىدى. مەن ناشتا قىلىپ بولۇپلا بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ يولغا چىقتىم.

شەھەر بىناكارلىقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىنى ھازىرقى ئۈرۈمچى بىلەن ھەرگىزمۇ سې ـ لىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر كوچىلىرى تار، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يايمى ـ چىلار تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار ئۈچىسىغا جۇۋا، پۇتىغا پىيما كىي ـ يەتتى، ئاغزى ـ بۇرنىدىن چىققان ھورلار قۇلاقچىسىنىڭ گىر ـ ۋىكىدە قىروۋ بولۇپ قېتىپ قالاتتى. ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلى ـ رى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى كوچىنى بىر ئالاتتى، ئات ـ ئېشەك ھارۋىلىرى ئېگىز ـ پەس كوچىلاردا سىلكىنىپ ماڭاتتى.

بىزدەك تولۇق قوراللانغان قوشۇننىڭ كوچىدا پەيدا بولۇشى ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇڭا بىز ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا يېتىپ كەلگىنىمىز ـ دە بىر توپ كىشى ئەگىشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ، بىزگە مەدەت بەرگۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

ئوچتاشنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ـ سەككىز كورپۇس بىنا بار بولۇپ، تاملىرى سېرىق، ئۆگزىسى يېشىل ئىدى، بۇ بىنالار ئەتراپىتىكى پاكار ـ پاكار ئۆيلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئىدى (بۇ بىنالار ھازىرقى شىنجاڭ سىمسىز رادىئو زاۋۇتى قورۇسى ئىچىدە بولۇپ يېقىندا چېقىۋېتىلدى).

بىز يېتىپ كەلگەندە كونسۇلخانىنىڭ ئىشىكى مەھكەم ئېتىك ئىدى. بىز ئىشىكنى بىر ھازا چەككەندىن كېيىن ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، خې رېنجىنىڭ يۇزىنىڭ يېرىمى كۆرۈندى، ئۇ بىزنى كۆرۈپ بىر ئاز چۆچۈدى ۋە:

ـــ سىلەر نېمە قىلماقچى؟ ـــ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا كىنىشكامنى كۆرسەتتىم، ئارقىدىنلا يولداشلارنى باشلاپ كونسۇلخانىغا كىردۇق. بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغاچقا، بىر مەھەل نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

بىز خې رېنجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇردۇم ھەمدە تىنتىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرسەتتىم. خې رېنجى دەسلەپتە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي، بىردەمدىلا پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ قېتىم بىز كونسۇلخانىنى پېچەتلەشتىن ئاۋۋال ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانىدۇق. 29 خىزمەتچىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چېۋەر كىشىلەر بولۇپ، ئىچىمىزدە ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى، دوختۇر ۋە سىمسىز تېلېگراف تېخنىك خادىملىرىمۇ بار ئىدى.

تىنتىش خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. تىنتىش نەتىجىسى چۈشتىن كېيىن مەلۇم بولدى:

خې رېنجىنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىدىن پولنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان سىمسىز رادىئو سايمانلىرى تېپىلدى، بىر-

نەچچە زاپچاسنىڭ كەملىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇشۇ ساي-مانلارنىڭ ئۆزىلا بىر تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى.

تام ئىشكاپ ئىچىدىن تىزىملاتماي يوشۇرۇپ قويۇلغان كارا-بىن مىلتىقىدىن بىرى، ئادەتتىكى ئوق ۋە چاچما ئوقنى بىرلا ۋاقىتتا ئاتقىلى بولىدىغان قوش ستوۋوللۇق ئوۋ مىلتىقىدىن بىرى، تاق ستوۋوللۇق مىلتىقتىن ئۈچى، 800 پايدىن ئارتۇق ئوق قاچىلانغان ئوق ـ دورا يەشىكىدىن ئىككىسى تېپىلدى.

تارتمىنىڭ تېگىدىن ھىندىستاننىڭ «a» ۋە «S» مەخپىي سىفىر دەپتىرىدىن بىرى تېپىلدى. يولداش تيەن رۇيۇۋ كىتاب جازىسىدىن تېبابەتچىلىككە دائىر بىر كىتابنى ئېلىۋىدى، ئېچىپ قارىساق زەھەرلىك دورا ياساشقا دائىر مەزمۇنلار سىزىلەنگەن يەت-تە ـ سەككىز يەرگە خەتكۈچ قىستۇرۇلغانلىقىنى بايقىدۇق.

ئارقىدىنلا ھەر خىل چەكلەنگەن بۇيۇملار ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىشقا باشلىدى. ئىككى دانە دىنام (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدا تېلېگراممىا يوللاش ـ قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا ئاپپاراتنى توك بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان دىنام)، تېلېگراممىا قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان كاۋاك نەيچىلىك ئىككى دانە رادىيولۇق ئۈنئالغۇ، ھاۋا ئارمىيىسىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئىككى دانە ھاۋا رايىنى ئاپتوماتىك ئۆلچىگۈچ، ماگنىتلىق ئايرىغۇچ ئورنى-تىلغان ئىككى تال تېلېگراف ئانتېننىسى بايقالدى. قۇراشتۇ-رۇلغان تېلېگراف ئاپپاراتىدىن باشقا ھەممە زاپچاس تولۇق بو-لۇپ، قۇراشتۇرسىلا چەت ئەللەر بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى قىلىشقا بولاتتى.

بۇ چاغدا يولداش لى شۇتاڭ قېشىمغا كېلىپ بىر بىخەتەر ئىشكاپنىڭ قۇلۇپلۇق ئىكەنلىكىنى، تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن دەرھال:

— خې ئەپەندىم، ئاچقۇچىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز، — دې-

ۋىدىم، ئۇ ھودۇقۇپ كېتىپ:
— ئاچقۇچ يىتىپ كەتكەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.
— كەچۈرۈڭ، ئۇنداقتا بىز ئىشكاپنى چاقىمىز! — مەن شۇنداق دېگەچ قول ئاستىمدىكى يولداشلارنى بازغان تېپىپ كېلىشكە شەرەتلىدىم.
— توختاپ تۇرۇڭلار، ئەتە كەلسەڭلار قانداق، بۈگۈن كەچتە ئاچقۇچ چوقۇم تېپىلىپ قالىدۇ.
مەن بىر قاراپلا خې رېنجىنىڭ ھىيلە - نەيرىڭىنى بىلىپ يەتتىم.
— بولمايدۇ، بىر مىنۇت دەخلى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، باشلاڭلار!
بىر يولداش بازغاننى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە خې رېنجى:
— چاقماڭلار، ئاچقۇچ تېپىلدى، بىر ئۆبدان نەرسىنى چېقىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دېگىنىچە يېنىدىن ئاچقۇچنى چىقاردى.
بىخەتەر ئىشكاپنى ئاچتۇق، ئىشكاپتا ئالتۇن ۋە دوللاردىن باشقا خې رېنجىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا دائىر دەلىل - ئىسپاتلار مانا مەن دەپ تۇراتتى. ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ بىر دانە تېلېگراف دەپتىرىنى تاپتىم، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلىرى ساپلا ئىككى بىسلىق سۆزلەر يېزىلغان مەخپىي تېلېگراما خاتىرىلىرى ئىكەن. يەنە بىر دەپتەرنى ئېچىپ قارىسام 100 دىن ئارتۇق تېلېگراف مەزمۇنى خاتىرىلەنگەنىكەن، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا تەرجىمە قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئارقىدىنلا ئىشكاپتىن يەنە بىرمۇنچە ماتېرىيال ۋە خەرىتىلەرنى تاپتۇق. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەرنىڭ تەپسىلىي يەر شەكلى خەرىتىسى 31 نۇسخا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش ئىشتابى ۋە ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ماتېرىيالى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە ماتېرىيالى، ئارمىيىمىزنىڭ 2 - كورپۇس مۇستەقىل پولكىنىڭ ئالتايدا ئالتۇن

قازغانلىق ماتېرىيالى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئائىت ئانالىز دوكلاتى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرى، مەھسۇلات مىقدارى، سانائەت ـ كانچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ماتېرىياللار بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلىرىگە چېتىلاتتى.

پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا خې رېنجى گەپ تېپىپ بېرەلمەي، ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

مەن نەق مەيداندىلا خې رېنجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ھەرىكەت ۋە ئالاقە ئەركىنلىكىنى چەكلەش، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جۇڭگولۇق ئىككى ئاخبارات خادىمىنى دەرھال قولغا ئېلىشنى جاكارلىدىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خې رېنجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ج خ كادىرلىرىمىزنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىز تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ھازىر 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. جۇڭگو ـ ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاللىقاچان تارىخقا ئايلاندى.

بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇماي كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە تۈرلۈك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

دۇنيادىكى ئىشلار مۇرەككەپ، شۇڭا بىزنىڭ كاللىمىزمۇ مۇرەككەپرەك بولۇشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر خىل مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرالايمىز.

شۇڭا مەن 38 يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتۇم.

1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېھىم ياقۇپ**

# «ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى»نىڭ باش ـ ئاخىرى

ئابدۇرېھىم ياقۇپ

1962 ـ يىلى ئىلىمىز ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرى-
غان، خەلق تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىقتا يولۇققان مۇشەققەتلىك
كۈنلەردە ئىلى ـ تارباغاتاي رايونىدا نۇرغۇن ئادەم سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كېتىشتەك ئېغىر ۋەقە يۈز
بەردى. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى.
بۇ زادى قانداق ئىش؟

1. ۋەقەنىڭ باشلىنىشى

1959 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇ-
لۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ چاپاننى تەتۈر كىيىپ
قەرزنى قىستىشى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلاشتى، بولۇپ-
مۇ 1961 ـ يىلىدىن باشلانغان ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت ئەس-
لىدىنلا غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ
قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

دەل شۇ مەزگىللەردە خۇددى ئوتقا ياغ چاچقاندەك سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى دىپلوماتى-
يە تونىغا ئورىنىۋالغان سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىك
كومىتېتى (ك گ ب)نىڭ ئىشپىيونلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ
بىر ياقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسى-
تى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرسە، بىر ياقتىن
ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن كونسۇلى ئىتوف، كونسۇلخانا كاتىپى كىمخىبىنكىلار 1961

ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 1962 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ
كۈنىگىچە ئالتە قېتىم تارباغاتايغا كېلىپ جۇڭگو چېگرا ئاھالى-
سىدىن 4743 ئادەم (قېتىم) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆسەك سۆز
تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا سوۋېت ئىت-
تىپاقىمۇ جۇڭگوغا تۇغقان يوقلاشقا، كاماندىروپكىغا كەلگەن
كىشىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەت-
تىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى
كۆچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا ئۆتۈشكە قىزىقتۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى چۆچەكتە تەسىس قىلغان سوۋېت مۇھا-
جىرلىرى ئۇيۇشمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلى كونسۇلخانىسى-
دىكى دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ قانۇنسىز پائالىيىتىگە يېقىن-
دىن ماسلىشىپ، چېگرا ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئاتالمىش «چاقىرىق
قەغىزى»، «تەكلىپنامە»، «كاپالەتنامە» قاتارلىق قانۇنسىز ئىس-
پاتلارنى ھە دەپ زور مىقداردا تارقىتىشقا باشلىدى ھەمدە چېگرا
ئاھالىلىرىگە «چېگرادىن ئۆتسىلا ‹گرازدانلىق كىنىشكىسى› تار-
قىتىپ بېرىدىغانلىقى» ھەققىدە ۋەدە بەردى، سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ جۇڭگونىڭكىدىن باياشات، مائاشىنىڭ
جۇڭگونىڭكىدىن يۇقىرىلىقى ھەققىدە توختىماي گەپ ساتتى،
چېگرادىن ئۆتكەنلەرنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى،
خىزمەتكە تونۇشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى، نەتىجىدە
چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىد-
غان، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئىراد-
سى ئاجىز كىشىلەر ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بىر
خىل قىزىقىش پەيدا بولۇپ، قېچىپ كېتىش ئىستىكى كۆچەيدى.

**2. ۋەقەنىڭ قىسقىچە جەريانى**

چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى ھەممىدىن بۇ-
رۇن قورغاستىن باشلاندى. 1962 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى
قورغاس ناھىيىسى «بەخت» گۇڭشېسىدىن بىر گۇڭشې ئەزاسى
(ئۇيغۇر) بىر خەنزۇ قىزنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە

كىرىپ كەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى-
نىڭ قورغاس چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدىكى ئەسكەرلەر
ئۇلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋەردى. شۇ يىلى 3 ـ
ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قورغاس ناھىيىسى چىگىسخوزا گۇڭشې 5 ـ
چوڭ ئەترەت 3 ـ كىچىك ئەترەتتىكى گۇڭشې ئەزالىرىدىن ئۈچ
كىشى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا چېگرادىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ
بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ قاچىدىغانلار كۆپە-
يىشكە باشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن باشلاپ قورغاس نا-
ھىيىسىدىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇر، قازاق ئاھالىلىرى چېگرادىن
قاچىدىغان ئىش يۈز بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن ئېتىبا-
رەن چېگرادىن قېچىش پۈتكۈل قورغاس ناھىيىسىگە كېڭىيىپ،
كىشىلەر ئائىلە بويىچە تۈركۈملەپ قېچىشقا باشلىدى، بۇ ئىش
تاكى شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە قەدەر داۋاملاشتى. 5 ـ
ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىس-
تىرلىقى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق ئې-
تىراز بىلدۈرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شۇ
كۈنى كەچ سائەت 23 (بېيجىڭ ۋاقتى)تە قورغاس چېگراسىنى
تاقىدى. چېگرادىن ئۆتۈپ كېتەلمىگەنلەر بىر ـ بىرلەپ تىزىمغا
ئېلىنىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلدى.

دۆربىلجىن ناھىيىسى تەرەپتىن قېچىش 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ
كۈنى باشلىنىپ 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى. 4 ـ
ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىدىكى ئاز ساندىكى
ئاھالە چېگرادىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە قېچىپ
كەتتى. بۇ ئىش 6 ـ ئاينىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۇقىرى پەللىگە
كۆتۈرۈلۈپ قاچىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى ھەمدە دۆربىلجىن نا-
ھىيىسىنىڭ ھەرقايسى گۇڭشېلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق مەيدانلىرىغىچە كېڭەيدى. دۆربىلجىن ناھىيىلىك پارتكوم،
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى، نەسىھەت قىلىپ تو-
سۇشى نەتىجىسىدە دۆربىلجىن ناھىيىسى تەرەپتىكى چېگرادىن
قېچىش ۋەقەسى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاساسىي

جەھەتتىن تىنچىپ قالدى.

چۆچەك ناھىيىسى (ھازىرقى چۆچەك شەھىرى — ئاپتور) تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىش 1962 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى باشلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەۋجىگە چىقتى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۆچەك ناھىيىسى «راكېتا» گوۋخشېسى-نىڭ تېرەكچى چوڭ ئەترىتىدىكى قىسمەن ئاھالە چېگرادىن ئۆ-تۈپ قېچىپ كەتتى، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ قاچىدىغانلار ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى، دەسلەپتە قاچقانلار كېچىدە ئوغرى-لىقچە قاچقان بولسا كېيىنچە كۈپكۈندۈزدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا مال چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تۈركۈملەپ قېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چېگرادىن قېچىش ۋەقە-سى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ چۆچەك، چاغانتوقاي نا-ھىيىلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم قېچىپ كەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋەزىيەت تىنچىپ جەمئىيەت تەرتىپى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

بۇ قېتىمقى چېگرادىن قېچىش ۋەقەسىدە غۇلجا شەھىرى-دىنمۇ نۇرغۇن ئاھالە قايمۇقۇپ، قورغاس چېگراسىدىن قېچىپ ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىراسىغا ئايلاندى.

بۇ قېتىمقى ۋەقە جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى-نىڭ ئەڭ چوڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە ناھايى-تى زىچ ماسلاشتى. ئىچكى جەھەتتە ك گ ب نىڭ جاسۇسلىرى دىپلوماتىيە تونىغا ئورىنىۋېلىپ ھە دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى ك گ ب نىڭ 3 ـ باش ئىدارىسىگە قاراشلىق چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ — ئاپتوردىن) چېگرادىكى سىم توسۇقنىڭ 20 نەچچە يېرىنى ئېچىۋەتتى ھەمدە كېچىسى نۇرغۇن ئاپتوموبىلنى سىم توسۇقنىڭ قارشى تەرىپىگە تىزىپ چىراغنى ياندۇرۇپ كېچىدە

قاچقانلارغا يول كۆرسىتىپ بەردى، بەزى جايلاردا ئاسمانغا يورۇ-تۇش ئوقى ئېتىپ يول كۆرسىتىپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىمۇ نۇرغۇن ئاپتوموبىل ئاجرى-تىپ چېگرادىن ئۆتكەنلەرنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ توختىماي توشۇپ تۇردى.

**3. ئېغىر ئاقىۋەت**

بۇ قېتىمقى جۇڭگو چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەت ئەلگە قې-چىش ۋەقەسى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۈز بەر-گەنلىكتىن ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى (BBC)، رېيتېر ئاگېنتلىقى، ياپونىيە ئېقىم مەسىلىلىرى ئاگېنتلىقى قاتارلىق خەلقئارادىكى ئاساسلىق ئاخ-بارات ئاگېنتلىقلىرى بۇ ۋەقەنى بەس ـ بەستە خەۋەر قىلىشتى، ئۇلار تۈگمىنى تۆگىدەك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاق ـ قارىنى ئاس-تىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئېلىمىز هۆكۈمىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن هۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى ۋەقە سىياسىي جە-ھەتتە ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىگە زور دەرىجىدە نۇق-سان يەتكۈزدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، بۇ قېتىمقى ۋەقە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلى-رىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق سەككىز ناھىيىنىڭ ئىچىدە قورغاس ناھىيىسىدىن قېچىپ كەتكەنلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئو-مۇمىي سانى 14 مىڭ 32 گە يەتتى، بۇ سان ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن چەت ئەلگە قاچقان چېگرا ئاھالىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 38.7% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا بويىغا جايلاشقان «شەرق شامىلى»، «بەخت»، «ئالغا» گۇڭشېلىرىدىن قاچقانلار قورغاس ناھىيىسى بويىچە چەت ئەلگە قاچقان چېگرا ئاھالىسىنىڭ 50% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. قورغاس ناھى-يىسىدىن قېچىپ كەتكەن ئاھالە ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچى-لىق ئەمگەك كۈچى 5875، ئورگان، كارخانا ـ كەسپىي ئو-رۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 897، دىنىي زات 13 بولۇپ،

ئۇلار ئۆزى بىلەن بىرگە 17 مىڭ 390 تۇياق چارۋا مال (بۇنىڭ ئىچىدە ئات 8370، كالا 6540، ئىشەك 327، تۆگە ئۈچ، قوي 2150)نى بىللە ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىد-يان بەش مىليون 659 مىڭ 962 يۈەنگە يەتتى، ناھىيىنىڭ ئاش-لىق ۋە سۇ يېغى مەھسۇلاتى 17 مىليون 560 مىڭ كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى. غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىن قاچقان چېگرا ئا-ھالىسى 1012 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىسى 619، دېھ-قان 227، ئوقۇغۇچى 40، ئوقۇتقۇچى يەتتە، پىرىكازچىك بەش، ئورگان كادىرى يەتتە، خەلق ساقچىسى بىر، نەتىجىدە غۇلجا شە-ھىرى بىرمۇنچە بىھۇدە ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى. چۆچەك ناھىيىسىدىن قاچقانلار 6985 ئائىلە، 28 مىڭ 894 ئادەم، بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاقلار 26 مىڭ 610 بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز ساندا ئۇيغۇر، تاتار، موڭغۇل، رۇس، خۇيزۇ، داغۇر، ئۆزبېك قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ قېتىمقى چېگرادىن قېچىش ۋەقەسى تۈپەيـ-لىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا چۆچەك ناھىيىسى 8 مىليون 789 مىڭ 266 يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى. دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن قېچىپ كەتكەن ئاھالە 1666 ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆزى بىلەن بىرگە كول-لېكتىپنىڭ 19 مىڭ 244 تۇياق چارۋىسىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى قېچىش ۋەقەسىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورد-يىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. مەسىلەن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق چۆچەك، چاغانتوقاي، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدىن جەمئىي 44 مىڭ 795 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە چۆچەك ناھىيىسى ئاھالىلىرى ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورگان، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن قاچقانلار 32 مىڭ 601 ئادەم، چاغانتو-قاي ناھىيىسىدىن قاچقانلار 10 مىڭ 528 ئادەم، دۆربىلجىن نا-

ھىيىسىدىن قاچقانلار 1666 ئادەم) بولۇپ، بۇ ۋەقە ئىلى، تارباغا-
تاي ۋىلايەتلىرىگە، بولۇپمۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئېغىر ئاقىۋەت-
لەرنى ئېلىپ كەلدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەزى نا-
ھىيىلەردىكى قىسمەن گۇڭشې، مەيدانلاردىكى ئاساسىي قاتلام
پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىر مەھەل پالەچ ھالەتكە چۈ-
شۈپ قالدى، 608 مىڭ 879 مو تېرىلغۇ يەر ئاق تاشلىنىپ قال-
دى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 26 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە
يەتتى، قاچقانلار يەنە ئۆزىنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرىنى
ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغاچقا بۇ قېتىمقى ۋەقەدە تارباغاتاي ۋىلايىتى
تەرەپتىن 238 مىڭ 300 تۇياق چارۋا مال سابىق سوۋېت ئىتتى-
پاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە
ھەيدەپ كېتىلگەن ئومۇمىي چارۋا سانى 300 مىڭ تۇياقتىن
ئاشتى.

4. خاتىمە

42 يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ھازىرمۇ تېخى نۇر-
غۇن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ۋەقە تەل-
تۆكۈس تىنچىتىلغاندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ يولىيو-
رۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىغا بىنائەن، شىن-
جاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 -،
5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 10 - شىلىرى ۋە بىڭتۇەنگە بىۋاسىتە
قاراشلىق ئورۇنلاردىن 810 كادىر، 16 مىڭ 750 ئىشچى ئاجرى-
تىپ «ئۈچنى ۋاكالىتەن ئىشلەش» (ۋاكالىتەن باشقۇرۇش) خىز-
مەت ئەترىتى تەشكىللىدى، خىزمەت ئەترىتىگە 39 ئاپتوموبىل،
45 تىراكتور ۋە كومبايىن سەپلەپ بەردى، خىزمەت ئەترىتىدى-
كىلەر چېگرا ئاھالىسى قېچىپ كەتكەنلىكتىن تاشلىنىپ قالغان
780 مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى ۋاكالىتەن پەرۋىش قىلدى،
420 مىڭ مو ئاق تاشلىنىپ قالغان يەرنى ۋاكالىتەن تېرىدى،
تارقىلىپ كەتكەن 327 مىڭ تۇياق چارۋىنى يىغىۋېلىپ ۋاكالى-
تەن باقتى، جۇڭگو - سوۋېت چېگراسىنى بويلاپ نۇرغۇن دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنى قۇ-

رۇپ چىقىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

«ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى» جەريانىدا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىرمۇبىر تىزىملىنىپ ۋاكالىتەن باشقۇرۇلدى. مەسىلەن، 1962 - يىلى «ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن چۆچەك شەھىرى چۆچەك بازىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن كىشىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆي - مۈلۈكلەرنى تىزىملاشقا باشلاپ جەمئىي 289 ھويلا، 1246 ئېغىز ئۆي، 22 دۇكان، 99 ئىسكىلات، 96 لاپاس، يەتتە باغنى رويخەتكە ئالدى ھەمدە ئايرىم - ئايرىم ئارخىپ تۇرغۇزدى. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايوندا مۇھاجىرلار سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندە، بۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى مەملىكەت ئىچىدىكى قانۇنلۇق ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى، مەملىكەت ئىچىدە قانۇنلۇق ۋارىسلىق قىلغۇچىلىرى يوق ئۆي - مۈلۈكلەرنى بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇردى. 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھاجىرلار سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، 11 مىڭ 662 ئائىلىنىڭ 379 مىڭ 513 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى قانۇنلۇق ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

(1) «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۆرۈشى» (خەنزۇچە)، چېن كەيرېن تۈزگەن، ج ك پ پارتىيە تارىخى نەشرىياتى 1997 - يىل 9 - ئاي بېيجىڭ 1 - نەشرى.

(2) «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى.

(3) «چۆچەك شەھىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، چۆچەك شەھەرلىك

تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 6 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

(4) «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل 3 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

(5) «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، دۆربىلجىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

(6) «غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، غۇلجا شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

(7) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

(8) «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(9) «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە دائىر چوڭ ئىشلار» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تارىخ ـ تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

# ئىلى خەلقىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى

## ئىمىنجان باھاۋۇدۇن

**تارانچى، تۇنگانلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىش تارىخى**

رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1871 ـ يىلى ئىلىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش بىلەن تارانچى، تۇنگانلارنىڭ مۇستەقىل سۇلتانلىقى يوقىتىلغان ۋە ئۇ 1881 ـ يىلغىچە رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن، 1881 ـ يىلى 12 ـ فېۋرالدا پېتېربۇرگدا مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇئاھىدە (كېلىشىم) بويىچە ئىلى ۋىلايىتىنى بىرمۇنچە شەرتلەر بىلەن مانجۇ ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان بولغان. رۇسىيە ئىلىنى مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ، مانجۇلار ئىلىدا ئۆز ھۆكۈمىتىنى قۇرغىچە بىر يىل ئىچىدە رۇسىيەگە تەۋە بولۇشنى خالىغۇچىلار بولسا، روسىيە ئۆز ئېلىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە كېلىشكەنىدى ھەمدە مانجۇلار ئىلىغا تەۋە يەردىن رۇسىيە چېگراسىغا يېقىن بولغان بىر مۇنچە يەرلەرنى (قورغاس دەرياسى بىلەن غالجات ئارىلىقىدىكى) رۇسىيەگە بەرگەنىدى. 1881 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا، ئىككى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ مۇئاھىدە گېزىتكە بېسىلىپ، ئەلگە مەلۇم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى مانجۇ ھۆكۈمىتى تۆرىسى (ئەمەلدارى) يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئىلى داۋاملىق رۇسلار قولىدا تۇرۇپ تۇرغان.

لېكىن ئىلىدىكى تارانچى، تۇنگانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى دۈشمىنى بولغان مانجۇلار ھۆكۈمىتى ئىلىغا قايتىپ كەلسە، ئۆزلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۇرت ئارىسىغا چوڭ ئەندىشە ۋە قايغۇ پەيدا قىل-

غان. ئاخىرىدا ئىلىنىڭ تارانچى، تۇنگانلىرى بىرلىشىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن رۇسىيە زېمىنىغا كۆ ـ چۇشنى قارار قىلغان ۋە يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ گېنېرال ـ گۇ ـ بېرناتورىغا خەلق نامىدىن ئەرز سۇنغان. تارانچىلارنىڭ ئەرزنا ـ مىسىگە يۇقىرىقى ئۆستەڭدىن ئابابەكرى بولۇس، روزى بولۇس، سوپى نىياز، زىكرىيا بولۇس بىن توختى، مۇھەممەد بولۇس بەگ بىن نىدىر، تۆۋەنكى ئۆستەڭدىن موللا ئابدۇللا بولۇس، مۇھەم ـ مەد ئەلى، ھوشۇرقارى بىن موللا ھۇسەيىن، مەخپىر بىن ئىس ـ ھاق، ئابدۇماناپ قازى بىن ئابدۇرازاق، خوجانەمرى قازى بىن توختى، تاھىرقازى، ناسىرقازى، ئىمىن قازى، سادىرقازى قا ـ تارلىق 24 كىشىنىڭ مۆھرى بېسىلغان. تۇنگانلارنىڭ ئەرزنا ـ مىسىگە ئايۇب، ئىسھاق قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ مۆھرى بې ـ سىلغان.

بۇ ئىككى ئەرز مەخسۇس ئەلچى ئارقىلىق گۇبېرناتورغا بېرىلگەن، يەتتىسۇ گۇبېرناتورى كولپاكوۋسكىي تۈركىستان گۇبېرناتورىنىڭ 20 ـ ئىيۇندا بەرگەن يولىيورۇقى بويىچە بۇلارغا كۆچۈشكە رۇخسەت قىلغان. قىلىنغان رۇخسەت يۇرتقا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، تارانچى، تۇنگانلار بىرلىكتە روسى ـ يەگە چىقىپ يەر ـ سۇنى كۆرۈپ كېلىش ۋە ئۆي ـ تام سې ـ لىشقا كېرەك بولىدىغان ياغاچ ـ تاشلارنى جايلاپ تۇرۇش ئۈ ـ چۈن ۋەكىللەرنى سايلاپ بەرگەن. گېنېرال كولپاكوۋسكىي تە ـ رىپىدىن بۇ كۆچمەنلەر ئۈچۈن چېلەك دەرياسى بويىدىكى يەر ـ لەر بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى (شىمالىدىكى) يەرلەر كۆرسىتىلىپ، ئەگەر بۇ كۆرسىتىلگەن يەرلەر يەتمىسە ياكى يارامسىز دەپ قارالسا، چۇ دەرياسىنىڭ يەرلىرىدىن ھەتتا ئەۋلىيائاتىغىچە يەر ئېلىشقا مۇمكىنلىكى بىلدۈرۈلگەن. ھېلى ـ قى يۇرت سايلاپ بەرگەن ۋەكىللەر ئىلى رۇسلارغا ئۆتكەن ۋاقىتتىن بېرى ئىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ناچالنىك (باش ـ لىق) بولۇپ كەلگەن ئىزرەتوۋ دېگەن پولكوۋنىك باشچىلىقىدا 1881 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇلدا يولغا چىقىپ، 27 ـ ئىيۇلغىچە

غالجاتتىن قارابالتىغىچە بىكار ياتقان يەرلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، باشقا يەرلەرگە بارماستىن قايتقان. نەتىجىدە ھەر بىر بولۇس ۋەكىللىرى كۆرگەن يەرلەردىن ئۆز بولۇسلىرىغا تۆۋەندىكىچە بۆلۈشۈۋالغان:

(1) چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ، بايانقازاق يەرلىرى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ سول قانىتىدىكى (جەنۇبىدىكى) بىر مۇنچە يەرلەر 839 تۈتۈنگە بۆلۈنگەن، يەنى خونىخاي بولۇسىغا بۆلۈنگەن.

(2) چارىن دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە ھەرقايسى بولۇستىن يىغىپ ـ تېرىپ 500 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

(3) چېلەكنىڭ ئوڭ قانىتىغا (شىمالىغا) ئۈچ بولۇس (قاش، قاينۇق، بوربوسۇن)تىن 2465 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

(4) چېلەك دەرياسىنىڭ سول قانىتىغا (جەنۇبىغا) تۆت بولۇس (قاش، ئارائۆستەڭ، بايتوقاي، ئارابوس) تىن 2694 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

(5) ئاتامقۇلنىڭ تۆۋىنىدىن (ۋەكىللەر ئاۋۋال تۇرگۇن سۇيىنى ياقىلاپ بۆلمەپتۇ) ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىغا 1658 تۈتۈن (نىلقا، توققۇزتارادىن چىققانلار ھەم بىرئاز شەھەرلىكلەر) ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

(6) چۇ دەرياسى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىغا تۇنگانلاردىن 1410 تۈتۈن ھەم شەھەر تۆگۈرۈگى (ئەتراپى) ۋە شەھەر ئىچىدىكى تارانچىلار بولۇپ 3340 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لېكىن تۇنگانلاردىن بىرمۇنچىسى بېرىپ قارىسا، ئۇ يەرگە بەلگىلەنگەن ھەممە تارانچىلار مۇشۇ كۇندىكى ياركەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرۇپ قالغان. يۇرت ۋەكىللىرى يۇقىرىدىكى پىلان بويىچە يەرلەرنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەن. دەرۋەقە، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يەتتىسۇنىڭ يەر ـ زېمىنى پىلانلاپ ئۆلچەنمىگەن ۋە ياخشى ـ يامان يەرلەر، سۇلۇق ـ سۇسىز يەرلەر ھېسابقا ئېلىنمىغانلىقتىن، بۇ ۋەكىللەر غالجاتتىن قارابالتىغىچە 1030 چاقىرىم يەرنى ئاتلىق 24 كۈن ئىچىدە كۆرۈپ چىققانلىقى سەۋەبىدىن، يەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ئوبدان بايقاپ كېتەلمىد-

گەن. ئەل ـ يۇرت كۆچۈشكە غەملىنىپ تۇرغان چاغدا، ئىچكى ـ
رىدىن ئىلىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇۋېلىشقا تەيىنلەنگەن
تۆرە 1881 ـ يىلى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىغا يېتىپ كې ـ
لىپ، ئىلىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە توختاۋسىز قايتۇرۇۋالىدىغان ـ
لىقىنى ئەل ـ يۇرتقا جاكارلىغان.

«مانجۇلار تارانچى، تۇنگانلارنى رۇسلارغا بەرمىگۈدەك...»
دېگەن ئۆسەك پاراڭلار بىلەن ئەندىشىدە قالغان خەلقنى
تىنچلاندۇرۇش، يۇرتنىڭ كۆچۈپ كېتىشكە ئىختىيارى بار ـ
يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ كەلگەن تۆرە ئەل ـ يۇرتنى ئا ـ
رىلىغان. تۆرە ئىلىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەممە يېزا ـ
كەنتلەرنى ئارىلاپ، «مانجۇلاردىن قورقماسلىق ۋە ئىلاجى بولسا
ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قېلىش» ھەققىدە خەلققە
نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق كۆچۈپ كېتىش توغ ـ
رىسىدا ئۇزۇل ـ كېسىل تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەن. ئومۇمەن
كۆچمەنچىلىكتە بولىدىغان بۆلگۈنچىلىك، مۇساپىرلىق، ۋەتەنگە
مۇھەببەت، كۆچۈپ بارىدىغان يەردە يەر ـ سۇ كەمچىلىكى قا ـ
تارلىق مەسىلىلەرنى ئېيتىپمۇ بۇلارنى توختىتالمىغان. شۇنىڭ ـ
دەك خەلق كۆچۈپ چىقىش ئۈچۈن تۆرىدىن ئىككى يىللىق
مۆھلەت سورىغان. بىراق ئاۋۋال كۆچمەنلەرنى بىر يىل ئىچىدە ــ
1882 ـ يىلغىچە كۆچۈرۈپ چىقىپ بولۇشنى ئويلىغان بول ـ
سىمۇ، كۆچۈش باشلانغان ۋاقىتتا ئەھۋال قىيىنلىشىپ كەتكەن ـ
لىكتىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىدەك بولۇپ، كۆچۈش ۋاقتى 1883 ـ
يىل 10 ـ مارتقىچە سوزۇلغان. كومىسسار تۆرە شەھەرگە قاي ـ
تىپ كېلىپ ئالاھىدە كومىسسىيە تەشكىللەپ، كۆچۈشنى خا ـ
لىغانلارنىڭ ھېسابىنى ئالدۇرغان. كۆچمەكچى بولغانلار: تاران ـ
چىلار 11 مىڭ 365 تۈتۈن، تۇنگانلار 1308 تۈتۈن، جەمئىي 12
مىڭ 673 تۈتۈن (تەخمىنەن 51 مىڭ جان) بولغان.

بۇلارنىڭ ئىچىدە 2000 ئۆيلۈك كىشى ئۈچۈن گېنېرال ـ
گۇبېرناتورنىڭ ئەمرى بويىچە ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىسىدا
يەر بېرىلىپ، قالغان 10 مىڭ 673 تۈتۈن ئۈچۈن باشقا يەردىن

يەر ـ سۇ بېرىلمەك بولغان.

**تۇنگانلارنىڭ كۆچۈشى**

كۆچۈش 1881 ـ يىلى كۈزدە باشلانغان. بىرىنچى نۆۋەتتە 14 ئۆيلۈك تۇنگان كۆچۈپ، ئالمۇتىغا كېلىپ قىشلىغان. بۇلار بىلەن 101 ئۆيلۈك تارانچى كۆچۈپ، ئاران دېگەندە چېلەككە يېتەلىگەن. تارانچىلارنىڭ ئاۋۋالراق چىققانلىرى پۈتۈنلەي كەمبەغەللەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمدە شۇ يىلى قىش بالدۇرراق كېلىپ، بۇ قىشنى كىگىز ئۆيدە ئۆتكۈزگەنلىكتىن، خېلى قىيىنچىلىقلارنى تارتقان. شۇنىڭ بىلەن كۆچۈش توختاپ قالغان، 1882 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ كۆچمەكچى بولغان. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ھېچقانداق ئوزۇق ـ تۈلۈكى يوق ھەمدە ئۇرۇقلىرى بولمىغانلىقتىن، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت (رۇسىيىنىڭ) باشلىقلىرىنىڭ مۇراجىئىتى بىلەن، فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېنېرال ـ گۇبېرناتور تەرىپىدىن چېلەك، تۇرگۇن ۋە پىشپەككە ئاشلىق توپلاش تاپشۇرۇلغان. بۇ راسخوتلار ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتى مۇئاھىدە بويىچە رۇسىيەگە تۆلىمەكچى بولغان 9 مىليون سوم ئاقچىدىن 450 مىڭ سومنى غۇلجا كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلماقچى بولۇپ، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت مانجۇ ھۆكۈمىتىدىن سوراپ تەلەپ قىلغان. ئاشۇ 450 مىڭ سوم ھېسابىدىن 50 مىڭ سومى كۆچمەنلەرگە ئوزۇق ۋە ئۇرۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان. لېكىن بۇ بېرىلگەن ئاقچا كۆچمەنلەرگە قەرز ھېسابىدا بېرىلىپ، ھەر يىلى سېلىق يىغقاندا قوشۇپ ئېلىنغان. شۇنداق قىلىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پىشپەك ئۇيازىدا 3235 سوم 18 تىيىنغا 9211 پۇت (بىر پۇت 16 كىلوگرام) ئاشلىق، ئالمالىق ئۇيازىدا 3636 سوم 60 تىيىنغا 12 مىڭ 202 پۇت ئاشلىق تەييارلانغان. كۆچمەنلەر شۇ يىلى قىش بويى كۆچۈشكە ھازىرلانغان. چېگراغا يېقىنراق بولۇسلاردىكى خەلقلەر قىش ۋاقتىدا مۇز قاتقان ۋاقتتىن پايدىلىنىپ، چانا يولى بىلەن ئاشلىق ـ تۈلۈكلەرنى بەلگە (ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبى-

غا) يەتكۈزۈۋالغان. 1882 ـ يىلى ئەتىيازدا ئىلى دەرياسىغا ئۈچ ـ تۆت كېمە سالدۇرۇپ، كۆچمەنلەر كۆچۈپ چىقىشقا باشلىغان. ئالمۇتا بىلەن ئىلى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چارىن ۋە چېلەك سۇلىرىدىن ئۆتمەك قىيىن بولغانلىقتىن، مەخسۇس كۆۋرۈكلەر سېلىنغان. 1882 ـ يىلى ئاۋۋال تۇنگانلار كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى: كۆچۈش مەسىلىسى چىقىشى بىلەن تەڭ مانجۇ ـ تۇنگانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇلارنى چاپسانراق كۆچۈرۈش مەقسىتىدە ئوبلاستتىن مەخسۇس بىر كىشى ئەۋەتىلىپ، شۇنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا 914 هارۋا بىلەن 486 ئۆيلۈك، 2454 جان تۇنگان كۆچۈرۈلۈپ چىققان. ئۇلارغا توقماق ئويازىدىكى هازىرقى پىشپەكنىڭ سۇقۇلۇق دېگەن يېرىدىن يەر ـ سۇ بېرىلگەن. بۇ كۆچمەن تۇنگانلارنىڭ تولىسى دېگۈدەك كەمبەغەل ۋە كۆپىنچىسى سودا ـ سېتىق، هۇنەر ـ كەسىپ قىلىدىغان، شەھەر تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولغانلىقى هەم يولىنىڭ يىراقلىقى سەۋەبىدىن، كۆچۈپ چىققان 1308 ئۆيلۈك تۇنگاندىن پەقەت 350 تۈتۈنى توقماق ئويازىغا كەلگەن. ئۇلاردىن 200 تۈتۈنى سۇقۇلۇققا ئورۇنلاشقان. قالغان 150 تۈتۈنى پىشپەك شەھىرىدە قېلىپ، شەھەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 115 تۈتۈن ئالمۇتىدا گورودسكايا ئۇپىراۋا (شەھەرلىك هۆكۈمەت)دىن يەر ـ جاي ئېلىپ، ئالمۇتىدا ئورۇنلاشقان. 100 تۈتۈن چېلەك بىلەن تۈرگۈن ئوتتۇرىسىدا تارانچىلار بىلەن بىللە ئورۇنلىشىپ قالغان. شۇ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە 600 تۈتۈن ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىلىقىدا ئورۇنلاشقان. 1884 ـ يىلى كۈز مەھەللىدە پۈتۈن سۇقۇلۇققا 318 تۈتۈن، 1565 جان كۆچۈپ كەلگەن. بۇلارغا بۇرۇنقى سۈيدۈڭدە بولۇس بولغان مادىرئاخۇن دېگەن كىشى بولۇس بولۇپ، 1883 ـ يىلى تۇنگانلار نامىدىن ۋەكىل بولۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «خارۇنجا» دېگەن ئۇنۋانىنى ئالغانىكەن. پىشپەككە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جەمئىيسى 208 تۈتۈن، 644 جان، ئالمۇتا شەھىرىگە كەلگەنلەر 146 تۈتۈن،

694 جان، ياركەنت شەھىرىگە كەلگەنلەر 333 تۈتۈن، 1347 جان بولغان. پىشپەك، ئالمۇتا شەھىرىدە تۇرغانلار كۆكتاتچىلىق، سودا ـ تىجارەت، ھارۋىكەشلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ياركەنتكە كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇلاردىن باشقا، ئالمۇتا ئۇيازىدىكى تارانچىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 146 تۈتۈن، 694 جان بولۇپ، پەقەت دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇلاردىن قورام بولۇسىدا بولغانلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم قىزىلجىگدە قىشلىقىدا ياشاپ كەلمەكتە. لېكىن قاراسۇ بولۇسىدا ئولتۇرغانلار (پالتىبايدا 85 تۈتۈن، يېڭى شەھەردە 90 تۈتۈن) ھەممىسى دېگۈدەك باشقا جايلارغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئومۇمەن غۇلجىدىن كۆچۈپ چىققان تۇنگانلارنىڭ سانى 1884 ـ يىلدا 1147 تۈتۈن، 4682 جانغا يەتكەن. بۇ ھېسابقا قەشقەر تۇنگانلىرى كىرمەيدۇ.

بېرىلگەن ياردەمنىڭ ھېسابى: توقماق ئۇيازىدىكىلەرگە 8241 سوم 78 تىيىن، ئالمۇتا ئۇيازىدىكىلەرگە 668 سوم 10 تىيىن، ياركەنت ئۇيازىدىكىلەرگە 500 سوم، ئۈچ ئۇيازدىكىلەر ئۈچۈن جەمئىي 9409 سوم 88 تىيىن بېرىلگەن.

**تارانچىلارنىڭ كۆچۈپ چىقىشى**

1882 ـ يىلى 10 ـ مارتتا رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى رەسمىي يوسۇندا مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئىككى خىيالدا قالغان خەلققە بۇ ۋەقە چوڭ تەسىر قىلغان. خۇسۇسەن مانجۇ ئەسكەرلىرى غۇلجىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن «مانجۇ ھۆكۈمىتى ئەمدى كەلمەيدۇ» دېيىشكە ئورۇن قالمىغانلىقىدىن ئەل ـ يۇرت قايتىدىنلا كۆچۈشكە ھازىرلىق قىلىشقا باشلىغان. ئاخىرىدا، ھۆكۈمەت كۆچۈپ چىققۇچىلارغا ئۇياقتا ئاشلىق يوقلۇقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، 1882 ـ يىلى كۈزگىچە غۇلجىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلدۇرۇشنى ئويلاپ، ھەربىر قىشلاقتىن بىرقانچە ئۆيلۈك ئادەم قالدۇرماقچى بولغانىكەن.

لېكىن قاتتىق غەم ـ ئەندىشە، ساراسىمىگە چۈشكەن خەلق بۇ مەسلىھەتكە كۆنمىگەن. ئاقىۋەت ھەريۇرت بولۇسلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئاشلىق يىغىلىپ بولغۇچە تۇتۇپ تۇرۇلغان، شۇنداق قىلىپ، خەلقنى ئاشلىق يىغىلىپ بولغۇچە ئاران تۇتۇپ تۇرالىغان. بىراق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە قالغانلىقتىن، كۆچۈپ چىققانلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئىناۋەت ـ ئابرۇيى تۆۋەن بولغاچقا، يۇرت بولارنىڭ سۆزىگە ئېتائەت قىلماي خېلى ئاۋارىچىلىقلار بولغان.

بىرىنچى مەرتىۋە چېگراغا يېقىن خونخاي بولۇسىدا شۇ يىلى مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆچۈش باشلىنىپ، تەيىنلەنگەن يېڭى ئورۇنغا (يەنى چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ ۋە بايانقازاق يەرلىرىگە) 26 ـ مارتقىچە يېتىپ بېرىپ، يەر ھەيدەپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تۈزەشكە كىرىشكەن. ئۆزلىرىنىڭ كونا يۇرتى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى 70 ـ 80 چاقىرىم كېلىدىغان يەر بولغاچقا، شۇ يىلى قىشتا ئۆز يۇرتىدا قالغان ئاشلىقلىرىنى چانا بىلەن ئېلىپ كېلىۋالغاچقا، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلمىغان. غۇلجىدىكى خونخاي بولۇسى 839 تۈتۈن ئىدى، بۇنىڭدىن 675 تۈتۈن كۆچۈپ چىققان. بۇلارنىڭ ئۈستىگە، ئىلى، خونخاي مازار بولۇسلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە تۈتۈن قوشۇلۇپ، جەمئىي 1234 تۈتۈن، 5933 جان ئادەم بولغان. شۇ چاغدا بۇ ئۈچ ئۆستەڭنىڭ سۈيى (ئىككى ئاقسۇ سۈيى ۋە بايانقازاق سۈيى) بىلەن مۇنچە كۆپ يۇرتنى تەمىنلەپ كېتىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ھۆكۈمەت 40 مىڭ دېسەتىنا يەرگە سۇ يەتكۈزمەكچى بولۇپ، 1885 ـ يىلى ئەتىيازدا سارتوقاينىڭ ئۇدۇلىدىن بۇرۇنقى ئەسكىقالماق ئېرىقى ئىزى بىلەن ئۆستەڭ چېپىپ، 12 چاقىرىم يەرگە يەتكۈزگەن ۋە 11 مىڭ دېسەتىنا يەرنى كۆكلىتىشكە سۇ بېرەلەيدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭنى رېمونت قىلغان. مانجۇلار قولىدا ئالۋان ـ ياساق ۋە ھاشارغا ئىشلەپ قىرچىلىپ كەتكەن خەلق بۇ زەيكەش ـ شورتاڭلىق يەردە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلەشكە كۆنمىگەن، شۇنىڭدەك

بۇ يەرلەرگە تېرىلغان ئاشلىق ئوبدان بولۇپ قالسا، ئالۋان ـ سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەرمىكىن، دېگەن خىيال بىلەن شۇ يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭى ئۆستەڭ ئېلىپ كەلگەن يەر ـ لەرگە پەقەت 26 دېسەتىنا ئاشلىق تەرگەن. تېرىيدىغان ئۇرۇق ـ نى قوماچ قىلىپ چاچقاچقا ئۇنىمىگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھۆكۈمەتمۇ تاشلاپ قويغان.

**تارانچى، تۇنگانلارنىڭ ئۆسەك، قورغاسقا كۆچۈشى**

ئاقسۇ، چارىنلارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق تاراڭ ـ چىلار ئۆسەك بىلەن قورغاسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تارانچىلار بى ـ لەن مانجۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەرگە پەقەت قازاقئورۇسلارنىلا كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئويلىغان. بىراق 1881 ـ يىلى «ئىلى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغۇدەك» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان تارانچىلاردىن خېلى نۇرغۇن كىشى چىقىپ، ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىلىقىدىكى بوش ياتقان يەر بىلەن قورغاس ئارىلىقىدىكى بوش ياتقان يەرگە دېھقانچىلىق قىلغان ۋە بىر مۇنچىسى كۆچۈپ چىقىپ ئورۇنلىشىپ قالغان، قايتىپ (غۇلجىغا) كېتىشنى خالىمىغانلىقتىن، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان. غۇلجىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇراجىئىتى بويىچە گېنېرال ـ گۇبېرناتور 1882 ـ يىلى 12 ـ يانۋاردا چۈشۈرگەن ئەمرىگە بىنائەن، بۇ ئورۇنغا 1500 ئۆيلۈك تارانچى، 500 ئۆيلۈك تۇنگاننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت بې ـ رىلگەن. شۇنىڭدەك ئۆسەكنىڭ يېنىدىكى بۇرۇنقى سولانلار شە ـ ھىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى ياركەنت شەھىرى سېلىنىپ، ئۇ ـ نىڭغا تارانچى، تۇنگانلار ۋە رۇسىيە پۇقراسى بولغان سودىگەر ـ لەر كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

بۇلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشتىن مەقسەت: بىرىنچىدىن، يار ـ كەنت چېگراغا يېقىن، ھەر ۋاقىت ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىغان ئو ـ رۇن. بۇ ئەسكەرلەرنى تەمىنلەشكە ئاسان بولۇش كۆزدە تۇتۇل ـ غان. ئىككىنچىدىن، ياركەنت شەھىرىنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇ ـ رىسىدا سودا ـ سېتىق قىلىشقا ئەھمىيەتلىك بىر شەھەر قىل ـ

ماقچى بولغان. بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققانلاردىن باشقا، ئۆزلىرى باشقا جايغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، كەمبەغەللىكى ۋە يول يىراقلىقى سەۋەبىدىن بارار جايىغا يېتەلمەي قالغان باشقا يۇرتلۇق تارانچى، تۇنگانلارمۇ قوشۇلغان. 1882 ـ يىلى ئىيۇندا گېنېرال ـ گۇبېرناتور ئۆزى كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، نەچچەن يىللار ئاق ياتقان ئايدالانى كۆچمەنلەر ئىشلەپ ئاۋات قىلىۋەتكىنىنى كۆرۈپ، چېگراغا يېقىن قورغاس بويىدىن 500 ئۆيلۈك قازاقئورۇسقا چۆپلۈكى بىلەن 30 مىڭ دېسەتىنا يەر قالدۇرۇپ، قالغان يەرلەرنى تارانچى، تۇنگانلارغا بېرىشكە ۋە بۇرۇن تەيىنلەنگەن 12 مىڭ ئۆيلۈك ئۇستىگە يەنە 1500 ئۆيلۈك ئادەم قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

شەرتنامە بويىچە غۇلجىنى 1883 ـ يىلى 10 ـ مارتتىن قالدۇرماي رۇسلار بوشىتىپ بەرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ماذجۇلار بىلەن ئوتتۇرىدا يەنە چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ (بۇ چاغدا كۆچمەنلەر ئارىسىدىن بۇلاڭچىلار پەيدا بولۇپ، مانجۇلارغا نۇرغۇن زەرەر يەتكۈزگەن) غۇلجىنى 5 ـ مارتقىچە بوشىتىپ بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈمەت بۇيرۇق قىلغان. فېۋرال ئېيىدا 500 ئۆيلۈك كۆچۈپ چىققان.

1883 ـ يىلىغىچە ياركەنت ئۇيازىغا چىققان كۆچمەنلەرنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

ئۆسەك، قورغاس ئوتتۇرىسىدا تارانچىلار 2479 تۈتۈن، 9489 جان، تۇنگانلار 333 تۈتۈن، 1347 جان. ئاقسۇ ـ چارىن بولۇسىدا 1107 تۈتۈن، 5346 جان، پۈتۈن ياركەنت ئۇيازىدىكى تارانچىلار 4346 تۈتۈن، 18 مىڭ 616 جان بولغان.

**تارانچىلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى**

غۇلجا كۆچمەنلىرىنىڭ تولىسى ئالمۇتا ئۇ يېزىغا، خۇسۇسەن چېلەك دەرياسى ياقىسىغا (ھازىرقى قورام، چېلەك، مالىباي بولۇسلىرى) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چېلەك دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىغا (ھازىرقى مالىباي بولۇسى) تۆت بولۇستىن يىغىپ 1086 تۈتۈن جايلاشتۇرۇلغان. ھازىرقى قورام بولۇسىغا يۇقىـ

ـرىدا ئىپتىلغان ئۈچ بولۇستىكى يۇرتلاردىن چىققان كىشىلەر-دىن باشقا، يەنە باشقا بولۇسلاردىن بىر مۇنچە تۇتۇنلەر قوشۇ-لۇپ، 2288 تۇتۇن ئولتۇرغۇزۇلغان. مالىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇل-غانلار يەرلەرنىڭ سۇيى مول بولغاچقا، ھۆكۈمەتكە ھېچبىر قىـ-يىنچىلىق كەلتۈرمىگەن. قورام بولۇسىدا كۆپرەك ئىش قىـ-لىشقا توغرا كەلگەن. چۈنكى بۇ بولۇسقا چۈشكەنلەرگە بېرىلـ-گەن يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن، ئەسلىدە پايدىلىنىپ كەلگەن ئاقسۇ، قاراتورۇق، ئويىنكە، كېيىكباي ئوخشاش تاغ سۇلىرى بولسىمۇ، بۇ سۇلار دېھقانلار ئېھتىياجىنى تەمىنلەشكە يەتمىـ-گەنلىكتىن، چېلەك كرېستىيانلىرى (دېھقانلىرى) ۋە قازاقلار سۇ ئىچىۋاتقان تالئېرىق دېگەن ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ قارا تو-رۇققا قاراپ چېپىشقا توغرا كېلەتتى. كۆچمەنلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت چېلەكتىن ئاتامقۇلغىچە سۇ يەتكۈزۈش ئۈ-چۈن تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بىر تېخنىك تەيىنلەپ، 26 مىڭ دېسەتىنا يەرنى كۆكلەتكىدەك سۇ چىقىرىش ئۈچۈن 300 مىڭ سوم راسخوت كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىكەن. ھۆكۈمەت مۇنچىلىك چىقىمنى ئېغىر كۆرۈپ، بۇ ئىشنى شۇ پېتىچە تاشلاپ قويغان. كۆچمەنلەر كېلىپ سۇغا يېڭى ئېھتىياج پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە، بىرمۇنچە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ مەس-لىھەتى بىلەن كۆچمەنلەرگە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆستەڭ چاپ-تۇرۇپ سۇ چىقارماقچى بولغان. بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا تاراند-چىلار ئىچىدە ئىلىدا ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ خېلى شۆھ-رەت قازانغان ئىلىدىكى تاشئۆستەڭ بولۇسى ئابابەكرى بولۇس-نى تەيىنلىگەن. بۇ كىشى سۇ قۇرۇلۇشىدا كۆپ تەجرىبىلىك بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا بىر رۇسنى ياردەمچى قىلىپ تە-يىنلىگەن. ھېچقانداق چىقىم قىلماي، بۇرۇنقى تەكشۈرگەن تېخنىك كۆرسەتكىنىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق سۇ چىقىدىغان ۋە يىلىغا 40 مىڭ دېسەتىنادىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىدىغان ھازىرقى قورام بولۇسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆستەڭنى چاپتۇرۇپ ئاتامقۇلنىڭ يېنىغا يەتكۈزگەن.

## قاراسۇ بولۇسىغا كۆچۈش

1881 ـ يىلى ئىيۇندا يەر كۆرگىلى چىققان ۋەكىللەر ئىلى ـ چىلىكى توققۇزتارا بولۇسى بىلەن شەھەر ئاستى بولۇسىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ ئىككى بولۇس ئۇچۇن ھازىرقى تۇرگۇن سۇيىنى ياقىلاپ ئورۇن تۇتقانىكەن. بۇ ئىككى بولۇستىن بىر مۇنچە كىشىلەر (شەھەرلىكلەر) ئۆز ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىق تۇپەيلى ـ دىن ياركەنتتە قېلىپ، قالغانلىرى كۆچۈپ بارغان. بىراق بۇلار ئۇچۇن تەيىنلەنگەن يەرگە ھازىرقى تۇرگۇن سۇيىدىن پايدىلى ـ نىشقا توغرا كەلگەن. ھالبۇكى، تۇرگۇن سۇيى بىلەن رۇسلار ـ نىڭ ھويلا، ئاراملىرى ۋە ئاتامقۇل ئارىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ يەرلىرىمۇ سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، ناۋادا تارانچىلارنىمۇ بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشتۇرسا، بۇ سۇ زادىلا يەتمەيتتىكەن. مۇشۇ ئەھۋالنى ئېتىبارغا ئېلىپ، بۇلارنى ئاتامقۇل بىلەن قاراتورۇق ئارىلىقىدىكى بوش يەرگە ئولتۇرغۇزماقچى بولغان. شۇنىڭدەك ئابابەكرى بولۇس چاپتۇرغان ئۆستەڭگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار ئۇياققا بېرىشقا ئۇنىماي، قاراسۇ بولۇسىنىڭ ھا ـ زىرقى ئورنىنى سورىغان. بۇ جاينىڭ يەر ـ سۈيى يېتىشمەيدى ـ غانلىقى سەۋەبلىك ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. بۇ كىشىلەر غۇلجىدىكى ۋاقتىدا كۆپرەكى سودا ـ سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك ـ كە ئوخشاش شەھەر تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر بولۇپ، يەر ـ سۇنى ئازراق لازىم قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ، ئاخىرى ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى ئورۇنلىشىپ، توقماقتىكىلەرنى قارا قوڭغۇز دېگەن يەرگە ئو ـ رۇنلاشتۇرغان. بۇ كۆچمەنلەر (تۇنگانلار) بەي يەنخۇ باتۇرنىڭ دائىملىق ئەسكەرلىرى بولۇپ، 20 يىل داۋامىدا ئۇرۇش ـ قان تۆكۈش بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگەنلىكتىن، ئەخلاقى ئۆزگەرگەن، ئۆزئارا ئۆلتۇرۇش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن باشقا يەرنىڭ تۇنگانلىرى ئۇلارغا ئارى ـ لىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئارىلاشتۇرۇشنى زادىلا خالىمى ـ غان. بۇ قارا قوڭغۇز تۇنگانلىرى بالىچاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇ ـ

روٗپ قويۇپ، مانجۇلارنى بۆلاپ كىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن مەخسۇس شايكا ئۇيۇشتۇرۇپ غۇلجىغا بارغان. بۇ شايكا كۆچ-مەنلەر ئىچىدىن يارىدەمچىلەرنى تېپىپ سانى كۆپەيگەنلىكتىن، غۇلجا ئەتراپىدىكى مانجۇ، سولان، شىبە، خىتايلارغا كۆپ زەرەر يەتكۈزگەن. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئىككى دۆلەت ئوت-تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر كەلتۈرۈپ قويۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، رۇسىيە ھۆ-كۈمىتى بۇ شايكىنى يوقىتىپ چارە كۆرۈشكە باشلىغان. نەتى-جىدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كۆرۈلگەن چارە ـ تەدبىرلەر ئارقى-لىق 1883 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شايكىلار ئاران يوقى-تىلغان.

شۇ چاغدا يۈرگۈزۈلگەن سايلامدا ئېلىنغان مەلۇماتقا قارى-غاندا، قاراقوڭغۇز تۇنگانلىرى 674 تۈتۈن، 3003 جان ئىكەن. قاراقول ئۇيازىدىكىلەرنىڭ سانى 205 تۈتۈن، 1130 جان ئىدى.

**تارانچى، تۇنگانلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى**

مانجۇلارنىڭ قولىدىكى ۋاقتىدا خەلقنى ئىدارە قىلىشتا يۈزلەرگە بۆلگەن، ھەربىر يۈزگە ۋە بىرنەچچە يۈزنىڭ ئۈستىگە يۈز بېگى، مىڭ بېگى، مىڭ بېگىلىرى ئۈستىگە ھاكىمبەگ تە-يىنلەپ ئىدارە قىلاتتى. غۇلجىدا بىر چوڭ ئۆستەڭدىن بىرقانچە يېزا ـ قىشلاقلار سۇ ئىچەتتى. شۇ يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ سانىغا قاراپ ئۆز ئالدىغا بىر بەگلىك تەشكىل قىلغان. مان-جۇلار بۆلارنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشمى-غان. تارانچىلار سۇلتانلىقى يوقىلىپ، رۇسلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، 1871 ـ يىلدىن 1881 ـ يىلغىچە رۇسىيىنىڭ سىستېمىسى بويىچە بەگلىك ئورنىغا بولۇس سايلانغان. شۇ تەرتىپ بويىچە ئىلى تارانچىلىرى 14 بولۇسقا بۆلۈنگەن. يەت-تىسۇ ۋىلايىتىگە چىققاندا بۇرۇنقىدەك يول بىلەن باشقۇرۇشقا توغرا كەلمىگەنلىكتىن، 1200 تۈتۈندىن 2500 تۈتۈنگىچە ئا-ھالە بىر بولۇس قىلىپ تەشكىللەنگەن، بۇرۇنقى 14 بولۇس قىسقارتىلىپ ئالتە بولۇس تەشكىل قىلىنغان.

قورام، مالىباي، قاراسۇ، ياركەنت، ئاقكەنت (كېيىن ئايـ ـرىلغان بولۇس)، ئاقسۇ ـ چارىن، كەتمەن، غالجات بولۇسى بۇ ـ رۇنقى پېتىچە ئۆز ئالدىغا قالدۇرۇلغان. دېمەك، جەمئىي يەتتە بولۇس بولغان. بۇندىن باشقا، يۇزلىگەن ئائىلىلەر مەرۋى تەـ رەپتىكى بەيرەمئەلىگە يېقىن ئاقتام كەنتلىرىگە ئولتۇراقلاشـ قان. چوڭ ئاقسۇ سۇيىگە (يېرىگە) ھەربىرى 300 تۈتۈندىن ئىككى سىلىنا، كىچىك ئاقسۇغا 2500 تۈتۈن، بايانقازاققا 315 تۈتۈن ئورۇنلاشقان. 1882 ـ يىلى ئىيۇندا بۇ يەردىن 100 تۈـ تۈن ھازىرقى چارىنغا كۆچۈرۈلگەن.

1882 ـ يىلى يازدا مالىباي بولۇسى تۆۋەندىكىچە ئۈچ سىـ لىناغا بۆلۈنگەن: مالىباي 304 تۈتۈن، بايسېيىت 320 تۈتۈن، ماساقباي 304 تۈتۈن بولغان. 1883 ـ يىلى بۆلارىنىڭ ئۇستىـ ـگە قاينۇقتىن 184 تۈتۈن، ساربۇلاقتىن 232 تۈتۈن قوشۇلـ ـغان. 1882 ـ يىل مايدا قورام بولۇسى تۆۋەندىكىچە سىلىنالارـ ـغا بۆلۈنگەن: قورام 300 تۈتۈن، لابار 328 تۈتۈن بولغان. 1883 ـ يىلى ئاۋغۇستتا تىرەنقارا 320 تۈتۈن، قارا تورۇق 304 تۈتۈن، ئاسۇ 200 تۈتۈن بولغان، كېيىنرەك كېيىكباي تۈزۈلگەن بولسا كېرەك. ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىدىمۇ تاراـ چىلاردىن بولۇشى ئېھتىمال. ھەربىر سىلىنا ئۈچۈن يەر ئۆلچەپ بەرگەندە، تەن سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، شەھەردىكى ۋە سەھرادىكىلەرگە باغلىق يەرمۇ بەرگەن.

قاراسۇ بولۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار:

1882 ـ يىل سىنتەبىردە كىچىك تالغىر سۇيى بويىغا 300 تۈتۈن، شۇ يىلى ئىيۇندا تاشكەنبايسازغا 242 تۈتۈن، ناۋېككە 100 تۈتۈن، جارىلقاپقا 100 تۈتۈن، ماناپبۇلاققا 200 تۈتۈن، پالتىبايغا 101 تۈتۈن، ئىككى بۇلاقتوقايغا 300 تۈتۈن، سادىرـ ـغا 50 تۈتۈن، جەمئىي 1500 تۈتۈن ئورۇنلاشقان.

1884 ـ يىلى بۆلارىنىڭ ئۇستىگە يەنە 1495 تۈتۈن قوـ شۇلغان. ئالمۇتىدىكى تارانچىلار 130 تۈتۈن، ئىلى كۆۋرۈكىگە 43 تۈتۈن، جەمئىي 3158 تۈتۈن بولغان. لېكىن قاراسۇ بولۇـ

سىنىڭ جان بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر مىقدارى بەك ئاز بولغانلىقتىن، بۇلار كۆپىنچە قوشنا قازاقئورۇسلارنىڭ ۋە قازاقلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ تۇرغان.

كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاساسلىقى، ئېرىق — ئۆستەڭنى ئاساس قىلىپ، 200 ئۆيلۈكتىن كەم بولماسلىق ۋە دېھقانچىلىق، تېرىكچىلىككە قولايلىق بولۇش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تارانچى، تۇنگانلارغا سېلىنغان سېلىق ھەممە يەردە ئوخشاش بولغان. 1886 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇتۇن بېشىغا سەككىز سومدىن سېلىق سېلىنىپ، ئون يىل داۋاملاشقان. مۇشۇ تەرتىپتە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ئاندىن يىلدىن يىلغا كۆپەيتىلگەن. يەتتەسۇغا كىرىستىيانلار كۆپ كېلىپ، دېھقانچىلىق كېڭەيگەنلىكتىن، مەھسۇلات باھاسى ئەرزانلاپ، كەمبەغەل ۋە ئوقەتسىز دېھقانلار ئۈچۈن سېلىق ئېغىر كېلىپ، يەر ـ سۈيىدىن ئايرىلغان نامراتلار سېپى كۈنسايىن كۆپەيگەن. چوڭ كىرىستىيانلار ئۈچۈن ئەرزان ئىشلەمچى ـ مەدىكارلار كۆپىيىشكە باشلىغان.

تارانچىلار مانجۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن (ئىلىدىكى) بۇرۇنقى قاتتىق ئالۋان ـ سېلىقلاردىن قۇتۇلغان. ئەمما كونا قائىدە بويىچە ھوسۇل ـ دەن تۆلەيدىغان بولغان. سانى ئاز قالغان خەلققە بۇرۇنقىدەك دەن تۆلىمەك ئېغىر ئىدى. پۈتۈن ئىلى بويىچە كۆچمەي قالغان تارانچىلار 1700 تۈتۈن ھېسابىدا ئىدى. يەتتەسۇغا كۆچۈپ كەتكەن تارانچىلاردىن بەزىلىرى كونا يۇرتلىرىنى سېغىنىپ (ئۇ يەردە ئوقەت قىلالماي)، بەش — ئون يىل ئىچىدە 4000 تۈتۈن كىشى ئىلىغا قايتىپ كەلگەن. بۇلار بۇرۇنقى ئۆز جايلىرىغا ئىگە بولغان.

# ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى

## چوقان ۋەلىخانوف (رۇسىيە)

### ئالتەشەھەر (قەشقەرىيە)نىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئالتە شەھەر — ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ ـ داۋانلار بىلەن ئورالغان، بىر تەرىپى يەنى كۈنچىقىش تەرىپى چوڭ چۆللۈككە تۇتىشىدىغان بىر قۇملۇق زېمىن. چېگراداش تاغلار ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ قاتنىشى نىسبەتەن قولايلىق بولۇپ، بۇ تاغ ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە ئۆتكىلى بولىدىغان ئۈچ يول بار. تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان نۇرغۇن ئېقىنلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى چۆللەرگە سىڭىپ كەتسە، يەنە بىرمۇنچىسى تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرى لوپنور كۆلى (يۇلتۇزلۇق دېڭىز)گە بېرىپ قۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ دەريالار بولمىغان بولسا، بۇ چۆللۈكتە ئادەم ياشىمىغان بولاتتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى مۇشۇ دەريالارنىڭ سۈيىدە تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن.

بۇ دەريالار ئىچىدە پەقەت تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىلا كېمە قاتنىيالايدۇ. ئىچكى جۇڭگودىن ئالتەشەھەرگە تۇتاشقان بىرلا يول بولۇپ، بۇ يول تۈزلەڭلىكتىن ئۆتىدۇ، يولدا تاغ ـ داۋانلار يوق، يول بويىدا ئاھالىلەرمۇ بار.

ئالتە شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق بولۇپ، سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ پايدا قىلىپ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۈزۈك قار ياغمايدۇ. بۇ يۇرتلارنىڭ كان بايلىقلىرى تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئالتۇن، مىس كانلىرى ئېچىلدى. گۈڭگۈرت، نۈشۈدۈر، سېلىترالارنىڭ زاپىسى كۆپ، يەنە باشقا يۇرتلاردىن تاپقىلى بولمايدىغان شەرق يەشمىسىمۇ (كۋارتسنىڭ

بىر خىلى) چىقىدۇ.

ئالتە شەھەردە ئۈزۈم، پاختا، ئاشلىق قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپ تېرىلىدۇ. دەريا بويلىرىدا كەڭ يويۇرماقلىق دەرەخلەر، تاغلىرىدا يىڭنە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ نوپۇسى 580 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. شەھەرلەرنى ئېگىز سېپىللار ۋە سېپىل سىرتىدىكى چوڭقۇر خەندەكلەر قورشاپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىمۇ توپا تام قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنىدۇ. شەھەرلەر ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىدىغان بولغاچقا، كىشىنى جەلپ قىلالمايدۇ.

ئالتە شەھەرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئەڭ دەسلەپتە مەجۇسي ئىدى، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، 14 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۆزىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدىغان خوجىلار كېلىپ بۇ يۇرتنى ئىسلامغا كىرگۈزگەن. ئەمما ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. مەسىلەن، قەشقەرىيەدە ئاياللارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن. خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرى ھازىرمۇ كۈچلۈك. خوجىلار ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق دەپ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، پۇرسەتتىن پايدىلانغان جۇڭغارلار 1750 ـ يىلى قەشقەرنى ئىستېلا قىلغانىدى. ئەمما جۇڭغارلارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي (1758 ـ يىلى) خوجىلارغا ئوخشاش يېڭىدىن بېسىۋالغان زېمىنلىرى بىلەن بىللە چىڭ ئىمپېرىيىسىگە بېقىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئالتە شەھەرلىكلەر چىڭ ئىمپېرىيىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، خوجىلار قوقانغا قېچىپ كەتتى. ئالتە شەھەردە بايلاقلارنىڭ بولمىغانلىقى ۋە چارۋا مالنىڭ قىسلىقى مانجۇ ھۆكۈمىتىنى قوقانلىقلارنىڭ بۇ يۇرتلارغا چارۋا مال ئەكېلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى مانجۇ ھۆ-

كومرانلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان يەرلىك خەلقنى قو-
قانلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردە ئوز-
لۇكسىز ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان خو-
جىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.
1826- يىلى قەشقەردە ئىسيان پارتلىدى. مانجۇلار مالىمانچىد-
لىقنى ناھايىتى تەسلىكتە تىنجىتقاندىن كېيىن، قوقانلىقلار-
نىڭ قەشقەرگە كېلىشى چەكلەندى. ئەمما قوقانلىقلار قوللىرىغا
قورال ئېلىپ، تىغمۇتىغ ئېلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ سودا مەنپەئە-
تىنى قوغدىدى. نەتىجىدە قوقانلىقلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ،
1830 - يىلى مانجۇ ھۆكۈمىتىنى قوقان بىلەن شەرتنامە تۈ-
زۈشكە مەجبۇر قىلدى. شەرتنامە بويىچە قوقانلىقلار ئالتە شە-
ھەردە ئەركىن سودا قىلىش ھەتتا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. مۇشۇنداق ئىم-
تىيازغا ئېرىشكەن قوقانلىقلار خوجىلار 1847 - يىلى ۋە
1857 - يىلى قوزغىغان يېغىلىقلارغا ئارقا تېرەك بولدى.
1857 - يىلدىكىسى ۋەلىخان تۆرە ۋەقەسى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە
غەلىبە قىلغانىدى. ئەمما ۋەلىخان تۆرە قانخور، رەھىمسىز كى-
شى بولغاچقا، ئۆز ھىمايىچىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مەغلۇپ
بولۇپ قېچىپ كەتتى.

بۇ ئىسيانغا قوقانلىقلار بىۋاسىتە قاتناشقان بولسىمۇ،
مانجۇلار ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنى توسۇيالمىدى. شۇنىڭ
بىلەن قوقانلىقلار ھازىرغىچە ئالتە شەھەردە كاتتا ئىمتىيازلار-
غا ئىگە بولۇپ يۈرۈۋەردى.

## ئالتە شەھەر ئاھالىلىرى

پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە «قۇرئان» ئىجتىمائىي ئەخلاق
مىزانلىرىنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدۇ. قانۇن - پەرمانلار، ئىج-
تىمائىي ئالاقە ۋە تاشقى ئالاقىلەردە قۇرئان ھۆكمى بويىچە ئىش
قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار-

نىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئالتە شەھەر ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر دۇنيا. بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە - يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئازادلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ئالتە شەھەردە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈك بولالماسلىقىنى بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئالتەشەھەر دىنىي ئەقىدىلەر كۈچلۈك بولغان قوشنىلىرى بىلەن ئېگىز - تاغ - داۋانلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ئوچۇق ھالەتتە بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى خەنزۇلار بىلەن ئەركىن باردى - كەلدى قىلىشىپ، ئۇلاردىن دىنىي جەھەتتىكى ئېغىر - بېسىقلىقنى ئۆگەنگەن.

بۇ ماقالىدە بىز كىچىك بۇخارا(قەشقەر)لىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ھەمدە ئومۇمىي مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى قوقان بىلەن بۇخاراغا سېلىشتۇرغان ئاساستا كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

كىچىك بۇخارانىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ. مانجۇلار (ياكى خەنزۇلار) ئۇلارنى چەنتۇ دەپ ئاتىسا، قالماقلار خوتۇن دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا قويۇق قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدە بىر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. تىلشۇناسلار بۇ تىلنى ئۇيغۇرتىلى دەپ ئاتىشىدۇ. خاراكتېرى ۋە رەڭگىرويىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ

ھەممىسى ئەسلىدە بىر مىللەت. بۇ خەلقنى ياشىغان ئورنى ئاز-چە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) قومۇل ۋە تۇرپان ۋاھالىقلىرىدىكى ھەمدە لوپنور كۆلى ئەتراپىدىكى ۋە شۇ كۆل نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يېزىدىكى قە-دىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى. تاغنىڭ شىمالىدىكى غۇلجىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ مۇشۇ ئەۋلادلارغا قوشۇۋەتسەك بو-لىدۇ.

2) دولانلار

دولانلار - ئاقسۇ، يەكەن، قارا شەھەر رايونلىرىدىكى ئاھا-لىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاقسۇ دولانلىرى بىلەن يەكەن دولانلىرى قەشقەر دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى يۇرتلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. دولانلارنىڭ بۇ يەردە بىرنەچچە چوڭ يېزىلىرى بولۇپ، مانجۇ چېرىكلىرى ساقلاۋاتقان بارچۇق بىلەن مارالبېشى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يېزىلار ھېسابلىن-نىدۇ. قارا شەھەر دولانلىرى كورلا بىلەن بۇگۇرگە تارقالغان. دولانلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا - ئىشانلارنىڭ يانچىلىرى ھې-سابلىنىدۇ. دولانلار ئۆز شېۋىسى ۋە ئاياللىرىنىڭ قازاق ۋە قىرغىز ئاياللىرىغا ئوخشاش باشلىرىغا رومال سېلىپ يۈرىدىغان ئەنئەنىسى بىلەن باشقا تۈركىستانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3) نۇگېيتلار

نۇگېيتلار — ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بۇيرۇتلاردىن (قىرغىزلار)دىن ئايرىلىپ چىققان يېرىم كۆچمەن بىر قەبىلە، بۇلار مۇزئارت تېغى ئېتىكىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۈچتۇرپان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. نۇگېيتلار مۇزئارت داۋىنىدا مۇز چوقۇپ كارۋان يولىنى ئوڭشاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرمۇنچە خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش تەس. بۇنداق ئەھۋال شەرقتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

كىچىك بۇخارالىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ھەنە-فىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇ-گېيتتىن باشقا خەلقنىڭ ھەممىسى ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى خەلقتۇر. ئەمما لوپنورلۇقلارنىڭ قايسى دىنغا ئىشىنىدىغانلىقى نامەلۇم.

ئالتە شەھەر تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن يات مىللەتلەر مۇ-نۇلار:

(1) مانجۇلار، شىبە ـ سولۇنلار، داغۇرلار، خەنزۇلار ۋە تۇڭگانلار.

(2) قىپچاق قان سىستېمىسىغا تەۋە تورايغىر قىرغىزلىرى.

(3) ئاسىيالىق مۇھاجىرلار ۋە شالغۇتلار (چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللار ئارىسىدىن تۇغۇلغانلار).

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مانجۇ، شىبە ـ سۇلۇن، داغۇرلار ۋە خەنزۇ، تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىرقىغا تەۋە مىللەتلەردۇر. مانجۇلارنىڭ ھەممىسى ئام-بال ياكى ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، كىچىك بۇخارانىڭ ھاكىمى-يەت بېشىدا ئولتۇرغان ماندارىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خەقتىن چىقىدۇ. مانجۇ قوشۇنلىرى جۇڭغارىيىنى ئىستېلا قىلغان چاغلاردىلا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇسسۇرى، سۇڭخۇاجياڭ، ئامۇر دەريا بويلىرىدىن بىر قىسىم شىبە، سۇلۇن، داغۇرلارنى چېگرا-نى قوغداش ئۈچۈن ئىلى دەرياسى بويىغا كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى رۇس كازاكلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مانجۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «يېشىل تۇغلۇق قوشۇن»دا ھەر-بىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئاز بىر قىسمى ئەمەلدار، ھۈنەرۋەن ۋە باشقا ئادەتتىكى پۇقرالار ھېسابلىنىدۇ. يەنە نۇرغۇن خەنزۇ پۇقرالىرى بولۇپ، شەھەرلەردە تۇرىدۇ.

تۇڭگانلار جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن ئۆلكىلىرى-دىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە «خۇيخۇي» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇڭگانلار ئالتە شەھەردە ئاشخانا ئا-

چىدۇ ياكى چاي تىجارىتى بىلەن شوغۇللىنىدۇ.

چىڭ ئىمپېرىيىسى كىچىك بۇخارانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ يېنىدا يېڭى شەھەردىن ئىككى چاقىرىمدىن يەتتە چاقىرىمغىچە بولغان يىراقلىقتا باشقىدىن سېپىل سوقتۇرۇپ يېڭى قەلئەلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇ شەھەرلەرنى مەنچىڭ (مانجۇلار شەھىرى) دەپ ئاتىدى، ئالتە شەھەرلىكلەر بولسا بۇ سۆزلەرنى يېڭى شەھەر ياكى گۇلباغ دەپ ئاتىشىدۇ. ئىچكىرىدىن يۆتكەپ چىقىقان ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالار مۇشۇ شەھەرلەردە تۇرىدۇ. مانجۇ، خەنزۇ پۇقرالار ئەسلىدىكى كونا شەھەرلەرگە پەقەت كۈندۈزىلا كىرىپ چىقالايدۇ. خەنزۇ، شىبە ۋە سولۇنلار چېگرالاردا ۋە راباتلاردا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. كونا شەھەرلەردىمۇ خەنزۇ، مانجۇ ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشىدىن باشقا يەنە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىياز بويىچە قاۋاقخانا ئېچىپ پۇل تاپىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ 1758 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسىگە كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئەكىم ئىسىملىك قەبىلە ئاقساقىلىغا تاشمىلىقنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بەرگەن. 1857 ـ يىلىدىكى خوجىلار يېغىلىقىدا ھېلىقى ھاكىمبەگنىڭ سادىق بەگ دېگەن ئەۋلادى يەنە چىڭ ئارمىيىسىگە ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا قىزىل قۇببە مونچاقلىق مەنسەپ قالپىقى تەقدىم قىلدى، شۇڭا قەشقەر ئامبىلى ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. پۈتكۈل قىرغىزلار ئىچىدە مۇشۇ سادىق بەگنىڭ تورايغىر قەبىلىسىلا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە ئەل بولغانىدى.

ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە سودا ـ سېتىقتىكى زور پايدىنى قوغلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەم ئاددىي پۇقرالار ئالتە شەھەرگە يىغىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوقانلىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلاردىن قالسا بۇخارا، بەدەخشان ۋە كەشمىر ئاھالىلىرى بو-

لۈپ، كېيىنكىلىرى ئاساسەن يەكەن، خوتەنلەردە تۇراتتى. ئالتە شەھەردە يەنە ھىندىلار، كابۇللۇق ئافغانلار، بۇخارالىق يەھۇ- دىيلار، پارسلار، تاتارلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بەدەخشانلىقلار بىلەن كەشمىرلىكلەردىن باشقىلىرىنى ئالتەشەھەرلىكلەر «ئەنجاذ- لىقلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقان خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە، قەش- قەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇق ئىمتىيازى بار قوقان ئاقساقىلىغا قارايدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللاردىن تۇغۇلغان شالغۇتلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىمتىياز بويىچە ئوخشاشلا مۇ- ھاجىر ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان مۇھاجىرلارنىڭ قەشقەرلىك ئا- ياللار بىلەن ۋاقىتلىق توي قىلىشىغا يول قويۇلغانلىقتىن، شالغۇتلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن. شالغۇتلار تىلى ۋە تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىچىك بۇخارالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارغىمۇ بېقىنمايدىغان ئالاھىدە بىر تەبىقە ئىدى.

ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ سانىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. يەرلىك ھۆكۈمەت خەلقتىن باج ـ سېلىق ئې- لىشتا يەنىلا بۇ يۇرتلارنىڭ مانجۇ خاندانلىقىغا قوشۇلغان چاغ- دىكى نوپۇسىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ چاغدىكى سان بويىچە بول- غاندا ئالتە شەھەردىكى ئاھالىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

قەشقەردە 16 مىڭ ئائىلە، يېڭىساردا 8000 ئائىلە، يەكەندە 42 مىڭ ئائىلە، خوتەندە 18 مىڭ ئائىلە، ئاقسۇدا 12 مىڭ ئا- ئىلە، تۇرپاندا 6000 ئائىلە بار. بۇ ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكى شەھەرلەردە تۇرىدۇ، يېزا ـ قىشلاقلىرى كۆپ ۋە چوڭ بولسى- مۇ، لېكىن يېزا ئاھالىسى كۆپ ئەمەس. مانجۇلار شەھەر دەپ ئاتايدىغان ئەڭ چوڭ يېزىلارنىڭ ئۆزىدىمۇ ئادەم ناھايىتى ئاز. مەسىلەن: قەشقەرگە قاراشلىق يېزىلاردىن پەيزاۋات بىلەن خاذ- ئېرىقتا 2000 ئائىلە، ئاستىن ئاتۇشتا 1500 ئائىلە، ئۈستۈن ئاتۇشتا 500 ئائىلە بار. يەكەنگە قاراشلىق گۇمىدا 200 ئائى- لە، قاغىلىقتا 350 ئائىلە بار ئىدى. ئاقسۇغا قاراشلىق باي

يېزىسىدا 500 ئائىلە بار ئىدى. ھەربىر ئائىلىدە تەخمىنەن تۆت جان بار دېسەك يېزا ئاھالىسىنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ دەپ ھېسابلاپ ئۇنىڭغا يەنە 27 مىڭ دولاننى (ئاقسۇ، يەكەن دولانلىرىنى) قوشساق ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى 579 مىڭ دەپ چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاشمىلىقتىكى 500 ئائىلىلىك قىرغىزنىڭ ئادەم سانى 2000 كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. ئالتەشەھەرنىڭ شەرقىدىكى يۇرتلاردىن كۆچاردىن باشقىلىرىنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى ئاز. ئالتەشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

قەشقەردە 5550 كىشىلىك، يەكەندە 2200 كىشىلىك، خوتەندە 1400 كىشىلىك، ئاقسۇدا 600 كىشىلىك، تۇرپاندا 800 كىشىلىك قوشۇن تۇرىدۇ. بۇلارغا بارچۇقتىكى 300 كىشىلىك، سايرامدىكى 300 كىشىلىك قوشۇننى ھەم چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى قوشساق جەمئىي 15 مىڭغا يېقىنلىشىدۇ.

چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭمۇ ئېنىق سانىنى ھېسابلاپ چىقىش تەس. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قەشقەردە تۇرىدۇ. قەشقەردىكى ئەنجانلىقلار 6000 كىشىگە يېتىدۇ. قەشقەردىن قالسىلا يەكەن، خوتەنلەردە بىرئاز كۆپرەك. ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاندا يوق دېيەرلىك. ئادەتتە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى يەنى 145 مىڭ كىشى مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ.

ئالتە شەھەرلىكلەرنى ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن ھاكىمبەگلەر (ياكى بەگلەر)، دىنىي مۆتىۋەرلەر (ئاخۇنلار) ۋە ئادىي پۇقرالار (ئالۋانكەشلەر) دەپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىش مۇمكىن. ھوقۇق ئىگىلىگەن بەگلەر بىلەن ئاخۇنلار باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان بولىدۇ. پۇقرالار يەنە شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقانلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەھەرلىكلەر باج ـ سېلىق ئۈچۈن پۇل تۆلەيدۇ. دېھقانلار بولسا ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. بەزى ھاكىمبەگلەر، مەسىلەن، قومۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى مانجۇ خانى بەرگەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئاساسەن ۋاڭلىق ئورنىغا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. يەنە

بىر قىسىم بەگلەرگە خان ئوردىسى ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار مال ـ دۇنياسى، تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ يۈز يىللاردىن بېرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بەگ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

دىنىي مۆتىۋەرلەرگە مەخسۇس دىنىي ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلار، ئاتا مىراس شەيخلەر كىرىدۇ. دىنىي مۆتىۋەرلەر قارىماققا ھاكىمىيەتكە ئارىلاشقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە تەسىرى، ئارتۇقچىلىقى ھەم قەدىر ـ قىممىتىمۇ يوق. ئالتە شەھەردە سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق ۋە ئۆشرە ـ زاكاتلار ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەرگە چىقىپ كېتىدۇ ياكى مال دۇنياسىنى خەقتىن يوشۇرۇپ بىرەر يېڭى ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئالتە شەھەردە تېخى بىر سودىگەرلەر تەبىقىسى شەكىللىنىپ بولالمىغان. بەگلەر بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ، بەگلەر تولىمۇ تەكەببۇر. پۇقرالار بەگلەرنىڭ ئالدىدا پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك قىلىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، يەرلىك چوڭ ـ كىچىك بەگلەر ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مۇھاجىر بەگلەرمۇ يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە خۇشامەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئامبال دارېنلار، چوڭ ـ كىچىك بەگلەر ھەتتا ئەسكەرلەرمۇ ئاھالىلەرنى يانچىلار قاتارىدا بۆلۈشۈۋالغان. شەھەردىكى يانچىلار ئۆز خوجايىنلىرىنى ياغ، گۆش، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلىسە، يېزا دېھقانلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. بىچارە پۇقرالار ئاچ كۆز ئامبال، بەگلەرنى بېقىپ سەمرىتىش بەدىلىگە ئۆلۈپ قالماي كۈن كۆرەلىگىنىگە خۇش بولۇپ، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارى بولماي ھۆكۈمەت بەرگەن مائاش بىلەن خەلقتىن يىغقان

باج ـ سېلىقنىڭ راھەتتىنى كۆرۈپ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرد ـ ىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرقانچە ئون جايدا ئايۋان ساراي (داچا)، باغ ـ باراڭلىرى بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يۇقىرىغا پارا بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئە ـ مەل تۇتقان كۈندىن باشلاپ بىر يىل بولا بولماي ئەمەلگە خەج ـ لىگەن پۇلنى ھەسسىلەپ تېپىۋالىدۇ. ئادەتتە 5 ـ دەرىجىلىك بەگلەر بەگ بولغان ھامان قىلىدىغان ئىشى يەر ئىگىلەپ ئايۋان ساراي سېلىش بولىدۇ. بەگ بالىلىرى ئۆمۈر بويى باياشات، راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدۇ. ئەگەر ئالتە شەھەرلىكلەر ئۆز ئەم ـ گىكىنىڭ مېۋىسىگە ئۆزلىرى ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا ئۇلار شەرقتىكى ئەڭ باي مىللەتكە ئايلانغان بولاتتى. بۇلار ئۆتكەن زامانلاردا ھەقىقەتەن بىر باي مىللەت ئىدى. ھەد ـ دى ھېسابسىز ئېغىر ئالۋان ـ سېلىقلار، مەھكۇم تۇرمۇش، بەگلەرنىڭ زورلۇق ـ زومبولۇقلىرى بۇ بىچارە مىللەتنى نامراتلاشتۇرۇپ سويغان پىيازدەك قىلىۋەتكەن. ئالتە شەھەردە بىراۋنىڭ ئامىتى كېلىپ مال ـ دۇنياسى كۆپەيگەنسېرى ئۇ ـ نىڭغا كېلىدىغان باج ـ سېلىقمۇ تەڭلا كۆپىيىپ تۇرىدۇ، ھۆ ـ كۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن زۇلمىمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. شۇ ـ نىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تاپقان دۇنياسىنىڭ راھەتتىنى كۆرەل ـ مەي يۇرتىنى تاشلاپ، پېشىنى قېقىپ باشقا يۇرتقا كېتىدۇ. قالغانلىرىمۇ بار تەئەللۇقاتىنى تىقىۋېتىپ غورىگۇل قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئالتە شەھەردە بەگلەر ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن سې ـ لىقلارنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ يىغىۋالىدۇ. يەنە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىم يىغىپ يەرلىك ئامبال بېگىملەرگە سوۋ ـ غا سالام تەييارلايدۇ. ئاخۇنلار، مازارغا قارايدىغان شەيخلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بار بولغاچقا، ئۇلارمۇ بايلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئالتە شەھەرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتقان پادىشاھ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاستىن ئاتۇشتىكى مازىرىغا قارايدىغان شەيخ ئا ـ شۇنداق بايلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇنىڭ جاي ـ جايلاردا قورۇ ـ جايلىرى، تېرىلغۇ يەر، باغ ـ ئورتاقلىرى،

زاپاس ئاشلىقلىرى، قولىدا يېرىم مىليونغا يېقىن يامبۇسى بار
ئىكەن. 1857 ـ يىلى ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مال ـ
دۇنيالىرىنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىۋالدى. شۇ ئىشتىن كې-
يىن بىر قىسىم شەيخلەر مال دۇنياسىنى يوشۇرۇپ نامرات قىد-
ياپەتكە كىرىۋېلىشتى.
بۇ يۇرتتىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەت-
كەن. ئاسىيادا دىنىي مائارىپتىن باشقا مائارىپ يوق، مەدرىسە-
لەر ئاممىغا ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، خەلق يەنىلا ساۋاتسىز يا-
شىماقتا. ھەتتا بەگلەرمۇ خەت تونۇمايدۇ. ئالتە شەھەرگە قوشنا
قوقان بىلەن بۇخارالاردا ئۆلىمالار بىلەن سودىگەرلەر ئىلىم
مەرىپەتكە ئىنتىلىدۇ. ئالتە شەھەردە بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى
بىلىملىك كۆرسىتىپ، گەپنى ھەدېسىلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى
جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەرخىل لەتىپە ۋە ئەبۇ
مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ
ھەممىسى مەلۇماتى مول، بىلىملىك ئادەم سانىلىدۇ. مۇنداق
بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى
يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئارىلاپ قۇلاق موللىسى بولسىلا كۇپا-
يە. بىراق، دەرۋىشلەرنىڭ ئۆزىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناخشا ـ
قوشاققا قېتىپ ئېيتىپ يۈرمەكتە. بۇخارا، قوقان خانلىقلىرد-
دىكى ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار بولۇپمۇ ۋەزىرنىڭ قېشىدا
كاتىپنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
كىچىك بۇخارادا بەگزادىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز يۇرتى-
نىڭ تارىخىنى بىلىشى شەرت، ئۇلارغا خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى
بىلىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ مۇرەككەپ تىللارنى ئۆگى-
نىش ئاسان بولمىغاچقا، بەگلەر جان ساقلاشنىڭ كويىدا ئۇلارغا
قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى يو-
شۇرۇش ئۈچۈن ئامبال بېگىملەر ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ، پۇ-
كۈلۈپ تەزىم قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇ بەگلەر كەسپىي
ئەسكەرلىكتىن يېتىشىپ چىققان زالىم، قانخور، بۇزۇق ئامبال ـ
بېگىملەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ. بۇ «مەكتەپ»تىن ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىنى ئادەممۇ، هايۋانمۇ ئەمەس بىر خىل مەخلۇق دەپ قارايدىغان مەنتىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقنىڭ خەت ـ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى قوقان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكىدەك بۇ يەردىمۇ ناهايىتى تۆۋەن دەرىجىدە تۇرماقتا. بىر قىسىم باللار بىلەن قىزلار مەدرىسەگە بارغىنى بىلەن دىنىي قائىدىلەرنى ئوقۇپلا بولدى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بارى ـ يوق دەسمايىسى شۇ بولۇپ قالىدۇ. پەقەت دىنىي ئەمەلگە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىغان باللارلا مەدرىسەلەرگە بېرىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئالتە شەهەرنىڭ ئۆلىمالىرى «قۇرئان» ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە، ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخىغا ناهايىتى پىششىق.

بۇ ئۆلىمالار دۇنيا قاراش جەهەتتە بۇخارا موللىلىرىغا قارىغاندا خېلىلا ئىلغار. دىن ساۋاتى ئالىدىغانلار ئاساسەن شەهەرلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. يېزىلاردا ناگان ـ ناگاندا بىر ئۇچراپ قالمىسا، ئادەتتە دېهقانلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساۋاتسىز قالىدۇ.

ئالتە شەهەردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خېلى مۇكەممەل يازما تەرجىمە ئەدەبىياتى بار. ئاۋام خەلقنىڭ پارس تىلىنى بىلمەسلىكى كىچىك بۇخارالىقلارنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى دىنىي روهتا يېزىلغان ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئالتە شەهەرلىكلەر تەرجىمە ئەدەبىياتىغا باي بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈك مىللىي ئەسەرلىرى يوق. ئۆز مىللىتىدىن چىققان بىرەر شائىر ياكى ئەدىبلىرىمۇ يوق. ئۇلاردا پەقەت بىر قىسىم دىنىي تۈسكە ئىگە ئەسەرلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ تەزكىرىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئالتەشەهەرلىكلەرنىڭ ئۆز شائىرلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ئادەتتە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدۇ. شېئىرىيەت ساهە-

سىدە تۆت مىسرالىق خەلق قوشاقلىرى ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ قوشاقلاردا سىياسىي ۋەقەلەر ۋە ئىشقى مۇھەببەت ئەكس ئەت-تۈرۈلىدۇ. قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن دەرد — ئەلەم، قايغۇ — ھەسرەتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

مۇزىكا ساھەسىدە ئالتە شەھەرلىكلەر پۈتكۈل ئوتتۇرا ئا-سىيالىقلارغا پىر ئۇستاز بولالايدۇ. ئۇلاردا ئىككى تارلىق دۇ-تار، ئون سەككىز سىم تارلىق ساتار، ئىنچىكە تارلىق غىې-جەك، زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان راۋاپ، قالۇن ۋە داپ قاتار-لىق بىر يۈرۈش چالغۇ ئەسۋابلىرى بار. ئالتە شەھەردە يەنە خەنزۇلارنىڭ سۇناي، دۇمباق، چاڭ دېگەندەك چالغۇلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئامباللار چۇشلۇك تاماققا ئولتۇرغاندا سىپىلنىڭ ئېگىز راۋاقلىرىدا دۇمباق، سۇناي ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرى-دۇ. ئالتەشەھەردە نەغمە — ناۋاسىز توي ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ناخشىچى — سازەندىلەر قوللىرىدىكى داپلىرىنى تاراڭلىتىپ، نەۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشتىن باشلىسا، بىردەمدىن كېيىن ئىشقى مۇھەببەت غەزەللىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە — يوسۇنلى-رىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خاندانلىقى-نىڭ ئامبال، بەگلىرى ئۇلارنى گۇمانخور، يالغانچى، ھورۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولسا ئۇلارنى قور-قۇنچاق، دىنى سۇس ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ.

بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس — تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق — زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر — بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچى-لىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سە-ۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتنە باشقا مىللەتلەرگە نې-سىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسى-دى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا

قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئالتە شەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق، ئوچۇق ـ يورۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە- يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە ـ يوسۇننى ھەممىدىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئالتە شەھەر بەگلىرى قائىدە ـ يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ئالتە شەھەردە قاتىللىق قىلىدىغان ئىشلارنى يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئوغرىلارمۇ جىق ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنى ھۇرۇن دېسەك، تېخىمۇ خاتالاشقان بولىمىز. ئۇلارنى قورقۇنچاق دېگەندىن كۆرە كەڭ قورساق دېگىنىمىز تۇزۇك. ئۇلار قوقانلىقلاردەك ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۇچۇن نوچىلىق قىلمايدۇ. كۇچىنى چىقىدىغان يەردە چىقىرىدۇ. ئافغانلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، خوجىلار غەلىيان كۆتۈرگەندە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلار يەنىلا ئالتە شەھەرلىكلەر ئىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئادەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن قۇسۇر تېپىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئالتەشەھەرلىكلەرنى دىنى سۇس، ئاسىي بەندىلەر دەپ كەمسىتىشىدۇ. بورىس ئەپەندى بۇخارادا دىنىي ئەقىدىنىڭ كۇچلۇكلۇكىنى سۆزلەپ كېلىپ، «بۇخارادا دىنىي قائىدىلەر خۇددى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆزى باشقۇرۇۋاتقاندەك بۇرۇنقى پېتى بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. ھازىرمۇ بۇخارادا قەدىمكى رىمدىكىگە ئوخشاش قامچا تۇتقان ساقچىلار كوچىلارنى ئايلىنىپ يۇرىدۇ. ئۇلار يولدىكى خالىغان بىر مۇسۇلماندىن شەرىئەت بىلىملىرىدىن سوئال سورايدۇ. جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنى قاتتىق جازاغا تارتىدۇ. ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ساقچىلار يولدا ئادەم قويماي ھەممىنى مەسچىتلەرگە قوغلايدۇ. ساقچىلار يەنە چارلاش ئېلىپ بېرىپ، مەي ـ شاراب ئىچكەن، نەشە چەككەنلەرنى تۇتۇپ سولايدۇ.

قەشقەردە بولسا كىشىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى مەجبۇرىي ئەمەس، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ. ساقچىلارنىڭ مەي ئىچكەن، نەشە چەككەنلەر بىلەن كارى يوق. ئۇلار پەقەت جەم-

ئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ھاراقكەشلەرنىلا تۇتۇپ سولاپ قويىدۇ.
ئالتە شەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يەكەن ھاكىمبېگى ھادىنىڭ ئايالى رەھىمە 1765 ـ يىلى يەكەندە تۇزۇملەرنى چىگىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغان. قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئايالى سەكمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان. ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئاياللار خالىغان چاغدا ئەرلەرنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئەگەر ئايالى ئاجراشماقچى بولسا، ئۆيدىن بىر نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭالمايدۇ. ئەگەر ئۆزى ئاجراشماقچى بولسا، ئايالىنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن تۆلەم بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالتە شەھەردە مۇسۇلماندارچىلىقتا يات كەلگەن يېيىلغان يەنە بىر ئاجايىپ ئادەت بار، ئۇ بولسىمۇ، باشقا يۇرتتىن كېلىپ توختاپ قالغانلارنى ۋاقىتلىق ئۆيلەپ قويىدىغان ئادەتتۇر. ۋاقىتلىق نىكاھقا قەتئىي يول قويمايدىغان ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ يولىنى تۇتىدىغان سۈننىيلەر تۇرۇقلۇق، قەشقەرلىكلەرنىڭ بۇ خىل ئادەتكە يول قويۇشى بەكمۇ ھەيران قالارلىق ئىش. ئېھتىمال بۇ بۇتپەرەسلىك زامانىدىن قالغان ئادەت بولۇشى مۇمكىن.
ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئادىتى مۇھاجىرلار كۆپرەك جايلاشقان ئالتە شەھەر تەۋەسىدىلا ئەۋج ئالغان بولۇپ، كۇچانىڭ كۇنچىقىش تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسەك بۇنداق ئادەت يوق. چۈنكى ئۇياقلارغا باشقا يۇرتلۇقلار ئانچە بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ناھايىتى ئاسان: ئەر بولغۇچى خوتۇنغا تويلۇق ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتسىلا ئىش پۈتىدۇ. خوتەن تەرەپلەردە بىرنىڭ كۈمۈش پۇل ھېسابىمىزدا بىر يېرىم سەر كۈمۈش خەجلىسىلا خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ. يەكەندە تېخى مەخسۇس خوتۇن بازىرى بولۇپ ئەرگە تېگىدىغان

خوتۇنلارنى بازاردىنلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئاقسۇ، تۇر-پانلاردا توي قىلماق تەسرەك. ئالتە شەھەردە ئاياللارغا نىكاھ ئەركىنلىكى بېرىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپى شۇكى، كىشىلەر ئائىلىنى قەدىرلىمەيدىغان، نىكاھنى ئويۇن ـ تاماشا قاتارىدا كۆرىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر.
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىدا ئاياللارنى ئاممىۋى سو-رۇنلاردىن يىراق قىلىشنى، هاراق ئىچمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى ئۇممەتلىرىنى ھەرخىل گۇناھلاردىن نېرى قىلماقچى بولغانىدى. ئەمما كېيىن كىشىلەر پەيغەمبەر-نىڭ سۈننەتلىرىدىن چەتلەپ كەتكەچكە، جەمئىيەتتە يەنىلا مۇر-تەتلىك ۋە زىناخورلۇق يامراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا هازىر هاراقنىڭ ئورنىنى نەشە ئىگىلىدى. ئالتە شەھەردە نەشە چېكىدىغانلار بەڭگە دېيىلىدۇ. بەڭگىلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتكە هېچقانداق پايدىسى يوق بىر تەبىقە. بەڭگىلەر نەشە چەككەنسېرى ئاجىزلىشىپ، تەرسالىشىپ كېتىدۇ. نامرات بەڭگىلەر ئاشىق قەلەندەر بولۇۋېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدۇ. قەشقەردە بەڭگە، جاھانكەزدى، دەرۋىش، قىمارۋاز دېگەن-لەر ناھايىتى كۆپ. ئاددىي پۇقرالاردىنمۇ نەشە چەكمەيدىغانلىرى ئاززاق. بەگلەر خەنزۇلارنى دوراپ سورۇن تۈزۈپ چىلىم تارتىد-دۇ ياكى هاراق ئىچىدۇ. قەشقەردە هاراق ۋە بوزا ئىچىشنى ھۆ-كۈمەت چەكلىمەيدۇ.
ئالتە شەھەردە خەنزۇلارنىڭ مەيخانىلىرىنىڭ سودىسى جانلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەھەر ئەتراپلىرىدا مەي قاينىتىد-غان كىچىك تىپتىكى زاۋۇتلىرى بار. بەزىدە مەيخانىلارغا كەل-گەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇستەللەر يېتىشمەي قالىدۇ. ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامىدىن بۇرۇقتۇرما بولغان قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر قەشقەرگە كەلسە، يەرلىك ئادەتنىڭ كەڭ ـ كۇشادىلىكىدىن پايدىلىنىپ، هاراقكەشلىك ۋە پاھىد-شىۋازلىققا قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ. كىچىك بۇخارادا قىمار بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ كەتكەن بولۇپ، بۇ كېسەلدىن

ھەتتا ئاياللارمۇ خالىي ئەمەس. نەشىكەش، ئەپيۇنكەش ۋە قىمارۋازلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ ناچار، باشباشتاق بىر تەبىقە بولۇپ، ھەرقانداق يىغىلىق ۋە ئۇرۇشقا ئاشۇنداق قولاق كەستىلەر ئەڭ بالدۇر ئاتلىنىدۇ. بۇخارا بىلەن قوقاندا ئاياللارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىشى ئۈنچىۋالا ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۆيلىرىگە بېكىنىپ، كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ تۇرغاچقا، ھەرەمخانىلارنىڭ نىرىسىغا ئۆتمەيدىغان خۇپىيانە ھەرىكەتلەرگىلا قانائەت قىلىپ قالىدۇ. بۇ ئەللەردە زىناخورلۇق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى قاتتىق جازاغا ئۇچراش خەۋپى ئۇلارنى زىناخورلۇقتىن چەكلەپ تۇرىدۇ. بۇخارا بىلەن قوقاندا زىنا قىلغانلار چالما - كېسەك قىلىنىدۇ. ئالتەشەھەردە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا پاھىشىخانىلار بار، ئاياللار شۇ يەرلەردە پاھىشىلىككە سېلىنىدۇ. قەشقەردە پاھىشە ئايالنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدە ھەرخىل سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن نامراتلىق ۋە موھتاجلىقنى ئەڭ مۇھىم سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ.

ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ياخشى خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ئوچۇق - يورۇق ۋە مېھماندوستلۇقى. ئۇلار دائىم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر هاراقسىز، نەغمە - ناۋاسىز ۋە ئاياللارسىز ئۆتمەيدۇ. ئادەتتە مېھمان كۈتكۈچى ساھىبخانا ئۆيدىكى ئايال خوجايىن بولىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر قالتىس ھەشەمەت بىلەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن سىپايىگەرلىك ۋە خۇشامەتچىلىك بىلەن ئۆتىدۇ. يەرلىك خەلق ئۆز قائىدە - يوسۇنلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ، مۇشۇنداق قىلىشتىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قاتتىق ھۇزۇرلانسا كېرەك. قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كىچىك پېئىللىقىنى مېھمانلارنىڭ بىر - بىرىگە چىلىم، شاراب ياكى باشقا نەرسىلەرنى سۇنغان چاغدىكى ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋېتىشىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ.

ئالتەشەھەرلىكلەر رەھمەت دېگەننىڭ ئورنىغا ھەشقاللا دەيدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار مۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. قوقانلىقلار ئادەتتە قارشى تەرەپكە رەھمەت ئېيتمايدۇ. پەقەت دېمىسە بولمايدىغان ئەھۋالدىلا ئىلاجسىز «مەرتىۋىڭىز زىيادە بولسۇن»، «خۇدا ساقلىسۇن» دېگەندەك تاققا ـ تۇققا گەپلەرنى تەكرارلايدۇ.

قەشقەردە مەشرەپ بولسا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ھەتتا ھاكىمبەگمۇ ئۇسۇل ئوينايدۇ. قەشقەردە «ئاچا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ئۇسۇلچى خېنىملار بار. ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۇسۇلى لېزگىنكا (كاۋكازىيىدىكى لېزگىنلارنىڭ ئۇسۇلى)غا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەمدى بىز ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ئالتەشەھەردە بەگزادىلەر مانجۇچە جابدۇنۇپ، پەيتۇنلاردا ياكى تەختىراۋانلاردا ماڭىدۇ. ئۇششاق ـ چۈششەك بەگلەر بىلەن شەھەرلىكلەر رەڭگى ۋە تىكىلىشى مانجۇ (ياكى خەنزۇ)لارنىڭ تونىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. ئاياللار قېنىق رەڭلىك يىپەك ۋە چىت رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەرنى، ئۇستۇن تەرىپىگە تىك ياقىلىق چاپانلارنى كىيىپ، بېشىغا ئۇزۇن روماللارنى ئارتىۋالىدۇ. ئاياللار ئۆيدىن سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئۇستىبېشىغا ئۇزۇن پەرىجە ئارتىۋالىدۇ. يۈز ـ كۆزلەرنى يېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چۈمبەل يېزا كىيىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئالتەشەھەر ئاياللىرى چۈمبەلنى قائىدە ـ يوسۇنى دەپ سالمىسا، ئادەتتە يۈزىنى ياپمايدۇ. قوقانلىقلار بىلەن بۇخارالىقلار ئاياللىرىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى توسۇپ، پۈركىنىپ يۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يازدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى بېشىغا يېرىم تاۋۇزغا ئوخشاپ قالىدىغان دوپپا كىيىۋالىدۇ. قىشتا كۆرپە تۇماق ياكى تۇلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماقلارنى كىيىۋالىدۇ. دۆلەتمەن ئائىلىلەردىكى ئاياللار قىشتا ئۇزۇنچاق كەلگەن كۆرپە

تەلپەكلەرنى كىيىدۇ. ئەرلەر پۈتىغا رۇس ئۆتۈكى ياكى تاتار مەسىسىنى كەيسە، ئاياللار قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيىدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ تاماق تۈرلىرىگىمۇ خەنزۇ تائاملىرىنىڭ تەسىرى تەگكەن. ئۇلار چۈشتە كۆكتات شورپىلىرى، لەڭمەن، سامسا، مانتا ھەم ھەرخىل قورۇمىلارنى يەيدۇ. ئۇلار يەنە بىر قىسىم تاماقلارنى ئېتىشنى خەنزۇلاردىن ئۆگەنگەن. خەنزۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ بۇ يەرگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆر- سەتكەن. يەنە ئۇلارنىڭ تىلىدا ئاز بولمىغان خەنزۇچە سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەر ئادەتتە سەنئەت، كۆركەم ئۆي جابدۇقلىرى، قا- ئىدە - مۇراسىم كىيىملىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ. خەنزۇچە سۆزلەر ئاۋام خەلققە كۆپرەك سىڭگەن. بۇ مىللەتنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە قارىقويۇق ئىشەنمەي باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدىغانلىقى ئادەمنى سۆيۈندۈ- رىدۇ. ئۇلار مانجۇ ھاكىمىيىتىگە چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ- مەنلىك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆچمەنلىك ئۇلارنىڭ خەنزۇ مەدە- نىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئەمدى بىز ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلى- تى ۋە ئالتەشەھەردىكى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خوجىلارغا چوقۇنۇش ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇنداق ئېتىقاد ھادىسىسى ئالتە شەھەردىن باشقا مۇسۇلمانلار دۇنيا- سىدا تېپىلمىسا كېرەك.

«چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى» (خەنزۇچە) ۋە 1985 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قى- لىنغان «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» (قازاقچە) ناملىق كى- تابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **مەمتىمىن ئۆمەر**

# غۇلجا خاتىرىلىرى

(1856 ـ يىلىدىكى غۇلجىغا قىلغان سەپىرىمدىن خاتىرە)

## چوقان ۋەلىخانوف (رۇسىيە)

1856 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست

جۇڭگونىڭ بوروخوجىر چېگرا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىش سەۋەبىدىن جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. قاپال شەھىرىدىن يولغا چىقىپ تاتارىنوفنىڭ ئۆيىدە ھەمراھلىرىمنى كۈتۈۋاتقىنىمغا بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى. پۇت ـ كۆل ئالاتاۋ ۋادىسىدىكى داۋانلار ئىچىدە سانتاش داۋىنىدىن قالسىلا بىز ئۆتىدىغان مۇشۇ ئۈيگېنتاس (تاش دۆۋىسى دېگەندىلىك) داۋىنى ئۆتۈش بىرئاز قولايراق داۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى سان ـ ساناقسىز قازاق قەبرىلىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان بىر كىچىك قورغانىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. بۇ يەرلەردە ئۇنداق قورغانلارنىڭ سانى 1000دىن ئاشىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈيگېنتاس ئەڭ داڭلىق بولغاچقا، پۈتۈن بىر ۋادا بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ داۋاننىڭ نامى ئاشۇ قورغاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ قورغاننى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇنتەيجىلىرىدىن بىرى بولغان سىرە باتۇر بىنا قىلدۇرغانمىش.

1852 ـ يىلى پولكوۋنىك كوۋالېۋسكىي باشچىلىقىدىكى زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر توپ كازاك ئەسكىرى مۇشۇ ئۈيگېنتاس داۋىنىدىن ئۆتكەن. بىز قوسمۇرىن قەلئەسىدىن ئۆتۈپ بىر ئېدىرلىققا چىقىپ قالدۇق. بۇ ئالاتاۋ تاغلىرىنىڭ ئاخىرقى ئېدىرلىقلىرى بولۇپ، ئەمدى ماڭساق ئىلى تەۋەسىگە

ئۆتۈپ كېتەتتۇق. ئېدىرلىق تۈگمشى بىلەنلا كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالدۇق. ئالدى تەرىپىمىزدە بىر تۈپ دەرەخ، دەرەخ ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارنى كۆردۇق. بىز كۆرگەن ئاشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە جۇڭگو تەرەپنىڭ چېگرا قاراۋۇلخانىسى ئورۇنلاشقانىدى. بىز قاراۋۇلخانىغا يېقىنلىشىشىمىزغىلا ئەتراپتىكى بىر تۆپىلىككە چىقىپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بىر ئەسكەر «ئادەم كەلدى» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى. قاراۋۇلخانا تاملىرىدىن بىرنەچچە ئادەمنىڭ تاقىر باشلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقىلىپ كەتتى. بۇنداق ياۋايىلىق ئەسلىدە ۋارۋارلارغا ئادەت بولۇپ، مەدەنىيەتلىك دەپ سانىلىدىغان جۇڭگولۇقلار ئۇنداق قىلىقلارنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. بىز جۇڭگولۇقلارغا بىھۆرمەتلىك قىلمايلى دەپ، ئالدى بىلەن ئالاقىچى ئەۋەتتۇق ۋە قاراۋۇلخانىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن تاللاپ قونالغۇ راسلىدۇق. بىز ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ كىگىز ئۆيلىرىمىزگە كىرىشىمىزگىلا قاراۋۇلخانا تەرەپتىن مانجۇلار چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، ئاتنى يەڭگىل ماڭدۇرۇپ گىدىيىپ كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇنى مەرتىۋىدىلىك لويى (باشلىق) بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشتۇق. ئۇ بىزنىڭ چېدىرغا ئېڭىشىپ كىرىپ، خۇددى كۆندۈرۈلگەن قۇشقاچتەك ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ سۆزلەپ سالام - سەھەتنى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىزگە «چىفەنلىما؟ (تاماق يېدىڭلارمۇ)» دېدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ جاڭجۇن ۋە مەسلىھەتچى ئامبالغا ۋاكالىتەن بىزدىن قىسقىچە ئەھۋال سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھېلىقى ئەمەلدار بىردەم ھاردۇقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مانجۇ ئىكەنلىكىنى ھەم ئىلى جاڭجۇنى تەرىپىدىن بىزنى كۈتۈۋېلىپ، غۇلجىغا بىللە ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ تاتارچىنى ئاز - تولا بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ بىز بىلەن ئالاقە قىلغاندا خەنزۇ تىلىغا تۈركىي تىل ئارىلاشقان بىر خىل قىزىقارلىق تىلدا سۆزلىدى.

2 ـ ئاۋغۇست

بوروخوجىر قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتتۇق. بوروخوجىر قاراۋۇلخانىسىدىن تاكى ئۆسەك دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا خاس قاقاس دالادا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تۇزلەڭلىكنىڭ بىر ئۇچى غۇلجىغا تۇتىشىدۇ. بۇ دالادا پاكار شىۋاق، قارا شىۋاق، ئوغرى تىكەن دېگەندەك چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئۇچرىمايدۇ... بىز تازا چارچاپ، كالپۇكلىرىمىز گەز باغلاپ كەتكەندەك ئۆسەك دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. چۇشلۇك تامىقىمىز پىشىپ بولغۇچە سۇغا چۆشۈپ بىرئاز راھەتلىنىۋالاي، دەپ دەريا سۈيىگە چۆشتۈم. نەدىكى راھەت، قانلىرىم قىزىپ بولالمىدىم، ئاخىرى ئاپتاپتا ئىسسىپ قالغان قىمىزنى ئىچىپ باقتىم، سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ باقتىم، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇسسۇزلۇقۇمنى باسالمىدىم... ئۆسەك دەرياسىدىن ئۆتۇشىمىزگىلا ئەتراپىمىزدىكى تەبىئەت ئۆزگىرىۋاتقاندەك بىلىندى. بىز كەڭ كەتكەن بىر توقايلىققا قەدەم تاشلىدۇق. ئوڭ تەرىپىمىزدە ئىلى دەرياسى، ئۇدۇلىمىزدا كەڭ كەتكەن بىر مۇنبەت تۇپراق بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى... بۇ جايدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىدا ھەر خىل ئۆسۈملۈك، زىرائەتلەر قويۇق ئۆسكەنىدى. ئەسلىدە ئاچچىق شىۋاق بىلەن ئوغرىتىكەندىن باشقا نەرسە ئۈنمەيدىغان تۇپرىقى ناچار، شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان بۇنداق تاشلاندۇق زېمىننى ئېرىنمەي ئۆزگەرتىپ، ھاياتلىق ئۇچۇن جاپالىق ئىشلەپ، خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى تېرىپ جان بېقىۋاتقان جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ غەيرىتىگە قاراپ ھەيران بولماي تۇرالمايسەن. بۇنداق ئەللەردە تەر تۆكۈپ بىرەر نېسىۋىگە ئېرىشمەن دېگەن ئادەم ئالدى بىلەن دۇنياغا جۇڭگولۇق بولۇپ يارىلىشى كېرەكتەك قىلىدۇ. ئۇلار جاپا چەككەندەك قىلغىنى بىلەن ئاززۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشكەن. ئېرىشكەندىمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشكەندەك قىلىدۇ. چۇنكى ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان يەرلەرنى تاللىيالايدۇ ھەم ئۇ يەرلەرگە خالىغان چاغدا سۇ باشلىيالايدۇ. ئەسلىدە بۇ كۆچمەنلەر ئىچكى جۇڭگودا تەستە ئىگە بولىدىغان يامغۇر سۇ-

يىگىلا تايىنىپ يەر تېرىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەر ئىدى. دەل مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ئۇ-نۇمسىز، دەپ قاقشاپ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايۋاتقان ئاستىراخان، ئورىنبورگ گۇبېرناتورلۇقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دېھقانلىرىمىز بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرىدىن ئۆگەنسە بولغۇدەك، دېگىمىز كېلىدۇ...

3 ـ ئاۋغۇست

يول بويى كىچىك ـ كىچىك توقايلىقلار، چۆنەك تارتىلغان ئېتىزلىقلاردىن كېسىپ ئۆتتۇق. ئاغدۇرۇپ قويۇلغان يەرلەر، ئالدىراش دېھقانلار ئۇچراپ تۇراتتى. بىز شىبە زەڭگى (ھەربىي ئەمەل نامى)لىرى تۇرۇشلۇق ياركەنت، تىشقان شەھەرلىرىنى ئوڭ تەرىپىمىزدە قالدۇرۇپ، ئاقكەنتكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق... 15 چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمىزدا بىر بوستانلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئەسلىدە ئەتراپى سېپىللار بىلەن قورشالغان بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا بۇ شەھەر بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىز سېپىل سىرتىدىكى خەندەك ئۈستىگە ئورنىتىلغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، شەھەرگە كىردۇق. شەھەر ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئىگىسىز قالغان شە-ھەردەك بىلىنەتتى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىدا دەرەخلەر بو-لۇپ، قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. بىز شەھەرنىڭ بىر دوقمۇ-شىدا ئىككى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ بارغان بىر ئايالنى كۆرگەندىلا ئاندىن بۇ شەھەردىمۇ ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەن-دۇق. مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ھالىتى بىز ئۇچراتقان بۇ تۇنجى شەھەردىلا نامايان بولۇشقا باشلىدى... بىز شەھەردىن چىقىپ ئۈچ چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن توختاپ كەچلىك قونالغۇ راسلىدۇق. كېچىچە پاشا چېقىپ تۈزۈك ئۇخ-لىيالمىدۇق.

4 ـ ئاۋغۇست

تاڭ سەھەردە قاتتىق ئۇرۇلغان دۇمباق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتۇق. ئىلى دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغۇچە يەنە

نۇرغۇن ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەردىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كې-
لەتتى، شۇڭا ئەتىگەندىكى سالقىندا يولنى ئاۋۇتۇۋېلىشىمىز
كېرەك ئىدى...

قورغاس دەرياسىدىن ئۆتۈشىمىزگىلا ئاسماننى تۇمان باس-
قاندەكلا بولدى. قارىساق بىر توپ پاشا بىزنى قورشىۋالغانىدى.
مۇشۇنداق ئىسسىقتا ئۆلگۈدەك ھالغا كېلىپ قالغىنىمىزدا پاشا
ئۇچرىغۇچە بىرەر سالقىن جاي ئۇچرىسىچۇ كاشكى! راست گەپ-
نى قىلساق، بىز قورغاس ئەتراپىدا ئاشۇ قان شورىغۇچ ھا-
شاراتنىڭ قولىدا جان بەرگىلى تاس قالدۇق. ئەسلىدە بۇ پاشا
سازلىقتىكى قومۇلۇقلار ۋە ئەتراپتىكى زىرائەتلەر ئارىسىدىن تۇ-
يۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ چىققانىكەن.

مانجۇ ئېلىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ئادەم ئول-
تۇراقلاشقان يۇرت ـ كەنتلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ كەنت-
لەرنى قىلىن دەرەخلەر ئوراپ تۇرغاچقا بىز شەھەر كۆرمەي دە-
رەخ كۆردۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ يۇرتلاردا دەرەخزار-
لىقلار بولماي پەقەت سوقما تاملىق ئۆيلەرلا بولغان بولسا،
بىزدەك ھاردۇق يەتكەن يولۇچىلارغا خۇددى سەھرايى كەبىرنى
بېسىپ ئۆتكەندەك ئېغىر تۇيۇلاتتى. بىز ئەنە شۇنداق گۈزەل
يۇرتلارنىڭ بىرى بولغان قورغاس شەھىرىدىن ئۆتتۇق. ئۇلۇغ تە-
رىپىمىزدىن ئىككى چاقىرىمچە نېرىدا چىلپەنزە كەنتى كۆرۈ-
نۈپ تۇراتتى. ئۇلۇغ تەرەپتە كۆرۈنگەن تاغنىڭ باغرىدا يەنە ئا-
شۇنداق بوستانلىق يۇرتلار بولۇپ، ئۇلار سولۇن كەنتلىرى ۋە
شىبەلەرنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كۆچپان دېگەن ناملار
بىلەن ئاتىلىدىغان كەنتلىرى ئىدى. قورغاس — مۇشۇ ئىقلىم-
دىكى يۇرتلارنىڭ كاتتىسى. ئىلى جاڭجۈنى يېنىدىكى بىرىگادىغا
بىۋاسىتە قارايدىغان شىبە ئامبال (خۇجۇرتاي) مۇشۇ شەھەردە
تۇرىدۇ. قورغاس شەھىرى بىر ـ بىرىدىن ئۈچ چاقىرىمچە ئا-
رىلىقتا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۈچ پارچە بوستانلىقتىن تەركىب
تاپقان. چىلپەنزە باغباراڭلىرى كۆپ بىر بوستانلىق شەھەر...

بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بارغانلار ئارىسىدىن بىر

لوينىڭ تەختىراۋانلىق مەپىسگە خېلى ئوبدان سەپسالدۇق. بۇ بىزنىڭ بۇنداق مەپىنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشىمىز ئىدى... مەپىگە ئورنىتىلغان تەختىراۋان ناھايىتى ياسىداق بولۇپ، ئۈستىگە يېپىلغان ئېسىل رەختلەر ئالدىغا ئېشىپ، مەپە شو-تىسىنىڭ ئۈستىگە سايە تاشلايتتى. مەپىنىڭ چاقلىرىمۇ كۆك رەڭدە سىرلانغانىدى. مەپىنى ئىككى قېچىر سۆرەيتتى. مەپىنىڭ ئالدىدا بىر چاپارمەن، ئەتراپىدا ۋە كەينىدە مۇلازىملار ھۆرمەت بىلەن مېڭىشاتتى. بىز بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ بىر ئاز تەئەججۇپلەنگەن بولساق، ئەمدى تېخىمۇ يېڭى ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىمىز تېخىمۇ ئاشىدىغان، بارماقلىرىمىزنى چىشلەپ، بارلىق ئىشلارنى بىر ئاللاھقا تاپشۇرىدىغان بولدۇق. بىز بۇ-گۈنكى قونالغۇمىزدا پاشىنىڭ دەردىنى تارتمىدۇق. ئەتىسى ئور-نىمىزدىن تۇرساق، بەدەنلىرىمىز ئېغىرلىشىپ، يۈز - كۆزلىر-ىمىز ساڭگىلاپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. مەن تاڭ ئاتقۇچە مىلتىقىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپنى كېزىپ چىقتىم. بىراق ئىزدى-گىنىمنىڭ پايدىسى بولمىدى. كېچىچە سايراپ ئۇيقۇمنى ھارام قىلغان بۆدۆنە دېگەن بۇ بىرنېمىلەر قېشىمدىلا تۇرسا بىكار-دىنلا ئىزدەپ ئاۋارە بوپتىمەن.

5 - ئاۋغۇست

بىز قومۇش باسقان، يىلانلار ئۈزۈپ يۈرىدىغان بىر دەريادىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئوردا خوزا دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنتكە كېلىپ توختىدۇق ۋە بىر دەرەخنىڭ سايىسىنى تېپىپ كەپتەرنىڭ ئۈنلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاچ ئارام ئالدۇق... بىزدىن نېرىراقتا بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) دېھقانلار قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى غاجىشىپ ئولتۇراتتى. تومۇزنىڭ ئاپتاپلىرىدا كۆيگەنمۇ ياكى ئەسلىي رەڭگى شۇنداقمۇ ئالتە شەھەر تۈركلىرى (ئۇيغۇرلار)نىڭ چىرايى قارامتۇل بو-لۇپ، ئافغان ئىرقىدىكىلەرگە ئوخشايتتى. ئۇلار باشقا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا قارىغاندا ۋىجىكرەك كېلىدۇ، بۇرۇنلىرى تۈرك-لەرنىڭ ئىسپاھان قىلىچلىرىدەك ئىلمەك، كۆزلىرى چوڭ-

قۇرراق، كالپۇكلىرى نىپىزرەك كېلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ تەسىرى بۇ خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قانداق يۇققان بولسا، چىرايىغىمۇ شۇنداق يۇققاندەك كۆرۈنەتتى. شەرق ئىسلام ئالىمىدە جاھانكەزدى، تەقۋادار، «ھەق دىنىنىڭ ئۆچمەس چىرىغى» دېگەندەك ھەيۋەتلىك نامى بار ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە دىنىنىڭ ئەڭ كىچىك ئەمەللىرى توغرىسىدا نۇرغۇن يىل دەتالاش قىلىپ ئاغزى بېسىقمايدىغان ئۆلىمالارنى ئۆز مەدرىسىلىرىدە تەربىيەلەپ چىققان خوجا مۇھەممەد شېرىف (19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان يالغان ئەۋلىيا) تەك نائەھلىلەر ۋە بىر تالاي قازى، موللا دېگەندەكلەرنى پۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىياغا تېرىۋەتكەن، نەپسانىيەتچى سوپا ـ ئىشانلارنىڭ پاسىق ھەرەمخانىسى، پۇتكۇل گۇناھلارنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بۇخارادەك بىر يەرنى ئۆزلىرىگە مەركەز قىلىۋالغان، غەربىي تۈركىستانلىقلارغا قارىغاندا، ئالتە شەھەرلىكلەر قانداقتۇر بىر تەقۋادارمۇ ئەمەس ئىدى ھەم دىنىي ئەمەللەرگىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى.

قەشقەرلىكلەرنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئاياللارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەنلىكتۇر. ئايالالر ھەرقانداق يىغىنلىشلارغا بىمالال قاتنىشالايدۇ، ھەتتا ئايالالرسىز يىغىلىش بولمايدۇ دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ... بۇ يەردىكى تارانچىلار (ئىلى ئۇيغۇرلىرى)مۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار تاماق يېگەندە چوكا ئىشلىتىدۇ، بىر پۆپۈكلۈك مانجۇچە مالخاي كىيىدۇ، خالاس. ئوردا خوزا ـ بۇ يۇرتتىكى مۇھىم بىر بازار. بۇ يەردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى گەۋدىلەنگەن دېيىشكە بولاتتى. بۇ بازاردا ئاشپۇزۇللارمۇ ئاز ئەمەس، ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىيىنگەن چەنپەنلەر (ئىچكىرىدىن يۆتكەپ چىقىلغان سۈرگۈنلەر) قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. يولالردا ھارۋىلارنىڭ مېڭىشىدىن پەيدا بولغان توپا ـ چاڭلار بېسىقمايدۇ. چېكەرمەنلەر ۋە بازارچىلار ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئول-

تۇرۇپ چاي ئىچىشىدۇ ياكى غول پىياز، مۇچ دېگەنلەرنى ئا-
رىلاشتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يېيىشەتتى.

6 - ئاۋغۇست

بىز كەچ سائەت يەتتىدە غۇلجىغا يېتىپ كەلدۇق. غۇلجى-
دەك بۇنداق زېمىنغا ئادەم يۆتكەپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش،
بىزنىڭ رۇسلىرىمىزنىڭ خىيالىغا ھەرگىز كىرىپ چىقمايتتى.
ئەمما مانجۇلار جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، بۇنداق مۇشكۇل
ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. بۇ يەرگە نۇرغۇن ئاھالە كۆچۈرۈپ
كېلىنگەن بولۇپ، بۇلار ئىلى تەۋەسىدە سەككىز شەھەر ۋە
بىرقانچە ئون كەنت بىنا قىلغانىدى...

غەربىي يۇرتتىكى چېگرا قوغدىغۇچى قىسىملارنىڭ ھەم-
مىسىدە شىبە ۋە سولون ئەسكەرلەر بار. سولونلار مانجۇ خانلى-
قى جۇڭغارىيىنى بېقىندۇرغان ئاشۇ يىللاردا شەرقىي شىمالدى-
كى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن . شىبەلەر بولسا كې-
يىنرەك يەنى قەشقەر تەرەپلەردىكى قوزغىلاڭلاردىن كېيىن يار-
دەمچى كۈچ سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن. شىبە ۋە سولون قى-
سىملىرى غۇلجىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ ئىلى دەرياسىنى بوي-
لىتىپ تاكى چېگرا پونكىتلىرىغىچە جايلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنى
ئىلىدىكى بىر بىرىگادا گېنېرالى باشقۇرىدۇ. خوجۇرتاي دېگى-
نىمىز شىبەلەردىن قويۇلىدىغان پولك كوماندىرى دەرىجىلىك
بىر ھەربىي ئەمەلنىڭ نامى. شىبەلەر بىلەن سولونلار سەككىز
پولكقا بۆلۈنىدۇ، ھەربىر پولكنى كۆك قۇببە مونچاقلىق قالپاق
كىيىدىغان زەڭگىلەر باشقۇرىدۇ. سولونلار غۇلجىغا يېقىن جايدا
تۇرىدۇ، شىبەلەر بولسا تاغ باغرىلىرىغا ماكانلاشقان. بۇ خەلق
مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەتىۋارلىق جەڭچىلىرى بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ مۇقىم ھەربىي ۋەزىپىسى بار... ئۇلارنىڭ قازاق ۋە موڭ-
غۇللار بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغاچقا، روھىي ھالىتى كۆتۈ-
رەڭگۇ ۋە جۇشقۇن...

بىزنى غۇلجىغا كونسۇل ئۆزى باشلاپ كەلدى. بىز سايرام
كۆلى ئەتراپىدىكى تاغلاردا موڭغۇللارنىڭ قالماق، چاخار ۋە

تۇرغاۋۇت قەبىلىلىرىنىڭ پاشايدىغانلىقىنى بىلدۇق... بىز بۇ بىر كۈندە 50 چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن يېرىم كېچىدە غۇلجىدىكى سودا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. چېگرا سودىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 1852 ـ يىلى رۇسلار غۇلجا بىلەن چۆچەكتە سودا بازارلىرىنى قۇرغانىدى. شۇ چاغدا مانجۇلار بازار قىلىدىغان يەرنى ساربۇلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاشلاندۇق يەردىن كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

7 ـ ئاۋغۇست

بىز ئىلگىرى جياڭجۇننىڭ دۇ لويى ئىسىملىك ھەربىي ئەمەلدارى ئارقىلىق ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلغاندۇق. بۇ قېتىم بىزنىڭمۇ ئۇلارغا جاۋابەن سوۋغا ـ سالام بېرىشىمىزگە توغرا كەلدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان مانجۇ ئەمەلدارى سوۋغا ـ سالاملىرىمىزنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالدى ۋە جياڭجۇندىن قايتا ئىجازەت ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىزگە جياڭجۇن بىلەن مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى، رۇسلار بىلەن مانجۇ خانلىقىنىڭ دوست ئەللەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى. دۇ لويى بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ئىككى قولىنى پېشانىسىگە ئاپىرىپ جۈپلەپ بىزگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەندەك قىلدى.

8 ـ ئاۋغۇست

بىز تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، قىلىدىغان بىرەر ئىشىمىز بولمىغاچقا تازا زېرىكتۇق. بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتا كونسۇل بىزنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇپ بىلىم ئالغان كىشىلىرىمىز توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالدى. بېيجىڭدىكى رۇس ئەلچىلىرى بىلەن 18 يىل بىللە بولغان كامىنىسكىي دېگەن كىشى چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولغانىكەن. كامىنىسكىي بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققان كۈندىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ماڭىدىكەن، ئۇ يازغان خاتىرىلىرىنى كىچىك بىر قاپقا سېلىپ

ساقلايدىكەن... ئۇ يەنە بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ خەنزۇلار-نىڭ يىن - ياڭ (مۇسبەت ۋە مەنپىي) دەپ ئاتىلىدىغان دۇنياغا تۇنجى بولۇپ يارالغان ئەر - ئايال ھەققىدىكى تۇنجى دىنىي دىرامىسى ھەققىدە ئىزدەنگەنىكەن. ئۇ دىرامىدىكى «يىن ناخشا ئېيتسا، ياڭ ئۇسسۇلغا چۈشەر، يىن - ياڭلار خۇشال جەم بو-لۇپ، چەكسىز ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرەر» دېگەن نەزملەرنى تەرجىمە قىلغانىكەن. يەنە بىر ئالىم ئىياكىنىف ئەپەندى بولسا ئامىروسىيىنىڭ نىكاھسىز ئايالىدىن تۇغۇلغان بالىسى. ئىيا-كىنىف 26 يېشىدا ئارخىماندىرىت بولغان. ئۇ تۇرمۇشتا شاللاقراق بولغاچقا، دادىسى ئامىروسىيە ئۇنى چەت ئەلدە تۇرسا تۈزىلىپ قالار، دەپ ئويلاپ، بېيجىڭغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن نام - مەرتىۋىدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭدىكى ۋولوكولامسكى موناستىرىدا بەش يىل تۇرغاندىن كېيىن، بارون شىللىڭنىڭ ياردىمىدە موناستىردىن بوشاپ، كىياختاغا قايتىپ كېلىپ، دى-نىي تونىنى تاشلىۋېتىپ، ئاددىي پۇقراغا ئايلىنىپتۇ. ئىياكى-نىف بېيجىڭدا خەنزۇچىنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە ئەسەرلىرىدە كەلتۈرگەن پاكىتلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي سۆھبەتلىرىدىن ئېلىنغان ...

9 - ئاۋغۇست

كالىنوۋسكىي (1856 - يىلى غۇلجىدىكى رۇس كونسۇلى-نىڭ كاتىپى بولغان كىشى) «ئاقسۇغا بارغىنىمدا بىر خەنزۇنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇدۇم» دېگەنىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە «يۈەن سۇلالىسى تارىخلىرىدا موڭغۇللار قىپچاقلارنىڭ يۇرتلى-رىنى بويسۇندۇرغان، دېيىلگەن. ئۇنداقتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ بويسۇندۇرغان يۇرتلىرىنىڭ بىرى جەنۇبتىكى يەتتە شەھەرنىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ شەھىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق» دەپ يېزىلغان. بۈگۈن چۈشلۈك تامىقىمىزدا بېلىق يېدۇق. ئىلى دەرياسىنىڭ بىز تەرەپتىكى بۆلىكىدە بۇ خىل بېلىق ئۇچرى-مايتتى. بېلىقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بۇنداق بېلىقلارنى تاپقىلى بولىدىكەن.

ئەمدى يېمەك ـ ئىچمەك ئەھۋالى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى: بۇ يەردە گۆش ئەرزان بولۇپ، كالا گۆشىنىڭ بىر قاـ دىقى تۆت تىيىن كومۇش، قوي گۆشىنىڭ بىر قادىقى بەش تىـ يىن كومۇش پۇلغا سېتىلىدۇ. بىز گۆشنى خۇيزۇلاردىن سېـ تىۋالدۇق. بىز تەرەپلەردە گوللاندىيە توخۇسى دېيىلىدىغان تو ـ خۇلارنى بۇ يەردە خەنزۇ توخۇسى دەيدىكەن. بۇ توخۇ ئادەتتە 10 قاداق كېلىدىكەن. تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر كىچىك قىـ زىل قاڭشىرى بار بېيىجىڭ غازلىرىنىڭ گۆشى تەمسىز ھەم قاتتىق كېلىدۇ. ئۆردەكلىرى بىزنىڭ ئۆردەكلىرىمىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. مېۋە ـ چېۋىلەردىن بۇ يەردە شاپتۇلنىڭ ئۈچ خىل سورتى بار. بىر خىلى ئالمىدەك چوڭ بولىدىغان تۈكلۈك شاپتۇل، ئىككىنچى خىلى قىزغۇچ پارقىراق ھەم كىچىك كېـ لىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ياپىلاق شاپتۇل بولۇپ، بەكمۇ يېيىشـ لىك، بۇنداق تاتلىق شاپتۇل ھەتتا بېيجىڭدىمۇ ئۆسمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يوغان تۈكلۈك شاپتۇل دېگىنىمىز باشقا شاپتۇللارنى ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن سورت بولۇپ، تەمى كېيىنكى ئىككى خىلدەك تاتلىق ئەمەس. نەشپۈتلىرى ناـ ھايىتى ياخشى. بەرگە ئامۇت دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئامۇت تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەمى بىزنىڭ نەشپۈتلىرىمىزنىڭكىگە يەتـ مەيدۇ. غۇلجىدا ئالما كۆپ بولسىمۇ، بىراق تەمىنى بەك ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. نەشپۈتلىرى بەك تەملىك بولۇپ، فرانسىيىنىڭ نەشپۈتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئانار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئالۇچىلار باغلاردا ياكى دالالاردا ئىيۇل ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن پىشىپ بولىدۇ. ئۈزۈمنىڭ سورتلىرى بەك كۆپ. ئاق سايۋا، مۇناقى ئۈزۈم، ئاچچىق ـ چۈچۈك پىشىدىغان قارا ئۈزۈم يەنە ھەر خىل ئۈزۈملەر بار. ئۇششاق بولىدىغان قارا ئۈزۈملەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە سېرىق قوغۇن بىلەن قەشقەرنىڭ پۇراقلىق قوغۇنلىرىمۇ بار. يەنە كۆك قوـ غۇن، قىشلىق ئاق قوغۇن دېگەن سورتلارمۇ بار. قىشلىق قوـ غۇنلارنى كېلەر يىلىنىڭ مارت ئايلىرىغىچە ساقلىسىمۇ بۇزۇلـ

مايدۇ ھەم بۇنداق قوغۇنلارنى باشقا جايلارغا يۆتكىسىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ. تاۋۇزلىرى سەل سارغۇچ رەڭدە بولۇپ، ئانچە تەمى يوق. ئەسلىدە قىپقىزىل چىقىدىغان تاۋۇزلارغا بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى ماس كەلمىگەچكە، سارغىيىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تەرخەمەكلىرى ئۇزۇن - ئۇزۇن بولۇپ چۈشىدۇ. بىراق ئۇنى تۇزلاپ خام سەي قىلغاندا، رەڭگى سارغۇچ كۆرۈنىدۇ. يۆگىمەچ ئوتتەك يامىشىپ ئۆسىدىغان كارتوپىنىڭ تۇپى يوغان بولىدۇ. بادانا تەمى كارتوپقا ئوخشىغىنى بىلەن خېلى تەملىك.

10 - ئاۋغۇست

بۈگۈن رۇس سودىگەرلىرى بىلەن سودا ئالاقىسى بار بىر خەنزۇ سودىگەر بىزنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ رۇسچىنى ئاز - تولا بىلىسىمۇ خەنزۇلاردەك ئاھاڭنى  دىماقتىن چىقىرىپ سۆزلەيتتى ھەم بىزنىڭ گەپلىرىمىزنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى. بۇ خەنزۇغا بىزنىڭ ئېچىپ ياپقىلى بولىدىغان كىچىك بىر ئەينىكىمىز يېڭىلىق تۇيۇلدى بولغاي ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئالدى - كەينىگە سىنچىلاپ قاراپ ماختىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگەر بۇ ئەينەكنى ياقتۇرۇپ قالغان بولساڭ ئېلىپ كەت، دېگەنىدىم، ئۇ تەكەللۇپ قىلغاندەك قىلىپ ماڭا، كۆڭلىڭىز تۇز ئادەمكەنسىز، دېگەنىدەك ياغلىما سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئادەت بويىچە كۆكسى - قارنىڭىز كەڭ، چىقىشقاق ئادەمكەنسىز، دەپ جاۋاب قايتۇردۇم.

11 - ئاۋغۇست

بۈگۈن ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى رەسمىي باشلىنىدىغان كۈن. مانجۇلار بىز ئۈچۈن خىلمۇخىل تائاملارنى تەييارلىدى. ئاشپەزلەر تاماقنى كۆز ئالدىمىزدىلا تەييارلاپ بىزگە ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خوجايىنلىرىدىن ئىنئام ئالاتتى. بۇ تائاملارغا نېمىلەرنىڭ قوشۇلغانلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل تامىقى بولغان چوشقا گۆشى، كاراكاتسىيا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دېڭىز مەھسۇلاتى ۋە ئۈمۈچۈككە ئوخشاپ قالىدىغان

قۇرتلارمۇ قورۇلغانىدى. يەنە سامسا، ئۆردەك گۆشى دېگەنلەرمۇ تۇراتتى. بۇ تائاملارغا پىياز بىلەن لازىنىڭ ئارىلاشمىسىنى قويغان بولغاچقا، پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مېنىڭ مىجەزىم تازا ياخشى بولمىغاچقا بۇ تائاملارنى ئاغزىمغا بىر تالمۇ سالمىدىم.

15 ـ ئاۋغۇست

مۇشۇ كۈنلەردە چىشىم ئاغرىپ قاتتىق قىينىلىپ كەتتىم. ئاخىرى ئامالى بولۇپ قالار دەپ خەنزۇ تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ باقتىم. ئۇلار ماڭا دورا دۈكىنىدىن ئاق پاراشوكقا ئوخشايدىغان دورا بىلەن بىر خىل پۇراقلىق ئوت ـ چۆپنىڭ يوپۇرماق ـ يىلتىزلىرىنى ئەكېلىپ بېرىشتى. بىراق بۇ دورىلار چىشىمنىڭ ئاغرىقىنى توختىتالمىدى. ماڭا دۇنيادا چىش ئاغرىقىدىنمۇ يامان ئاغرىق يوقتەك بىلىنىپ كەتتى. دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. تۇنۇگۈن بىز غۇلجا شەھىرىگە ئات بىلەن كىرىپ چىقتۇق. ئالدىمىزدا بىرەيلەن يول باشلاپ ماڭدى. ساربۇلاق جىلغىسىدىن چىقىشىمىزغىلا ئوڭ تەرىپىمىزدە ھەيۋەتلىك ماۋتىنشا ئىمارىتى، سول تەرىپىمىزدە قەبرىستانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قەبرە قاتۇرۇشقا جاي تاللاشتا دۇنيادا خەنزۇلاردەك ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغان خەلق بولمىسا كېرەك. پاكار ـ پاكار خەنزۇ قەبرىلىرى بىزنىڭ سودا بازىرىمىز ئەتراپىدىمۇ، يوللاردىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى، مۇسۇلمانلارمۇ ئايرىم قەبرىستانلىق بىنا قىلىپ، ئەتراپىنى تام بىلەن قورشاپ، ئىككى يەردىن دەرۋازا قويۇپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسىمۇ ئۆزگىچە: قەبرىگە قۇرئاندىن ئېلىنغان ئايەتلەر يېزىلغان، قەبرە بېشىغا ئاي سۈرەتلىك بەلگىلەر قادالغان بولۇپ، بەكمۇ ھەيۋەتلىك ھەم چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قەبرىستانلىق قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، بىر باغچىغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا شەرق ئەللىرىدە كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ زىيارەت قىلىدىغان جايى قەبرىستانلىق بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ بازىرى بىزنىڭ بازارلاردەك بىر كەڭ مەيدانغا

بنا قىلىنغان ئەمەس. بازارلار كوچىغا ئوخشايدۇ، كوچا بويىدىكى ئائىلىلەرنىڭ كەينىدە هويلا ـ ئارام بار، ئالدى كوچىغا قارايدۇ، بۇ هالەت بىز تەرەپتىكى ئائىلىلەرنىڭ تەتۈرسى دېيىشكە بولىدۇ. بازاردا هەر خىل ئادەملەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن يەكتەك كىيىۋالغان دۆلەتمەن سودىگەرلەر، قاپقارا ساقاللىق، سەللە يۆگىۋالغان ئەنجانلىقلار (ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار)، قاراكۆز، ئىلمەك بۇرۇن، ئاق كۆڭلەكلىك قەشقەرلىكلەر هەممىسى بار. بۇ بازاردا ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان بىر تارانچى (جەنۇبتىن يەر تېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇرلار) سېتىۋالغان تاۋۇزنى پىچىپ هۇزۇرلىنىپ يېمەكتە. ئۇنىڭ چىرايى نېگىرنىڭ چىرايىدەك قاپقارا، چىشلىرى مەرۋايىتتەك ئاپپاق ئىدى. قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان گازىر كۆز مانجۇلار، كۆزلىرى قىسماق، لىغىلداپ تۇرىدىغان نېپىز ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان كۆچمەن خەنزۇلار، بېلىنى چىڭ باغلىۋالغان، تېرىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيگەن، پۇتىغا تېرە يۆگىۋالغان موڭغۇللار دېگەندەك هەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى تېپىلىدۇ. قارىسىڭىز هەممە ئادەم ئالدىراشتەك، بىرەر ئىشنىڭ هەلەكچىلىكىدە چېپىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. يېپقا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن يارماق پۇللارنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يوللاردا كىشىلەر غاڭزىلاردا بىرنىمىلەرنى چېكىشىپ، كۈلۈشۈپ بىر ـ بىرىدىن ئەھۋال سوراشقاندەكمۇ قىلىشىدۇ ... بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىز بازارچىلارنى هەيران قالدۇرۇپ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن «ئولۇس، ئولۇس» دەپ توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بەزىلەر تېخى يېنىمىزغا كېلىپ، ئۇستىباشلىرىمىزنى سىلاپ بېقىشتى. تېخى مەن، بىر كۆچمەننىڭ كىيىملىرىمىزدىكى ئىزناك بەلگىلىرىمىزنى كۆرۈپ هەمراهىغا: قاراپ باقە، ئورۇس لوينىڭ كىيىملىرىدىكى ياماقلار نېمىدېگەن كۆپ، دېگىنىنى ئاڭلاپ هەيران قالدىم. بىز كوچىلاردا خانىم ـ قىزلار ئولتۇرغان مەپىلەرگە ئۇچرىدۇق. مەپىدىكى يۈزلىرىگە ئاپپاق ئۇپا

سوروپ، لەۋلىرىنى قىزارتىۋالغان نازىنىن خېنىملار بىزگە تىكىلىپ قاراپ، يۈزلىرىنى يەلپۈگۈچ بىلەن مەنىلىك يەلپۈپ قوياتتى. بەزىلىرى تۆيۈقسىز كاككۈكتەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى ھەتتا چېچىغا قىسىۋالغان گۈللىرىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالاتتى. بۇلار خانلىقتىكى «شەھەرنىڭ ئاپەتلىرى» دەپ نامى چىققان سەتەڭلەرنىڭ بىر خىلى بولۇشى مۇمكىن. بىز بىر دۇكانغا كىردۇق. دۇكاندار بىزنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. دۇكان ئىچى خېلى پاكىز ئىدى. تامغا بىرقانچە ئەينەك ۋە ئۇزۇن ساقاللىق بىر ئامبالنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تامدا ئەتراپى زىننەتلەنگەن، ھۆسنخەت چۈشۈرۈلگەن مانجۇ يېزىقىدىكى لەۋھە ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپكە قالپاق، چىلىم، ھېسابات دەپتىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇپتۇ. دۇكاندار بىزنى ناھايىتى چوڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. كەينى ـ كەينىدىن تاماققا زورلاپ تۇردى، ھەتتا ھېلىقى «شەھەر ئاپەتلىرى» دەپ نام چىقارغان سەتەڭ خېنىملارنىمۇ چاقىرىپ كەلمەكچى بولدى. خەنزۇلار ئارىسىدا سەتەڭلەرسىز مېھماندارچىلىق بولمايدىكەن. بۇنداق سەتەڭلەر ئۈچ تارىلىق غېجەكلىرىنى چېلىپ، سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق روھىڭىزنى كۆتۈرۈپ، كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ، سىزنى ئۆزىگە رام قىلماقچى بولىدۇ، سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بولۇپ ئاپئاق قوللىرىنى بويىنىڭىزغا گىرەلەشتۇرۇپ سىزگە يالۋۇرىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ سىز ھەرگىز ياق دېيەلمەيسىز. ئۇلار تېخى تاماق ئۈستىدە ئويۇن چىقىرىدۇ، ئويۇندا ئۇتۇلۇپ قالغانلار ھاراق ئىچىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار بىز ئۈچۈن يېڭىلىق بولسىمۇ، بىراق بىز ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدۇق. چۈنكى بىزنىڭ بازار ئايلىنىدىغان ئىشىمىز تېخى تۈگىمىگەنىدى. بىز تۇرالغۇمىزغا قايتىش يولىدا ئاشپۇزۇللارنىمۇ ئايلىنىپ چىقتۇق. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھاياتى خۇددى قەدىمكى رىمدىكى سەرگەردان

پۇقرالارغا ئوخشاش دالادا ۋە يوللاردا ئۆتمدىكەن. ئۇلار كوْن بو-
يى بازارلاردا لاغايلاپ يۈرىدىكەن. بىر يارماقا ئىگە بولسا،
قورسىقىنى بېقىپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنەيدىكەن. ئە-
گەردە بۇنداق ئەرزانچىلىق بولمىغاندا، بۇ ئەلدىكى نامرات ـ
يېتىملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگىگەن بولاتتى. ئادەممۇ شۇنچە
كۆپ، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشلەمچى،
ئەپسۇس، بۇنداق كۆپ ئادەمگە نەدە ئىش. شۇنچە ئىشلەمچى بى-
كار يۈرگەن، بۇ يەردە ئەمگەكنىڭ ھېچ قىممىتى يوق. بىز تە-
رەپلەردە 300 سومغا سالدۇرغىلى بولىدىغان ئۆيلەرنى بۇ يەردە
100 سومغا سالدۇرغىلى بولىدۇ. بىز تەرەپلەردە سىزنىڭ بىر
قاچىڭىز سۇنۇپ كەتسە تاشلىۋېتىسىز، ئەمما بۇ يەردىكى كى-
شىلەر ئۇنى قايتا قادىتىپ ئىشلىتىدۇ. مەن ئۇستى ـ ئۇستى-
لەپ قاداق سالدۇرۇپ چاپلاپ ئىشلەتكەن بىر قاچىنى كۆردۈم.
بۇنى قاداپ چىقىش ئۈچۈنمۇ بىرقانچە كۈن ۋاقىت ئىسراپ
بولاتتى. بىزلەر بۇنداق ئىدىشنى بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايمىز
ھەم چاپلاتقىلىمۇ ئاپىرىپ بەرمەيمىز، چۈنكى بۇنداق قاچىنىڭ
باھاسىمۇ 20 تىيىندىن ئاشمايدۇ. ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى
بىلەن كۆچمەن خەنزۇلار تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشلىۋېتىدۇ.
ئۇلار يالاڭ ئاياغ، يالاڭ باش بولۇۋېلىپ ئىشلەپ، خالىغان يەردە
يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرىدۇ. بىراق قىش پەسلى ئۇلار ئۈچۈن بىر
دوزاخ. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىچكى جۇڭگونىڭكىگە ئوخ-
شىمايدۇ، قىشتا قار، سوغۇق، شىۋىرغان ھۆكۈم سۈرىدۇ. قىش-
نىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا نۇرغۇن كۆچمەنلەر توڭلاپ قار
ئاستىدا قالىدۇ. ئەتىياز كېلىشى بىلەن نۇرغۇن جەسەتلەر ئىلى
دەرياسىغا تاشلىۋېتىلىدۇ ياكى چېرىكلەر تەرىپىدىن تېپىلغان
جايغا كۆمۈۋېتىلىدۇ. خەنزۇ قەبرىلىرىنىڭ مۇقىم بىر يەردە
بولماي، ئۇ يەر بۇ يەرلەردە كۆزگە چېلىقىشىدىكى سەۋەب مانا
مۇشۇ.

18 ـ ئاۋغۇست

يېقىندا ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭ-

گولۇقلار ئات قويۇشقا ناھايىتى ئۇستا خەلق. «ماندارىن» دېگەن سۆز بىزگە پورتوگالىيىلىكلەر ئارقىلىق كىرگەن. ئەمما بۇ سۆزنىڭ خەنزۇلارنىڭ قايسى سۆزىدىن ئېلىنغانلىقى بىزگە نا-مەلۇم. مانجۇ خانىدانلىقىدا ئاھالىلەر مىن، چېن دېگەن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلغان، «مىن» دېگەن ئاددىي پۇقرالارنى كۆرسىتىدۇ، «چېن» دېگەن پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى دېگەندەك بىر مە-نىگە ئىگە.

ئىلى شەھىرى يەنى مۇسۇلمانلار غۇلجا دەپ ئاتايدىغان بۇ شەھەر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ يەنى ئىلى، تارباغاتاي ۋە يەتتە شەھەرلەرمۇ غۇلجىغا قارايدۇ. ئۆلكىدىكى باش گۇبېرناتور ۋە بارلىق ھەربىي قىسىملارنىڭ باش قوماندانى جياڭجۈن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنى-دىكى مۇئاۋىنى ۋە مەسلىھەتچىسى ئامبال دېيىلى-دۇ. تارباغاتايدىمۇ بىر گۇبېرناتور (ئۇكۇرداي) قويۇلغان. ئىلىدا مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بىللە يەرلىك ھاكىمبەگلەرمۇ بار. كونا غۇلجا دەپ ئاتىلىدىغان مۇسۇلمانلار شەھىرىنى ھاكىمبەگلەر باشقۇرىدۇ. ئالتە شەھەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۆز ھا-كىمبەگلىرى بار. ئۇلارنىڭ بىرىگە ۋاڭلىق نامى بېرىلگەن. ئۇ ھاكىمبەگ ئەينى چاغدا مانجۇلارنىڭ جاھانگىر خوجىنى يوقى-تىشقا تۆھپە قوشقان ئىسھاق دېگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. تۇرغاۋۇت موڭغۇللىرىنى مانجۇ ئەمەلدارلىرى باشقۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ۋاڭ ئوتۇغاتىنى ئالغان قەبىلە باشلىقلىرى ۋە مۇستەقىل ئەل سوراش ھوقۇقىغا ئىگە قەبىلە باشلىقلىرىمۇ بار. ئىلى ئاھالى-لىرىدىن ئەسلىي بىر بولغان يەرلىك مۇسۇلمانلار، قەشقەرلىك-لەر، تارانچىلار، خەنزۇلار ۋە مانجۇ ئەمەلدارلىرى شەھەرلەردە تۇرىدۇ. شىبەلەر بىلەن سولۇنلار ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. چاخار موڭغۇللىرىدىن ئايرىلىپ چىققان قالماقلار سايرام كۆلى ئەترا-پىدا، ئويراتلاردىن ئايرىلىپ چىققان قەبىلىلەر بولسا تېكەس ئەتراپىدا ياشايدۇ. غۇلجىغا مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) ئاشۇ جۇڭ-

غارلار دەۋرىدە ئاشلىق تېرىتقۇزۇش ئۈچۈن كۆچۈپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ كونا غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شىبە ۋە سولۇنلار مانجۇرىيىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، سولۇنلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان خەلق. بۇ خەلقلەر مانجۇ خانلىقى بۇ يۇرتلارنى ئەل قىلغان چاغلاردا كۆچۈپ چىققان.

تارانچىلار ئالتە شەھەر تەرەپتىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن دېھقانلار، ئۇلار يەر تېرىپ ئەسكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن بېقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ھۆكۈمەت ئۇلارنى ساپان، بوقۇسا، ئۆكۈز قاتارلىق دېھقانچىلىق لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب. قالماقلار ھەربىيلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار بولۇپ، چېگرادا قاراۋۇلخانىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى باقىدۇ، ئىلىدىكى خەنزۇلارنىڭ بىر قىسمى سودا ـ سېتىق ئۈچۈن كەلگەن تىجارەتچىلەر، بىر قىسمى ۋاقىتلىق تۇرىدىغان ھۈنەرۋەنلەر، يەنە بىر قىسمى بىراقلا كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر ھېسابلىنىدۇ. بىراقلا كۆچۈپ كەلگەنلەر چەنپەنلەر دېيىلىدۇ، ئۇلار كەنتلەردە ئولتۇراقلىشىپ، كانلاردا ئىشلەيدۇ ياكى ھەر خىل ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن شەھەرلەردە ياشايدۇ. ئۇلار جاندىن تويغان بىر توپ سەرگەردانلار بولۇپ، دائىم جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن يىل قىشتا غۇلجىدا چەنپەنلەر توپلىشىپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، مانجۇلار بىلىپ قېلىپ، ئەسكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، 1000دىن ئوشۇق چەنپەننى قىرىپ تاشلاپتۇ. بۇ قىرغىنچىلىقتا ئۇلارنىڭ يېرىمى دارغا ئېسىلىپتۇ، بىر قىسمىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ، يەنە بىر قىسمى جەنۇبقا قاراپ قېچىپ قازاق دالاسى بىلەن چېگرالىنىدىغان قالقان تېغىغا قېچىپ بېرىۋاپتۇ. ئۇلار ھازىرمۇ شۇ يەردە مۆكۈپ يۈرگۈدەكمىش. بۇ ئەلدە يەنە خۇيخۇي دەيدىغان بىر مۇسۇلمان خەلق بار. ئۇلار بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇن خەنزۇ ئېلىگە كىرگەن تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى، ئۇلار ھازىر ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتقان بولۇپ، خەنزۇچە كىيىنىپ خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ، بىراق ئۆز

ئالدىغا مەسچىت سېلىپ، ناماز ئوقۇپ، دىنىي ئەھكاملار بويىچە ئىش قىلىدۇ، مەسچىتلىرىنى بۇتخانا شەكلىدە سالىدۇ ھەم مەسچىتنىڭ ۋىۋىسكىسىنى خەنزۇچە يېزىقتا يازىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئۆز موللىلىرى بار، ئۇلار خۇدانى ئاللاھ دېمەي «فۇيا» دەيدۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى «مەيمەيتى» دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگو تارىخىدا «خۇيخۇ، خۇيخۇر، خۇيخۇي» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ، كېيىن ئالتە شەھەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولۇپ شەكىللەنگەن بىر خەلق بار، شەرق مەنبەلىرىدە بۇ خەلقنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ، ھازىرقى ئالتە شەھەر خەلقىنى مانجۇلار چەنتۇ دەپ ئاتايدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى بېشىغا سەللە يۆگىۋالغانلار دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر دىيالېكتىدا (كىلاپروت دېگەن كىشى ئۇيغۇر دىئالېكتى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان) سۆزلىشىدۇ. بۇ تىل تۈركىي تىلنى ئاساس قىلغىنى بىلەن يەنە مەلۇم جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا موڭغۇلچە سۆزلەر كۆپ، تىبەتچە سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس، بۇ تىلنىڭ گىراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ۋە گەپ قىلغاندا مەلۇم بولىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىمۇ نۇرغۇن. ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنىڭ تىلى مۇشۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان ياشىغان دەۋرلەردىلا ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن مىللەت. ئۇلار مەدەنىيەتلىك مىللەت بولغاچقا، موڭغۇللار ئۇلارنى كاتىپلىق ۋە باشقا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ پايدىلانغان. مەن بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان قەدىمكى موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى قانچە ئىزدەپ باققان بولسامۇ تاپالمىدىم. مانجۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىماي «مۇسۇلمان» دەپلا ئاتايدۇ، ئەمما باشقا بىر قىسىم مىللەتلەرنى ئۆز مىللىتى نامىدا ئاتايدۇ. مانجۇلار ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنجانلىقلار دەپ

ئاتايدۇ. ئوسمان تۈركلىرىنى خۇنكار، رۇسلارنى ئۇلۇس، موڭغۇللارنى تويزى، قازاقلارنى خاساك، ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنى بۇرۇت دېگەندەك نامىلار بىلەن ئاتايدۇ ۋە قىرغىزلارنى بەدەۋىيلەر دەپ قاراپ ھېچقانداق ئېتىبار بەرمەيدۇ.

20 ـ ئاۋغۇست

بىر ئىشتىن تولىمۇ ھەيران قالدۇق. بۈگۈن چۈشلۈك تاماقىمىزغا قارا توخۇنىڭ گۆشىنى ئەكەلگەنىكەن، قارىساق توخۇنىڭ گۆشىمۇ، شورپىسىمۇ ھەتتا سۆڭەكلىرىمۇ قارا چىقىپتۇ. ئىۋان ئەلچى (كونسۇل) بىزگە قارا توخۇنىڭ گۆشىنىڭ قارا، قاتتىق ھەم تەمسىز بولىدىغانلىقىنى دېدى. خەنزۇلاردا ئۆي قۇشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يۇڭداپ بولغاندىن كېيىن ساتىدىغان ئادەت بار.

21 ـ ئاۋغۇست

خەنزۇلار ئېلىنى شەرقتە چىن دەپ ئاتايدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىغىچە بۇ ئەلدە چىن سۇلالىسى دېگەن بىر فېئوداللىق پادىشاھلىق قۇرۇلغان. بۇ سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى چىن شىخۇاڭ دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئوغلى تەختكە چىققاندا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىپ، چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان. خەنزۇلار ئۆز ئېلىدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنى قەبىلە نامىلىرى ۋە خاقانلارنىڭ نامىلىرى بىلەن ئاتىغىنىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ نامىنىمۇ سۇلالە نامىلىرى بىلەن ئاتىۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مانجۇلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «خەنزۇ» دەپ ئاتايدۇ. خەن دېگەن نام مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 25 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىككىنچى قېتىملىق سۇلالە — خەن سۇلالىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ سۇلالىنى خەن گاۋزۇ دەپ ئاتالغان ليۇ باڭ دېگەن كىشى قۇرغانىكەن. خەن — ساما يولى دېگەن سۆز. مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭگو (دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت، ئاسمان پادىشاھلىقى) دېگەن يەنە بىر نامى بار. بۇرۇنقى چىن سۇلالىسى يۇرت سوراشتا تەدبىرسىزلىك

قىلغاچقا، تېزلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، تارىختا يامان ئاتاققا قال-
غان. بىراق چىن شىخۇاڭ پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ
قارالغاچقا، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. ئادەتتە خەن-
زۇلار مانجۇلاردىن پەرقلەندۇرۇلۇپ مىن (يۇقرا) دەپ ئاتىلىدۇ.
مانجۇلار تۇغ دەپ ئاتىلىدۇ. مانجۇلارنىڭ ھەممىسى بىرقانچە
تۇغلارغا بۆلۈنگەن.

قەدىمكى زامانلاردىلا يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا خەنزۇلار-
غا تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن بۇ يۇرتنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمراز-
لىرى بولغان، بىرقانچە شەھەر دۆلەتلىرى قۇرۇلغان. بۇ خەلق-
لەرنىڭ كىم بولىدىغانلىقى ھەم قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقى
نامەلۇم، كېيىنكى زامانلاردا بۇ يەردىكى خەلقلەر تۈركىستاننى
مەركەز قىلغان سوغدىيانا دۆلىتىگە تەۋە بولغان. خەنزۇلار بۇ
يەردىكى بىر قەدىمىي شەھەرنى بېشى بالى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ
ئىسمىدىكى «بالى» دېگىنى «بەل، داۋان» دېگەنلىك بولىدۇ.
شۇڭا «بېشى بالى» دېگەنلىك «بەش بال، بەش داۋان» دېگەنلىك
بولىدۇ، دېگەن قاراشلارمۇ بار. ئالتە شەھەر دېگەن ئىسمىنىڭ
كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەنزۇ مەنبەلىرىدىن بىرنەرسىگە
ئېرىشكىلى بولمايدۇ. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى تۇجۆ (تۈرك)، رو-
رەن، ياۋچى دېگەنلەر زادى قانداق خەلقلەر؟ بەزى ئالىملارنىڭ
قارىشىچە قارا خىتايلار كىدانلارنىڭ ئەۋلادى، ئالتۇن خانلار
(جىن سۇلالىسى كىشىلىرى، بۇرفېلار) بولسا يۆجىلارنىڭ
ئەۋلادى دېيىلىدۇ. ئۇۋان ئىلئىچ بۆلارنى گېتلار، ماساگېتلار
دەپ قارايدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، مىلادىيىدىن ئىل-
گىرىكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە بىر خىل قەۋملەر تىلغا ئېلىنغان
بولۇپ، بۇ قەۋملەر نوغايلارغا ئىشلەپ بېرىدىغانلار ئىدى، دې-
يىلگەن. بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىيرەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش
ئۈچۈن ئىياكىنىف بىچۈرىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئا-
سىيا خەلقلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار» ناملىق كىتابىغا مۇرا-
جىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

22 ـ ئاۋغۇست

بۇ يۇرتتىكى نانلار بىزنىڭ نانلىرىمىزدىن ئاقراق كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ يەردىكىلەر بۇغداينى نەمدەپ بولغاندىن كېيىن ئۇن تارتىدۇ. ئەمما بۇنداق ئۇندا يېقىلغان نانلار ئاسان قۇرۇپ قېلىپ قېتىپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى خەنزۇ تۇگمەنلىرىگە ئات، قېچىرلار قوشۇلىدۇ. بەزىدە سۇ تۇگمەنلىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، ئەمما بىزلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ يەرنىڭ خامانلىرىمۇ باش-
قىچە، بۇ يەردىكىلەر خاماندا بۇغداي يۇمشىتىش ئۇچۇن ئۆكۈز ياكى ئات قوشۇلغان چوڭ تاشلارنى ماڭغۇزىدۇ. ئىچكى ئۆلكى-
لەردە دېنىنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۇچۇن، بۇغداينىڭ باشاقلى-
رىنى ئايرىپ قىرقىۋېلىپ، سامانلىرىنى كېيىن ئورۇپ يىغى-
ۋېلىپ، ئۇنى ئۆي سالغاندا ئۆگزىگە سالىدىكەن ياكى بورا، قال-
پاق دېگەن نەرسىلەرنى توقۇيدىكەن.

جۇڭگو (مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى) ئۆزىنىڭ مۇقىم بولمىغان جەمئىيەت ئەھۋالى، مەجۇسىيلىك ئاساسىدىكى پەلسەپىسى ۋە يەككە - يېگانىلىقى جەھەتتىمۇ، ئاجىزلىقى ۋە مۇداپىئە جە-
ھەتتىكى بوشاڭلىقى جەھەتتىمۇ قەدىمكى زاماندىكى ھالىدىن كېتىپ خاراب بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسىگە بارغانسېرى ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئەگەر سىز جۇڭگو تارىخىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بىلىپ باقسىڭىز، بۇنداق تارىختا بەدەۋىي-
لەر خەنزۇلارغا كۆپ قېتىم تەھدىت سالغان. بىراق خەنزۇلارغا تاقابىل تۇرالماي ئاجىزلارغا خاس چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ياتلارغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، سوۋغا - سالام تارتۇق قىلىپ، ئۇلاردىن ئىنساب تىلىگەن ھەم بۇ سوۋغا - سالاملارنى يات قەۋملەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياردەملىرىنىڭ ئەجىر ھەققى دەپ قاراپ كەلگەن. خۇددى قەدىمكى رىم پادىشاھلىرى يات قەۋملەرگە كېنەز نامىنى بەرگىنىدەك، جۇڭگو پادىشاھلىرىمۇ ئەتراپتىكى باشقا خەلقلەرگە ۋاڭ، گۇڭ ناملىرىنى تارتۇق قى-
لىپ، ئۇلارنىڭ ئابرۇيپەرەسلىك ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ پادىشاھلار سوۋغا - سالامغا قارىغان-
دىمۇ ئېغىرراق بىر خىل بەدەلنى تۆلەيدۇ. خۇددى تۈركىيە

سۇلتانلىرىنىڭ ئۆز قىزلىرىنى ئۆزى يېتىلەپ ئاپىرىپ يات قەۋملەرگە سوۋغا قىلغىنىغا ئوخشاش، جۇڭگو پادىشاھلىرىمۇ ئۆز مەلىكىلىرىنى ئەتراپتىكى يات مىللەتلەرگە ياتلىق قىلغان. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنقەرز بولۇپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. بۇ دۆلەتنى يات ئەللەر كۆپ قېتىم بېسىۋېلىپ، تالان ـ تاراج قىلىپ كەلگەن. ئەمما ھەر قېتىملىق قالايمىقانچىلىقتا پەقەت پادىشاھلا تەختـ ـتىن چۈشۈپ، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئەل بىر دۆلەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن. بۇ دۆلەتنى بېسىۋالغان يات خەلقلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاخىرىدا خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇنداقتا شۇنچە مەدەنىيەتلىك دەپ ئاتالغان رىم ئىمپېرىيىسى نېمە ئۈچۈن سىرتتىن بېسىپ كىرگەن ياتلارنى (ياۋايى خەلقلەرنى) مەدەنىـ ـيەت جەھەتتىن بېقىندۇرالمىغان. رىم ئىمپېرىيىسى قەدىمدە مۇنقەرز بولدى. بۇتپەرەسلىكنى يىلتىزىدىن يوق قىلىۋەتكەن خرىستىئانلار مۇنقەرز قىلىۋەتتى. رىملىقلار دىنسىزلار ئىدى. ئۇلارنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى (پەيغەمبەرلىرى)مۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى دۇنيادىكى بۇ قۇدرەتلىك ئەلنى يات خەلقلەر ئەمەس، بەلكى خرىستىئان دىنى مۇنقەرز قىلىۋەتتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. جۇڭگودا دىن ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندىكى نەرسە ئەمەس. ھەركىم خالىغان دىنغا كىرسە بولىۋېرىدۇ، شۇڭا سىرتتىن كىرگەن يات خەلقلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلماسلىقتا، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىشتا سەۋەب تاپالمايدۇ، يەنە كېلىپ خەنزۇلار ئۈستىدىن شىكايەت يۈرگۈزگەن يات خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ دىنغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدىغان خەلقلەر ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن گېرمان قەبىلىلىرى بولسا خرىستىئان دىنىنى يېڭىلا قوبۇل قىلغان بولغاچقا، دىنىي قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دىنسىز ھەم خۇدانىڭ ئاسىيسى ھېسابلىنىدىغان رىملىقلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن. شۇڭا خرىستىئان ئەقىدىلىرىگە پۇـ

تۇنلەي يات بولغان رىمدىكى مەجۇسىيلىك ۋە باشقا ئەقىدىلەر- نىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. رىم ئىمپې- رىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشىغا گېرمانلار سەۋەبچى بولغان بول- سا، كېيىن كرېست بايرىقى ئاستىدا جەم بولۇپ گۈللەنگەن گېرمانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە يەنە ئۆزلىرى ئاساسىي رول ئوينىدى. ئەگەر تارىختا خەنزۇلارنى مۇسۇلمانلار ياكى خرىستىـ- ئان دىنىدىكى خەلقلەر بويسۇندۇرغان بولسا، جۇڭگو بەلكى مۇنقەرز بولۇپ كەتكەن بولاتتى، ئۇ چاغدا جۇڭگودا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى پۈتۈنلەي يوقالغان بولاتتى ياكى باشقىچە بىر ئېتىقاد بايرىقى ئاستىدا خەنزۇلار قايتا يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تەرەققىي قىلار ئىدى.

23 - ئاۋغۇست

بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى ئېلىپ باردۇق. چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. بىز بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كەلگەن بەزى ئامباللار مۆگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. بىز تە- رەپنىڭ كونسۇلىدا بېيجىڭدا سىزىلغان مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسى بار ئىدى. بۇ ناھايىتى توغرا سىزىلغان بىر خەرىتە بولۇپ، خەرىتىدىكى چوڭ دەريالار قارا كۆك رەڭدە، كىچىك دەريالار يېشىل رەڭدە سىزىلغانىدى. تاغلارمۇ ئەگرى - بۈگرى بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنىدى. جۇڭگودىكى ئىككى مۇھىم دەريا ئاتالغان چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريالىرىمۇ ئېنىق كۆرسىد- تىلگەنىدى. كونسۇلدا يەنە شىنجاڭنىڭ يەنى جۇڭغارىيە، تاربا- غاتاي ۋە ئالتە شەھەرلەرنىڭ ئاتلىپسىمۇ بار ئىدى. خەرىتىدە جۇڭگونىڭ غەربىي چېگراسى بالقاش كۆلى بىلەن ئىسسىقكۆل- گىچە ئۇلاشتۇرۇپ سىزىلغان ھەم بالقاش كۆلى تۇمۇرتۇ نور، ئىسسىقكۆل تۇزكۆل، دەپ ئاتالغان. دېيۇس ئەپەندى جۇڭگو خەرىتىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ «جۇڭگو خەرىتىسى دەل سىزىلغان خەرىتە. ئەنگلىيە باشقۇرۇشىدىكى ھىندىستاننى ھې- سابقا ئالمىغاندا، باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ خەرىتىلىرى ئا-

رىسىدىن جۇڭگو خەرىتىلىرىدەك توغرا سىزىلغان خەرىتە يوق دېيەرلىك» دېگەنىدى.
بۇ يۇرتتىكى بۇددا دىنىنىڭ خۇتۇختا (لاما دىنىدىكى بىر دىنىي ئەمەل دەرىجىسى) دەرىجىلىك روھانىيسى خامبا دەپ ئاتىلىدۇ ۋە غۇلجىدىن 15 چاقىرىم نېرىدىكى بىر جايدا تۇرىدۇ. موڭغۇلىيە بىلەن تىبەتتە بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ سانىغا قاراپ قويۇلغان 72 دەك خۇتۇختا بار، ئۇلار دۇنياغا قايتا تۆرەلگەن مۇخلىسلار دەپ قارىلىدۇ. خۇتۇختا يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار بۇددانىڭ هۇزۇرىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر دېيىلىدۇ، خۇتۇختا بولغانلار نوم ئوقۇش ئۈچۈن تىبەتكە بارسا دالاي لاما ئۇلارنى ئالاهىدە كۈتۈۋالىدۇ.
25 ـ ئاۋغۇست
تۈنۈگۈن مەن غۇلجا شەهىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەلدىم. بۇ يەردىكى شەهەرلەرنىڭ هاۋاسى دىمىق بولغاچقا ئادەمنىڭ نەپسىنى قىساتتى. شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ يەنە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا زادى قانداق مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى، پىچان، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق شەهەرلەرنىڭ هەممىسى ئۆز ئالدىغا پادىشاهلىرى بار بولغان شەهەر دۆلەتلىرى ئىدى. خەنزۇ مەنبەلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ پادىشاهلىقلارنىڭ ئاهالىلىرى بۇددا ئەقىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان هەم بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن نۇرغۇنلىغان راهىبلار خوتەنگە كېلىپ بۇددا ئىلمى بىلەن پەلسەپىسىنى ئۆگىنىپ قايتقان. بەزى ئالىملار بۇ شەهەر دۆلەتلىرىنى هىندى نەسلىدىكى ئاهالىلەر بەرپا قىلغان هەم خوتەن دېگەن سۆز سانسكرىتچە قوستانا (يەر كىندىكى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. بۇ هۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ پىكىرلەرنىڭ خېلى جېنى باردەك قىلىدۇ. ئۆزئارا قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن تىبەتلەرنىڭ تۇران تەرەپلەرگە ئۆتۈپ بۇددا

دىنىنى تارقىتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ چىراي شەكلى ھىندى، پارسلارغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاجىكلارغا ئوخشايدۇ. تاجىكلار ئۆزلىرىنى ھازىر ياـ شاپ كېلىۋاتقان جايلاردا قەدىمكى زامانلاردىلا يەنى تۈركلەر كېـ لىشتىن بۇرۇنلا ياشاپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. قارامتۇل، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ۋىجىكرەك كەلگەن ئالتە شەھەرلىكلەر تۈرك ۋە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر 11 ـ ئەسىرـ لەردە شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىگە ئايلىنىپ بولغان ئۇيـ غۇرلارنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دېيىشىدۇ. ئەينى چاغدا ماۋەراـ ئۇننەھىرگە كەلگەن موڭغۇللار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ موڭغۇل ئىرقىغا خاس چىراي شەكىللىرى ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دېسەك، ئۇ ھالدا ئۇلار ئاسانلا ئۆزگىرىپ ھازىرقىدەك باشقىچە بىر ئىرقتىكى مىللەتكە ئۆزگىرىپ قالاتتىمۇ؟ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، پۈتكۈل ئالتە شەھەر خەلقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ (تاجىكلاردىن باشقا). شۇڭا «بۇ مەسىلىلەرنىڭ تېگىگە يېتىش ناھايىتى تەس» دېگەن گەپ. «گۇچجۇرۇ ـ داچجۇرۇ» دەپ ئاتىلـ ىدىغان بىر بۇددا دىنى قامۇسى بولۇپ، ئۇ 520 جىلدتىن تۈـ زۈلگەن. قامۇستىكى ئېلىپبەلىك مۇندەرىجىمۇ 20 جىلد كېـ لىدۇ. بۇنداق كىتابلار ھەرقانداق بىر لاما ئىبادەتخانىلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر موڭغۇللار يايلاق ئالمىشىپ كۆچۈشكە توغرا كەلسە، پەقەت مۇشۇ قامۇسنى يۆتكەش ئۇچۇنمۇ 52 تۆـ گىگە ئارتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قامۇس كىتاب بارلىق دىنىي ئەھكاملار، ئەقىدىلەر، پەلسەپە، تارىخ، تىل بىلىملىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنە ئۇنىڭدا سانسكرىتچە لۇغەتمۇ بار دېـ يىلىدۇ. مانجۇ پادىشاھى بۇ قامۇسنىڭ چىرايلىق تۈپلەنگەن بىر نۇسخىسىنى رۇسىيە ۋەكىللىرىگە سوۋغا قىلغانمىش. قالـ غان بىر قىسمى ھازىر رۇسىيىگە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن.

30 ـ ئاۋغۇست

تۈنۈگۈن بىز خېلى داغدۇغىلىق بىر مەرىكە ئۆتكۈزۈپ كونسۇلىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىدۇق. بۇ مەرىكىمىز زېرىكىشلىك تۇرمۇشىمىزغا خۇشاللىق ئەكېلىپ ھەممەيلەننى شادلاندۇردى. مەرىكىدە خەنزۇلارنىڭ پوجاڭزىلىرىنى ئاتتۇق ۋە باشقا قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئوينىدۇق.

3 ـ سېنتەبىر

بۈگۈن مانجۇلار ۋە خەنزۇلار ئۈچۈنمۇ بىرەر خۇشاللىق كۈن بولغاندەك قىلاتتى. سېپىل ئىچىدىن چىققان بۇرغا ئاۋازى بىلەن توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى كېچىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. پوجاڭزىلار ئېتىلىپ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتتى. فۇشەنلۇن ئىسىملىك بىر سودىگەر ئاغىنەم ماڭا ياخشىلىق بەلگىسى سېلىپ پىشۇرۇلغان ئاي توقاچتىن ئەكېلىپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تەمىنى تېتىپ باقاي دەپ بىر تالنى ئاغزىمغا ئېلىۋىدىم، چوشقا يېغىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ چىقىپ تۇرغاچقا سەسكىنىپ كەتتىم.

4 ـ سېنتەبىر

بۈگۈن مانجۇلار دەريا بويىدا ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى. قولدايلار ئۆزلىرىنىڭ چېكىملىككىلىرىنى چەككەچ چېدىرلاردا كۆزەتمەكتە، ئەسكەرلەر ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئوقلىرى پەقەت زايا بولماي نىشانغا تەگمەكتە، ئۇلار ئوقيا ئېتىشقا كارامەت ئۇستا ئىدى. ئەمما توپ ئېتىشقا نابابراق ئىدى. قولداي دېگىنىمىز شتاب ئوفىتسېرى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، پەقەت تەتقىقاتچىلارلا بىلىدىكەن. بۇ يەن سۇلالىسىدە ئىشلىتىلگەن سۆز بولۇپ، رۇس شەجەرىلىرىدىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئىلىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى خىزمەت نامى ياكى نام ئاتىقى بىلەن ئاتىلىدۇ. گېنېرالنى ئامبال ياكى دارىن دەيدۇ، ئامبال دېگىنى مانجۇچە، دارىن دېگىنى خەنزۇچە بولۇپ، ھەر ئىككىسى چوڭ ئادەم دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى رۇسلارنىڭ ۋېلموژا (ئۇلۇغ) دېگەن سۆزى بىلەن مەنىداش. يەنە چوڭراق ئوفىتسېرلار لويې دەپ ئا-

تىلىدۇ. ھەر خىل ئەمەلدارلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپى (فامىلىسى)دىن كېيىن، بۇ ناملىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، تۇ دارىن، كا دارىن، سا قولداي، كا قولداي، بۇ قولداي دېگەندەك.

بۇ ئەلدە رۇسلاردىكى «ئۇرا» دېگەن ئالقىش سۆزىنى خۇەندۇ (欢度) دەيدۇ ياكى «ۋەنسۈي» (تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا) دەپمۇ ئاتايدۇ. جۇڭگودا نۇرغۇن نەرسىلەر كەم بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار. جۇڭگولۇقلار ئەمگەكچان، ئۆزىنى پەس كۆرمەيدىغان، راستچىل بولۇشتەك كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مىجەزگە ئىگە. جۇڭگودا بىرەر سۇلالە ئالماشسا، كېيىنكى سۇلالە كىشىلىرى جەم بولۇپ ئالدىنقى سۇلالىنىڭ تارىخىنى يازىدۇ، يازغاندىمۇ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ يازىدۇ. سوت ئىشلىرىنى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆزى ئېلىپ بارىدۇ. جۇڭگودا گۇناھكار دەپ قارالغانلار ئىقرار قىلمىغۇچە سوت قىلىش ئاخىرلاشمايدۇ.

6 ـ سېنتەبىر

بۈگۈن باغلارنى ئارىلاپ سەيلە قىلدۇق. غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر شەھەر ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. بىراق بۇ شەھەرنىڭ ساربۇلاق دەرياسىنىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىغا جايلاشقانلىقىنى بىلمەيدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا تۆت چاقىرىم كېلىدۇ. شەھەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك زېمىنى قۇم تۇپراق، قىيالىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر ماتېرىيالىدا، بىر تاتارنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، غۇلجىنىڭ ئۆيلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تاملار بىلەن قورشالغان ياغاچ ئۆيلەر، دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇ شەھەردە ياغاچ ئۆيلەر يوق ھەم بىر قىسىم بامبۇك كەپىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياغاچ ئۆيلەر توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. غۇلجىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى قومۇش ياكى سامانلار بىلەن يېپىلىپ، ئۈستى لاي بىلەن سۇۋاپ ئىش-

لىنىدۇ. پەقەت چوڭراق ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۇستىلا كاھىش بىلەن يېپىلىدۇ.

غۇلجىدا 70 مىڭچە ئادەم بار دېيىلىدۇ. شەھەر سىرتىدى- كىلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. شۇڭا غۇلجىدىكى قەبرىلەرنىڭ سانى ئۆينىڭ سانىدىن كۆپ بولسا كۆپكى ھەرگىز ئاز ئەمەس. شە- ھەردە 8000 چە ئەسكەر بار.

8 - سېنتەبىر

خەنزۇلار بىزگە نەرسە - كېرەكلەرنى ساتماقچى بولسا ماختاپ كۆپتۈرۈپ، ھەتتا بۇ پادىشاھىمىز ياقتۇرىدىغان نەرسە، دەپ ساتىدۇ. ئۇلار بىزنى ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان بەدەۋىلەر دەپ قارىغاچقا، بىزنى پادىشاھقا ئىخلاس قىلمايدىغانلار، دەپ كەم- سىتىدۇ. ئۇلار بىر چىنە ساتماقچى بولسىمۇ، بىزگە بۇنى ئاپې- رىپ رۇس پادىشاھىغا سوۋغا قىلغايسىلەر، دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

10 - سېنتەبىر

بىز بۇگۇن كۆڭۈل ئېچىپ كېلەيلى دەپ شەھەر سىرتىدى- كى باغلارنى چۆرگىلەپ كەلدۇق. غۇلجا شەھىرىنىڭ پەيزىنى ئىلى دەريا بويىدا ئەمەس، بەلكى ساربۇلاق دەرياسىنىڭ بويىدا سۈرگىلى بولىدۇ.

12 - سېنتەبىر

بۇگۇن سودىگەر ئاغىنىمىز فۇ شەنلۇن بىزنى ئۆيىگە تەك- لىپ قىلدى.

13 - سېنتەبىر

بۇگۇن سودا بازىرىمىزدىكى ھەممە ئادەملىرىمىزنى بىللە ئېلىپ ئىلى دەرياسى بويىغا باردۇق. چۈنكى بىز بۇ يەردە مال- لىرىمىزنى يەرمەنكە قىلىپ ساتاتتۇق. بىز دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ساپ مۇھىتتىن ياخشى ھاۋالىنىپ كەلدۇق. يەرمەنكىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قاتتىق بوران چىقىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ كۈز پەسلى يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ يەرنىڭ ياز پەسلى ئىسسىق بولغىنى بىلەن قىش پەسلىدە

بىز تەرەپتىكىدەك قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ. قاتتىق سوغۇق بولغاندىمۇ نۆلدىن تۆۋەن 15 گرادۇستىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

15 ـ سىنتەبىر

بۈرۈن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار جۇڭگونىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ياۋروپا ئەللىرىنى ئۈلگە قىلىپ تەشكىللەنگەن، ئۇلاردىمۇ تەپتىش ئورۇنلىرى بار، سوت ئورۇنلىرىمۇ ئاجايىپ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمما بۇ قاراشلارغا قارىغاندا، سىنكوۋسكىي ئەپەندىنىڭ جۇڭگولۇقلارمۇ پارسلار ۋە تۈركلەرگە ئوخشاشلا ئاسىيالىقلار، شۇڭا ئۇلاردا تەپتىش، سوت ئورگانلىرى بار دېيىلگەندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىلا بولۇشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن قارىشى خېلى ئاقىلانە قاراشتەك قىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچىمۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى باشقا ئاسىيا ئەللىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ يۇرتتىكى جاڭجۇنمۇ بىزنىڭ قەدىمكى زاكۇن تايىقى تۇتقان پادىشاھلىرىمىزدىن قېلىشمايدۇ. جياڭجۇننىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى پۈتۈنلەي خەلق كۆتۈرىدۇ. قاسساپلار ئۇنىڭغا گۆش ئەكېلىپ بېرىدۇ، تىككۈچىلەر كىيىم تىكىدۇ، ئۇستىلار ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، باج ـ سېلىق، خىيانەتچىلىك ئەدەپ كەتكەن. پارىخورلۇقتا بۇ ئامباللار ئىران شاھىدىن ئېشىپ چۈشكەن. مەن ئامباللارنىڭ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەنمۇ كۆرۈپ باقتىم. بىر قېتىم مېنىڭ ئېتىم سۇغارغىلى ئاپارغان يەردىن قېچىپ كېتىپ، مانجۇلارنىڭ ئاتلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. كېيىن ئات باشقىلارغا سېتىۋېتىلىپتۇ. ئەرز قىلغانىدۇق، ئامباللار ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋېلىشتى، بۇ ئىشنى بىلىدىغان خەنزۇلار قورقۇپ ئاغزىنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى، ئامباللار ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى. قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ ـ دە! مەن كاتتا ئابرۇيلۇق كىشىلەر مېھمانلارغا خىيانەت قىلمايدۇ، دەپمۇ باقتىم. مانجۇلارنىڭ يوقالغان نەرسىنى تامبالنىڭ ئىچىگە تىقىۋالساڭمۇ تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن ما-

قالىنى، موڭغۇللارنىڭ بىر تۆگىنىڭ سۈيدۈكىگە مىڭ تۆگە تېيىلىپ كېتىدۇ، دېگەندەك ماقاللىرىنى ئىشلىتىپمۇ باقتىم، بىراق بۇ گەپلەر كار قىلمىدى.

ھەرقانداق ئېسىل ئادەمنىڭمۇ ناچار ئىللەتلىرى بولغانغا ئوخشاش، جۇڭگولۇقلاردىمۇ بۇزۇقچىلىق ئىشلىرى قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن، شەھەرلەردە ئادەمنى يولدىن چىقىرىدىغان سەتەڭلەر مىغىلداپ يۈرۈشىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بېيجىڭغا يېقىن بىر كىچىك شەھەرنىڭ بازىرىغا شۇنداق سەتەڭدىن ھەر يىللىق يەرمەنكىدە 700 سەتەڭ يىغىلارمىش. خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان ئادەمگە مەخسۇس سېلىنغان سەتەڭلەر سارىيىدىن 10 چاقىرىمدا بىرى ئۇچراپ تۇرارمىش.

29 ـ سېنتەبىر

15 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ ھاۋا سوۋۇپ، غەربىي جەنۇبتىن توختىماي شامال چىقىپ، كۈز پەسلىنىڭ ئالامەتلىرى رەسمىي كۆرۈلۈشكە باشلىدى. كېچىسى چىققان قاتتىق بورانىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى دەستىدىن تۈزۈك ئۇخلىيالمىدۇق. غۇلجا ئەتراپىدىكى تاغلارغا قار چۈشۈپ، بارلىق يېشىللىق قار ئاستىدا قالغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە غۇلجىغا يېڭى كەلگەن كىشىلەر بەزگەككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇۋاتاتتى. مېنىڭمۇ شۇنداق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىمغا بىر ھەپتە بولغانىدى. بۇ جەرياندا بىز ئىلى ۋە ساربۇلاق دەريالىرىنىڭ بويىغا بىر قېتىمدىن بېرىپ كەلگىنىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچ يەرگە بارمىدۇق. ئۇ يەرلەردە ياۋا ئۆردەكلەر بىلەن قىرغاۋۇل كۆپ بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى ئوۋ ئوۋلىشىمىزنىڭ تايىنى بولمىدى. ساربۇلاق دەرياسى قۇندۇزلارنىڭ ماكانى ئىكەن، مەن قۇندۇزلارنىڭ خۇددى چوشقا كۈچۈكلىرىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان باشلىرىنى سۇدىن چىقىرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

تۈنۈگۈن غۇلجىغا قىزاي قەبىلىسىدىكى قازاقلار كېلىپ سودا چېدىرلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۆز چېدىرلىرىنى تىكىشتى. بۇ

كۆنلەردە ماۋەرائۈننەھىر ئەللىرىدىن سودا قىلغىلى كەلگەن سودىگەرلەر چېدىرلىرىنى تىككەنىدى. بۇلار سودا چېدىرلىرى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ چېدىرلارنىڭ ئىچىدىكى ماللارنىڭ خىلمۇ خىللىقى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ سىرلىق خەزىنىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇ يەردىكى ئالتۇن پۇل ئېلىپ يۈرىدىغان سودىگەرلەر، مانجۇلار ئۈچۈن پايلاقچىلىق قىلىدىغانلار ھەم شۇ جەرياندا ئېپىنى تاپسا ئات ئوغرىلاپ كېتىدىغان كەسپىي ئوغرىلار، ئىشقىلىپ ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. قىزايلار كىگىز دېگەندەك نەرسىلەرنى مۇشۇ بازاردا جۇڭگو ماللىرىغا ئالماشتۇراتتى. ئۇلار مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ئولپان تاپشۇرىدىغان بولسا كېرەك، مانجۇلار قىزايلار ئەكەلگەن قويلار ئاردىسىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېلىۋالاتتى. مانجۇ خانلىقىغا بېقىندى بوپقالغان بۇ بىچارە قەۋملەر ھەربىر ئۆتەڭدە بىر قوي سوۋغا بېرىپ كەلدۇق، دەپ چۇرقىرىشىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

8 ـ ئۆكتەبىر

بىز ئۈزۈندىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان نەرسە ـــ مەنچىڭ دۆلىتىنىڭ بىزگە تەييار قىلىپ بېرىدىغان ھۆججىتى ئاخىرى پۈتۈپ چىقتى. گەرچە بۇ ھۆججەت (كېلىشىم) 11 گەز كەلگۈدەك قەغەزگە يېزىلىپ 23 يېرىگە تامغا بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنى خۇشال قىلغۇدەك مەزمۇنلار يوق ئىدى. جۇڭگو قائىدىلىرى ياۋروپانىڭكىگە ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرىمۇ باشقىچە ئىدى...

10 ـ ئۆكتەبىر

بۈگۈن مالغا نەرسە ـ كېرەك ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئالبان قازاقلىرى كەلدى. ئۇلار 15 مالغا بىر مالنى ئايرىپ ھۆكۈمەت تەرەپكە سېلىق ھېسابىدا تاپشۇرغاندىن كېيىن، قالغان ماللارنى قەشقەر ماتالىرىغا تېگىشتى، ئاندىن بىز تەرەپكە كېلىپ بىزدىن چاي ئالغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى.

12 ـ ئۆكتەبىر

بۈگۈن ئىشىم ئوڭغا تارتىپ خېلى ئوبدان نەرسىلەرنى سېتىۋالدىم. بۇلار: يەكەندىن چىققان تاغ قاشتېشى، خوتەن دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشى، كېرىيە تەرەپلەردىن تېپىلىدىغان ئالتۇنغا ئوخشايدىغان ئېسىل مەدەن، يەكەندىكى تادىر تاغلىرىدىن يەنى تىبەت يولىدىن چىققان ساپ گۆڭگۈرت پارچىسى، يەكەننىڭ جىگدە يىلىمى دېگەندەك ئەتىۋارلىق نەرسىلەر ئىدى. قاشتېشى پەقەت ئالتە شەھەردىنلا تېپىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدىن چىقمۇەرمەيدۇ ھەم بۇ نەرسە جۇڭگودا ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ. ھۆكۈمەت يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن شەخسلەرنىڭ قاشتېشى ئىزدىشىنى چەكلەيدۇ. دەريادىن تېپىلغان قاشتاشلىرىنى خەزىنىگە ئېلىۋالىدۇ. بۇ ئىشقا ئامباللار نازارەتچىلىك قىلىدۇ. يەكەن شەھىرىدىن 230 لى (576 مېتىر) كېلىدىغان مىرجاي تېغىدا خىلمۇخىل مەدەن تاشلار چىقىدۇ. ئۇ يەردىكى ئادەملەر بۇ تاشلارنى پۈتۈن پېتى قېزىۋېلىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. خوتەندە قاشتېشى خوتەن دەرياسىدىن تېپىلىدۇ. كۇچادىن گۆڭگۈرت، نۆشۈدۈر دېگەنلەر چىقىدۇ. كۇچادا يەنە سېلىترامۇ بار. 1786 ـ يىلىدىكى مانجۇ خانى چىقارغان پەرمان بويىچە ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاندىن تاغ گۆڭگۈرتى يۆتكەلگەن. يەكەن تەرەپتىن ھەر يىلى مانجۇ خان ئوردىسىغا نۇرغۇن مىقداردا قاشتېشى ئەۋەتىلگەندىن سىرت يەنە 10 مىڭ گىنا (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى) قاشتېشى ئەۋەتىلىدۇ. يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدىن ئېلىنىپ ئوردىغا ئەۋەتىلگەن قاشتاشلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنىمۇ ئالغىلى بولمايدۇ. شەخسلەرنىڭ مەدەن تاشلارنى ئېلىپ ـ سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

بىر خەنزۇ سەيياھنىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن بىر كىتابى بولۇپ، بۇ كىتابنى ن. يا. بىچۇرىن ئەپەندى «جۇڭغارىيە ۋە تۈركىستان» دېگەن نام بىلەن تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى سۆز ئىشلىتىشكە دېگەن-

دەك ئۇستا بولمىسىمۇ، بىراق ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ خۇي ـ
پەيلىنى خېلى توغرا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:
«ئالتە شەھەرلىكلەر ئىلگىرىدىن تارتىپ گۇمانخور خەلق بو-
لۇپ، ھەممە گەپكە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۆز-
لىرىمۇ يالغاننى قوشۇپ سۆزلەشكە ئامراق. سەن ئۇلارغا يۇم-
شاقلىق قىلساڭ، سېنى بىزدىن قورقتى دەپ قارايدۇ، قاتتىق-
لىق قىلساڭ ياۋاشلاپ تۈگىشىپ كېتىدۇ. بۇ خەلقنىڭ دۆلەت-
مەنلىرى ئۆزئىشلىرىغا پىششىق بولۇپ، قول ئاستىدىكى بىچا-
رە قېرىنداشلىرىنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمايدۇ. نامرات، ئا-
جىز بىچارىلەرنى بوزەك قىلىدۇ. يۇرت چوڭلىرى بىر ـ بىرى
بىلەن چىقىشالمايدۇ. بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىپ، سېسىتىپ،
ئەڭ ئاخىرىدا يۇرتنى ئايىغى ئۇزۇلمەس تەپرىقىچىلىككە دۇچار
قىلىدۇ». «ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرى بەزىدە بۇد-
دىستلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇددا ئىلمىدىمۇ ئەقىللىك
كىشىلەر سېزىپ يېتەلەيدىغان ئەۋزەل قاراشلار بار ئىدى.
بىراق ئالتە شەھەردىكى ئاخۇنلار شۇ قەدەر نادان بولۇپ، ئادەم-
نى سۆيۈندۈرىدىغان ئىلغار قاراشلىق بىرەر ئۆلىمانى تاپماق
تەس. ئۇ يەردىكى ئاخۇنلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇلارنىڭ بىر
قىسىم نەپسانىيەتچى بۇددىستلىرىدەك بوزەك خەلقنى ئالداپ،
ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئازغىنە تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى ئېلىۋې-
لىشنى كۆزلەپلا يۈرۈشىدۇ. بۇ يۇرتلاردا سوپا ـ ئىشان، دەر-
ۋىشلەر بىلەن لامالارنىڭ ئىناۋەت تېپىپ كېتىشى كىشىنى تو-
لىمۇ ئېچىندۇرىدۇ».

ئاقسۇلۇقلار باغرى يۇمشاق، مۇلايىم خەلق. ئەمما ئۇلارمۇ
باشقا ئالتە شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش ئۆزئارا دەتالاشلارغا ھې-
رىسمەن كېلىدۇ. يەكەنلىكلەر ئەزەلدىن ياۋاش ـ يۇمشاق ۋە
مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ئىتائەتمەن خەلقتۇر. بىراق توي ـ تۆكۈن،
ئويۇن ـ تاماشا دېسە ياۋاشلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ جې-
نىنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايال خەقلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا
ئۇستا ھەم شوخلۇقتا تەڭداشسىزدۇر. ئۇلارنىڭ دارۋازلىقىنى

كۆرسىتىمىز تېخىمۇ ھەيران قالىمىز. يەكەنلىكلەر ھاۋايى ـ ھەۋەسى كۈچلۈك، بايلىرى نامراتلىرىغا شەپقەت قىلمايدىغان بىر قەۋم. خوتەنلىكلەر چىرايلىق، ئىنساب ـ ديانەتلىك، ئىشچان ۋە راستچىل خەلق. ئۇلار تېرىقچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا پىششىق كېلىدۇ. قەشقەردىكى ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ئايالLARنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ».

يۇقىرىقى كىتابتا يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، قەدىمدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاپ قالىدىغانلىقى، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ دالادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسى كۈچلۈك كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. بۇ تەرجىمە كىتابىدا يەنە قەشقەرلىكلەر ھىيلە ـ مىكىرگە ئۇستا خەلق. خوتەنلىكلەر ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق ھەم توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خوتەنلىكلەرنىڭ قەدىمدە پىلە قۇرتى بېقىشنى قانداق ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ بار، دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، خوتەن پادىشاھى باشقا بىر ئەلنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپتىمىش، مەلىكە پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆز ئېلىدىن بىر تال پىلە قۇرتىنى چېچىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ ئالغاچ كەلگەنمىش.

غەربىي يۇرتنىڭ قىزلىرى ئەزەلدىن ناخشا ـ ئۇسسۇلدا كامالەتكە يەتكەن بولغاچقا، ئۇلار قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھلىرىغىمۇ ياراپ قالغانىكەن. ئۇيغۇرلارنى كېيىنكى زاماندىكى خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھەقىقىي چەۋەندازلار دېيىشكە بولىدۇ. 757 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىدە ئەن لۇشەن ئىسىملىك بىر لەشكەر بېشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ خانى مويۇنچۇر تاڭ پادىشاھىغا ياردەملىشىپ، قوشۇن تارتىپ بارغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى گو زىيى بىلەن فېڭشياڭ دېگەن جايدا ئۇچراشقاندا، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تېرىسىدىن ياسالغان بايرىقىغا تەزىم قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى

ھەربىي يۇرۇشكە 4000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، تاڭ شاھزادىسىگە ئىلتىپات كۆرسەتكەن. شۇ يىلى توپىلاڭچىلار تىنچىتىلغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ئۆز ئىتتىپاقدىشى بولغان تاڭ ئېلىنى بۇلاپ ـ تالىغان. تاڭ ئوردىسىنىڭ خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويغان. تاڭ شاھزادىسى ئۇيغۇرلارنى توسۇۋالالمىغان، ئاھالىلەر 10 مىڭ توپ شايى يىغىش قىلىپ، ئۇيغۇر ئەسكەر-لەرگە تارتۇق قىلغان. 758 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى ئەرەب ئەلچىسى بىلەن ئۇستۇنلۇك تالاشقان. ئىككى ئەلچى ئوردىغا كىرىشتىمۇ ئىككى ئىشىكتىن كىرگەن. ئۇيغۇر ئەلچىسى ئۆز ئېلىگە قايتىدىغان چاغدا تاڭ پادىشاھى ئۆز قىزى نىڭگو مەلىكىنى ئۇيغۇر خاقانىغا خوتۇن-لۇققا بېرىپ ئەلچىگە قوشۇپ قويغان. پادىشاھ قىزىنى شىيەنيەن دېگەن يەرگىچە ئۇزىتىپ قويغان. ئۇيغۇر خاقانى مەلىكە بىلەن بىللە كەلگەن يۇۋاڭ (پادىشاھنىڭ تۇغقىنى)نى بېشىغا قالپاق، ئۇچىسىغا قىزىل تون كىيگەن ھالدا كىگىز ئۆيدە قوبۇل قىلـ-غان. ئۇيغۇر خاقانى ئاسىيلارنى تازىلاش ئۈچۈن 3000 كىشى-لىك قوشۇن چىقارغان. ئەمما بۇ قوشۇن يېڭىلىپ قالغان، خا-قان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار خانىشنىمۇ بىللە تىرىك كۆمـ-مەكچى بولغان، ئەمما خانىش بىز خەنزۇلاردا بۇنداق ئادەت يوق، دەپ نالە قىلغان. ئۇيغۇر خاقانى ئىدىكەن دەۋرىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىگە يۇرۇش قىلىپ، تالان ـ تاراج قىلغان دېيىلىدۇ. ئىدىكەن خاقان «دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن» دەپ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش بولۇپ، ئۆزى جەڭگە چىققان. ئۇيغۇر خانلىقىدا تۇرۇۋاتقان يۇۋاڭنى قوغلىـ-ۋەتكەن. يۇۋاڭنىڭ ئىككى ئادىمىنى 100 كالتەكتىن ئۇرغۇزۇپ ئۆلتۇرۇۋەتكەن. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ئاستانى-سىنى بېسىۋېلىپ، 10 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئۆلتۇرگەن. كىـ-يىم ـ كېچەكسىز قالغان ئاھالە قەغەزلەرنى يېپىنچاقلىۋالغان.

قىرغىزلاردىن جۇڭگو تەرەپكە ئۆتكەنلىرى ئۇلارنىڭ كېرەي قەبىلىسى، ئۇلار ماناس شەھىرىگە يېقىن بولغان قۇبدو دېگەن

يەرلەرگىچە بىرىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدۇ ھەم ئۇلار تۇرغاۋۇتلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە باشقۇرۇلىدۇ. قازاق كىرەيلە-رىنىڭ قەبىلە كېڭىشىگە قاتنىشىپ تۇرىدۇ.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ سودا چېدىرلىرىغا كەلگەن قوۋملەر ئۆزلىرى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى 14 ـ ئۆكتەبىرگىچە چايغا ئالماشتۇرۇپ بولۇشتى. ئۇلار 50 سوملۇق چايدىن 95 تاختا چاينى تېگىشىۋالدى. قەشقەرلىكلەر يۇڭ يىپ دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆپرەك ئالدى. غۇلجا (كىچىك قۇم) بىلەن قۇم ئارىلىقىدا مانجۇ قوشۇنلىرى ۋە ئىككى تۇڭگان كەنتى جايلاشقان، داغۇرلار بىلەن سولۇنلارنىڭ تۆت كەنتى بار. شىبەلەر ئىلى دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆت شەھەرگە ئورۇنلاشقان. قۇمنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۆت شەھەرنىڭ يېرىمىدا شىبە، سولۇنلار بار. تارانچىلار تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ ئىككى تارمىقى ساربۇلاقتا، ئۈچ تارمىقى ئاقسۇ، چوڭ ـ كىچىك قورغاسلار، چىج، توشقان، بارخانسۇ، يەركەنت دېگەن جايلارغا تارقىلىپ ماكانلاشقان.

ئۆسەك دەرياسى ئىككى تارماق ئېقىنغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى يەركەنتسۇ، يەنە بىرى تۇرگەنسۇ. ئۆسەك دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى قۇمۇشلۇق ۋە دەل ـ دەرەخسىز جايلار بولۇپ، پەقەت چۆل ئۆسۈملۈكلىرىلا ئۆسىدۇ. بۇ يەرلەر قازاقلارنىڭ ئالبان قەبىلىسىنىڭ قىشلاقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 1986 ـ يىلىدىكى قازاقچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **مەتىمىن ئۆمەر**

## «ئالته شەھەر تارىخى»دىن بىر پارچە

### شاھ مەھمۇد جوراس

ئېركە بەگ خاننىڭ ئەمرى بىلەن مۇھەممەد بىننى فازىل ئىسىملىك بىر زات ئالتە شەھەرگە ئاتاپ مەخسۇس بىر تارىخ كىتاب يازغانىكەن. مۇئەررىخ ھەزرەتلىرى ئۆزى تۈرك بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر كىتابنى پارس تىلىدا يېزىپتۇ. كىتاب بۈگۈنگە قەدەر نەشر قىلىنماپتۇ. مىرزا مەھمۇد ھەزرەتلىرىنىڭ كىملىكى ۋە كىتابنىڭ قايسى زاماندا يېزىلغانلىقى بىزگە ئېنىق مەلۇم بولمىدى. ھەر ھالدا ئەسەر مۇھىمدۇر. تارىخ ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىمىز تۈپەيلى بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىساقمۇ، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىگە بىنائەن «بۇنىڭدىن كېيىن تارىخ يازغۇچىلارغا بىر پارچە ماتېرىيال بولۇپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە بىز بۇ كىتابنى تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ «شۇرا» ئىدارىسىگە سۇندۇق، مۇۋاپىق كۆرۈلسە نەشر قىلىنار.

### نوشىرۋان يائۇشېف

مۇئەررىخ ھەزرەتلىرى مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: كېمىچىلىك ئىشىنى بىلمەي تۇرۇپ چوڭ بىر كېمىگە كېمىچى بولۇپ، چوڭقۇر دەرياغا چۈشتۈم، يەنى جانابىي ئالىي ئەمىر ئېركە بەگنىڭ ئېھتىمامى بىلەن ئۇشبۇ كىتابنى يازماقچى بولدۇم. يۇنۇس خاندىن باشلاپ بۇ زامانغا قەدەر بولغان ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ مۇھىم تارىخلىرىنى بايان قىلماقچىمەن.

# يۇنۇس خان[1]

ئىشەنچلىك راۋىيلىرىمىزنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇۋەيس[2] خاندىن يۇنۇس ۋە ئىسەن بۇغا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل قالدى. چوڭ ئوغلى يۇنۇس ئاتىسى ۋاپات بولغاندا 12 ياشتا ئىدى. ئۇۋەيس خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ـ ئەمىرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئىرازان بايرىن ۋە مىرەك تۈركمەن ئەمىر مۇھەممەد شاھدىن باش تارتىپ، يۇنۇس خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئەمىرلەرنىڭ كۆپرەكى ئىسەن بۇغا تەرەپتە ئىدى. ئىرازان بىلەن مىرەك 30 مىڭ موغۇل بىلەن يۇنۇسنى بىرگە ئېلىپ موغۇلىستاندىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، سەمەرقەنت تەرەپكە يول ئالدى. بۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى مەشھۇر ئۇلۇغبەگ ئاڭلاپ ئالدىغا چىقتى، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مېھمانلارنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ئۇلۇغبەگنىڭ ئىشارىسى بىلەن توپ ـ توپ بولۇپ بۆلۈنۈپ قەلئەنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكە باشلىدى. مېھمان بولۇش، راھەتلىنىش ئۈمىدى بىلەن كىرگەن بۇ ساددا مېھمانلارنىڭ باشلىقلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قول ئاستىدىكىلىرى ئەسىر قىلىنىشقا باشلىدى. مال ـ بىساتلىرى تارتىۋېلىندى. بۇ ئىشتىن تاشقىرىدىكىلەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار بەخىرامان ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى، لېكىن بىر كىرگەن كىشى قايتىپ چىقمايتتى.

شۇ تەرىقىدە ئىش تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبەگ جانابلىرى ئۇرۇشماي ئالغان بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئاتىسى شاھرۇخ خانغا بەردى[3]. يۇنۇسمۇ شاھرۇخقا تاپشۇرۇلغاندى. شاھرۇخ «خاتا ئىش قىلىپسەن» دەپ ئۇلۇغبەگكە تەنبىھ

---

① يۇنۇسخان ھىجرىيە 863 ـ يىلى پادىشاھ بولغان.

② نەقشى جاھان خان ئۆلتۈرۈلۈپ، ھىجرىيە 822 ـ يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇۋەيس خان ئولتۇرغان. «قەشقەر تارىخى» 156 ـ بەت.

③ ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئۇلارنى «بۇلاڭچى»لار دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

بەردى. يۇنۇسنى شەرەفىدىن ئەلى يەزدىگە تاپشۇردى. ئۇ، ئۇنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيىلەپ ئۆستۈردى. يۇنۇس شەرەفىدىنىنىڭ يېنىدا 12 يىل تۇردى. شەرەفىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەزدتىن كېتىپ، ئىراق، پارس ۋە ئەرەبىستان تەرەپلەردە ساياھەت قىلىپ يۈردى. 40 ياشقا يەتكەندە موغۇلىستانغا قايتىپ خان بولدى.

## ئېسەن بۇغاخان

يۇنۇس سەمەرقەنتكە كەتكەندىن كېيىن، موغۇل خەلقى ئىسەن بۇغانى خان كۆتۈرگەنىدى. بۇ چاغدا قەشقەر ئۇلۇغبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ھاكىمى ھاجى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر كىشى ئىدى.

شۇ چاغلاردا ئەمىر سەئىد ئەلى كۇچادا ئىدى. ئۇ «قەشقەر بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىز. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان شەھىرىمىزدۇر. قولىمىزدىن كەتكىنىگە 14 يىل بولدى. بۇنىڭ بۇنداق ياتلار قولىدا تۇرۇشى بىزگە نومۇستۇر، چوقۇم قايتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. بۇ ئىش مىللىي بۇرچىمىزدۇر» دەپ ئۇنىڭ بۇ مۇراجىئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى بىرمۇنچە كىشى بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. سەئىدە ئەلى ئاقسۇغا كېلىپ، بالىچاقىسىنى شۇ يەردە قويۇپ، 7000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە باردى.

قەشقەردىن ھاجى مۇھەممەد 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن سەئىد ئەلىگە قارشى چىقتى. شەھەردىن 12 چاقىرىم مۇساپىدە ئۈچ بۇرھان دېگەن يەردە ئۇرۇش باشلاندى. دەسلەپكى قېتىمدا ھاجى مۇھەممەد جىددىي ھۇجۇم ۋە قاتتىق تاجاۋۇز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى يېڭىلدى ھەمدە قېچىپ شەھەر قەلئەسىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى. قارشى تەرەپ قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرۋازىنى ئېچىپ كىرەلمىدى.

سەئىد ئەلى ئىككىنچى يىلى كۈزگە يېقىن يەنە قەشقەرگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرۋازىدىن ئىچىگە كىرەلمەي، شەھەر

ئەتراپىدىكى يېزىلارنى بۇلاپ قايتىپ كەتتى. شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، ئۇلۇغبەگ ھاجى مۇھەممەدنى سەمەرقەنتكە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پىرمۇھەممەد ئىسىملىك بىر بەگنى (ئەپيۇنخۇمار كىشى)نى ئەۋەتتى. پىرمۇھەممەد كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلگەن كىشى ئىدى.

سەئىد ئەلى ئۈچىنچى قېتىم قەشقەرگە كەلگەندى. قەشقەر خەلقى پىرمۇھەممەدنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئۇنى سەئىد ئەلىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى[①]. سەئىد ئەلى پىرمۇھەممەد ئۇستىدىن تەركىلىك كىيىمىنى سالدۇردى («ئۆلتۈردى» دېمەكچى). قەشقەر ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئادالەت ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. ئەمىر سەئىد ئەلى قەشقەردە 24 يىل ھاكىم بولۇپ تۇردى[②].

يۇنۇس سەمەرقەنتكە كەتكەندىن كېيىن، موغۇل خەلقى تامامەن ئىسەن بۇغا خاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قارا خەلق ئىسەن بۇغاغا ئىتائەت قىلاتتى. لېكىن، ئېسەن بۇغا خان ياشلىقىدىن تارتىپ ئەمىر ـ مەمۇرلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى. شۇڭا ئەمىرلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئىچى پۇشاتتى. ئېسەن بۇغا خان ئۇيغۇر[③] نەسلىدىن تۆمۈر ئىسىملىك بىر كىشىنى نائىب (ۋاكالەتچى) قىلدى ۋە ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر كۆرسەتتى. تۆمۈرنىڭ بۇنداق كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئەمىرلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئاخىرى ئۇلار تۆمۈرنى ئاردىن يوقىتىش قەستىگە چۈشتى. بىر كۈنى بىر مەجلىستە ئېسەن بۇ-

---

① ھىجرىيە 812 ـ يىلى مەشھۇر ئۇلۇغبەگنىڭ ئاتىسى شاھرۇخ قەشقەرنى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمىر سەئىد ئەلى بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي ئۇرۇش قىلدى. بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولسىمۇ، ئۈچىنچى قېتىملىق شىددەتلىك ئۇرۇشتا قەشقەرنى بويسۇندۇردى. «قەشقەر تارىخى» 150 ـ بەت.

② خەلقنى بۇ ئىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە ئۇنىڭ زۇلمى بولسا كېرەك (ن. ي).

③ ئەسلى «اويقور» دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان، تۈزىتىلدى (نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن).

غا خاننىڭ كۆز ئالدىدا تۆمۈرنى چەتكە قېقىپ تاشلىدى، خان بۇنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر قەشقەردىكى ئەمىر سەئىد ئەلىگە يەتتى. ئۇ موغۇلىستانغا بېرىپ ئىسەن بۇغا خاننى تېپىپ ئۇنى ئاقسۇغا يولغا سېلىپ قويدى. ئىسەن بۇغا خان ئاقسۇنى باشقۇرۇشقا باشلىدى. ئەمىرلەرگە مەنسەپلەر بېرىپ، ئەتراپىغا تارتتى. شۇ جۈملىدىن ئەمىر مۇھەممەد شاھ ئاتبېشىدا ھاكىم بولدى. ئۇ كېيىن قېرىندىشى① ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ خاننىڭ يېنىدا ھايات كەچۈردى. خان ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى.

ئەمىر كېرىم ئەنجان چېگراسىدا ئالا بۇغا دېگەن بىر تۆپە قورغان (ئىستىھكام) ياساتتى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى بۇلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەمىر ھەقبەردى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا قويسۇيى دېگەن يەردە بىر قورغان ياسىتىپ، بالىچاقىسىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى تۈركىستان تەرەپكە بېرىپ، ئوبۇلخەيرى خان بىلەن كۆرۈشتى.

ئىسەن بۇغا خان ئاقسۇغا كېلىپ خەلق ۋە ئەمىرلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى ياخشىلىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى. سايرام، تۈركىستان ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇ شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ قايتتى.

بۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھىردە سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. سۇلتان سەئىدخان بىلەن موغۇل خانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاز ـ تولا بىرلىشىشلەر بولۇپ تۇراتتى. ئەبۇ سەئىدخان خوراساننى ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، بۇ ياقتىن ئىسەن بۇغا خان پەرغانىگە يۈزلەندى①.

① ئەسەردە «بۇرادەر» سۆزى ھەر خىل مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرچە نەشرىدە كېلىش ئورنىغا قاراپ ھەر خىل ئېلىندى (نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن).

ئەنجاندا ئەبۇ سەئىد ئەلى كىچىك (كىچىك ئەلى) ئىسىملىك بىر ئەمىر بار ئىدى. كىچىك ئەلى ئەنجان شەھىرىنى خەندەك ۋە قورغانلار بىلەن مۇستەھكەملىگەنىدى. ئىسەن بۇغا خاننىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. كىچىك ئەلى بىرنەچچە كۈن قامىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، تاشقىرىغا چىقىپ سۆلھى قىلىشنى سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسەن بۇغا رەت قىلدى. ئەنجاننى ئېلىپ موغۇلىستانغا قايتتى.

كېيىن ئەبۇ سەئىدخان ئېسەن بۇغا خان بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يېڭەلمىدى. ئىراقتىن ياردەم سورىماقچى بولغانىدى، بىراق ئېسەن بۇغا خاننىڭ ئارىغا چۇشۇشى سەۋەبلىك، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى.

ئەبۇ سەئىدخان ئېسەن بۇغا خاننى يېڭىش يولىدا ئۇنىڭ تۇغقىنى يۇنۇسنى «قورال» قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئاخىرى ئېغىر شەرتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يۇنۇسنى ئۆز يېنىغا تارتتى.

ئەبۇ سەئىدخان يۇنۇسقا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇرۇنقى خاقانلار (ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادى بىزنىڭ خىزمەتكاردىمىزدۇر) دەيتتى، سىز ئەمدى بۇنداق مەنىسىز دەۋانى قىلماڭ. ئەگەر بىر كىشى مەخدۇملۇق ۋە خوجىلىق دەۋاسىنى قىلسا، ئۇنداق سىرلىق ئىسىملارنى ئارىدىن يوقىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپكە دوستلۇق تارقىتىشقا تىرىشقايسىز. ئەمىر تۆمۈر نەسلىدىن باش كۆتۈرگەن مىرزىلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى (تىنچلىق)قا دەۋەت قىلىڭ».

ئەبۇ سەئىدخان بۇ يەردە قالغان موغۇللارنى ھەمراھ[2] قىلىپ، يۇنۇسنى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى.

---

① ئەبۇ سەئىدخان زېمىنىنى جەنۇبتا كەشمىرگە قەدەر كېڭەيتتى. 938 ـ يىلى تىبەتنى ئالدى. مەشارلىيىدە تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 939 ـ يىلى ۋاپات بولدى. «قەشقەر تارىخى» 169 ـ بەت.

② يۇنۇس، ئىرازان ۋە مىرەك بىلەن سەمەرقەنتكە كەلگەن موغۇللارنىڭ قالدۇقى بولسا كېرەك.

يۇنۇس خان موغۇلىستانغا كېلىپ، ئەمىر كېرىم، ئەمىر ئىبراھىم ۋە ساغرانچى ئەمىرلەرنى ئىستائەت قىلدۇرۇپ، بىر «جامائەت» تەشكىل قىلدى. ئۆز تەرەپدارلىرىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن 60 مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ ئەسكىرى 30 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئوقسالور دېگەن يەردە بىرنەچچە كۈن قانلىق ئۇرۇش بولۇپ، يۇنۇس خان تەرەپ يېڭىلدى، ئەسكەرلىرى پىتىراپ تارقىلىپ كەتتى، ئۆزى خۇراسانغا ئەبۇ سەئىدنىڭ يېنىغا كەتتى...

يۇنۇس خان قايتا موغۇلىستانغا كەلدى. موغۇل ئەمىرلىرى يۇنۇس خانغا قايتىدىن بويسۇندى. شۇنداق بولسىمۇ ئىسەن بۇغا خاننىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى.

شۇ چاغلاردا دوست مۇھەممەدخان ۋاپات بولغانىدى، ئۇنىڭ مۈلكى يۇنۇس خاننىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتى. دوست مۇھەممەد-خاننىڭ كېپەك ئىسىملىك ئوغلى تۇرپان تەرەپكە قاچتى.

يۇنۇس خان ئىلىغا بېرىپ، قالماقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇ بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشىنى شېھىت قىلىپ، ئۆزى تۈركىستان تەرەپكە كەتتى ۋە قىشنى شۇ يەردە قاراتوغاي دېگەن يەردە ئۆت-كۈزدى. شۇ ۋاقىتتا بۇرۇچ ئوغلان بىننى ئوبۇلخەيرى خان يۇ-نۇس خان ئوردىسىغا قاراپ ئەسكەر تارتتى. بىر كۈنى يۇنۇس خان ئۆزىنىڭ ئەسكىرى بىلەن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوۋ-غا چىققانىدى. بۇرۇچ ئوغلان شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇ-نۇس خاننىڭ ئوردىسىنى باستى. ئوردىدا ئادەم ئاز ئىدى. بۇ-رۇچ ئوغلان يۇنۇس خاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قىممەتلىك نەرسى-لەرنى ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى، شۇ پەيتتە قارشى تەرەپتىكىلەر ناغرا، كانايلارنى چېلىپ كېلىپ قالدى. بۇرۇچ ئوغلان تۇتۇل-دى، يۇنۇس خان ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ سوغىغا ئىلدى. ئەتىسى ئۆيىگە بېرىپ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى.

يۇنۇس خان ئۆزىنىڭ سەبىي قىزى[①] مىھرىنىگارنى ئەبۇ سەئىدخاننىڭ ئەخمەد ئىسىملىك ئوغلىغا، قۇتلۇق نىگار ئىسىملىك قىزىنى ئۆمەر شەيخ ئىسىملىك ئوغلىغا نىكاھلاندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى ئارىدا (موغۇل ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا) دوستلۇق ۋە تۇغقانچىلىق ھاسىل بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر، كېيىنكى كۈنلەردە يۇنۇس خان بىلەن ئۆمەر شەيخ[②] ئارىسىدا بىرنەچچە كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. شەخسىي ئاداۋەتتىن كېلىپ چىققان بۇ ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن زور تالاپەت بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى[③].

ئۆمەر شەيخ ئەنجانغا بارغاندا، يۇنۇس خان ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن مېھمان بولدى. ئۆمەر شەيخ شۇ چاغدا مەرغىلاننى يۇنۇس خانغا بەرگەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇلھى قىلىش ئۈچۈن «خوجا ئەھرار» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبەيدۇللا خوجا، ئۆمەر شەيخ ۋە سۇلتان ئەخمەدلەر مەرغىلانغا كەلدى، خەلق شەھەردىن چىقىپ ئۇلارنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. خوجا ئەھرار ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن تۇپراقنى يۈزلىرىگە سۈرتكەندى. يۇنۇس خانمۇ تۇپراققا يۈزىنى تەگكۈزۈۋاتاتتى، خوجىنىڭ يارەنلىرىدىن بىرى «ئەنە شۇ توپىدا ئېغىناپ ياتقان كىشى يۇنۇس خاندۇر» دەپ خوجىغا ئىشارەت قىلغانىدى، خوجا ئىززىتىراپ بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ يۇنۇس خان بىلەن كۆرۈشتى ۋە: «مەن يۇنۇس خاننى باشقا موغۇل خانلىرىغا ئوخشاش غول ۋە كىبىرى يوق دەپ ئويلىغانىدىم، ئەكسىچە، يۇنۇس خان مۇئاشىرىگە رىئا-

① ئەسلى «سەلبى» دەپ يېزىلغان، بۇ يەردىكى بېرىدىغان مەنىسىگە ئاساسەن «سەبىي» دەپ ئۆزگەرتىلدى (نەشرىگە تەييارلىغۇچىدىن).

② ئۆمەر شەيخ بىننى ئەبۇ سەئىدخان بىننى مۇھەممەد سۇلتان بىننى سۇلتان خېلىل بىننى جالالىدىن شاھ بىننى ئەمىر تۆمۈر كوراگان 860 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 889 ـ يىلى ۋاپات بولغان. «قەشقەر تارىخى» 159 ـ بەت.

③ بۇ يەردە ئەھمىيەتسىز دەپ تونۇغان بىرنەچچە ۋەقەنى قالدۇردۇم (ن. ي).

يە قىلغۇچى، تەۋەززۇ ۋە خۇش خۇلۇق ھەمدە نازاكەت ۋە لاتاپەت ئىگىسى بىر زات ئىكەن. ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇس خان-نىڭ پۇقرالىرىنى (قۇل) قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. خوجىنىڭ بۇ سۆزى رەسمىي رەۋىشتە ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ موغۇللارنى «قۇل» قىلىپ ئېلىپ - سېتىش بىكار قىلىندى.

«شۇرا» 19 - سان 458 -، 459 -، 460 - بەتلەر.

نوشىرۋان يائۇشېف (خوتەن)

ھىجرەتنىڭ 907 - يىلى موغۇل خانلىرىدىن ئەخمەت خاننىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان چىقتى.

مەنسۇرخان بىرنەچچە قېتىم چىن، قالماق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، توپلاڭ ۋە ئىختىلالنى بېسىپ، مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىش ھەققىدە جىددىي چارىلەرنى كۆردى. ئۆزىگە قارشى ئەمىرلەر ۋە ئۆز تۇغ-قانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ئىمىن خوجا ئىسىملىك ئىنى-سى مەنسۇرخاننى خانلىق تەختىدىن چۈشۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزى چىقماقچى بولغانىدى. خان ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ ئىشنى ئېركەبېك دېگەن بىرىگە تاپشۇرغانىدى، لېكىن، ئۇ ئىمىننى ئۆلتۈرمەي يوشۇرۇپ قويدى.

يەنە بىر ئىنىسى سەئىدخان ئۇنىڭدىن قورقۇپ پەرغانە تە-رەپكە كەتكەنىدى. ئۇ، ئۇ يەردە بىر يىل تۇرمىدە تۇردى، كېيىن كابۇل تەرەپكە باردى.

مەنسۇرخان مەملىكەت ۋە سىياسەت ئىشلىرىدا تۇيۇق يولغا كىرىپ كەتتى. پىكرىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئەقلىنىڭ ئازلىقى تۈپەي-لى ئىش بىلگەن ئەمىرلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەخمەق ۋە خۇشامەتچى مىرزىلارنى ئولتۇرغۇزدى. شۇڭلاشقا مەنسۇر خاننىڭ مەملىكەت ۋە سىياسەت ئىشلىرى راۋاج تاپمىدى.

مەنسۇرخان ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى. 60 ياش ئۆمۈر كۆردى، 926 - يىلى ۋاپات بولدى.

## سەئىدخان

ئەھمەدخاننىڭ 18 ئوغلى بار ئىدى. ياش جەھەتتە ئۈچىنچى ئوغلى سەئىد 14 ياشتا ئىدى، ئەھمەدخان ئاكىسى مەھمۇدخاننى شاھ بېك خان ئىستىپلاسىدىن قۇتقۇزۇش نىيىتىدە پەرغانىگە بارغان چېغىدا، ئاشۇ سەئىدنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋال-غانىدى.

شۇ ۋاقىتتا بولغان بىر ئۇرۇشتا سەئىدنىڭ بويىنىغا ئوق تېگىپ قاتتىق يارىلاندى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى با-يازىد ھېكىمنىڭ شىپاخانىسىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئۇرۇشتا شاھ بېك خان يەڭگەنىدى. ئۇ سۈلھىدىن كېيىن سەئىدنى ئۆز تەر-بىيەسىگە ئالدى. شاھ بېك سەئىدنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنى دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى، سەمەرقەنتكە ۋە ئۇ يەردىن قۇندۇز، بەدەخشان ئۇرۇشلىرىغا بارغاندىمۇ سەئىد شاھ بېك بىلەن بىللە يۈردى، پەقەت، نېمىشقىدۇر، خارەزم ئۇرۇشى-غا بارغاندا، سەئىدخان شاھ بېكتىن قېچىپ، ئوش، ئۆزكەنت يولى بىلەن ئەسلىي ۋەتىنى بولغان موغۇلىستان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يەتتە كەنتتە تاغىسى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. سە-ئىدخان شۇ چاغدا تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ مەملىكەت ۋە سىيا-سەت ئىشلىرىدا بەك يۇمشاق ۋە تەتۈر ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، موغۇلىستاندىكى ئىنىسى سۇلتان خېلىلنىڭ يېنىغا باردى، خېلىل قىرغىزلارغا ھاكىم ئىدى. سەئىدخان قىرغىزلار ئارىسىدا ئىنىسى يېنىدا 14 يىل تۇردى. ئاشۇ 14 يىل ئىچىدە ئۇرۇق - تۇغقان مەھمۇدخان، مەنسۇر، سەئىد ۋە خېلىل خانلار ئوتتۇرىسىدا خېلى پاجىئەلىك ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. مەھمۇد-خان تۇغقانلىرىدىن قېچىپ، شەپقەت كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن شاھ بېك خان ھۇزۇرىغا بارغانىدى. ئۇ مەھمۇدنى خوجەند دەر-ياسى (سىر دەريا) بويىدا شېھىت قىلدى.

سەئىدخان (ھىجرى 917 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 10 -

كۇنى) ئەمىرغۇرى بارلاس، ئەلى دوختوي، ئەخمەد قۇلى، مەھ-
مۇد قۇلى، مىرزا مۇھەممەد، بېك مۇھەممەد، دوغلاتلاردىن شاھ
نەزەر مىرزا، ئەلى تاغاي ۋە قۇتلۇق مىرزا، ساغرانچى ئەمىر-
لەردىن قۇل نەزەر مىرزا ۋە باشقا سەر ئەسكەرلەرنى ئېلىپ
پەرغانە تەرەپكە يۈرۈش قىلدى، شۇ سەپەردە سەئىدخان ئۆزبېك
خانلىرى (خان بېك، كۈچۈم ۋە سۆيۈنچۈك خان) بىلەن ئۇرۇش
قىلىپ، پەرغانە ۋە ئەنجاننى ئالدى.

شۇ چاغلاردا بابۇر شاھ سەمەرقەنتنى ئېلىپ باش شەھەر
قىلغانىدى، لېكىن بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن پەرغانە ۋە
ماۋەرائۇننەھر يەنە شەيبانىلار قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق بولغانىدى: شەيبانى خانلىرى مىر-
نەجمنى ئۆلتۈرۈپ، تۈركمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كەلدى، با-
بۇر شاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنىمۇ بۇ يەردىن ۋاز كېچىشكە
مەجبۇر قىلدى. ئۇ سەمەرقەنتنى تاشلاپ كابۇلغا كەتتى.

شەيبانىلارنىڭ ئىسمائىلنىڭ ئىنتىقامىدىن ۋە قاسىمخاد-
نىڭ غەلىبە، ئىستىلاسىدىنلا خەۋپ ۋە ئەندىشىسى بار ئىدى.
919 - يىلىنىڭ قىشىدا ئىسمائىل خانمۇ ئىراق مەملىكىتىنى
قولىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىقتى. دېمەك، پەرغانە ۋە
تۈركىستان بوشاپ قالدى. مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
شەيبانىلار ھەرىكەتكە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا سەئىدخانمۇ پەرغانە-
دىن توغ كۆتۈرۈپ، قەشقەرگە ئاتلانغانىدى.

پەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھر شەيبانىلارغا قالدى.

بۇ يەردە بۇرۇنقى «رەسىم - قائىدە» بويىچە تۆۋەندىكى
كىشىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھۆكۈمەت تەختىگە ئولتۇر-
دى: كۈچۈم خان، سۆيۈنچۈك خان، ئەبۇ سەئىدخان ۋە ئەبەيدۇللا
خان.

سەئىدخان نېمىشقا پەرغانىدىن بۇ ياققا كېتىپ قالدى؟
919 - يىلى ئۆزبېك شەيبان تاشكەنتتە ئىدى. شۇ يىلى سەردار
سۆيۈنچۈك خان سەئىدخاندىن ئەنجاننى تارتىۋېلىش نىيىتى بىد-
لەن يولغا چىقتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەئىدخان

ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىلدى. كېڭەشتە ئىككى تۈرلۈك مەسىلە مۇزاكىرىگە قويۇلدى: بىرىنچى، ئەنجاننى تاشلاپ، ئەسلىي ۋەتەن موغۇلىستانغا قايتىش، ئىككىنچى، قەشقەرگە بېرىپ، مىرزا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش.

مۇزاكىرە ۋە كېڭىشىش نەتىجىسىدە ئەبۇ بەكرىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى (60 ياشتا) ھەمدە ئۇنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۆزبېك بىلەن ئۇرۇشۇشقا نىسبەتەن يەڭگىل بولىدىغانلىقى مەلۇم بولغاچقا، كېيىنكى يول توغرا تېپىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قەشقەرگە راۋان بولدى.

ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ بەكرىمۇ قەشقەر قەلئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. غايەت كەڭ ۋە ئېگىز قەلئەنى يەتتە كۈندە تامام قىلدۇردى ھەمدە باشقا ئۇرۇش قوراللىرىنى مۇكەممەل رەۋىشتە تەييارلاپ، يۈسۈپ ئىسىملىك كىشىنى سەر ئەسكەر قىلىپ، ئۆزى ياركەنتكە كەتتى.

سەئىدخان 4000 — 5000 كىشىلىك مۇنتىزىم ئەسكەر بىلەن ھىجرى 920 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككى ئاريدا قانلىق ئۇرۇشلار باشلاندى. ئوق، نەيزە، قىلىچ، چوماق ۋە مۇشت ئۇرۇشلىرى بولدى. كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلىشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەئىدخان تەرەپ كۈچلۈك كېلىپ قەشقەرنى ئالدى. شەھەر خەلقى ھەممىسى يۇرت - ماكان ۋە بالىچاقىلىرىنى تاشلاپ قاچتى. مىرزا ئەلى تاغاي بۇ يەردىكى غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كىشى بىلەن سارىقول تەرەپكە بېرىپ، ناھايىتى كۆپ ئولجىلارنى ئېلىپ، ھېسابسىز قۇللارنى ھەيدەپ كەلدى. ياركەنت ئەتراپىدىكى ناھايىتى كۆپ يېزىلار تالاندى.

ئەبۇ بەكرى مىرزىنىڭ غايەت ئۇستا ۋە ئىشەنچلىك مىرۋەلى ئىسىملىك بىر قوماندانى بار ئىدى. ئۇ، ئۇنى بىر سىياسىي تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈردى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرى ئاستا - ئاستا ئاجىزلى-

شىشقا باشلىدى. ئەسكەر ۋە باشلىقلارنىڭ بولسۇن، ھېچقايسى-سىدا تەرتىپ ۋە ئىنتىزام قالمىغانىدى. بىر تەرەپتىن، ئەس-كەرلىرىنىڭ ئاجىزلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەر ۋە يېڭى-سارنىڭ ئېلىنغانلىق خەۋىرى ئەبۇ بەكرىنى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئۇرۇش قىلماي قاچتى.

خەزىنىدىكى قىممەتلىك ماتا، ئالتۇن - كۆمۈش ۋە جاۋا-ھىرلارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، مەملىكەتنى ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ، ياركەنتتىن قېچىپ كەتتى.

بەش كۈندىن كېيىن جاھانگىر مىرزىمۇ قېچىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىرلەر ۋە باشقا كىشىلەردىنمۇ قې-چىپ كەتكۈچىلەر كۆپ بولدى. ئەبۇ بەكرى مىرزا قاراڭغۇ تاغقا يەتكەندە، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ «دۈشمەنگە قالمىسۇن» دەپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۇرۇۋەتتى. قاپ-چۇقتىكى ئالتۇنلارنى قاراڭغۇ تاغ ئوتتۇرىسىدىكى ئېقىۋاتقان ئاقتاش دەرياسىغا تۆكتى، يۈك ئارتىپ كەلگەن ئات ۋە تۆگى-لەرنى ئۆلتۈردى، ئۆزى ئازغىنە يۈك بىلەن تىبەت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

تىبەتكە بېرىپ شۇنداق ئىشلارنى كۆردىكى، شەھەر بۇزۇل-غان، خەلق نىزام دائىرىسىدىن چىققان! ئەبۇ بەكرى شۇ ھالنى كۆرۈپ «ئۆلسەممۇ ئۆز يېرىمدە، ئىسلام شەھىرىدە ئۆلەي» دەپ قايتىشقا يول ئالغانىدى، خان تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئۇنى تۇتتى ۋە بېشىنى كېسىپ خان ھۇزۇرىغا كەلتۈردى.

سەئىدخان 920 - يىلى ياركەنتكە كېلىپ تەختكە ئولتۇر-دى. خوتەنگە ئەمىر دائىم ۋە مۇھەممەدبېك مىرزىنى ھاكىم قى-لىپ ئەۋەتتى.

ياركەنتتە ئەبۇ بەكرى مىرزىدىن كۆپ خەزىنە قالغانىدى. خان ئۆزىگە كېرەكلىكىنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەرنى كۆپنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ تالاتقۇزدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ 40 يىل مابەي-

ـنىدە توپلىغان خەزىنە ۋە دۇنياسى بىر كۈندە تالىنىپ تۈگىدى①.

سەئىدخان 938 ـ يىلى تىبەت غازاتىغا بارغانىدى. ئىسـ ـكەندەر ئىسىملىك ئوغلى بىلەن ھەيدەر مىرزىنى كەشمىرگە ئەۋەتكەنىدى، سەئىدخان قىشنى تىبەتتە ئۆتكۈزۈپ، ياز كۈنى ياركەنتكە قايتىشىدا يولدا ۋاپات بولدى. 20 يىل يۇرت سوردـ ـدى. 47 يىل ئۆمۈر كۆردى.

سەئىدخان مىللىي ئەدەبىياتنى سۆيەتتى ۋە ئۆزىمۇ شېئىرلار يازاتتى، ئۇنىڭ ئۆزى پۈتكەن شېئىرلىرىدىن بىرى بۇدۇر:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
بىر سۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.
يۈزى ئۈزرە كاكۈلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئەي سەئىد، ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

## ئابدۇرېشىت خان

سەئىدخان ياركەنتنى ئالغاندىن كېيىن موغۇلىستاندىكى قىرغىزلارغا باش قىلىپ ئەمىر مۇھەممەدى (قىرغىز)نى ئەۋەتـ ـكەنىدى، مۇھەممەدى قىرغىز خەلقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزبېك خانلىرى بىلەن پۈت تېپىشىشكە باشلىدى.

① بۇ ھەقتە «قەشقەر تارىخى»نىڭ 168 ـ بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: مىرزا ئەبۇ بەكرى ئالتە شەھەردە تامامىي شان ـ شەۋكىتى بىلەن مۇستەقىل ھالدا 44 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. لېكىن ھىجرىيە 937 ـ يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىدخاننىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن شۇنچە پىداكارلىق بىلەن ئىگە بولغان مەملىكەت ۋە سەلتەـ ـنەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئەبۇ بەكرى مىرزا ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ تىبەت تاغلىرىغا قاراپ يول ئالدى. ئەبۇ سەئىدخان ئەبۇ بەكرىدىن قالغان خەزىنە ۋە مەملىكەتنى تالان ـ تاراج ۋە ئىستېلا قىلدى.

ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەيرى ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۆزبېكتۇر، سەئىدخان بولسا ئەھـ ـمەدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ موغۇلدۇر، ياركەنتنى ئىستېلا قىلغۇچى كىشىمۇ دەل شۇ سەئىددۇر. (ن. ي)

بىر چاغدا ئەبەيدۇللاخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى قولغا چۈشۈر-گەنىدى. لېكىن، كېيىن يەنە ئۇنى قويۇۋەتتى، كېيىنچە موغۇ-لىستاندا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. مانا شۇ سەۋەبلىك (قولغا چۈشكەن ئەبەيدۇللانى بوشىتىشى ھەم ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى سەۋەبلىك) مۇھەممەدى قىرغىز سەئىدخاننىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغانىدى، لېكىن قانداق سىد-ياسەت تۈپەيلىدىندۇر، ئۇ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ، زىندانغا تاشلاندى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يەردىكى قىرغىزلار باش-لىقسىز باشباشتاق قالغان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆزبېك خانلىرى ئۇ يەرگە قول ئۇزىتىشقا باشلىغانىدى.

سەئىدخان بۇنى چۈشىنىپ، ئوغلى ئابدۇرېشىتنى موغۇ-لىستان قىرغىزلىرىغا خان قىلىپ ئەۋەتتى. ئابدۇرېشىت خان ھىجرىيە 928 ـ يىلى خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، مۇھەممەدى قىرغىز زىنداندىن چىقىرىلغانىدى، ئۇ ئابدۇرېشىت خانغا قار-شى ھەرىكەتتە بولمىدى.

ئابدۇرېشىت خان 934 ـ يىلى بولور غازاتىغا بېرىپ، قاتـ-تىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن غەلىبە قازىنىپ، بولور خەلقىنى ئۆ-زىگە تەۋە قىلدى. بولور خەلقى غەيرىي مۇسۇلمان ھەمدە بەدەۋى بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۆزئارا ئۇرۇشلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. تاغۇتاشلار ئارىسىغا تارقىلىپ، تۈرلۈك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇھ ئىككىنچى بىر گۇرۇھنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالاش بىلەن كۈن كەچۈرگۈچى بۇ بەدەۋىلەر ئاخىرى ئابدۇرېشىت خان-غا باش ئەگدى.

ئابدۇرېشىت خان ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇدا تۇراتتى. سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پايتەختنى ياركەنتكە كۆ-چۈردى.

ئابدۇرېشىت خان كەلگەندىن كېيىن، مەنسۇر خان ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغانىدى، لېكىن ئابدۇرېشىت خان ئۇنى تېزلا چې-كىندۈردى.

ئابدۇرېشىت خات سېيىت مۇھەممەت مىرزىنى ئۆلتۈرگەنـ-

دىن كېيىن، باشقا ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەمسىزلىنىپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى. ئەلى تاغاي مىرزا قاراتېگىن تەرەپكە قاچتى. بەزىلىرى خوتەنگە بېرىپ ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق قارشىلىششقا باشلىغانىدى. لېكىن، ئابدۇرېشىت خان بۇ ئىختىلالارنى تېزلا باستۇردى، توپىلاڭ ۋە ئىختىلا باشلىقلىرىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى.

شۇ ماجىرالاردىن كېيىن، ئابدۇلېتىپنى ئاقسۇغا، سوپى سۇلتاننى قەشقەرگە، قۇرەيشنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئۆز بالىلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ياخشى خىزمەت قىلدى.

يۇنۇس خان زامانىدىن بۇ زامانغا قەدەر ئۆزبېك شەيبان، قىرغىز، قازاق ۋە موغۇللار ئارىسىدا ئازراقمۇ تىنچلىق بولمىدى. ئۇزۇن مەزگىل جەڭگى ـ جېدەل بىلەن ئۆتتى. كۆپ ھاللاردا قارشى تەرەپتىكىلەر موغۇللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى. ئەمما، ئابدۇرېشىت خان قىرغىز، قازاق ۋە ئۆزبېكلەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. ئابدۇرېشىت خان زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيى قىرغىز، قازاقتىن بىرمۇ كىشى «خان» بولۇپ، تۇغ كۆتۈرۈپ چىققۇچى بولمىدى.

ئابدۇرېشىت خان تېنى ساغلام، ئۇرۇشقا ماھىر ۋە خۇش پېئىل، ئۇستا مەرگەن، شىجائەت ۋە ساخاۋەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا قەلەندەر قىياپىتىگە كىرىپ ساياھەت قىلاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالاتتى.

شۇ قىياپەتتە خوتەنگە ساياھەت قىلىپ بارغانىدى. شۇ يەردە ئەجىلى يېتىپ ۋاپات بولدى.

ئابدۇرېشىت خان ئاتىسى سەئىدخان ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇدا ئون يىل يۇرت سورىدى. كېيىن ياركەنتكە كېلىپ مۇستەقىل پادىشاھ بولدى. 47 يىل يۇرت سوراپ، 52 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى، ئالتە شەھەر ۋە موغۇلىستاننى پۈتۈنلەي ئۆز باشقۇرۇشىغا ئېلىپ، تىبەت، بولور ۋە بەدەخشانغا قەدەر بارغانىدى.

1916 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇست، نوشىرۋان يائۇشېف

## ئىلاۋە

ئابدۇرېشىت خان ھىجرى 956 ـ يىلى ئافغانىستاندا ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان نەسىردىن ھۇمايۇن بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ۋە جالالىدىن ئەكبەرخان بىلەنمۇ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغاندى. ھىجرىيە 963 ـ يىلى ھۇمايۇن ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئور-نىغا ئەكبەرخان چىققاندى. ئابدۇرېشىت خان شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جالالىدىن تەرەپكە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئۇلار سە-ئىد ئەكبەرخاننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت خان ئەۋەتكەن قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى.

(«شۇرا» 20 ـ سان 479 ـ، 480 ـ، 481 ـ بەتلەر)

## ئابدۇرېشىت خاننىڭ ئەۋلادى

ئابدۇرېشىت خان قازاق خانى جانىبېك ئوغلى ئەدىكنىڭ چۈچۈك ئىسىملىك قىزىنى نىكاھلاپ ئالغاندى. چۈچۈك خا-نىمدىن ئابدۇلېتىپ، ئابدۇكېرىم، ئابدۇرېھىم، ئىبراھىم (سوپى سۇلتان)، ئەبۇ سەئىد ئىسىملىك ئالتە ئوغۇل تۇغۇلدى. قۇ-رەيش، مۇھەممەد باقى، مۇھەممەد شاھ، ئابدۇللا ئىسىملىك ئو-غۇللىرى باشقا خوتۇنلىرىدىن بولغاندى.

ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېشىت خاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئاق-سۇدا ھاكىم ئىدى. ئۇ قىرغىز، قازاق خەلقىنىڭ چىشىغا تەگ-دى. شۇڭلاشقا قازاق خانى ھەقنەزەر مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولۇپ، قىرغىز ـ قازاقلار تەرەپ غالىب كېلىپ، ئابدۇلېتىپنى تۇتۇپ ھەقنەزەر خانغا تاپ-شۇردى. ئابدۇلېتىپ شۇ يەردە شېھىت بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئاب-دۇرېشىت خان ھايات ئىدى. ئۇ ئەسكەر تارتىپ ئىنتىقام ئې-

لىشقا كەلدى. قىرغىزلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇشقاندىن كې-
يىن، ھەقنەزەر خاننى قولغا چۇشۇرۇپ ئۇنى شېھىت قىلدى.
قىرغىز، قازاقتىن بىرمۇنچە تۆرە ۋە ئەمىرلەر قولغا چۇشتى.
مانا شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىز، قازاق خانلىرى مۇنقەرز بولدى.
ئەڭ ئاخىرقى «تۇغ»لىرى ياركەنتكە كەلتۇرۇلدى.

ئابدۇرېشىت خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، موغۇللارنىڭ
قائىدىسى بويىچە ياشقا چوڭلۇقنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئابدۇ-
كېرىمنى خانلىققا كۆتۇردى.

ئابدۇكېرىم خان ئاتىسىدىن مىراس قالغان مۇلۇك ۋە خە-
زىنىنى «تەركە»[①] قائىدىسىگە بىنائەن مۇۋاپىق رەۋىشتە ھەممە
تۇغقانلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

شەرىئەت دەۋالىرىنى قازى - مۇپتىلار سورايتتى. شەرى-
ئەتكە ياتمايدىغان دەۋا - دەستۇرلار ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتىگە
تاپشۇرۇلاتتى. خان ئۆزى ئۇلار ئۇستىدىن نازارەت قىلىپ
تۇراتتى. ئابدۇكېرىم خان پۇقراغا جەبىر - زۇلۇم سېلىشتىن
قاتتىق ساقلىناتتى.

بۇ بىچارە ئەسكەر، قورال تۇتمىدى ۋە ھېچكىم بىلەنمۇ
ئۇرۇش قىلمىدى، تىنچلىقنى سۆيەتتى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن
كۆرە ئاخىرەت ئەمىلىنى ئالدىغا قوياتتى. 33 يىل تەختتە ئول-
تۇرۇپ، 63 يېشىدا ۋاپات بولدى.

مۇھەممەد خان ئابدۇكېرىم خان ئابدۇلېتىپنىڭ ئورنىغا
ئىنىسى مۇھەممەد خاننى ئەۋەتكەنىدى. مۇھەممەد خان ئاقسۇنى
ئاۋاتلاشتۇردى. لېكىن، كېيىن ياشلىق ھەۋىسى بىلەن نەپسى-
نىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاقسۇنى قولدىن بېرىپ قويدى، بۇ ئىش
ئەسلى مۇنداق ئىدى:

شاھ خان (بىننى مەنسۇر)نىڭ ناھايىتى گۇزەل بىر قىزى
بار ئىدى. كۇنلەرنىڭ بىرى، بىر مەجلىستە ئەمىرلەر ھېلىقى
قىزنى بەك ماختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد خاننىڭ يۇ-

① تەركە — ئۆلگەن كىشىدىن قالغان مال ۋە نەرسە (نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن).

ربكىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇ قانداق قىلىپ ئۇ قىزنى قولغا چۈ-شۈرۈشنى بىلمەي يۈرەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا شاھ خان قالماقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەتتى. مۇ-ھەممەد خانمۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەسكىرى بىلەن كۇچاغا يۈرۈش قىلدى.

مەلىكىنىڭ يېنىدا ھەر دائىم 100 قورالىلىق ئەسكەر تۇراتتى. ئۇ قاياققا بارسا ساقچى ئەسكەرلەرمۇ شۇ يەرگە باراتـ-تى. مۇھەممەد خان كەلگەن كۈنى مەلىكە ئۆزىنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى بىلەن كۇچا ئەتراپىدىكى كىچىك بىر قەلئەدە ئىـ-دى. ئۇ بۇ يەردە تاماشا قىلىۋاتاتتى.

مۇھەممەد خان يېتىپ كېلىپ، مەزكۇر قەلئەنى مۇھاسىرە قىلدى. شۇ پەيتتە ساقچى ئەسكەرلەر ئېپىنى تېپىپ مەلىكىنى ئېلىپ شەھەرگە قاچتى، مۇھەممەد خانمۇ مۇرادىغا يېتەلمەي ئاقسۇغا ياندى.

شاھ خان ئۇرۇشتىن قايتىپ، بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى: «پېقىر شاھ خاننىڭ قىزىنى مۇھەممەد خان ئەسىر سۈپىتىدە ئوغرىلاپ ئالماقچى بولۇپتۇ، ساڭا كېرەك نەرسىنى كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام» دەپ دەرھال ئاقسۇغا لەشكەر تارتتى. شاھ خان ئاقسۇنى مۇھاسىرە قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. بىرنەچچە كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن شەھەرنى ئالدى.

مۇھەممەد خان ئۆلۈمدىن قورقۇپ مىرمەھدى ئاتلىق كىـ-شىنى شاھ خان يېنىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مىرمەھدى قو-لىغا «قۇرئان» تۇتۇپ خان يېنىغا كېلىپ مۇھەممەد خان تەرد-پىدىن ئەۋەتىلگەن خەتنى سۇنغانىدى، شاھ خان غەزەپلىنىپ، ئەلچىنى ئېگىز بىر ئورۇندىن يەرگە تاشلاتقۇزدى. مۇھەممەد خاننى تۇتۇۋېلىپ، «تۇغ»نى ئايغىغا باغلاپ، تۈرلۈك ئازابلار بىلەن جېنىنى قىيناپ، چالىشقا ئاپىرىپ قويدى. چالىش شە-ھەرچىسىدە بىر كۆل بار ئىدى. مۇھەممەد خاننى خوتۇنى بىلەن بىللە شۇ كۆل ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ،

خىزمىتىگە بىر كىشى تەيىنلىدى. مۇھەممەد خان شۇ يەردە بەش ئاي تۇردى. شاھ شۇجائىدىن ئىسىملىك ئوغلى شۇ كىچىك ئارالچىدا دۇنياغا كەلگەندى.

كېيىنچۇ؟

كېيىن ئابدۇكېرىم خان ئىنىسى مۇھەممەدنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنۈپ شاھ خانغا كىشى ئەۋەتتى. ئۆتۈنۈش ئېتىبارغا ئېلىنىپ، مۇھەممەد خان ئازاد قىلىندى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇھەممەد خان ياركەنتكە كېلىپ، ئاكىسى ئابدۇكېرىم خانىنىڭ يېنىدا تۇردى، كېيىن قەشقەردە سوپى سۇلتان ۋاپات بولغاندا مۇھەممەدنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋەتتى.

ئابدۇكېرىم خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەختىگە يۇقىرىدىكى مەزكۇر مۇھەممەد خان چىقتى. مۇھەممەد خان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆز تۇغقانلىرىنى ھەرقايسى شەھەرلەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. قەشقەرگە ئەبۇ سەئىدنى ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمىر تەڭرى بەردىنى ئاتالىق قىلغاندى.

ئابدۇكېرىم خانىنىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، ئۆزبېك خانلىرىدىن ئابدۇللاخان 100 مىڭ كىشى بىلەن قەشقەرگە كەلدى. ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنى ئالالماي، ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى. قانلىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن يېڭىلىپ، ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتتى.

## ئەبۇ بەكرى مىرزا

ئەمىر خۇدايداد ئەۋلادىدىن ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ سانىسىز ۋە ھەيدەر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. 842 ـ يىلى سەئىد ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى سانىسىز مىرزا ئولتۇردى. سانىسىز مىرزا قەشقەردە يەتتە يىل يۇرت سورىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

سانىسىز مىرزىنىڭ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى، بۇلار كىچىك بولغاچقا، سانىسىز مىر-

زىنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ھەيدەر مىرزا چىققاندى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ ئانىسىنى ھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالغاندى. ھەمشىرىسىنى دوست مۇھەممەدكە بەرگەندى. شۇڭلاشقا ئەبۇ بەكرى مىرزا 20 ياشقا قەدەر ھەيدەر مىرزىنىڭ يېنىدا ۋە ئاز ۋاقىت دوست مۇھەممەدنىڭ يېنىدا (ئاقسۇدا) تۇردى.

كېيىن ياركەنتكە كېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت تەسىس قىلدى ۋە ئالتە شەھەردە تامام شان ـ شەۋكىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن 893 ـ يىلىدىن 937 ـ يىلىغا قەدەر 44 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئەبۇ بەكرى باشقۇرۇشقا ماھىر كىشى ئىدى، مەملىكەتنى ناھايىتى تېزلا زورايتتى، ھەيدەر مىرزا بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قەشقەرنى ئالدى①. ئالتە شەھەرنى پۈتۈنلەي ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغاندىن كېيىن، جەنۇب تەرەپتە تىبەتنى ئىشغال قىلىپ، كەشمىرگە قەدەر باردى. بەدەخشان ۋىلايىتىدىكى بەزى جايلارنىمۇ ئۆزىگە قاراتتى، كېيىن پەرغانە ۋە بۇخارانى ئېلىش نىيىتى بىلەن غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. پەرغانىدىن تارتىپ ئوش،

---

① ھەيدەر مىرزىنىڭ 30 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. ئەبۇ بەكرى 3000 كىشى بىلەن ئۇنى يەڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەيدەر مىرزا يۇنۇس خاندىن ياردەم سورىدى. يۇنۇس خان بىرىنچى قېتىمدا 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن ياردەمگە كەلدى. ياركەنتتە ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلدى. ئىككىنچى يىلى 60 مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىپ ھەيدەرمىرزىغا بولۇشتى، بارلىقى 90 مىڭ ئەسكەر بىلەن ياركەنتكە كەلدى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەسكىرى ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ، 5000 غا يەتكەنىدى. ئارىدا ناھايىتى قاتتىق ئوق ـ نەيزە ئۇرۇشى بولدى. ئاخىرى يېڭىلىپ قەشقەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھەيدەر مىرزا بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قەشقەردە تۇرالماي يۇنۇس خان بىلەن ئاقسۇغا كەتتى.

ئىدرىس خاندىن كېيىن، موغۇلىستاندا ئوغلى ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئەھمەد خان موغۇلىستاننى سورىغان ئون يىل جەريانىدا ئۇ يەردىكى ئىختىلالنى پۈتۈنلەي باستۇردى، نۇرغۇنلىغان توپىلاڭچى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. شۇ جۈملىدىن ئارلات ئەمىرلىرىنى پۈتۈن نەسلى بىلەن قۇرۇتتى. ئىسەن بۇغا خانغا قارشىلىق قىلغۇچى جۇراس ئەمىرلىرىنىمۇ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. قالماق خانلىرىدىن ئىسەن تاشى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازاندى. قالماقلار ئەھمەد خاننى «لاچى (قاتى)» دەيتتى، ئەھمەد خاننى «ئالاچەخان» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. موغۇل ھۆكۈمىتى ئەھمەد خاننىڭ ئوغلى مەنسۇر خاندىن كېيىن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇنقەرز بولغان.

ئۆزكەنتكىچە بولغان شەھەرلەرنى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالدى. سۇلتان مەھمۇد خان[1] بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئاقسۇنى ئالدى. ھەتتا موغۇلىستانغا قەدەر ئۆز نوپۇزىنى كېڭەيتتى.

ئەبۇ بەكرى مىرزا 44 يىللىق ھاياتىنى ئازراقمۇ بوش ئۆتكۈزمىدى. ئۇ ئىچكى ئىسلاھات ۋە مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مەدەنىيىتى يولىدىمۇ خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلدى، يېڭى قانۇنلارنى چىقاردى. ئەبۇ بەكرى مىرزا گەرچە شەرىئەتپەرەس بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كۆپ ئىشلارنى ئۆز تەبىئىتىگە توغرا كەلتۈرۈپ قىلاتتى. دۇرۇس، ئۇ زالىم ئىدى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق جازالارنى قوللاندى. سىياسىي جەھەتتە گۇمان قىلغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرەتتى ۋە بەزىلىرىنى يىراق ۋىلايەتلەرگە سۈرگۈن (نەفى بەلەد) قىلاتتى، سىياسىغا ياتمايدىغان ئىشلاردا ئەيىبلەنگەنلەرنى زىندانغا سېلىش ۋە كۆپرەك قارا ئىش قىلغۇزۇش بىلەن جازالايتتى، لېكىن ھەر ھالدا ئىسلام ھۆكۈمىتى ۋە مۇسۇلمان ئاۋات ئىدى.

ئەبۇ بەكرى مىرزىنىڭ خەزىنىسى ناھايىتى مول ئىدى، 50 نەچچە تۈرلۈك يول بىلەن بايلىقنى كۆپەيتەتتى.

ئەبۇ بەكرى مىرزا قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى قازدۇ-رۇپمۇ كۆپلىگەن بايلىققا ئېرىشتى، بىر قېتىم قازۇق ناملىق بىر شەھەر خارابىسىنى قازدۇردى، توپىسىنى سۇ بىلەن چايقى-تىپ، ئاندىن چىققان ئۇششاق نەرسىلەرنى تېپىۋالاتتى. شۇ تە-رىقىدە ئىشلىتىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاپتى.

يەنە خوتەننىڭ كونا شەھەر خارابىلىرىدىن بىر خەزىنە تاپ-تى، بۇ يەردىن چىققان نەرسىلەر ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى.

---

[1] سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ شاھ بېگىم ئىسىملىك بىر قىزىنى يۇنۇس خان ئالغانىدى. ئاشۇ شاھ بېگىمدىن ئىككى ئوغۇل كۆردى، چوڭ ئوغلى مەھمۇد، كىچىك ئوغلى ئەھمەد ئىسىملىك. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇرۇشقان ۋە موغۇلىستاندا يۇنۇس خاننىڭ ئورنىدا مۇۋەققەت پادىشاھلىق قىلغان كىشى دەل شۇ مەھمۇد ئىدى.

چۈنكى، بۇ يەردىن 27 دانە كۈپ تېپىلغانىدى. بۇ كۈپلار ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئالتۇن ئاپتۇۋا (قۇمغان)لار بار ئىدى. بۇ ئاپتۇۋىلارنىڭ ئېگىزلىكى بىر گەز مىقدارى بولۇپ، سۇ توشقۇزغاندا بىر ئادەم ئاران كۆتۈرگۈدەك كېلەتتى. مىرزا ئەبۇ بەكرى بۇ كۈپلارنى ئۆز خەزىنىسىگە قويىدى.

بۇ خارابىدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ غەلىتىسى شۇكى، بىر ئاپتۇۋا تېپىلدى. بۇ ئاپتۇۋىنىڭ ئىچىدىن تۈركچە «جهت توى ختنه خمار خاتون (جەھەت توي خەتنە خۇمار خاتۇن)» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بىر خەت چىقتى، بۇ خۇمار خوتۇننىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى ۋە قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولمىدى.

ئاشۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى مىرزا خارابىلەرگە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ئەيىبلەنگۈچىلەر ۋە گۇناھكار كىشىلەرنى ئىشلىتىپ ياركەنت، قەشقەرنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىمۇ قازدۇردى ۋە كۆپ خەزىنىلەرنى تاپتى[1]. مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئىشقا ئىشلەيتتى.

نوشىرۋان يائۇشېف

تاتارچە «شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىز ئورخۇن**

---

① ياركەنت، خوتەن ۋە قەشقەر شەھەرلىرىنىڭ باشقا ـ باشقا ئورۇنلارغا كۆچكەنلىكى ھازىرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. (ن. ي)

# ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مۇھىم مەنبە «ھۇدۇدۇل ئالەم»

يالقۇن مەمەتيار

سامانىيلار خانلىقى دەۋرى (899 — 1005) دە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خانلىق پايتەختى بولغان بۇخارا پۈتكۈل خانلىقتىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يىغىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلاندى. ئەمدىگىنە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان پارس - تاجىك تىللىق خەلقلەر ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى قەدىرلەش، ھەر خىل ئەسەرلەرنى پارس تىلىدا يېزىش دولقۇنىنى قوزغىدى. نەتىجىدە، ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە تۈرلۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭغا ئائىت مۇھىم بايانلار كىرگۈزۈلگەن تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇل ئالەم» (ئالەمنىڭ چېگرالىرى) دەل مۇشۇ دەۋردە يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ قول يازمىسى 1824 - يىلى روسىيىلىك ئالىم مىنورىسكىي تەرىپىدىن بۇخارادىن تېپىلغان بولۇپ، باش - ئايىغى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان. ئەسەر ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم بارتولد ۋە ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس ئالىم مىنورىسكىيلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان ھەمدە رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى ۋاڭ جىلەي، جۇ شۇجۈەنلەر تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، 1983 - يىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

قول يازمىدا ئاپتورنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى قەيت قىلىنـ ـمىغاچقا، ئەسەر تا ھازىرغا قەدەر نامىسىز ئاپتورنىڭ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. بارتولد ۋە مىنورىسكىيلار ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئاساسەن، مەزكۇر كىتابنىڭ مىلادىيە 982 ـ يىلى يېزىلىپ، سامانىيلار خانلىقىدىن ئايرىلىپ قۇ ـ رۇلغان فەرىدۇن خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى ئەبۇل خا ـ لىس مۇھەممەد ئىبنى ئەخمەتكە تەقدىم قىلىنغانلىقىنى دەلىل ـ لەپ چىققان.

«ھۇدۇدۇل ئالەم»دە ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈتاش كونا ئۈچ قۇرۇقلۇق ئالەم دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭدىكى دەر ـ يا، دېڭىز، ئارال، تاغ تىزمىلىرى، چۆللۈك، قۇملۇقلار بولۇپ غەربتە سۇداندىن شەرقتە جۇڭگوغىچە بولغان ئاز كەم 50 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

ئەسەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭغا ئائىت با ـ يانلار كىشىلەرنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ. ئاپتور ئوتتۇرا ئاسىيا ـ لىق بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ رايوندىكى دۆلەت ۋە رايونلار، ھەر خىل قەبىلە، ئۇرۇقلار، تاغ ـ دېڭىز، دەريا، مەشھۇر شە ـ ھەرلەر ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن. بولۇپمۇ ئى ـ لىم ساھەسىگە نىسبەتەن قاراڭغۇ بولۇۋاتقان 9 ـ، 10 ـ ئە ـ سىرلەردىكى شىنجاڭ تارىخى ۋە توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى «شەرقتە چىن، جەنۇبتا تىبەتنىڭ مەلۇم يېرى بىلەن قار ـ لۇقلارغا تۇتىشىدۇ. غەربىي قىرغىزلارنىڭ مەلۇم يېرىگە، شى ـ مالدا يەنە قىرغىزلارغا تۇتىشىدۇ... تۈرك دۆلەتلىرى ئىچىدە بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى ئەڭ كەڭ، توققۇز ئوغۇزلار نوپۇسى ئەڭ كۆپ قەبىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى دەۋردە پۈتكۈل تۈركىستاندىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى توققۇز ئوغۇز ئۇرۇقىـ ـدىن چىقاتتى». مەلۇمكى ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە توققۇز ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان. ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلار بەزىدە كۆكتۈرك خانلىقىنى تەشكىل قىلغان

قەبىلىلەرنى كۆرسەتسە، بەزىدە بىۋاستە ئۇيغۇرلار (توققۇز ئۇيغۇرلار)نى كۆرسەتكەن.

دېمەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان توققۇز ئوغۇزلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆلىنى قۇرغان ھەمدە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە يولىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى، قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت ئوتتۇردىسىدىكى دىنىي ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ئىدىقۇت خانلىقى جۇڭلىدىن 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت ھەققىدە بىزگە يېتەرلىك ۋاستىلىك ماتېرىياللار يېتىپ كېلەلمىگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم»دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر، كەنتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

«چىنەنكەنت ـــ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مەركىزى. بۇ ئوتتۇراھال شەھەر. خانلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ يەردە بولۇپ چىن بىلەن چېگرالىنىدۇ. يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق بولىدۇ». ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تافقان (TFQAN) تېغىنىڭ كەينىدە بەش كەنت بار. ئۇلار قۇزارىق (KUZARK)، چۇمۇلكەنت (JMLKATH)، پەنجىكەنت (PANJIKATH)، بارلۇق، جامغار (JAMGHAR)دىن ئىبارەت. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانى يازدا پەنجىكەنت (بېشبالىق)تە تۇرىدۇ.

«كۇمىد (KHUMD) بۇ يەردە يايلاق بار. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېدىر ھەم كىگىز ئۆيلىرى بار. بۇ يەرنىڭ خەلقى قوي باقىدۇ».

«چۇمۇلكەنت (JMLKATH) چوڭ بىر كەنت. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى يابغۇ دېيىلىدۇ. ئۇلار ھازىر مۇقىم ئولتۇراقلاشتى. يابغۇنىڭ پۇقرالىرى (بۇ يەردىكى يابغۇ قارلۇقلارنىڭ يابغۇسىنى كۆرسەتمەيدۇ) قىماقلار، قارلۇقلار، ياغمىلاردىن بۇ جاينى دائىم تالىشىدۇ».

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي، غول قەبىلىلىرىدىن بولغان ياغ-

ملار ھەققىدە مۇنداق بايانلار قالدۇرۇلغان: «شەرقتە توققۇز ئوغۇزلارغا، جەنۇبتا 胡兰根 (خۇلەنگېن) دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ دەريا كۇچا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. غەربتە قارلۇقلارغا قوشنا. ئۇلارنىڭ قاغانى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغانى بىلەن بىر قەبىلىدىن. ياغمىلاردا ئۇرۇق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلەر 1700 دەك ئۇرۇق بار دەپ قارايدۇ ···».

ياغمىلارنىڭ شەھەر، بازارلىرى:

«قەشقەر ــ چىنغا تەۋە. ئەمما ياغما، تىبەت، قىرغىزلار بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى چېگراغا جايلاشقان. قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئەزەلدىن قارلۇق ۋە ياغمىلاردىن بولۇپ كەلگەن».

«ئارتۇچ ــ ياغمىلارنىڭ بىر قىشلىقى. ئاھالىسى كۆپ بولىسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە يىلان كۆپ بولغاچقا، خەلقى بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن».

«KHNIRMK ــ بىر چوڭ كەنت. خەلقى ئاتۇشلۇقلار. بۇ يەردە ئۈچ خىل تۈركلەر بار، ئۇلار ياغما، قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىبارەت».

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قوشۇلغان چوڭ قەبىلە قارلۇقلار ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان:

«قارلۇقلار شەرقتە تىبەتلەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئارقىلىق ياغما ۋە توققۇز ئوغۇزلار چېگراسىغا، جەنۇبتا ياغمىلارنىڭ مەلۇم يېرى ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھىر رايونىغا، غەربتە ئوغۇزلار چېگراسىغا، شىمالدا تۈركەش، چىگىل ۋە توققۇز ئوغۇزلار بىلەن تۇتىشىدۇ. قارلۇقلار زېمىنى ئاۋات ماكان بولۇپ، تۈرك زېمىنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل جاي ھېسابلىنىدۇ. قارلۇقلار مەدەنىيەتلىك خەلقتۇر. مېھماندوست ھەم چىقىشقاق كېلىدۇ. قارلۇقلارنىڭ خانى يابغۇ دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوۋچىلىق، بەزىلىرى دېھقانچىلىق قىلىدۇ».

قارلۇقلارنىڭ بىر قىسىم شەھەر، بازارلىرى:

«تۇزبۇلاق ــ بىر يېزا بولۇپ، ئىتمىز - ئېرىق ۋە مەشھۇر

جايلىرى بار. بۇ يەر ياغمىلار بىلەن قارلۇقلار چېگرالىنىدىغان جايدا».

«تۇزۇن ئارت — تۇزۇن ئارتنىڭ ئەتراپىدا تۇز كۆل بار. يەتتە قارلۇق ئۇرۇقى بۇ جايدىن تۇز ئالىدۇ»①.

«بارسغان — كۆل بويىدىكى ئاۋات ھەم گۈزەل بازار. ئۇنىڭ خانى قارلۇقلاردىن بولسىمۇ، لېكىن توققۇز ئوغۇزلارغا قارايدۇ».

«تامغار (TAMGHAR) — قارلۇق دۆلىتىدىكى كىچىك بىر يېزا بازىرى بولۇپ، چۆلنىڭ چەت - ياقىسىغا جايلاشقان. بۇ جاي ئىلگىرى قارلۇقلارغا قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر توققۇز ئوغۇز دۆلىتىگە تەۋە».

«بىنجول (BNJUL) — قارلۇق دۆلىتىدە. ئىلگىرى بۇ يەرلەر توققۇز ئوغۇزخانىغا تەۋە ئىدى. ھازىر قىرغىزلار ئىگىلىۋاپتۇ».

چىگىللەر توغرىسىدا:

«بۇ دۆلەت ئەسلىدە قارلۇقلارغا قارايتتى. ئەمما ئۇ ئەسلىدىنلا ئاھالىسى كۆپ دۆلەت. بۇ ئەلنىڭ شەرقى ھەم جەنۇبى تۈركەشلەر رايونىغا، شىمالى قىرغىز دۆلىتىگە تۇتىشىدۇ. چىگىللەرنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شەھەر، بازارلىرى يوق دېيەرلىك... چىگىللەرنىڭ بەزىلىرى قۇياش ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدۇ. ئۇلار مۇلايىم ھەم ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ خانى ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى».

شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان يۇقىرىقى قەبىلىلەر ئەسەر يېزىلغان مەزگىلدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ ھەقتە بارتولد «بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئەسەر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ ئە-

---

① تۇزبۇلاق ۋە تۇزۇن ئارتلار قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

سەرلىرىدىكىدىنمۇ تەپسىلىي سۆزلەنگەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرىي مۇسۇلمان رايونلىرى سۆزلەنگەن» دېگەنىدى.

بارتولد ۋە مىنورسكىيلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتور ئەسەردە بايان قىلغان دۆلەت، رايون ۋە قەبىلىلەرنى ئۆزى ساياھەت قىلىپ يازغان بولماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان. شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى يېزىشتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ئەرەب ساياھەتچىلىرىدىن ئىبن خۇردادبېھ①، تەمىم ئىبن بەھر②، ئەبۇدۇلەف مىسار③ قاتارلىقلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن پايدىلانغان. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قۇرۇلغان قامچى ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. بىراق شۇ دەۋردىكى ياغما، قارلۇق، چىگىل، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ھەققىدىكى خاتىرىلەر كېيىنكى ئۈچ خانلىقنىڭ جۇملىدىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئېتنىك ئاساسىنى تەشكىل قىلغان خەلق ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى قىممەتلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەقتە ۋاڭ جىلەي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەسەردە قاراخانىيلار سۆزلەنمەيدۇ. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش بۇ ئەسەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. بۇ ئەسەردە تونۇشتۇرۇلغان ھەر-

① ئىبن خۇردادبېھ 9 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇرپان رايونىغا ساياھەتكە بېرىپ «يوللار ۋە ئەللەر» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان.

② تەمىم ئىبن بەھر 821 ـ يىلى ئەتراپىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغىچە ساياھەت قىلىپ بارغان ئەرەب سەيياھى. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنغان.

③ مىسار، تولۇق ئىسمى ئەبۇدۇلەف مىسار ئىبن مۇخەلخىل. بۇ كىشى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغىچە ساياھەت قىلىپ بارغان. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان.

قايسى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنى قاراخانىيلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت قىممەتلىك ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ»①.

بۇلاردىن باشقا، ئەسەرنىڭ 9 -، 11 - بابلىرىدىكى «چىن» ۋە «تىبەت»كە دائىر قىسىملىرىدا شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جاي- لىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

«كۇچا — چېگرادىكى رايون. توققۇز ئوغۇزلار داۋاملىق بۇ يەرگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ، بۇ شەھەردە نۇرغۇن مەشھۇر جايلار بار».

«كۇغمار② (KUGHMR) — بۇ يەردە نۇرغۇن بۇتخانىلار بار، بۇ تاغقا يېقىن جاي».

«ئۇدۇن — ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي. ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى خام يىپەك. ئۇدۇن ۋاڭى شانۇ شەۋكەتلىك بولۇپ، (تۈرك ۋە تىبەتلەرنىڭ قاغانى) دەپ ئاتالغان، ئۇ چىن بىلەن تىبەت چېگراسىدا تۇرىدۇ، بۇ دۆلەتنىڭ 70 مىڭ قىران ئەسكىرى بار، ئۇدۇندىكى ھەرقايسى دەريالاردىن قاشتېشى چى- قىدۇ».

«تۇسمەت (TWSMT)③— بۇ يەر ئىلگىرى چىنغا تەۋە ئى- دى، ھازىر تىبەتلەر ئىگىلىۋالدى، بۇ يەردە تىبەت خانىنىڭ ئارمىيىسى بار».

«غازا (GHZA) — كۇچا دەرياسى ئەتراپىدا بولۇپ، تىبەت- لەر بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يېرى تۇتاشقان جايدا».

بۇ مەلۇماتلار تىبەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، بىر قىسىم جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلاردۇر.

---

① «ھۇدۇدۇل ئالەم» خەنزۇچە نەشرى، 27 - بەت.
② خوتەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاي.
③ خوتەننىڭ جەنۇبىدا.

دىمەك، «ھۇدۇدۇل ئالەم» گەرچە بارتولد ۋە مىنورىسكىيلار ئېيتقاندەك بىر جۇغراپىيىۋى ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك تارىخى ئەسەردۇر.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

مەخمۇت ئابدۇۋەلى

تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر تېما.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ۋادىلىرىدىن نۇرغۇن ۋەسىقىلەر تېپىلدى. چەت ئەل ئالىملىرى بۇ جايلاردىن تېپىلغان مانى، خرىستىيان ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ يازما يادىكارلىقلارنى پۈتۈن دۇنيادىكى كەسىپداشلىرىغا تونۇشتۇردى.

مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەرنى، ئاساسەن، لېكوك تەرجىمە قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «تۈركچە مانى يازما يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. 1975 ـ يىلى «ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى» دېگەن ژۇرنالدا پ. زىمى ئەپەندىنىڭ «مانى ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ئىقتىسادىي يازمىلار» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇنى گېلىڭ شىمىن ئەپەندى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى»نىڭ 1978 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا پ. زىمى ئەپەندىنىڭ «مانى ئىبادەتخانىسىغا ئائىت بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىست ــ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مانى ئىبادەتخانىسىغا چۈشۈرگەن يارلىقى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى يادىكارلىقى» دېگەن ئىككى ماقالىسى مانى دىنىنىڭ تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتنى ئىنقىلاشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

خرىستىيان دىنى مەزمۇنىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا، پ. زىمى ئەپەندى بىلەن مۇللېر ئەپەندى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ماقالىلىرىدە «خرىستىيان دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن تۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، تۇرپاندىكى خرىستىيانلارنىڭ كۆپىنچىسى سوغدىلار بولسا كېرەك، چۈنكى خرىستىيان دىنىغا ئائىت قول يازمىلارنىڭ ئاساسلىقى سوغدچە يېزىلغان. ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىرى ناھايىتى چەكلىك» دەپ قارايدۇ. مۇللېر ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇرىكا 1»دە سېھىرگەرنىڭ تەڭرى ئوغلى ئەيسانى كۆرۈشكە بارغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بىراق گابائىن خانىم «بۇنىڭغا ئىنجىلنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنى سۇرىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ئۇچراتقان تۈركلەر ئارىسىدىكى ئاتەشپەرەسلەر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. پ. زىمى ئەپەندى «تۈركولوگىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمى مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر ئاتەشپەرەسلىرىنىڭ توي تىلىكى» دېگەن ماقالىسىدە ئېستىرانگېلو يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە يازمىنىڭ بىر توي تەبرىكنامىسى ئىكەنلىكىنى ئىنقىلاپ چىققان.

شىنجاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا نوملىرىدۇر، چەت ئەل ئالىملىرى تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن كۆكتۈرك دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلىدا چوڭ پەرق بار دەپ قارايدۇ. گابائىن خانىمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ: «بەزى نوملار سۆزمۇسۆز، تۈز تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر ئومۇمىي ئىدىيىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ نوملارنى چۈشىنىش سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ناھايىتى روشەنكى، ئۇيغۇرلار بۇددا نوملىرىنىڭ سانسكرىتچە، پەھلىۋىچە نۇسخىلىرىغا ئاددىيلا رىئايە قىلىپ كەتمىگەن، ئۇلار جەزمەن توخرىچە، سوغدىچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن پىششىق خەۋەردار بولغان ۋە

ئۇلاردىن پايدىلانغان. قارىغاندا نوم تەرجىمانلىرى كوللېكتىپ ھالدا ھەر خىل تىللاردىكى نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى دىنىي مەزمۇنلاردىن، مەنتىقىدىن ۋە يېزىش ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بەرگەن. بۇ نۇقتىدىن كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھېس قىلالايدۇ. مانى شېئىرلىرى بىزنى قانچىلىك مەپتۇن قىلسا، بۇددا نوملىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭدىكى بەزى باش قاپىيىلىك ياكى ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلار بىزنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا تىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئاددىي ئېغىز تىلىدىن گۈزەل ئەدەبىي تىل سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن». گابائىن خانىمنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇددا نوملىرىغا بولغان يۇقىرى بەدىئىي باھاسى ئۇنىڭ «ئالتۇن ياروق» تەتقىقاتىدا ئېنىق ئىپادىلەنگەن. گابائىن خانىمدىن كېيىن ك. روھبورىن ئەپەندى 1979 ـ يىلى «ئورال ـ ئالتاي يىللىقى» ژۇرنىلىدا «ئۇيغۇرچە ئالتۇن ياروقتىكى ئاڭ» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى دەسلەپ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغان. كېيىنچە ئۇ پارىژغا ئېلىپ بېرىلىپ گابائىن خانىم تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى سىڭقۇسەلى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، سىڭقۇسەلى تەرجىمىگە ئىزاھات قوشقان. ئۇ ئۆز تەرجىمىسىنى «كاۋيا» دەپ ئاتىغان. بۇ سانسكرىتچە «شېئىر» دېگەن سۆز بولۇپ، «ئىشلەنگەن نەسر» دېگەن مەنىدە، تەرجىمە تىلى ھەقىقەتەن گۈزەل چۈشكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان خەنزۇچىدىكى يەر ناملىرىدىن خەۋەردار بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئوقۇلۇشىنى ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئىپادىلىگەن. بۇ تارىم ئويمانلىقى، ئافغانىستان ۋە ھەندىلارنىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرىنى بىلىشكە زور ياردەم بېرىدۇ.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەزىلىرى يادلاش ھەتتا سەھنىگە ئې-لىپ چىقىش ئۈچۈنمۇ يېزىلغان، «مايترى سىمىت» بۇنىڭ دە-لىلى. بۇ ئېپتىدائىي دراما ئا. ۋ. گاباﺋىن خانىم تەرىپىدىن 1961 ـ يىلى بېرلىندا ئېلان قىلىنغان. 1980 ـ يىلى س. تېكىن «ئېپتىدائىي دراما مايترى سىمىت: بۇددىستلارنىڭ مەھدىسى مايترى بىلەن كۆرۈشۈش» ۋە «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دېگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. گاباﺋىن خانىم 1977 ـ يىلى «ھىندىستان تەتقىقات مەجمۇئەسى»دە «تۇرپاندىن تېپىلغان رەسىملەر توغرىسىدا ئىزاھات» دېگەن ما-قالىسىنى ئېلان قىلغان.

ماقالىدە ئالىم «(مايترى سىمىت) توخرىچىدىن ئۇيغۇرچىغا نوقۇللا تەرجىمە قىلىنغان ئەمەس، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان» دېگەندەك كۆز-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

پ. زىمى ئەپەندى 1971 ـ يىلى «ئۇيغۇرچە كىمقوقى نومى-نىڭ پارچىسى ۋە ئۇستازغا مەدھىيە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە مەشھۇر بۇددا نومى «كىمقوقى»نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان ھەم بۇ نومنىڭ مىلادى 6 ـ ئەسىردە سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قى-لىنغانلىقىنى، ئۇيغۇرچىنىڭ بولسا 9 ـ ئەسىردە دۇنخۇاڭدا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ھازىرغىچە بۇ نوم-نىڭ سەككىز خىل ئوخشىمىغان قول يازمىسى تېپىلدى. شىن-جاڭدىن تېپىلغان ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت نوملار ئىچىدە دائىم ئۇچرايدىغىنى «كىشانتى» نومى. ك. روھبورن ئەپەندى 1979 ـ يىلى «ئۇيغۇرچە (كىشانتى قىلغۇلۇق نوم)»نى ئېلان قىلىپ، «تۇرپانلىقلار كىشانتى سۇتراسىنى يادلاش ۋە كۆچۈ-رۇشنى ياخشى كۆرگەن. بۇ ئاددىي توۋا دۇئاسى ئەمەس، بۇ توۋا دۇئاسى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەجدادلارنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ نامىغىمۇ ئوقۇلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۆزى ئۈچۈن ساۋاب تاپ-

قىلىي ۋە بۇ ساۋابنى باشقىلارغا ھەتتا ئۆلگەنلەرگىمۇ يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئۆلۈم كۈنلىرى ياكى مەخسۇس تەزىيە كۈنلىرىدە ئۆلگەن تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن ياكى قىسقا نوم ئوقۇلىدۇ. بۇ تەزىيىلەر يەتتە كۈنىنى مۇددەت قىلىدۇ» دېگەندەك يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. گاباىن خانىم 1973 ـ يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىشىگىرابخا بۇدساتۋا ئېتىقادى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىدە «كىشانتى» نومىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تەرجىمە قىلىنغان ۋە رەسىملەر بېرىلگەن.

ياپونىيە ئالىمى توگۇشى ۋە ئوگاۋا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۆت پارچە قول يازمىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار غەربىي بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر رەسساملار سىزغان رەسىملەرنى ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە دەپ قارىدى. بولۇپمۇ رەسىملەر ئىچىدىكى چاقماق تون كىيگەن ۋە چۇمپەردە تارتقان راھىبە رەسىمدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بار دەپ قارىدى. پ. زىمى ئەپەندى «تانسترانىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدىن پارچىلار» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ئەسەرنىڭ 14 ـ ئەسىردە يېزىلغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئالىمى پۇنياشىرى تەرىپىدىن تۇبۇتچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. پ. زىمى ئەپەندى بىلەن گ. كارا ئەپەندى بىرلىشىپ يازغان «دۇنخۇاڭدىن چىققان تۆت پارچە تۇبۇتچە نومنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدىكى ناراپۇس توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ئەسەرنىڭ قومۇللۇق ئاريا ئاچارى دېگەن كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، ئۇنى تۇرپان لۈكچۈنلۈك سارىغ تۇتۇڭ 1350 ـ يىللىرى قايتا كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى بايان قىلدى.

جۇتېن ئۇدا ئەپەندى ياپونىيىنىڭ رىكىكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر ئۇيغۇرچە قول يازما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ 1980 ـ يىلى «تۈركولوگىيە ژۇرنىلى»دا «ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدىن پارچە» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى ھەم قول يازمىنىڭ يۈەن دەۋرىدە سانگاشىرى تەرىپىدىن تۇبۇتچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىدا گابائىن خانىمنىڭ تۆھپىسى زور بولۇپ، ئۇنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى-نىڭ گۈللىنىشى ۋە يوقىلىشى»، «ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىققا كىرىش» دېگەن ئىككى ئەسىرى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

گابائىن خانىم تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان يازما يادى-كارلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، «يازمىلارنىڭ ئىچىدە ياغ سېتىۋېلىش، قەرز ھۆججىتى، مال يۆتكەش، مىراسخورلۇققا دائىر مەزمۇنلار بار. ئېغىر قەرزدار بولۇپ قېلىش باج ـ سې-لىقنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان. باج ـ سېلىققا چىگىتلىك پاختا، مەلۇم ئۇزۇنلۇقتىكى تاي پاختا، ئۈزۈم شىرنىسى، ھاراق قاتار-لىقلار تاپشۇرۇلغان، ھەربىر ۋەسىقىدە بىر ـ ئىككى گۇۋاھچى بار، ۋەسىقىگە ئىمزا قويۇلۇپ تامغا بېسىلغان، بۇ خىلدىكى يازمىلار ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭغا قارىغاندا شۇ يەردە چوقۇم بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى بولغان بولسا كېرەك. يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان ھەر خىل مەھسۇلاتلار ئارقىلىق كىشىلەر ئەينى زاماندىكى ئىقتىسادتىن خەۋەردار بولالايدۇ» دېگەندەك قىممەت-لىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چەت ئەلدىكى تۈركولوگلار قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىن سىرت يەنە ھەر خىل لۇغەتلەرنى تۈزۈپ چى-قىپ، تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتىنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلى-دى. د. ن. ناسىلوف باشچىلىقىدىكى بىرقانچە تۈركولوگ 1969 ـ يىلى 676 بەتلىك «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭغا قاراخانىيلار دەۋرىگىچە بولغان سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن. گ. كلاۋسون ئەپەندى 1972 ـ يىلى 982 بەت-لىك «13 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولو-گىيە لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىققان. روھبورن ئەپەندى تەرىپىدىن 1977 ـ يىلى تۈزۈپ چىقىلغان «ئۇيغۇرچە سۆزلۈك» كىرگۈ-زۈلگەن سۆزلەر ئەڭ كۆپ لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ لۇغەتتە ئاپ-تور ھەربىر سۆزنىڭ ئاستىغا مەنبەسى، ئوقۇلۇشى، گىرامما-

تىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ھەر خىل قوشما سۆزلەرنى كۆرسەتكەن ھەمدە تېخى ئېلان قىلىنمىغان «ئالتۇن يارۇق»، «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى سۆزلۈكلەرنى كىرگۈزگەن. ھەربىر سۆز، جۈملىنى تۈركولوگىيەنىڭ ئەڭ يېڭى چۈشەنچىلىرى بىلەن تۈزەتكەن.

شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىقلاشتا ل. بازىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ كالېندارى» ناملىق ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئەسەردە ئاپتور قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېنىقلاپ چىققان.

چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە تۈركشۇناسلار كۆپلىگەن ئەسەر ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقتى، ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: ئابدۇۋەلى ئابدۇللا

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

ئىككىنچى توم بىرىنچى كىتاب

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ خۇاجۇڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16
باھاسى : 40.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-12715-3/K・2209 (维 103)



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى : ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12715-3
9 787105 127153 >
定价：40.00 元